تۇرسۇن مەخمۇت

# جاراھەت گۈلى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

تۇرسۇن مەخمۇت

جاراھەت گۈلى

مىللەتلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-105-13663-6

9 787105 136636 >

定价：35.00元



تۇرسۇن مەخمۇت

# جاراھەت گۈلى

(رومان)



مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ........................................ 1
ئىككىنچى باب ........................................ 46
ئۈچىنچى باب ........................................ 84
تۆتىنچى باب ........................................ 121
بەشىنچى باب ........................................ 158
ئالتىنچى باب ........................................ 191
يەتتىنچى باب ........................................ 226
سەككىزىنچى باب ........................................ 264
توققۇزىنچى باب ........................................ 304
ئونىنچى باب ........................................ 346

# بىرىنچى باب

بۇرۇنقىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالغان پەرھاتنى يىراقتىن كۆردۈم. ئۇ مۇكچەيگىنىچە خىيال بىلەن كېتىپ باراتتى.

پەرھاتنىڭ نەزەرىدىكى دۇنيا بىلەن مەن كۆرۈۋاتقان دۇنيانىڭ پەرقى قانچىلىك؟ قانداقتۇر بىر سېزىمدە ئويلىرىم، خىياللىرىم، چۈشلىرىم، بىزارلىقلىرىم، ئارزۇلىرىم، ئىشقا ئاشماس ئارمانلىرىمنىڭ كۆن ساناپ دېگۈدەك پەرھاتقا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلاتتىم.

بۇرۇنقى پەرھات بىلەن ھازىرقى پەرھاتنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ئىلگىرىكى ھەممە نەرسە بۇگۈنكە ئوخشىمايدىغان تەرزدە تامام ئۆزگىرىپ كەتكەندەك ئويلاپ قالدىم.

بىر قارىسا ھەممە نەرسە بۇرۇنقى بىلەن ئوخشاش، يەنە بىر قارىسا ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتكەندەك، ھەممە نەرسە توختىماي ئۆزگىرىۋاتقاندەك...

كوچىلار، دەرەخلەر، يوللار، گۈللەر، سۇلار، ئۆيلەر، كۆزلەردىكى نۇرلار، تەبەسسۇم ۋە كۈلۈمسىرەشلەر، خىتابلار، راست گەپلەر، يالغان سۆزلەر، ئوسال خۇي، گۈزەل پېئىللار... مېھىرلىك ئاۋازلار سوۋۇپ كەتكەندەك ئىدى.

گۈللەرنىڭ تەبەسسۇمىدىن ھەسرەت تۆكۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى. قىزلارنىڭ نازۇك بارماقلىرى قېتىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. ھەممە نەرسە ئۆز پېتى

تۇرۇپتۇ.

بىر ئادەم مۇشۇنداق ئويلاپ خۇرسىنىپ قويىدى. مۇشۇنداق ئويلايدىغان ئادەملەر كۆپ بولۇشى مۇمكىن.

پەرھاتنىڭ ماڭا دېگەن خىياللىرى ئاجايىپ ئىدى. ئۇنىڭ ماڭا دېمىگەن خىياللىرىنىڭ تېخىمۇ ئاجايىپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم. پەردە كەتكەندىن كېيىن پەرھات ئۆزگىرىپ كەتتى، يەنە بىر ئويلىسام پەرھات ئۆزگىرىپ كەتكەندىن كېيىن پەردە كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. پەرھاتنىڭ دۇنياسى ئۆزگىرىپ كەتتى. «مەن قايتىپ كېلىمەن، پەرھاتنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن...» پەردە مۇشۇ گەپنى دېگەندە يىغلىغان ئىدى، ئۇنىڭ مەيۈس ئاۋازى يۈرەكنى تىترىتەتتى. بىر ئايال ماڭا: «ئاياللارغا ئەرلەرنىڭ قەلبى ھەممىدىن مۇھىم، باشقىسى بىر تىيىن...» دېگەندە مەن پەردەنى ئويلاپ قالغانىدىم. پەرھاتنىڭ يېنىدىن، روھىدىن يىراقلاپ كەتكىنى پەردەلا ئەمەستەك قىلاتتى. پەرھاتنىڭ سوئال ئىزدەشلىرى شۇ كۈندىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن.

پەرھات بىر سوئال ئىزدەپ يۈرىدۇ. پەرھات ئاشۇ سوئالنى تاپالىسا بولاتتى. مەن گاھىدا ئۇنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ جاۋابى يېشىلىدىغان ئاشۇ سوئالنى تاپالىشىغا ئىشىنەلمەي قالىمەن، شۇنداقتىمۇ ئۇنى تاپسىكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن.

پەرھات مەندىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ماڭا ئوخشايدىغان پەرھات يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى، سۈرىدىغان خىياللىرىمىز، كۆرىدىغان چۈشلىرىمىز ئوخشىسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. ئۇ يەنە، جاھاننىڭ قانداق ئۆزگىرىشىنى ئالدىن بىلگىلى بولمىغاندەكىن بىز پەقەت ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇشقىلا يارايمىز، دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغانلارنىڭ نېمە خىيالى بارلىقىنى مەڭگۈ بىلگىلى بولمايدۇ، دېگەنلەرنى خىيال قىلاتتى.

مەن نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟

خىزمەت قىلىمەن، ئۆيۈمدە يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىمەن، مەندىن گۇمان قىلىدىغان، كورپىيەنىڭ فىلىملىرىنى زېرىكمەي كۆرىدىغان خوتۇنۇم بىلەن تالاش - تارتىش قىلىپ ھېرىپ كېتىمەن. يىرگىنىپ تۇرۇپ ھاراق ئىچىمەن، تاماكا چېكىمەن. بىركىملەر بىلەن زىددىيەتلىشىمەن، ئاۋۇ ياخشى، ماۋۇ يامان دەپ قايناپ سۆزلەيمەن، خۇپىيانە كوچىلاردا ماڭىمەن... بىر قارىسام ئىشلار بۇنداق بولماسلىقى كېرەكتەك، مەن بۇنداق ياشىسام بولمايدىغاندەك، كۈنلىرىم بۇنداق ئۆتسە بولمايدىغاندەك قىلاتتىم. ئەمما، مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلمىسام نېمە قىلىشىمنى يەنە بىلمەيمەن. بۇنىڭدىن باشقىراق قانداق كۈن كەچۈرۈشنى، قانداق ئىشلارنى قىلىشنى بىلمەيمەن. قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنىڭ قاملاشمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە داۋاملىق شۇ ئىشلار بىلەن كۈنۈم ئۆتىدۇ.

تارچۇققا ئاران پاتقان دۇكاندىكى ياڭراتقۇدىن قىش كۈنىدىكى كاككۇكنىڭ غېرىبانە ھالىنى مۇساپىرنىڭ قىسمەتلىرىگە تەققاسلىغان مۇڭلۇق ناخشا ئاڭلىنىپ تۇرغان ئەتىگىنى، شامال يوللاردىكى قۇملارنى ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى. يىراق بىر يەرلەردىكى قۇملارنىڭ سۇلىرى ئاستا ئاقىدىغان دەريادىن، ئېتىزلاردىن، دەرەخلىكلەر ئارىسىدىن، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدىن ئۆتۈپ مۇشۇ يەرگە كەلگەنلىكىگە ھەيران قالىدىغان، يۇمشاق، ئەمما قورقۇنچلۇق قۇملارنىڭ ئادەملەر ياشايدىغان كوچىلاردا پەيدا بولۇپ قالغىنىدىن قورقۇنچ ھېس قىلىدىغان، پىستە كۈچۈكلەرنىڭ، تۇرقى غەلىتە كىچىك ئىتلارنىڭ ئادەملەر بىلەن بىللە ئۇدۇل كەلگەن يەرلەرگە كىرىپ چىقىپ يۈرگىنىدىن ئەجەبلىنىدىغان، يېرىم يالىڭاچ بەدىنى بىلەن يورۇق كوچىلاردا خىرامان يۈرىدىغان خوتۇنلارنىڭ تۇرقىنى ئەقلىگە سىغدۇرۇپ بولالماي ئىچى پۇشۇقتا قالغان بىر ئادەم كاككۇك نالىسى ھەققىدىكى ناخشا

ئۇزاق ئاڭلانغان ئاشۇ كۈينى ئەسلەپ جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى. ناخشا چىرايلىق كۈيلەپ تۇرغان شۇ دەمدە ئۇ ئۆز-ئۆزىگە:

— ئەجەب مۇڭلۇق ناخشىكەن، شۇنداق چىرايلىق، — دېدى.

— سەنۇبەر تۇرسۇننىڭ ناخشىسى... ئاڭلىمىغانما؟

ناتونۇش بىر ئادەم شۇنداق دېدى. ئۇ چۆچۈپ كەتتى.

ئۇ شۇ چاغنىڭ كۆز ياكى ئەتىياز ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالالمىدى. ئۆزىنىڭ ئۇنتۇغاق بولۇپ قالغانلىقىدىن بەكلا مەيۈسلىنىپ كەتتى. بىر چاغلاردا ئىشىكى ئالدىدا لايلىنىپ ئېقىۋاتقان سۇلارغا يۈندى تۆككەن ئادەملەرگە ھەيران بولۇپ پۇتلىرىغا سۈۋىشىپ تۇرغان قېرى ئىتنىڭ قۇلاقلىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ مۇشۇنداق مەيۈسلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئىتنىڭ خۇزسىز كۆزلىرى شۇ قەدەر ئېچىنىشلىق تەرزدە ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. مۇشۇ دۇنياغا ئۆزلۈكىدىن كېلىپ قالمىغان بۇ جان ئىگىسى شۇ ھالدا نېمىلەرنى تەمە قىلىپ ئىگىسىگە سۈركىلىپ تۇرىدىغاندۇ؟ ئۇ ئىتنىڭ نەزەرىدىكى بۇ دۇنيا زادى قانداقتۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ گاڭگىراپ قالدى. ئۇ ئىتنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇنقى جۈمە كۈنى بۇرۇندىن ئانچە-مۇنچە سالام-سەھەت قىلىشىپ كېلىۋاتقان بىر دېھقان تونۇشى بىلەن كوچىدىلا قىزىرىشىپ قالغان ئىدى.

— يەيدىغان نەرسىلەرنىڭ تەمى قالمايۋاتىدۇ، بۇرۇنقىدەك ئېغىل ئوغۇتى، يېشىل ئوغۇتلارنى ئىشلىتىپ بۇغداي تېردساڭلار بولاتتى.

— سىز شۇنداق دېگەن بىلەن ھازىرقى يەرلەر ئاشۇ تەييار ئوغۇتقا كۆنۈپ قالدى، شۇنى چاچمىساق يەر ھوسۇل بەرمەيدۇ.

بۇنداق بولمىسا بولاتتى، نېمىشقا مۇشۇنداق بولۇپ قالدى؟ مېھرىلىك تەبەسسۇم بىلەن سېھىرلىك ئىشق ئارىمىزدىن يوقاپ

كەتمىسە بولاتتى.

مىليونلاپ چىرايلىق ئارزۇلار يۈرەكلەردە سىپسىپ تۇگەيدۇ، مىليونلاپ شېرىن تۇيغۇلار تۇنجۇقۇپ ۋەيران بولىدۇ.

ئۇنىڭ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ كەتتى، خەقلەرنىڭ ئاغزىدىن هازىرقى ئادەملەر بۇزۇلۇپ كەتتى، ئىشلارنىڭ تايىنى قالمىدى، ياخشى بىلەن يامانني ئايرىغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى، ئادەملەر يامان ئىشلارغا كۆنۈپ كەتتى، دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغانىدى. ئادەملەر كۆنۈپ قالغان يامان ئىشلار ئاز ئەمەس، يەنە ئاشۇ يامان دېيىلىدىغان ئىشلارغا توپا چېچىۋاتقانلارمۇ ساماندەك. ئەمدى مۇنۇ ئادەم قوپۇپ يەرنى تەيىيار ئوغۇتقا كۆنۈۋالدى، دەپ قاقشاۋاتىدۇ. كۆنۈۋېلىش دېگەن زادى قورقۇنچلۇق بولسا كېرەك!؟ كەپتەرلىرىگە دان چېچىپ كۆنلىرىنى خۇشال ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن بىر بوۋاي ئۇلارنىڭ يېنىدىن خىرامان ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىككىسىنى زاڭلىق قىلىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. بوۋاي كۆرگەن كۆنلىرىنى تولا ئەسلەپ زېرىكىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ئىككىيلەننى ئەخمەق هەم ئەقىلسىز، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك.

يولدا تۇرۇپ بۇغداي هەققىدە بىر نېمە دېيىشىۋاتقان ئىككىيلەنگە زاڭلىق ئارىلاش قاراۋاتقان بوۋاي بۇگۈن ئەتىگەن مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيدىغان نەۋرىسى بىلەن تاكاللىشىپ قالغان ئىدى.

— جاهان نېمە بولۇپ كەتتى زادى؟ بىزنىڭ مەكتەپتە ئىككى قىز ئوقۇغۇچى دادىسى دېمەتلىك ئادەملەر بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ، بۇ ئاهانەتتىن ئۇيقۇم كەلمەي كۆزۈمنى يۇممىغىلى ئۈچ كۈن بولدى.

بوۋاي ئالىقىنىغا چاپلىشىپ قالغان بۇغدايلارنى تېرىشتۇرۇپ تۇرۇپ چاچلىرى ۋاقىتسىز شالاڭلاپ هەم ئاقىرىپ كەتكەن نەۋرىسىگە سوغۇق نەزەر سالدى. كۆك كەپتەرلەر يەرگە چېچىلـ

غان بۇغدايلارنى كۆكۈللۈك چوقۇلاپ تالىشىپ يېيىشەتتى. كەپ-تەرلەرنىڭ نازۇك، چىرايلىق تۇرقى شۇنداق يېقىملىق ئىدى.
— سەن ئاشۇ قىزلارنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟
— كۆردۈم، بىز بالىلارنى سىلەرگە ساق بەرگەن، بالىلى-رىمىزنى تېپىپ بەرمىسەڭلار بولمايدۇ، دەپ كەپتىكەن.
نەۋرىسىنىڭ خۇنسىز كۆزلىرى دانلاۋاتقان كەپتەرلەرگە تىكىلگەن ئىدى. كىچىككىنە جانىۋارلارنىڭ تالىشىپ دان يې-يىشلىرى ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر نەرسىنى چۈشەندۈرۈۋاتسا كې-رەك.
— قانداقراق ئادەملەركەن؟ — بوۋاي سىنچى كۆزلىرىنى نەۋرىسىگە تىكتى. ئۇ نەۋرىسىنىڭ ناھايىتى تېز قېرىپ كېتى-ۋاتقانلىقىدىن ھەيران قالدى.
— ئادەتتىكىدەك ئادەملەر، خوتۇنلىرى سىنىپ مەسئۇل-لىرىنى تىللاپ تويغۇزۇۋەتتى.
— ئەرلىرىچۇ؟
— ئەرلىرى جىم تۇردى.
بوۋاينىڭ چوڭقۇر چاناقلىرى ئارىسىدىكى قارا كۆزلىرىدىن غەزەپكىمۇ، ئىچ ئاغرىتىشقىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر نۇر چېقىن-داپ تۇراتتى.
— باشقىچە ئالامەتلەرنى سەزمىدىڭمۇ؟ مەسىلەن، ئۇ ئا-ياللارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، ئەرلىرىنىڭ تەققى - تۇرقى دې-گەندەكلەرگە...
— ياق، تازا دىققەت قىلماپتىمەن.
بوۋاي كەپتەرلىرىگە ئۇزاق تىكىلىپ تۇردى. كەپتەرلەرنىڭ قىزغۇچ كۆزلىرى جىددىي ئىدى، تۇمشۇقلىرىنى دانغا ئۇرۇش-لىرى قىزىقارلىق ئىدى.
— بالا دېگەن ئاتا - ئانىنى دوراپ ئادەم بولىدۇ، سەنمۇ

ئەمەلىيەتتە مەكتىپىڭدىكى نەچچە مىڭ بالىنىڭ ئاتىسى، سەن تايىنىسىز بولساڭ ئاشۇ نەچچە مىڭ بالىمۇ خۇددى سىنى دوراپ چىقىدۇ، — نەۋرىسى بوۋايغا يالتىيىدە قاراپ قويدى. بوۋاينىڭ يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولدى.

— ما گىپىڭ ئېشىپ كەتتى، بالا خەقنىڭ تۇرسا ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىنى ماڭا يۈكلىسەڭ بۇ قانداق گەپ؟

— بالىلار ئىككى ئارىلىقتا قالدى، ئاتىسى بىلەن ئانىسى مەكتەپكە ئىتتىرگەن، سىلەر ئاتا - ئانىسىغا ئىتتىرىۋاتقان، بۇ ھالدا ھەر بالا بولسا بولىدۇ، دېگىنە ئەمدى؟

— سەنمۇ ھەر نېمە دەيسەن، بىزگىمۇ ئاسان ئەمەس، ھا-زىرقى بالىلارغا نېمە بولدىكى، ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ، دېمىگەن چىرايلىق گەپ، قىلمىغان تەربىيە قالمايدۇ، ئەمما ھېلىقىدەك تايىنى يوق ئىشلارنى تۈزەپ بولالمايۋاتىمىز، توۋا قىلدىم.

— تەربىيەڭلەر يالغان، سىڭىشلىك ئەمەس، تاشقا سۇ سىڭمىگەندەك بالىلارنىڭ ئاچقان يېرىگە بارمايدۇ. يەنە دېسەك ئالدى بىلەن ئاتا - ئانا بولغانلارنى، ئاندىن سىلەرنى تۈزەش لازىم، بالام، ئاندىن بالىلار تۈزىلىدۇ.

— يارامغا تۇز سەپمىگىنە بوۋا.

بوۋاي يەر ھەم بۇغداي ھەققىدە تالاش قىلىۋاتقانلارنىڭ يې-نىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ نەۋرىسى بىلەن بولغان سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇنىڭ دادا بولغانلار، ئانا بولغانلار، بالا بول-غانلارغا ئىچى ئاغرىپ قېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ گەپ قىلماي ھاسىسى بىلەن يەرنى چىجىپ ھەسەن قازى دېگەن خەتلەرنى يازدى، بوۋاي پات - پات ئىسمىنى يەرگە يازاتتى، ئارقىدىن يەنە ئۆچۈرۈۋېتەتتى.

— بۇ نېمە دېگەن گەپ؟ يەر دېگەن يا ئادەم بولمىسا بىر نېمىلەرگە خۇمار بولۇپ قالىدىغان.

— يەر دېگەنمۇ ئادەمگە ئوخشاش.

دېھقاننىڭ ئۈسۈپ كەتكەن ساقىلى بىلەن قېلىن كالپۇك-لىرى ئۇنى بىپەرۋا، ھاكاۋۇر كۆرسەتتەتتى. يەنە بىرقارىسا دۆت، ئەخمەقتەكمۇ تەسىر بېرەتتى.

— ئىشقىلىپ ھورۇن بولۇپ كەتتىڭلار جۇمۇ، بۇرۇنقى دېھقانلار قىشلىقى ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ شەھەرگە كىرىپ ئوغۇت يىغاتتى، ھازىر تەييار ئوغۇتقا كۆنۈپ ئۆزۈڭلارنىڭمۇ، بىزنىڭمۇ ئەقلىمىزنى بۇلغاپ بولدۇڭلار.

— سىز شۇنداق دېگەن بىلەن دېھقانچىلىق قىلماق تەس.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەخمىقانە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنداق دەپ يۇرۇشنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق سۆزلەۋاتقانلىقىنى خەقلەر بىلىپ قالسا سەت تۇرىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى.

— ھېچ يەردە ئاسان ئىش يوق، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئارام-چىلىق يوق، شۇ يەردىمۇ مۇشۇ دۇنيادىكى ياخشى ـ يامان ئىشلاردىن ھېساب بېرىدىغان گەپ.

— قويۇڭا بۇ گەپنى، مېنىڭ ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى. ماڭغاچ تۇراي.

دېھقان ئاچچىق بىلەن كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ ئىسمى نەمەت تاشچى ئىدى، ئىسمى ئەمەت بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما لەقىمى-نىڭ تاشچى ئىكەنلىكى راست، خەقلەرنىڭ ئىسمىنى تۇتۇۋې-لىشىمۇ مۇھىم ئىش ئىدى. نەچچە يىلدىن بېرى سالام ـ سەھەت قىلىشىپ ئۆتكەن بىرسىنىڭ ئىسمىنى ئەسلىيەلمىسەم بۇنىڭ ئۆزى قاملاشمىغانلا بىر ئىشتە. خەق بىلەن نېمە كارىم؟ يېرىنى قانداق تېرىسا شۇنداق تېرىمامدۇ، ئارتۇق ئىشقا ئارىلىشىدىغان بولۇپ قالدىم. يەيدىغان نەرسىلەر، ئىچىدىغان نەرسىلەر، كىيىد-دىغان نەرسىلەر بۇلغىنىپ كەتسە ئادەمنىڭ روھى، جىسمى، ئوي ـ پىكرى تەڭ بۇلغىنىدۇ. بۇنداق ئىشلار بىلەن ھېچكىم-نىڭ كارى يوق. ئالىم كىتاب بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسا بۇنىڭغا باش-

قىچىرەك بىر نىمە دېيىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇ بىركىمدىن ناھەق تىل ئىشىتىپ قورساق كۆپۈكىگە قالغاندەك جېنى سىقىلىپ ئۇھ تارتقىنىچە جىم بولۇپ قالدى. تۇيۇقسىز ئۆستەڭ سۈيىنى سېغىنىپ قالدى... لاي سۇنىڭ يىدىنىك شاۋقۇنلىرىغا قۇلاق سالسا مىڭ يىل بۇرۇنقى ئىشلار بىلەن مىڭ يىل كېيىنكى ئىشلار بىر يەرگە كېلىدىغاندەك ئويلاپ قالاتتى. كۆز ئالدىدىكى ئاشۇ سۇلار دۇنيادا پەقەت بىرلا قېتىم مۇشۇ ھالدا، رىتىملىق شاۋقۇنلاپ، چىرايلىق بۇژغۇنلاپ ئاقالىشى مۇمكىن. ئۇنىڭمۇ پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملا مۇشۇنداق ئويلىيالىشى مۇمكىن.

ئۇ ھەسەن قازىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى، نەمەت تاشچى بىلەن بۇ كىشى تۇغقان بولۇشى مۇمكىن.

نەمەت تاشچىنىڭ گەپلىرى كۆڭلۈمگە كەلدى. بەزى قىلىقلىرىمنى تۈزىمىسەم بولماپتۇ، مەن بىر ئادەم بۇ جاھاندىكى جىق ئىشلارنى ھېچنېمە قىلىپ بولالمايمەن، ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈمنى چىڭ تۇتۇپ تېتىقسىز، بىتايىن ئىشلاردىن نېرى بولۇپ ياشىسام بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

ئۇ ئاپئاق يەكتەكنىڭ ئۇزۇن پەشلىرىنى چىرايلىق لەپىلدىتىپ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ساقاللىق بوۋاينىڭ ئۆزى ھەم نەمەت تاشچىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلگەنلىكىنى، ئارقىدىن مۇدىر نەۋرىسىنىڭ ھەسرىتى توغرۇلۇق خىيال قىلغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ دۇنيادا ھەركىمنىڭ خۇشلۇقى، غەم ـ قايغۇسى ئۆزىگە، بىركىملەر ھېسداشلىق قىلسىمۇ دەردنى تارتىشىپ بېرەلمەيدۇ، شۇڭا دەيدۇ: «ھەركىمنىڭ يۈكى ئۆزىگە ئېغىر».

بىكارچىلىقتا كۈننى كەچ قىلالمايدىغان، كېچىنى تاڭ ئاتقۇزالمايدىغان ئادەملەر ساماندەك. بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆمرى شارقىراتمىنىڭ سۈيىدەك تېز ھەم جۇشقۇن ئۆتىدۇ، بەزىلەرنىڭ كۈنلىرى قېرىق ئېرىقنىڭ سۈيىدەك ئاستا ھەم بىخۇشلۇق ئۆ-

چىدە تامام بولىدۇ. دەريالار ئۆز يولىدا ئېقىۋاتقان، دېڭىزلار دولقۇنلاپ، قوي ــ قوزىلار، قوتاز ــ جەرەنلەر قىيغىتىپ، ئادەملەر ھاياتىنىڭ قاينىملىرىدا پىرقىراپ يۈرگەن بۇ دۇنيادىن ھۆزۈر ئېلىپ ياشاشنى بىلەلمىسەك قانداق قىلىمىز؟ بۇ جاۋاب بەرمەك تەس بىر سوئال.

بۇنىڭدىن كېيىن ئۇدۇل كەلگەن بىركىملەر بىلەن تاققۇ ــ تۇققا گەپلەرنى قىلىشىمسام بولىدىكەن. قىرىق ياشتىن ئېشىپتىمەن، بۇ ئۆمۈرنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆتۈپ كەتكەنگە بارا ـ ۋەر. مۇشۇ ياشقا كىرگەندە خەقلەرنىڭ سوغۇق گەپلىرى ھار كېلىدىكەن. نەمەت تاشچى دېگەن پەسەندىنىڭ گېپىنى قارا، ئىشىم بار ئىدى، دەپلا خوشىمۇ دېمەي كەتكىنىنى. نېمىشقا خەقلەرنى بىزار قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدىغاندىمەن؟ گەپ قىلماي دېسە بەزى ئىشلارغا ئادەمنىڭ بىر نېمە دېگۈسى كېلىدۇ. گەپ قىلسام ھە دېگەندە رەنجىش كېلىپ چىقىدۇ. خوتۇن بىلەنمۇ دېيىشىدىغان گەپلىرىمىز بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى. ئوغلۇمنىڭ مېنىڭ گەپلىرىمنى ئاڭلاشقا رەۋىتى يوقتەك، مەن گەپ قىلسام مەجبۇرىي ئاڭلاۋاتقاندەكلا. بۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلۈمنى خۇش تۇتۇپ بىركىم گەپ سورىمىسا گەپ قىلماي، گەپ قىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ ئالدىرىماي ئويلاپ، بىركىمنى قايىل قىلالىغۇدەك گەپلەر بولسا قىلاي، بولمىسا جىم تۇراي. ئۆلىدىغان جاھاندا نەدە بىر تايىنى يوق ئادەملەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىشكە بولمايدۇ.

ئىكرام دۆلەت نەمەت تاشچىنىڭ قىلىقىنى پەقەت ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. شۇنداق تايىنسىز ئادەمدىن ھاقارەت ئاڭلىغىنى ئۈچۈن بەكلا پەرىشان بولۇپ كەتتى.

ــ بىز كىمگە ئوخشايمىز ئىكرام؟

پەرھاتنىڭ مانانلىشىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىماق تەس ئىدى.

— ئۆزىمىزگە.

— گەپ شۇنداق دېيىلسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزگە ئوخ- شىمايمىز، بىز باشقىلارغا ئوخشىيالماي، باشقىلار بىزگە ئوخ- شىيالماي ئاۋارە بولۇپ يۈرىمىز.

— نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ؟

— مەن مۇشۇ توغرۇلۇق سوئال ئىزدەپ يۈرىمەن.

ئۇ پەرھاتنىڭ گېپىگە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. بۇرۇنقى پەرھات بىلەن بۈگۈنكى پەرھاتنى بىر يەرگە قويغىلى بولمايتتى.

ئۇ ناھايىتى بۇرۇنلا ھېچنېمىنى ئويلىماسلىق، ھېچ ئىش بىلەن كارى بولماي ئۆزىنى بىلىپ يۈرۈش، ئارتۇق ئىشقا ئا- رىلاشماسلىق قارارىغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ بۇ قارارىغا ئەمەل قىلىپ بولالماي ئاۋارە بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئالدىنقى ھەپتە مەرۇپ توختى بىلەن ئۇزاق مۇڭدىشىپ ئولتۇردى. يانچۇ- قىغا نەچچە قاپ قارتنى سېلىپ قارتا ساناپ ئولتۇرغان مەرۇپ توختى بىلىپ - بىلمەي دەردلىرىنى تۆكتى. چوڭ قىزىنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى، نەۋرىسىنىڭ كىچىك تۇرۇپلا ھاراققا ئام- راق بولۇپ قېلىشى، قىز نەۋرىسىنىڭ بەك قىسقا يوپكا كى- يىپ، تومپىيىپ تۇرغان كاسىلىرىنى تولغاپ ھويلىسىدا ئۇياق- تىن - بۇيانغا مېڭىپ يۈرۈشلىرى، ھويلىدىكى دەرەخلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشى، ساختىيۇن يەپ قېلىپ ئاشقازىنىنىڭ ئاغرىي- دىغان بولۇپ قېلىشى، قاسساپ قوشنىسىنىڭ ھويلىسىدىن چى- قىدىغان مالنىڭ يىن، قانلىرى ئېچىپ كەتكىنىدىن چىقىدىغان ئېپلاس پۇراقتىن نەپسىنىڭ قىسىلىپ كېتىشى، ئاللىكىملەر- نىڭ ئىشكى ئالدىدىن سەت گەپلەرنى قىلىشىپ ئۆتۈپ كېتى- شى... مەرۇپ توختىنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلاتتى. بۇرۇنلاردا بىر گەپ باشلىۋالسا ئادەمنى زېرىكتۈرۈۋېتىدىغان خوتۇنىنىڭ تۇرۇپلا گەپ سورىمىسا گەپ قىلمايدىغان، بىر نۇقتىغا تىكىل-

گىنىچە جىملا ئولتۇرۇپ قالىدىغان، گەپ باشلىغۇالسا توختىيال-مايدىغان بولۇپ قېلىشى بەكلا ئىچىنى پۇشۇرۇۋېتىپ باراتتى. مەرۇپ توختى ھەسرەت بىلەن شۇنداق ئويلايدىكەن: ئەللىك يىلغا يېقىن ئۆمرى مۇشۇ خوتۇن بىلەن ئۆتۈپتۇ، بىر زامانلاردا سەل ئالدىغا ئېڭىشىپ ماڭىدىغان، بويى پاكار، قاچانلا قارىسا يوغان قورسىقى بىلەن ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنىدى-غان خوتۇنىنى ھەر كۆرگەندە مۇشۇ خوتۇن مېنى تۇگەشتۇردى، مېنىڭ ئۆمرۈم بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ھەسرەت چەككەن، ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇپ كېتىشنىڭ كويىغا چۈشكەن چاغلىرىمۇ بولغان. ئەمما، خوتۇنىنى كۆڭلى كۆتۈرمىگەنسېرى بۇ خوتۇن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرنى تۇغىۋەردى، باللار كۆپەيـ-گەنسېرى باللارنىڭ ھەر بىرى بىر قول بولۇپ ئۇنى بۇ ئۆيگە مەھكەم چىرمىۋالدى. ھەر بىر بالا خۇددى بىر يىلتىز بولۇپ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى، قوللىرىنى بۇ ئۆيگە چىڭ باغلىۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ 30 ـ 40 ياشلىرىدىكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى، ئويلىد-غانلىرىنى، تاتلىق ئارمانلىرىنى، ئاچچىق ھەسرەتلىرىنى ھازىر پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

مەرۇپ توختى ئاچچىق بىلەن ۋارقىراپ كېتەتتى:

— سەن زادى نېمە بولدۇڭ؟

— نېمە بوپتىمەن؟

— نېمە زوۋانىڭ تۇتۇلۇپ قالغاندەك جىملا ئولتۇرىسەن ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىپ؟

— گەپ قىلغۇم كەلمەيدۇ.

— نېمىشقا؟

— سىز مېنى بىر چاغلاردا قاچان زوۋانىڭ تۇتۇلۇپ قالار؟ دەپ قارغايتتىڭىزغۇ.

— ھە، نېمە بوپتۇ؟

— مانا ئەمدى گەپ قىلمايمەن، قېنى، ھېچكىم گەپ قىل-

مىسا قانداق ئولتۇرسىزكىن، كۆرۈپ باقاي.
مەرۈپ توختى ھەيران قالدى، خوتۇنىنىڭ گەپ قىلماسلىقى گەپ قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىدىن ئەمەس، قەستەن گەپ قىلماي ئۇنى تېرىكتۈرۈش ئۈچۈن ئىكەن. ئۇ بۇنى بىلىپ كۈلۈپ كەتتى، ئارقىدىن ئۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ قالدى. يېقىنقى نەچچە يىلدىن بۇيان خوتۇنىنىڭ چىرايىغا ئوبدانراق قاراپ باقمىغانلىقىنى، ھەتتا چىرايىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنى ھەيرانلىق بىلەن ھېس قىلدى.
مەرۈپ توختى زېرىككەنلىك، بىتايىن ھەسرەتلەرنى يۇدۇۋالغاندەك كۆرۈنەتتى.
— ئىكرام ئۇكام كېلىڭلا، بىر قول ئوينايلى... جاھاننىڭ كارى مۇشۇ...
— بولدى، كېيىن كۆرۈشەيلى، ئالدىرايمەن.
مەرۈپ توختىنىڭ بويۇن قىسىپ ئولتۇرۇشلىرى بىرقىسما كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قىسىلىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدە يەنە بىر تۇرلۇك تاقەتسىزلىك، قەھر باردەك ئىدى. ئۇ ئەرمىدۇنىنىڭ ئاستىدا يالغۇز ئولتۇرغان مەرۈپ توختىغا قاراپ ئىچى ئاچچىق بولدى. مورىسىدىن تۈتۈن چىقىۋاتقان ھەر بىر ئۆيدە ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ھەسرەتلەر بار. ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان خۇشاللىق ھەم ئۈمىد بار.

※ ※ ※

تېلېۋىزوردا يىلان تونۇشتۇرۇلىدىغان بىر فىلىم قويۇلۇۋاتاتتى. غايەت يوغان يىلاننىڭ بىر جەرەننى مۈڭگۈزى بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋاتقان كۆرۈنۈشى ناھايىتى تەپسىلىي كۆرسىتىلىۋاتاتتى. دۇنيانىڭ مەن بىلمەيدىغان قايسى بىر بۇلۇڭىدا قايسى بىر زاماندا بىر جەرەن بىر يىلاننىڭ قارنىغا تىرىك كىرىپ كې-

تىۋاتاتتى. جەرەنگە قىيامەت بولۇۋاتقان شۇ دەمدىكى ئاجايىپ
كۆرۈنۈشلەردىن مىليونلىغان ئادەملەر ھۇزۇر ئېلىۋاتقان بولۇ-
شى مۇمكىن. تەقدىر ھەر جاننىڭ قىيامىتىنى ھەر خىل پۈتۈپ
قويسا كېرەك. ئاشۇ جەرەن ئانىسىدىن تۇغۇلۇپ، دۇنيانىڭ شا-
ماللىرى چىرايلىق يەلپۈپ تۇرغان باھار كۈنلىرىدە يۇمران
ئوتلارنىڭ ئۇچىنى يەپ، سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئىچىپ گۈزەل كۈن-
لەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەن بولغىيدى! يەنە ئۇنىڭ ئېگىدىكى
دۇنيا كەڭرى كەتكەن چەكسىز يايلاق، چىرايلىق ئېقىۋاتقان
سۈپسۈزۈك سۇ، ئانىسىنىڭ يېقىملىق ھىدى، قېرىنداشلىق
مېھرى ھەم شوخلۇقىدىن ئىبارەت بولغىيدى!؟ ئۇ ھايۋانغا خاس
ئەقلى بىلەن بۇ دۇنيادا يىلان - چايانلارنىڭ، ئاجىز ھايۋانلارنى
ھېچ ئويالماستىن تۇتۇپ يەيدىغان شىر، يىلپىز، بۆرىلەرنىڭ
بارلىقىنى، يايلاقلاردىكى ئوت - چۆپلەرگە ئوت كېتىپ ئاچ قا-
لىدىغانلىقىنى، كۆللەرنىڭ قۇرۇپ كېتىپ سۇسىزلىقتىن جې-
نى قىينىلىدىغانلىقىنى، ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى، شىر،
يولۋاسلار تۇتۇپ يەۋاتسا بۇ چىدىغۇسىز ئازابقا ھېچ چارە قىلالا-
ماي قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان يا
قىلمىغان بولغىيدى!؟ مانا ئەمدى ئۇ يىلاننىڭ قارنىغا كىرىپ
كېتىۋاتىدۇ. تەقدىرى ئەزەلدە ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ كامېراغا ئې-
لىنىپ جاھاننىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا سازايى - تاما-
شا بولۇشى پۈتۈلۈپ كەتكەن بولغىيمىدى!؟

كىچىكىمدىن باشلاپ يىلاندىن بەكلا قورقاتتىم. كۈنلەرنىڭ
بىرىدە يىلان چېقىۋالىدىغاندەك، ئۆينىڭ كەينىدىن، كارىۋاتنىڭ
تېگىدىن، قورۇنىڭ شاخ - شۇمبا دۆۋىلەپ قويۇلغان بۇلۇڭىدى-
دىن، قازناق ئۆينىڭ تورۇسىدىن قانداقتۇر بەتبەشىرە يىلانلار
سىيرىلىپ چىقىپ قوغلاپ يۈرۈپ چېقىۋالىدىغاندەك تەھلىكى-
لىك خىياللارغا پېتىپ قالاتتىم. ھويلىنىڭ دەرۋازا يېنىدىكى
ياغاچ دۆۋىلەپ قويۇلغان بۇلۇڭىدىن، تاشلىنىپ قالغان تونۇرنىڭ

يېنىدىن، ئېغىلنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە تېنىم شۈركىنەتتى. مۇشۇ قورقۇنچنى ھېچكىمگە دېيەلمەي مۇشۇ كۈنگە كەلدىم. يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرىدە قارا سايە بولۇپ تۇرىدىغان مۇشۇ خىيال، تۇيغۇلىرىمنى ھېچكىمگە دېيەلمىگەن ئىدىم. بۈرۈنقى قورۇنى سېتىپ بىنا ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندە يېنىك تىنىپ كۆڭلۈم خاتىرجەم بولغان بولسىمۇ، بىراق يەر ئاستى ئۆيگە كىرگەندە يەنىلا ۋەھىمە باساتتى.

— دادا، قارا بۈنىڭغا... ھۇۋۋۋ...

بەش ياشلىق ئوغلىنىڭ قولىدا بىر چار يىلان تۇراتتى، يىلان يىرگىنچلىك تىلىنى چىقىرىپ بېشىنى ھەريان سىلىكىيتتى.

— ۋايجان... — ئىكرام دۆلەت يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. كۆزلىرى خىرەلىشىپ بېشى قېيىپ كەتتى.

ئوغلى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. يىلاننى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن ئەكېلىپ «كۇش... كۇش... كۇش...» دەپ بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.

— نېرى تارت... ھۇ دۆت ئېشەك...

ئىكرام دۆلەت قورقۇنچتا قولىدىكى كىتابنى بالىغا ئاتتى، يەنە بەك سەت گەپ قىلىپ ۋارقىرىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ بولغۇچە كىتاب بالىنىڭ بېشىغا تېگىپ، قولىدىكى يىلاننى تاشلىۋېتىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— نېمانداق سەت ۋارقىرايسىز؟ ئېشەك دېگەنمۇ گەپمۇ؟

— قولىدىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

— شۇنداقتىمۇ كىچىككىنە بالىغا بىر نېمە ئاتقان بارمۇ؟

يىلان يەردە سوزۇلۇپ ياتاتتى. شۇ چاغدىلا ئىكرام دۆلەت بۇ قورقۇنچلۇق نەرسىنىڭ ئويۇنچۇق يىلان ئىكەنلىكىنى بىلىپ تاڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئىپلاسلار، يىلاندىمۇ ئويۇنچۇق ياسامدۇ... ئاناڭنى...

— بۇ يىلاندا ياسىغان ئويۇنچۇق ئەمەس... رېزىنكە ئۇ، — ئوغلى بىر ياقتىن يىغلاپ بىر ياقتىن چۈشەنچە بېرىپ ئۆلگۈر-دى. بالىنىڭ ئىچ - ئىچىدىن يىغلىشىدىن ئۇنىڭ بەكلا ئۇۋال-چىلىق تارتقانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. كىتابنىڭ قاتتىق تەگكەنلىكىدىن يىغلاۋاتامدۇ ياكى دادىسىنىڭ تىل - دەشنىمى ئېغىر كېلىپ يىغلاۋاتامدۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى.

— نېمىشقا بۇنچە قورقۇپ كەتتىڭىز؟

— راست يىلان چېغىۋا دەپتىمەن.

— توۋا، راست يىلاننى بەش ياشلىق بالا مۇشۇنداق تۇتۇپ يۈرەلەمدۇ؟

ئۇ خوتۇنىنىڭ قارا كۆزلىرىدە ھېچقانداق ھېس - تۇيغۇنى بايقىيالماي ھەيران قالدى. ئادەم بەزىدە ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمۈرگە ئىچ ئاغرىتىپ قالىدۇ. بۇگۈندىن رازى بولغىلى بولمايدۇ. كې-لىدىغان كۈنلەردىن ھازىرقىدىن ياخشىراق ھېچنېمىنى كۈتكى-لى بولمايدۇ. مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىش خۇدانىڭ ئۇرغىنى شۇ. يۈرەكتە ئوتتەك تۇيغۇلار چاپچىپ تۇرسا... كۈن دېگەن شۇ ئەمەسمۇ! ئۇ كىچىككىنە بالىنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇقتىن قور-قۇپ كەتكىنىدىن نومۇس قىلغان بولسا كېرەك، مېڭىسىگە قارا ھەم نەم بىر نەرسە ئۇرۇلۇپ ئاچچىقتىن تىترەپ كەتتى.

— ئۆزىنىڭ پۇشتىنى ئېشەك دېسە قانداق بولىدۇ؟

— بولدى، بولدى، دېمىگەن بولاي.

— سىزنى بۇرۇن يىلان چېقىپ باققانمۇ؟

خوتۇنىنىڭ كۆزلىرىدە سوغۇق بىر نەرسە مۇز بولۇپ پار-قىراپ تۇراتتى.

— ياق، قانداق دەيسەن؟

— ئەمدى دەيمىنا، يىلاندىن بەكلا قورقىدىكەنسىز.

— يىلان چاقسا - چاقمىسا ھەممە ئادەم قورقىدۇ ئۇنىڭ-دىن، يىرگىنچلىك نەرسە تۇرسا.

ئىكرام دۆلەت ئوغلى بەش ياشقا كىرگەن يىللىرىدا بولغان ئىشلارنى ئەسلەپ كۆڭلى يېرىم بولدى.

※ ※ ※

مەرۇپكام ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ تاتلىق كۈلۈمسىرەپ مېنى سىرتقا ئىما قىلدى.

— سىزنى كۆڭلۈم تارتىپ ئۈكام، بىر قول ئويناپلىمۇ؟

— مەن مۇشۇ نەرسىنى بىلمەيمەن.

— ئۇنداق ئەمەستۇ... بوپتۇ، كۆڭلۈم يېرىم قاراڭ... بالىلارنىڭ ئىشىزە...

بۇ دۇنيادا ئادەمگە بىركۇنمۇ ئارامچىلىق يوقكەن، بىر ئىنشىڭ ئوڭغا تارتىپ كۆڭلۈك تىنىپ كەلسە، يەنە بىر ئىشىڭ پوقتا چىلىشىپ تۇرغان، قاچان كۆڭۈل خاتىرجەم بولىدىغان كۈنلەر كېلەر؟... مەرۇپكام شۇنچە ئويلاپمۇ ھەممىدىن خاتىرجەم بولىدىغان كۈنلەرگە ئۆلىشىشقا كۆزى يەتمەيدىكەن. قىزنى قىش - ياز يالاڭ كىيىنىپ دۇگدەرەپ يۈرىدىغان تەرسا ئېرى بىلەن ياراشتۇرۇپ، نەۋرىسىنى ھاراقكەشلىكتىن تەزدۇرگەن تەقدىردىمۇ، قىز نەۋرىسى بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتقان ھالدىمۇ يەنە بىر پالاكەت ئىش چىقىپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن.

ئۇ قەستەن گەپ قىلماس بولۇۋېلىپ ئۆزىنى قىيناشنى راۋا كۆرگەن خوتۇنىدىن ھەيران ئىكەن. شۇنچە يىل بىللە ياشاپ قېرىپ بىر يەرگە بارغاندىمۇ ئېرىنى ئازابلاشنىڭ چارىسى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ئەپچىل چارە تېپىۋالغان خوتۇنى ئۇنىڭغا بەكلا غەلىتە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— قىزىڭغا ئېيت، ئاۋۇ تېگىمەن دېگەن بىرنېمىسى پەقەتلا بولمىغۇدەك.

مەرۇپكام قىزنى ياتلىق قىلىشنىڭ ئالدىدا شۇنداق

دېگەنىكەن.

— نېمە بولدى؟

— تۇرقىغا قارىماسەن، ياش تۇرۇپ دۇمبىسىنى چىقىرىپ ئىغاڭلاپ مېڭىشلىرى پەقەت كۆزۈمگە سىغمىدى.

— قانداق ماڭسا شۇنداق ماڭمامدۇ، قىزىمىزنىڭ كۆڭلى شۇنىڭغا چۈشۈپتۇ، قانداق قىلىمىز، مېنىڭمۇ دېمىگەن گەپلىرىم قالمىدى.

شۇ چاغدا تېلېۋىزوردا ھىندىستاننىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر بىللە ئۇسسۇل ئوينايدىغان بىر كىنوسى قويۇلۇۋاتاتتى، بۇ خەق ئولتۇرسىمۇ، قوپسىمۇ ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەنلا ھەپىلىشىدىغاندەك قىلاتتى. مەرۇپكام بۇنداق كىنولارغا ئامراقكەن، ئەمما كۆرۈپ بولۇپ پۇشايمان قىلىدىكەن.

— ئىسىت، شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق پاكىز ئادەم بولدى دېسەم، قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى. تېزەككە گۈل سانجىغاندەك بىر ئىش بولدى.

— بەك توسۇپ تۇرۇۋالساق قېچىپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ.

مەرۇپكام شۇ چاغدا چۆچۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، خوتۇنى، قىزى... ئىشقىلىپ ئۆزۈڭگە تەۋە ئايال زاتىدىن بىرەرى قېچىپ كېتىپ قالسا ئەرنىڭ يۈرىكىنى چايان چاقىدۇ، چاققاندىمۇ مەڭگۈ ساقايمايدىغان دەرىجىدە چاقىدۇ. بەزى يۈرەكلەر سوقۇشتىن توختىغاندا ئاندىن چېقىشتىن توختايدۇ.

— نېمە؟

— ھېچنېمە.

خوتۇنى ئويلىماي ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن گېپىنى يۇتۇۋالالماي قىينىلىپ كەتتى.

— تويىنى قىلىپ قويايلى، قېچىپ كەتمىگەندىكىن بولمىدىمۇ.

مەرۇپكامنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىنى بىلىپ يەتتىم، ئۇنىڭ

كۆزى قېتىپ قالدى، تىنىقى توختاپ قالدى. يۈرىكى سىلىشتىن توختاپ قالدى، ئاشۇنداق ھالەتتە نەچچە مىنۇت تۇرۇپ قالدى. بۇنداق ھالەتتە ئۇ خىيالدىن، تۇيغۇدىن، كۆرۈشتىن، ئاڭلاشتىن، سۆزلەشتىن توختاپ قالغانىدى. بۇنى ئۆلۈم بىلەن يېقىن دېسىمۇ، ئوخشاش دېسىمۇ يا بولمىسا ئۆلۈمدىن ئارتۇق دېسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

— ئۇھ، مەن ھېرىپ كەتتىم...

مەرۇپكام شۇنداق دەپ ئۆزىنى سافاغا تاشلاپ ئولتۇردى. ئۇ ھارغان بولۇشى مۇمكىن، ھارمايدىغان كىم بار؟

شۇنداق جېدەللەر بىلەن مەرۇپكام قىزىنىڭ تويىنى قىلغانىكەن. ئارىدىن يىگىرمە يىل ئۆتكەن بۇگۈنكى كۈندە قايسى بىر يەردە ئوقۇپ كەلگەن نەۋرە قىزى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قىسقا يوپكا كىيىپ، يوتىلىرىنى كۆرسىتىپ يۈرەتتى. ئارىدىن يىگىرمە يىل ئەمەس، ئىككى يۈز يىل ئۆتكەندەك قىلاتتى.

— مۇنۇ نېمە ئىش قىلسا بىر ئىش قىلسا بولاتتى.

— نېمە ئىش قىلىدۇ؟ يا ھۆكۈمەت ئورۇنلاشتۇرمىسا.

— ئىشقىلىپ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتسۇن... ھۈنەر ئۆگەنسىمۇ بولىدۇ.

— ئوقۇپ كېلىپ يەنە نېمە ھۈنەر ئۆگىنىدۇ...

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— بىلمەيمەن.

مەرۇپكامنىڭ ھەسرەتلىك تۇرقى، تۆت يانچۇقلۇق چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغان نەچچە قاپ قارتلىرى، ياقىسى كىرلىشىپ كەتكەن كۆڭلىكى كۆز ئۆڭۈمدىن ئۆتتى.

ئىكرام دۆلەت كارىۋاتىنىڭ قىرىغا ئولتۇرۇپ يەرگە قارىغىنىچە جىم بولۇپ قالدى. ئوغلى بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى سىزىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ھاياتنىڭ يول خەرىتىسىنى خۇددى مۇشۇنىڭدەك ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان، بىغە-

رەز بىرسى خالىغانچە سىزىپ تاماشا كۆرۈش ئۇچۇن ئادەملەرنى شۇ يولدا مېڭىشقا مەجبۇرلايدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

— بالام، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئادەم بول جۇمۇ.

— نېمىشقا؟

ئوغلى ئىشلىتىپ بولغان تىترەتنىڭ قەغىزىدىن ياسىۋال-غان پاخپاقلارنى كۈچ بىلەن يەرگە ئۇرۇۋېتىپ پەرۋاسىزلا شۇن-داق دېدى. بالا شۇ ھالدا ئۆزى بىلەن ئۆزى پاخپاق ئويناۋاتاتتى. دۇنيادا مۇشۇ خىلدىكى ئىشلار ناھايىتى تولا، جىق ئادەملەر ئۆ-زى بىلەن ئۆزى زىتلىشىپ، ئۇرۇشۇپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ، ھېچ-كىم ئۆزىدىن غالىب كېلەلمەيدۇ، ئادەملەر ئۆزىنى مەڭگۈ يې-ڭەلمەيدۇ. ئەمما، ئۆزىدىن غالىب كېلەلىسە قالتىس بولاتتى. مەغرۇر كۆلكە، ھۇزۇرلۇق ھايات، شادىمان ناخشا، جانغا راھەت بېرىدىغان ھېكمەتلىك سۆيگۈ... مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ چاغدا بىزگە تەۋە بولاتتى. بولمىسا ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىز تېپىنغا ئەرزىمەيدىغان پاخپاقنى بىر ئۆمۈر ئويناپ بۇ ئويۇننىڭ ئەبەدىي ئاخىرىنى چىقىرالمايمىز.

— داداڭ بىكار گەپنى قىلىدۇ، ئۇنداق يۈرىكى چوڭ ئادەم بولۇپ قالما.

— نېمىشقا؟

— بالا ـ قازاغا يېقىن ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

كورپىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق كىنولىرىنى كۆرۈشكە ئامراق ئايالى شۇنداق دېدى.

پەرھاتنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى ياد ئەتتىم. ھايات مەن ئۇچۇن تولىمۇ قىممەتلىك، تولىمۇ زۆرۈر ۋە تولىمۇ قىسقا بى-لىندى. ھاياتنىڭ بىزگە تاشلىغان سوئاللىرىنىڭ قايسى بىرىگە جاۋاب بېرەلىدۇق؟ جاۋابتىن ئىلگىرى سوئال بولۇشى كېرەك. ھاياتنىڭ سوئاللىرىنى ئاڭلىيالىدۇقمۇ؟ بىلەلىدۇقمۇ؟ چۈشىنە-لىدۇقمۇ؟... مەن پەرھات تاپالمىغان سوئالنىڭ نېمىلىكىنى بى-

لەلمىدىم. پەرھات سوئالنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلىگەن بولسا جا ـ ۋابىنى تاپالىغان بولاتتى. سوئال مەڭگۈلۈك نەرسە.
پەرھاتنى ئىزدەپ ھېچيەردىن تاپالمىدىم. ئىشىكى تاقاق ئىدى. تېلېفونىمۇ ئېتىك ئىدى. پەرھاتنى نېمە ئۈچۈن تۇرمۇ ـ شۇمدىكى مۇھىم ئادەم دەپ ھېسابلايدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئويلىمىغان ئىدىم. ئۇنىڭ بۇرۇنقى پاكىز كاستۇم بۇ ـ رۇلكىنى قاتۇرۇپ كىيىدىغان، گالستۇك تاقاپ، چاچلىرىنى مايلاپ، شۇ قەدەر رەتلىك يۈرىدىغان ھالىتى بىلەن بۈگۈنكى ئا ـ ۋارە قىياپىتىنى سېلىشتۇرۇپ ھەيران قالىمەن. ئادەم دېگەننىڭ شۇنچىلىك ئاددىي بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولىمەن. پەرھاتنىڭ مەن توغرۇلۇق قانداق ئويلايدىغانلىقى، قانداق تەسە ـ ۋۋۇر قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇ ماڭا قارا سانىمايدىغان، مېنىڭ يامان كۈنگە قېلىشىمنى خالىمايدىغان، ئىشلىرىمنىڭ ئاسان بولۇشىنى تىلەيدىغان، يىقىلىپ كېتىشىمدىن، مۇدۇرۇپ كې ـ تىشىمدىن، خاتا يولغا كىرىپ قېلىشىمدىن، ھەسرەت ـ نادا ـ مەتكە قېلىشىمدىن قورقىدىغان ساناقلىق ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى.
— تاپالىدىڭمۇ؟
— نېمىنى؟
— سوئال ئىزدەۋاتاتتىڭغۇ؟
— ياق تېخى.
— ئىزدىگىنىڭ زادى قانداق سوئال؟
— ھازىرچە تېپىپ بولالمىدىم، ئەمما تاپالىسام ھەممە ـ مىزنىڭ ھەر بىر كۈنى، ھەربىر سائىتى يورۇق، ئازادە، ئەسلە ـ نگۈدەك شېرىن بولۇپ كېتەمدىكىن دەيمەن.
— بەلكىم، ئەمما سوئالنىڭ ئۆزىنى تاپساڭ بولاتتى.
— ئىشقىلىپ ھامان بىر كۈنى تاپىمەن.
ئەتىگەندە، كەچتە، چىڭقى چۈشتە، تېلېۋىزور قويۇلۇۋات ـ

قاندا، رادىيودىن ئون ئىككى مۇقامدىن ئارىيە بېرىلىۋاتقاندا، يەرلىك ناخشىلارنىڭ ئاجايىپ سېھرىنى جاھانغا يېيىۋاتقان بو- ۋايلارنىڭ بويۇن تومۇرلىرىنى كۆپچىتىپ ئوقۇغان ناخشىلىرىغا مەستانە بولۇۋاتقان دەملەردە، پەرھاتنىڭ هامان بىر كۈنى تاپە- دىغان سوئالى ھەققىدە ئويلاپ قالاتتىم.

※ ※ ※

پەرھات...

بىرى ئۇنى چاقىردى. ئۇ جاھاننى تىڭشاپ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى. بەلكىم ئۇنى ھېچكىم چاقىرمىغاندۇ، ئەزەلدىن ھېچكىم چاقىرىپ باقمىغان بولغىيدى.

كۆز يېشى...

تۆكۈلۈۋاتقان يوپۇرماق...

يولدىن ئازغان تەنها كىيىكنىڭ يارىلانغان يۈرىكى...

ئۇ لەيلىنى سېغىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى قورقۇنچ بىلەن ھېس قىلدى. لەيلى ئۇنىڭ باغرىدا ئوت بولۇپ يېنىپ ۋۇجۇدىغا ئىللىقلىق بېرەتتى. ئۇنىڭ دۇنياسىنى باهارغا پۈركەيتتى.

لەيلى بولمىغان دۇنيانىڭ ئۆزگە بەكلا سوغۇق كېلىدىغاذ- لىقىنى ھەسرەت بىلەن چۈشىنىپ يەتتى.

ئۇ تەشۋىش بىلەن دۇنياغا، ھاياتقا ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كې- تىپ ئۆزىنىڭ ھېچ ئىش قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۆزى تىرىكچە- لىك قىلىۋاتقان بۇ جاھاننىڭ ئادەملەر مىغىلداپ كەتكەن، ئۆر- كەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريادا ئۆزىنىڭ بىر تامچە سۇ ئىكەنلىكى- نى، ئۇلۇغ ئېقىن قاياققا ئاقسا شۇ ياققا ئاقماي ئامال يوقلۇقى- نى ئويلاپ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولۇپ كەتكەنىدى.

— ھەي، بىر كېلىپ قالىدىكەنمىزغۇ دۇنيا دېگەنگە...

ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم ئۈندىمىدى، بەلكىم بىرەرسى دىق-

قەت قىلمىغاندۇ، يا چۈشەنمىگەندۇ، بۇ دۇنيادا ھەممىدىنمۇ تا-يىنى يوق ئىشنىڭ بىرى چۈشەنمەسلىك. يۈرەك بىلەن يۈرەك ئارىلىقىدا چۈشەنمەسلىك بولسا خۇددى گاچا بىلەن قارىغۇدەك بولۇپ قالىدۇ ئادەم. يەنە بىر ئويلىسا بىر كىمگە قاقشاپ، زارلاپ بەرگەنىڭمۇ ھېچ پايدىسى يوقتەك قىلاتتى، ھېچكىمنىڭ يۈكى-نى ھېچكىم كۆتۈرۈشۈپ بەرمەيتتى. خۇددى ھەممە ئادەم ئۆزى-نىڭ يۈكىنىڭ ئېغىرلىقىدىن تويۇپ كەتكەندەك ئىدى.

تامدىكى سۈرەتتە كاستۇم كىيگەن، چاچلىرى رەتلىك تا-رالغان، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان، قاپقارا بۇرۇتلىرى ئۆزىگە ياراشقان بىرەيلەن دۇنياغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. بۇ رەسىمدىن ھاياتنىڭ باھاردەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى.

پەرھات...

ئۇ رەسىمدىكى ئۆزىگە قاراپ پىچىرلىدى.

ئەينەكتە شالاڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، ساقاللىرى ئۆسكەن، ئورۇقلىغان، ئۇدۇل چىشىدىن ئىككىسى چۈشۈپ كەتكەن، پىي-شانە، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان، كۆزلىرى مانالىنىپ تۇرىدىغان بىرەيلەن ئىپادىسىز قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەپتىدىن ھاياتنىڭ پەرىشانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

پەرھات...

ئۇ ئەينەكتىكى ئۆزىنى تونۇيالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئويلايدىغانلىرى، خىيال قىلىدىغانلىرى باشقىچە بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەندىكىش، تەشۋىش بىلەن كۆنلىرىنى تەستە ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئېغىر تۇيغۇلار، ئې-غىر سوئاللار ئۇنى ھەر ۋاقىت قىيناپ تۇراتتى.

لەيلى...

ئۇ يىغلىماسلىقى كېرەك ئىدى. ئىككى تامچە ياش تاتارغان

چىرايىنى بويلاپ دومىلاپ چۈشتى.

ھاۋاسىز تونىلغا كىرىپ قالغاندەك كىشىنىڭ يۈرىكىنى سىقىدىغان جىمجىتلىق ھەم بۇرۇقتۇملۇق ناھايىتى ئۇزاقتىن بېرى ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىخسىپ كەتكەندەك قىلاتتى. چاشقان ئۇۋىسىدەك يىرگىنچلىك ئۇۋىلار ئۇنىڭ كۆڭلىدە، يۈرىكىدە، دىلىدا قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھەممە يېرىنى ئەخلەت ھەم چىرىگەن گۆشلەرنىڭ ھىدىدەك بەتبۇيچىلىق قاپلىغان خىياللىرى روھىنى قاراڭغۇلۇققا پاتۇرۇپ تۇرىدۇ.

مەن ئادەم ئۆلتۈرسەم بولمايدۇ، ئەمما تاھىرنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم بولمايدۇ، ئۇنى ئادەم ئەمەس، ياغاچ ياكى بىر تال چاشقان، بىر چىۋىن، بىر تال پاشا دەپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم بولمايدۇ، — ئۇ ئۆزىگە شۇنداق پىچىرلىدى.

— ئۆگەي ئانام ئۆيدىن چىق دېدى.

لەيلىنىڭ نەمخۇش كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. مەن ئۇنى قۇچاقلىماقچى بولۇپ جۈرئەت قىلالمىدىم. نېمىشقىدۇر ئۇ مېنى ئىتتىرىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

— ئۇ خوتۇننىڭ نېمە ھەققى باركەن؟

— ئۇ شۇنداق دېدى.

لەيلىنىڭ ئاۋازى يۇمشاق، يېقىملىق، ئېچىنىشلىق ئىدى. لەيلىنىڭ ئاۋازىدا مۇلايىملىق بار ئىدى. لەيلىنىڭ ئاۋازىدا نائىلاجلىق بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى كىم بىرسىنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشىنى كۈتۈۋاتقان ئادەمنىڭكىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئەمما، بۇنى ھېچكىم ھېس قىلالمايتتى.

— دادىڭىز نېمە دەيدۇ؟

— داداممۇ مېنى تىللىدى، ئەقلى يوق دۆت، ئاناڭ بىلەن نېمىشقا تەڭ تۇرىسەن؟ دەپ تىللىدى.

لەيلىنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالدى. ئۇنىڭ تەبەسسۇم كەتمەيدىغان لەۋلىرى ئۆمچىيىپ قالغانىدى، قىزلارنىڭ

مۇشۇنداق تۇرقى ئەركەكلەرنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدۇ، دۇنيانىڭ قاراڭغۇ ھەم يىرگىنچلىك يەرلىرىدە ئاياللارنىڭ كۆز يېشى بار.

— نېمىشقا بىر نېمە دېيىشىپ قالدىڭلار؟

— ئۇ خوتۇن ئانامنىڭ رەسىمىنى قايچا بىلەن كېسىۋې-تىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدۇق.

قارا ئىس پۇرقۇپ تۇرىدىغان ئۆيلەر بولىدۇ، بۇنداق ئۆي-لەردە قارا رەڭلىك يۈرەكلەر بولىدۇ، تىكەندەك تۈيغۇلار بولىدۇ، مۇزدەك سېزىم تورۇستىن يەرگىچە لىققىدە تولۇپ تۇرىدۇ. قورقۇنچ، ۋەھىمە، يۈرەكئالدىلىق كىشىنى چار يىلاندەك بوغۇپ تۇرىدۇ.

— بۇنىڭغا دادىڭىز گەپ قىلمىدىمۇ؟

— دادام بىر نېمە دېمىدى. دادام ئۇ خوتۇندىن قورقىدۇ.

— قورقىدۇ، نېمىشقا؟

— بىلمەيمەن. مېنى تاشلىۋەتمەڭ، مەن قورقۇپ قېلىۋا-تىمەن.

لەيلى قورقىدىغان ئىشلار جىق ئىدى. لەيلىنى قورقۇتىدى-غان ئىشلار جىق ئىدى. لەيلىنىڭ كۆڭلىگە شوخا بولۇپ سانچىلغان تاھىرنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم، ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىسىنى جازا-لىسام بولاتتى.

قىلىمەن دېگەن جىق ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلالماي كۆڭلىرىم ئۆتەتتى.

مەن گاڭگىرىغان ئادەملەر ئارىسىدا گاڭگىراپ يۈرەتتىم.

كۆڭلەر...

ھەپتىلەر...

پەسىللەر...

سۆرىلىپ ئۆتۈۋاتاتتى، مەن سۆرىلىپ كېتىۋاتاتتىم. كۈن چىقاتتى، كۈن پاتاتتى.

شامال چىقاتتى، يامغۇر ياغاتتى، قار ياغاتتى، ئايدىڭ ئاخ-

شاملار، يۇلتۇزسىز تۈنلەر بولاتتى، گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى، گۈللەر توزۇپ تۇراتتى، شادىمانلىقلار ئوت بولۇپ ھەسرەت ـ نادامەتلەر مۇز بولۇپ يۈرەكلەرگە سوقۇلۇپ تۇراتتى. چىرايلىق ئارزۇلار قۇش بولۇپ كۆكۈل شېخىدا بىر ئاجايىپ لەزىز سايراپ تۇراتتى.

پەرھات بىر يىقىلىپ قايتا ئورنىدىن تۇرالمىغاندەك، ئورـ نىدىن تۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندەك ئىدى. مېنىڭ روھىمدا ياشايدىغان ئادەملەر ئىچىدە پەرھاتنىڭ يۈرۈنقىغا پەقەت ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالغىنى مېـ نى ھەسرەتتە قالدۇراتتى.

ــ پەرھاتنىڭ خىياللىرى مېنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ بىر ئاجايىپ سوئال ئىزدەپ يۈرۈۋاتىمەن، دەيدۇ.

ئالىم كىتاب شۇنداق دېگەندە مەن ھەيران قالمىدىم. بۇـ رۇنقى پەرھاتنى ئەمدى كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدىم.

※ ※ ※

ئۆيدىن چىقسام قورۇنىڭ ئالدىدىكى ئەرمۇدۇن ئاستىغا ئاـ دەملەر يىغىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەرۇپ توختى باشلىق بىر نەچـ چەيلەن قارتا ئوينىشىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك ھەم ھارغىنلىق كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىرقىسما قىلىپ قوياتتى. مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم. مەرۇپ توختىنىڭ ياقىسى كىرلەشكەن كۆڭلىكى كۆزۈمگە چېلىقتى. سادىر مۇقىيتنىڭ يوغان بەستى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى... ئۇنىڭ ئېگىز بەستى ئىلگىرىكىدەكلا ئالدىغا ئېگىشكەن، بىلى ئېگىلىپ تۇراتتى. ئۇ بىردەم ئۇنىڭ يېنىغا، بىردەم بۇنىڭ يېـ نىغا بېرىپ قارتىلارغا بويۇنداپ قاراپ قويۇپ سەل تۇرۇۋالغاندـ

ـدىن كېيىن دېدى:
— بىزنىڭ ئەخمەق چەت ئەلگە چىققۇدەك قاراڭلار، ئەمدى بۇ نېمە گەپ بولۇپ كەتتى!؟
قارتىغا كىرىشىپ قالغانلار ھېچنېمە دېمىدى. سادىر مۇ-قىيت بايىقى گېپىنى يەنە تەكرارلىدى.
— بىزنىڭ ئەخمەقنىڭ قىلىقىنى قاراڭلار، چەت ئەلگە چىقىمەن، دەپ يۈرىدۇ. مۇشۇمۇ ئىشمۇ ئەمدى؟
سادىر مۇقىيت كانىيىنى كۆچ بىلەن قىرىپ قويۇپ بايىـ-قى گەپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. ئۇنىڭ چېچەك ئىزى باسقان چىرايى ئاپتاپتا كۆيگەندەك قارىداپ تۇراتتى.
— ياخشى بوپتۇغۇ، چىقىپ كەلسۇن، — دېدى ئارىدىن بىرەيلەن خۇش ياقمىغاندەك.
— چىقىپ كەلسۇن دېگىنىنى، چەت ئەلگە چىققان بىلەن بىر مۇنچە پۇل كېتىدۇ ئۇنىڭغا، يەنە ئۇنىڭدىن باشقا كاشىلـ-سىمۇ بار تېخى، — دېدى سادىر مۇقىيت ئاچچىق بىلەن.
— نېمە كاشىلىسى بولماقچىدى!؟
ئارىنى بىردەملىك جىملىق باستى، سادىر مۇقىيت يەنە بىر قېتىم كانىيىنى قىرىپ قويدى.
— ئەمدى چەت ئەل دېگەن چەت ئەل، بىرەر ياخشى - يامان ئىشقا چېتىلىپ قېلىپ، كېيىن باش ئاغرىقىغا قالىدىغان ئىش چىقىدۇ.
قارتا ئويناۋاتقانلار جىمىپ قالدى. سادىر مۇقىيتنىڭ گېـ-پىنى ئويلاۋاتامدۇ يا قارتىنى قانداق چۈشۈشنىڭ غېمىنى قىـ-لىشىۋاتامدۇ، بىلگىلى بولمايتتى.
ئۆزى ئوينىماي ئوينىغانلارنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈپ ئولـ-تۇرغان توختى نايۇپ سادىر مۇقىيتقا قاراپ قويۇپ بېشىنى قاشلىغاچ دېدى:
— قويۇڭا بۇ گەپنى، ئوغلىڭىز تازا بولىدىغان يىگىتكەن،

جاھان كۆرگەنگە نېمە يېتىدۇ، چەت ئەل دېگەن ئاجايىپ دۇنيا دەيلى، ئەمما كازافىي ئورۇشتا چوقۇم يېڭىدۇ جۇمۇ، ئۆكتىچى دېگەنلەرنىڭ قورال - ياراغلىرىنىڭ تايىنى يوق.

— ئۆكتىچىلەرنى ئامېرىكا قوللاۋاتقان تۇرسا، — دېدى بىرەيلەن. ئوغلىڭىز قايسى دۆلەتكە چىقىدىكەن؟

سادىر مۇقىيت قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ كانىيىنى قىرىپ قويدى.

— ئۇقمىدىم، قايسى دۆلەت بولسا ھەممىسى چەت ئەلغۇ شۇ.

— مۇسابايېفلارمۇ چەت ئەلگە چىقىپ جاھان كۆرۈپ داڭدار بايلارغا ئايلانغان، — دېدى تاھىر زوردۇن قاشلىرىنى ھەدەمرىپ، — ئۇلارنىڭ ئەينى يىللاردىكى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى چەت ئەلگە چىقىپ سىرتنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ۋەتەنگە ئېلىپ كىرگىنىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرمىز دەيدىكەنمىز...

— ۋاي بولدى قىلغىنا... نېمە دەيدۇ ماۋۇ... نېمانداق ئۇزۇن، پەلىپەتىش گەپلەر بۇ، مىللەتنىڭ ساپاسى دەپ كەتكەنلىرىنى بۇنىڭ، — دېدى تۇردى ياقۇپ تېرىكىپ، — دېگىنە، مۇساباي دېگىنىڭ كىم ئەمدى؟...

تاھىر زوردۇن بىر قىزىرىپ بىر تاتىرىپ تۇردى ياقۇپقا ھومايدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئاتۇش، قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ ئالەمشۇمۇل تۆھپە ياراتقان مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچىلار...

— ئادەم ئۇققۇدەك گەپ قىلساڭ نېمە بولار، 19 - ئەسىرنىڭ كەينى، ئالدى دېگەن گېپىڭنى كىم ئۇقىدۇ بۇ يەردە؟...

— ئۇقالمىساڭ مەندە نېمە ئامال... ئۇلار دېگەن ئەنە شۇن-

ـداق قالتىس ئادەملەر. جاھاندا بىر ئۆتكەن...
تۇردى ياقۇپ تاھىر زوردۇنغا مەسخىرىلىك قاراپ قويۇپ خىرىلدىدى:
— سەن ئۇلارنى شۇنداق چوڭ بىلگەندىكىن شۇ ئادەملەر-دەك بولساڭ بولمامدۇ؟
— بولىمەن دەپلا بولغىلى بولمىسا يا... — دېدى تاھىر زوردۇن بويىنىنى قىسىپ.
تاقىتى تاق بولغان سادىر مۇقىيت قولىنى سىلكىپ ئاچ-چىق بىلەن ۋارقىرىدى:
— بولدى قىلىڭلار، ئۇ مۇساباي دېگەنلەر بۇرۇنقى جاھا-نىڭ ئادەملىرىكەن، ئۆتتى، كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارى-مىز؟ ھازىر بىزگە بۇگۈن ئەڭ مۇھىم... ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، بىزنىڭ ئەخمەق چەت ئەلگە چىقىپ نېمە قىلىدۇ، دەيمەن؟ پەقەت گېپىمنى ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالدى ئۇ.
— ئىشقىلىپ چەت ئەلگە چىققانىنىڭ يامىنى يوق، — دېدى تۇردى ياقۇپ غودۇڭشىپ.
مەرۇپ توختىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇۋاتسا كېرەك، كۆزلىرى-نىڭ قۇيرۇقىدا بىر سادىر مۇقىيتقا، بىر تاھىر زوردۇنغا قاراپ قويدى.
— تۇردى، ئالدىڭغا قاراپ قارتىڭنى ئوينا، خاتا چۇشۇپ قالساڭ مەندىن كۆرىدىغىنىڭ بار، بۇ ساراڭنىڭ گېپىنى مىڭ يىل تىڭشىساڭمۇ تۈگىمەيدۇ... — دېدى مەرۇپ توختى ئاچچىق بىلەن.
— كىم ساراڭكەن... ساراڭ دېگەن سەن... قارت سارد-ڭى... — سادىر مۇقىيتنىڭ چېچەك ئىزى باسقان چىرايى تاتى-رىپ كەتتى، كۆل رەڭ بىر كەيپىيات ئەتراپقا سوغۇققىنا يېيى-لىشقا باشلىدى. كونا ئۆينىڭ توپىسىدەك ئاچچىق سىزىم ئېغىر ئۇچۇپ يۈرەتتى.

— سېنىڭ بالاڭ چەت ئەلگە چىقامدۇ، چىقمامدۇ بىزنىڭ نېمە كارىمىز؟ خاتىرجەم قارت ئۆينىڭلى قوي... ھېلى بىكار ئورنۇمدىن قوپسام ئوبدان بولىدۇ، — مەرۇپ توختىنىڭ كۆز- لىرى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى.

سادىر مۇقىيت ئاغزىنى ئاچقىنىچە بىردەم تۇرۇپ قالغان- دىن كېيىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ: «... زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ ئۆلەرسەن... » دېگەن غۇدۇراشلىرىنى ئاڭلى- دىم. ئۇنىڭ كىمنى تىللىغانلىقىنى دەرھال بىلدىم.

كۆچۈللەردە شىۋىرغان ئۇچىدۇ، كۆچۈللەر شىۋىرغان ئى- چىدە قالغان. كۆچۈللەر سۇسىز باياۋان مىسالى قۇرغاقلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ناخشىلاردا دېيىلىدىغان قۇرۇپ قاق- شال بولۇپ قالدۇق، دېگەن گەپلەر قاغجىراپ كەتكەن يۈرەكلەر، بوران ئۇچۇپ تۇرغان كۆچۈللەرنىڭ نادامىتى بولسا كېرەك.

مەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم. مەن قاراپ تۇرسام بولمايتتى. ئەمما، قاراپ تۇرماي ئامالىم يوق ئىدى. كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولۇپ كەتتى. بۇ ئادەملەرنى تايىنسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى، دەپ ئويلىغان يۈرەكلىرىم سەكپارە بولاتتى. مەن نېمە قىلسام قىلىپ قۇرۇغان باغقا سۇ باشلىيالىسام بولاتتى. گاڭگىرىغان ھالدا قاراپ تۇرۇش، يامان ئىشقا سۈكۈت قىلىش يامان ھالغا كېلىپ قالغان بىلەن باراۋەر.

※ ※ ※

— لەيلىدىن ئايرىلىپ قالغىنىم بىر ھېسابتا دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغىنىم بىلەن ئوخشاشكەن.

پەرھات جىم بولۇپ قالدى. يوللار تارىيىۋاتقاندەك، دەرەخ- لەر ھالسىزلىنىۋاتقاندەك، بۇلۇتلار يىغلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەت- تى. «لەيلى»... ئۇ پىچىرلىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ يىغلىمايدىغانلىقىنى

بىلەتتى، بەزىدە قاتتىق يىغلىۋېلىشنى، ئىچىنىشلىق يىغلاشنى ئويلاپ قالاتتى.

لەيلى ئۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ باغرىدا ئوت بولۇپ يېنىپ، ۋۇجۇدىغا ئىللىقلىق بېرەتتى. ئۇنىڭ دۇنياسىنى باھارغا پۈركەيتتى.

كۆزنىڭ سوغۇق شامىلى سوقۇپ تۇرغان بىر كۈنى سەھەر-دە بىر ئادەم ئەمدىلا تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى يەرگە ئېتىپ دەسسىۋېتىپ يەنە بىرنى تۇتاشتۇردى. ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا ئادەم ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىشىنى نەس باسقانغا تەۋە دېسە بولىدۇ. بەزى ئادەملەر ئادەم ئۆلتۈرۈپمۇ خۇن تۆلىمەيدۇ. ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىش، ئادەمنى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇرلاش، ئۆلۈمگە باشلاش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قاتىللىق قاتارىغا كىرىشى كې-رەك ئىدى. لېكىن، ھازىرغىچە بىز چۈشىنىپ كەلگەن ھاياتنىڭ قائىدىسىدە قولغا پىچاق ئېلىپ نەق يۈرەككە سانجىپ ياكى شۇ-نىڭغا ئوخشىغان ئۇسۇللارنى قوللانمىسىلا قاتىل ھېسابلانمايدۇ.

لەيلىنىڭ ئۆلۈمى ھېچكىمنى خۇن تۆلەشكە مەجبۇر قىل-مىغان ئۆلۈم بولدى.

باھاردەك بىر قىز جاھاندىن كەتتى.

گۈل كەبى نازۇك بىر قىز ناھەق ئۆلۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغىنى ھېچكىمنى ھەيران قال-دۇرمىدى. خۇددى ئۇنى بىلىدىغان، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ھەسرەت چېكىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىر كۈنلەزدە زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك.

— ئادەم زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالسا ئەڭ ئاسان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ بىر كۈنى كەچتە تار يولدا كېتىۋېتىپ شۇنداق دېگەن ئىدى. يولنى قويۇق دەرەخلەرنىڭ قارا سايىسى قاپلىغانىدى. ئۇ-نىڭ مۇشۇنداق قاراڭغۇ كېچىلەردە، قاراڭغۇ يوللاردا، بۇلۇتلۇق

دىمىق تۇنلەردە ئاسمانغا قاراپ يۇلتۇزلارنى شۇنداق كۆرگۈسى، ئاينى كۆرگۈسى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. دەرەخنىڭ سايىسى بەكلا جىمجىت ئىدى. ئۇ شۇ چاغدا چوقۇم قورقۇپ كەتكەن، بىرسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغۇسى كەلگەن بولغىيدى؟ ئەمما، تۇتالمىدى، ئۇ مەن تۇتۇۋالغۇدەك قول قالمىدى، دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.

— مەيلى قانداقلا بولسۇن ئۆلۈۋېلىش بەك تايىنسىز ئىش. ئىككىلا ئالەمدە يامانلىقىا بۇيرۇلىدۇ.

ئۇنىڭ لەيلىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغۇسى كەلدى، ئۇ قىزنىڭ قولىنى يۇمشاق ھەم ناھايىتى ئىسسىق دەپ ئويلايتتى.

— مېنى تۇتماڭ.

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر قاراڭغۇ كەچتە لەيلى پەرھاتقا شۇنداق دېگەنىدى.

— نېمىشقا؟

— ئىككىلىمىز يوقاپ كېتىمىز.

شۇ چاغدا پەرھات ھاڭۋېقىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ لەيلىنى سېغىنىشلىرى ئارىسىغا غەلىتە بىر تۇيغۇ قىستۇرۇلۇۋېلىۋاتاتتى. لەيلىنىڭ بىر يەرلىرى ئۇ تونۇيدىغان بىر ئويۇنچى خوتۇنغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. لەۋلىرى، تەبەسسۇمى، كۆزلىرى...

— بۇ قانداق گەپ؟

— باشقا گەپلەرنى قىلىشمايلى. مېنىڭ كېيىن، سىزنىڭ بالدۇر دۇنياغا كېلىپ قېلىشىمىز تەقدىردىن، ئۇچرىشىپ قېلىشىمىزمۇ تەقدىردىن. ئادەم دېگەن تەقدىرگە تەن بەرسە كۆڭلىرى خۇشال ئۆتىدۇ. مەن سىزگە ئاشىقلىقىمغا تەن بەردىم، يەنە سىزدىن يىراق يۈرمىسەم بولمايدىغانلىقىغىمۇ تەن بەردىم. سىز بىلەن پەقەت ئۇچراشمىسام دەيمەن، يەنە سىزنى كۈندە كۆرۈپ تۇرسام دەيمەن.

ئۇ ئۆزىدىن ساپساق ئون سەككىز ياش كىچىك قىزنىڭ

ھەسرەتلىك كۆلۈمسىرەشلىرىنى كۆردى.
— لەيلى.
— ھە.
— نېمە بولدىڭىز؟
— ھېچنېمە، قەسەم قىلايكى سىزگە ھەرگىز باشقىچە غەرەزدە بولمايمەن، ھەم سىزدىن ئايرىلىپ قالغۇمۇ يوق.
ئۇ بۇ گەپلەرنى ئۆزى ئەمەس، خۇددى ئۆزىنىڭ ئورنىدا باشقا بىرى دەۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالدى. ئەسلىي بۇ دېمەيدىغان گەپتەك، بۇنداق دېسە بولمايدىغاندەك ئىدى. نېمىشقىدۇر ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ گەپكە قەسەم دېگەن سۆزنى ئالدىراپ ئارىلاشتۇرغۇلۇق ئەمەس ئىدى. شۇ گەپ - سۆزلەر بولۇپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇ لەيلىنىڭ ئىسسىق باغرىدا ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ ياتقان چاغدا بايا دېگەن سۆزلىرىنى يادىغا ئالمىغان ئىدى.
— ئەمما، دەردلەرنى كۆتۈرۈپ بولالماي بەك قىينىلىپ كەتكەندە شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ. سىز جىق ئىشلارنى چۇشەنمەيلا مۇشۇ كۇنگە كەلدىڭىز. سىزگە بەك زوقۇم كېلىدۇ، — لەيلىنىڭ ئاۋازى سۇزۇك، ئەمما سوغۇق ئىدى. يۈرىكىنىڭ تىترەشلىرى ئاۋازى ئارىسىدا سېزىلەتتى.
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟
— ئادەم دېگەن بىغەرەز بولسىمۇ ياخشى، دەرد تارتمايدۇ.
— دەرد تارتمايدۇ ئەمەس، دەردنى ھېس قىلالمايدۇ، دېسەڭىز قاملىشىدۇ.
مۇشۇ گەپلەر بولۇنغىلى شۇنچە يىللار بولۇپ كېتىپتۇ، بۇ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، چېكە چاچلىرىنىڭ قانداقچە ئاقىرىپ، چىشلىرىنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى، چىرايىغا قورۇقلارنىڭ ياماشقانلىقىنى، بۇرۇنقى ساغلام روھىنىڭ، بەرجەست قەددىنىڭ ھازىر ئۆزى تازا جوڭقۇرۇپ كېتەل-

مەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغىنىنى بىلىپ تۇراتتى. ئەمما، ئەمدى بۇنىڭدىن ئۆزگىرىپ باشقىچە پەرھات بولالمايدىغانلىقىغا، مۇز-داقچە دېگەندە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەندە ئۇ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى.

ياۋا تۆگىلەر ئوتلاپ يۈرگەن يايلاقنى سېغىنغان ئادەملەر تولا. ئۇ شۇ چاغدا ئاشۇ قاراڭغۇ تار يولدا كېلىۋېتىپ ياۋا تۆگە-لەرنى، ياۋا تۆگىلەر بار يايلاقنى سېغىنغانمىدىكىن؟ ئۇ دائىم شۇ يەرلەرگە بېرىپ كېلىشنى، ئۇ يەرگە بارسا كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يۈرەتتى.

نەپسى بوغۇلۇپ تۇرغان ئاخىرقى دەقىقىلەردە ئۇنىڭ نې-مىلەرنى ئويلىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. جان تەسلىم قىلى-ۋاتقان ئاخىرقى مىنۇتلاردا ئۇ كىمنى ئويلىغاندۇ؟ بىرسىنىڭ كېلىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشىنى ئويلىغان بولۇشى چوقۇم. ئۇ ئۆزىنى بىركىمنىڭ ئۆلۈمدىن ئەمەس، تەقدىردىن قۇتقۇزۇۋې-لىشىنى ئويلىغان، شۇنى تەمە قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

— ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن، ئۇ يامان ئاتاقتىن بەك قورقاتتى.

— ئۇنداقمۇ قىلماس، تىلىسەڭ تاپارسەن دېگەندەك ئىش بولۇپ قالمىسۇن.

قاراڭغۇلۇقتىن بىركىملەرنىڭ مۇشۇنداق سۆزلىشىۋاتقاند-لىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئۆزى ئىدى.

پەرھات قورقۇپ كەتتى، كۆڭلىگە كىرىۋالغان قىزىل رەڭ-لىك سوغۇق بىر نەرسىنى چىقىرىۋېتەلمەي تالچىقىپ كەتتى. باھار قارلىغاچلىرىنىڭ يېنىك، ئۈمىدۋار سايراشلىرىغا تەشنا بولۇپ ئەندىكتى.

كۈن پېتىشتىكى ئاخىرقى يورۇقلۇق يوقۇلىۋاتقان دەمدە خۇددى ئىككى ئادەم شۇنداق گەپلەرنى قىلغاندەك تۇيۇلۇپ چۆ-چۈپ كەتكەن ئىدى. شۇ چاغدا ھويلىسىدىكى قاپاق تېرەكتىن

قانداقتۇر بىر قۇش پۇرۇلداپ ئۇچۇپ كەتكەنىدى.
ئىس ئۆرلەپ تۇرغان ئاشخانىنىڭ ئالدىدا ئىككىيلەن پاس-كىنا ئۇستەلگە جەينەكلىرىنى تىرەپ ئولتۇراتتى. ناخشىنىڭ يېقىملىق كۈيى يۇرەككە باشقىچە تەسىر بېرەتتى. ئايالنىڭ ئا-ۋازى تىتىرەڭگۈ ھەم مۇڭلۇق ئىدى. قۇچاق يەتمەيدىغان تېرەك-لەر پىيادىلەر يولى بىلەن ماشىنا يولىنىڭ ئارىسىدىكى تار گۈل-لۈكتە مۇڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىسمىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان گۈللەر يەنە يېڭىدىن ئۆستۈرۈلگەن، ئىس-مىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان دەرەخلەر ياشىرىپ تۇراتتى. بۇ يەردە بىر زاماندا ئاجايىپ يوغان تېرەكلەر باراقسانلاپ تۇرات-تى. كېيىن كوچىلارنى رەتلەش، يولنى كېڭەيتىش، ئۆي سېلىش دېگەندەك ئىشلارغا يۇتلىشىپ ناھايىتى نۇرغۇن دەرەخلەر كې-سىلىپ كەتتى. بۇ تېرەكلەر تەلەيلىككەن، ئەگەر يولغا ئۇدۇل كېلىپ قالغان بولسا كېسىلىپ كېتەتتى. بەزىدە ئادەملەرنىڭ تەقدىرىمۇ خۇددى مۇشۇ تېرەككە ئوخشايدۇ.
— ئېگىزيار كوچىسىدىكى بىر ئايال يەنە بىر ئايالنى ئۆل-تۈرۈۋېتىپتۇ.
— نېمىشقا؟
— ئۆلگۈچى قاتىلنىڭ ئېرىنى ئازدۇرۇپتىكەن.
— نېمانداق قارا كۆڭۈل خوتۇن ئۇ، قاراپ تۇرۇپمۇ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرەمدۇ ئايال كىشى تۇرۇپ؟
— بەزى ئاياللار ئاشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ پەرھات.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— ئەرلەر تۈگىشىپ كەتتى، بىر ئوبدان خوتۇنلىرى تۇرۇپ تالاغا قارايدۇ، ھەممە بالا شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ.
— ئۇنچىلىك ئىشنى دەپ ئادەم ئۆلتۈرسە قانداق بولى-دۇ؟... ساراڭكەنغۇ ئۇ.

— توغرا، ئۇ ساراڭكەن، خەقنى ئۆلتۈرۈپ يۈرگۈچە ئۆزد-
ىنىلا ئۆلتۈرۈۋالسا بولمىدىمۇ؟
— بۇ قانداق گەپ؟
— مەن شۇنداق ئويلايمەن.
— بۇنداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلىپ يۈرمە، خەق بىلەن نېمە كارىمىز.

دەرەخلەرگە، گۈل - گىياھلارغا بەكلا ئامراق بىرەيلەن بۇ-نىڭدىن نەچچە يىل بۇرۇن ئىككى مەست مۇشتلىشىپ، پومـ-داقلىشىپ گۈللۈككە بىر - بىرىنى بېسىپ گۈللەرنى چەيلە-ۋەتكەندە، ئاخشاملىرى بارار - تۇرار يېرىنىڭ تايىنى يوق مەستلەر كوچىدىكى چىرايلىق سەبدە گۈللەرگە، لەيلى گۈللەر-گە، چىمەن گۈللەرگە يەنە ئۇ ئىسمىنى بىلمەيدىغان گۈللەرگە تەرەت قىلىپ قويغانلىرىنى كۆرسە كۆڭلى شۇنداق بىسەرەمجان بولۇپ كېتەتتى. قۇشقاچلار، دەرەخلەر، گۈللەر، قويلار، كا-لىلار، ئاتلار يەنە شۇ خىلدىكى جانىۋارلارنىڭ بۇ دۇنيادا پەقەت ئورنى يوقلۇقىنى ئويلاپ كۆڭلى شۇنداق يېرىم بولاتتى. دەرەخ-نى خالىغان چاغدا كېسىپ بىر نېمە قىلغىلى، گىياھلارنى چەي-لىگىلى بولىدۇ، قۇشقاچلارنى ئېتىپ ئوينىغىلى، ھەتتا تىترەپ تۇرغان نازۇك گۆشلىرىنى يېگىلى بولىدۇ. ئەمما، ئادەملەرنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىغا ھوقۇقنى كىم بەرگەن؟ بۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيدۇ. بىر ئادەم مۇشۇنداق ئويلىغاندا ئۇنىڭ خى-ياللىرىغا ھەمشىرىك بولغان ھەم ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنى توغرا دەپ قارايدىغان بىر ئادەم:

— پەرھاتنىڭ دېگىنى توغرا بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، شۇ نەرسىلەرنى يېمەي، ئىچمەي كۈنىمىز كۆن بولامدۇ، — دېگەن ئىدى.

پەرھات ئۆيگە كىرگەندە خورۇملىرى تارىلىپ بىر نەچچە يېرى يىرتىلىپ كەتكەن سافادا يېتىپ ئۇخلاۋاتقان خوتۇنى كۆ-

زىگە باشقىچە كۆرۈنۈپ قالدى. خوتۇنىنىڭ ئوڭ يۈزى ياش ۋاق-تىدىكىدەك، سول يۈزى قىرىپ كەتكەن ھالەتتە تۇراتتى. ئوڭ كۆزى، لەۋلىرىنىڭ ئوڭ تەرىپى، بۇرنىنىڭ ئوڭ تەرىپى خۇددى ئون سەككىز ياشلىق ۋاقتىغا ئوخشايتتى.

سافادا ياتقىنى بىر كارامەت بىلەن لەيلىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا... مەڭگۈ لەيلى پېتى تۇرسا... ياق، ئۆزگەرگىنى ئەمەس، لەيلىنىڭ ئۆزى بولسا...

ئۇنىڭغا خوتۇنىنىڭ يۈزى يەنە ئىككى خىل كۆرۈندى.

پەرىدەنىڭ تۇرقى باشقىچە ئىدى، قانداقتۇر بىر ئىش ئۇنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويۇۋاتقاندەك قىلاتتى. كۆڭلى بىئارام ئادەم-لەرنىڭ ھالىغا يېتىدىغانلار ئاز.

پەرھاتنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىشلارنى ئەسلىگۈسى، تە-سەۋۋۇر قىلغۇسى كەلدى. ئايغى چىقمايدىغان ئەمەس، ئايغى ناخۇشلۇق بىلەن تۈگەللىنىدىغان ئەمەس، ئاخىرى مالىماتاڭ بولۇپ كېتىدىغان ئەمەس، ئويلىغانسېرى چىرايلىقلىشىپ كې-تىدىغان ئىشلارنى ئويلىغۇسى كەلدى.

لەيلىنىڭ چىرايىدىكى مۇلايىم تەبەسسۇمنىڭ خۇمارى جا-ھانغا يېيىلغاندەك بولدى.

— ئىكرام، ئەركىن بارىمەن، دەپ تېلېفون قىپتۇ. داس-تىخانغا تىزغۇدەك ئۇششاق - چۈششەكلەردىن ئەكېلىپ بېرىڭ.

ئايالىم ئۇيقۇچان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ شۇنداق دېدى. ئاۋازى غاراڭ - غۇرۇڭ چىقاتتى.

— نېمىشقا كېلىدىكەن؟

سافاغا ئولتۇرۇۋېتىپ سورىدىم. ئوغلۇم كۆرۈنمەيتتى.

— مەن نەدىن بىلەي، بارىمەن دەيدۇ، ئۇكىڭىز بارىمەن دېسە نېمىشقا كېلىسەن دېگىلى بولامدۇ؟

— خوتۇنىمۇ كېلەر ھەقىچان؟

ئېغىزىمدىن بولمىغۇر گەپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېس

قىلدىم.

ــ ئۇمۇ كېلىدۇ ـ دە. نېمە بولدى؟

ــ ئەركىننىڭ خوتۇنى پەقەت كۆزۈمگە سىغمايدۇ.

ــ نېمىشقا؟

ــ تۇرقىدىنلا چىقىپ تۇرمامدۇ. تاسلا قالىدۇ يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالغىلى، باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كەپتىمەن، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىمنى يېپىپ يۈرەي دېيىشنى تېخى بىلمىگەن.

ــ جاھان شۇنداق، ھەممە ئايالللار شۇنداق يۈرۈۋاتامدۇ. كارىمىز نېمە؟

ئۇ بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ يەنە توختاپ قالدى. مەرۇپ توختىنىڭ قىز نەۋرىسىنىڭ قىسقا يوپكا كىيىپ جاننى سىقىپ يۈرۈشلىرىدىن تېپىۋالغان دەردىنى چۈشىنىدىغانلار ئاز. مەرۇپ توختى نەۋرىسىنى بىر ئامالللارنى قىلىپ تىككۈچىلىكنى ئۆگىنىشكە كۆندۈردۇم، دەۋاتقان، بەلكىم ئۇ قىز شۇ ئىشتىن يول تېپىپ قالار.

سىرتنىڭ ھاۋاسى دىمىق ئىدى. دىمىق بولغىنى يالغۇز ھاۋا ئەمەس، دىمىقلىق يۈرەكنى بېسىپ تۇراتتى. قانداق قىلسام باشقىچە ئادەم بولارمەن؟ روھىم ئۇستۈن، ھەممىگە كۈلۈپ، قورقماي باقالايدىغان.

قورۇنىڭ ئالدى مىڭ يىلىق جىمىقتا غەرق بولغان ئىدى. ئاشۇ جىملىق ئارىسىدىن پەرھات چىقىپ كەلدى. مېنىڭ پەرھات بىلەن، خوتۇنۇم بىلەن، توختى نايۇپ بىلەن، تۇردى ياقۇپ بىلەن، تاھىر زوردۇن، سادىر مۇقىيت، مەرۇپ توختى دېگەن ئادەملەر بىلەن بىر زاماندا دۇنياغا كېلىشىم، بىللە ياشىشىم، بىللە بىر يولدا مېڭىشىم تەقدىر ئەزەلدە پۈتۈلگەن ئىش بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ خوتۇننى نىكاھىمغا ئېلىشىم، ئۇنىڭدىن ئوغۇللۇق بولۇشۇم، ئوغلۇمنىڭ مۇشۇ تۇرقى، مۇشۇ روھىي ھالىتى، مىجەز ـ خۇلقى بىلەن مېنىڭ ئوغلۇم بولۇپ قېلىشى، مېنىڭ

ئۇنىڭغا دادا بولۇشۇم، مەن يا باشقا بىرسى تاللاپ بېرەلمەيدى-
غان، ماقۇل يا ياق دېگىلى بولمايدىغان ئىش. تەقدىر دېگەن مۇ-
شۇمىكىن؟ ئىنساننىڭ هاياتى دېگەن مۇشۇمىكىن؟ مەن بىلمەي-
دىغان پېشانىگە پۈتۈلدى، دېگەن مۇشۇمىكىن، پەرهاتنىڭ كۆ-
زۈمگە سىڭىشىپ كەتكەن تۇرقى مېنى ئەندىكتۈرۈپ قويدى.

ئۇنىڭ تېز قەدەملەر بىلەن ماڭا قاراپ كېلىشىدىنلا دەيدى-
غان بىرەر گېپى بارلىقىنى جەزم قىلدىم. ئۇنىڭ ئولتۇرىشاڭغۇ
كۆزلىرى بىچارىلىك بىلەن تۇمانلىشىپ تۇراتتى.

— ئوغلۇڭ تېپىلدىمۇ؟

پەرهات بەكلا مۈڭلۈق بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇستى-
بېشىمۇ ئاۋارە، نېمانداق ئۆزىنى تاشلىۋېتىدىغاندۇ بۇ؟ رەتلىك،
پاكىز كىيسە نېمە بولار؟ ساقال ئېلىشقا بىرمۇنچە ئىش كەت-
مەيدۇ. بۇرۇنقى پەرهات... كۆزئالدىمدىكى پەرهات... هەممە
نەرسە ئۆزگىرىپ كەتكەن، ئۇنىڭ چىرايى، كۆزلىرى، ئاۋازى،
مېڭىشلىرى، كىيىنىشلىرى، ئادەم تىللاشلىرى، كىشىنى ماخ-
تاشلىرى، ئويلايدىغانلىرى، خىيال قىلىدىغانلىرى، ئىزدەيدى-
غانلىرى، بىزار بولىدىغانلىرى...

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم.

— نېمە؟

— ئوغلۇڭ تېپىلدىمۇ؟

بىر يۈرەك جىغىدە قىلىپ قالدى. بۇنداق گەپنى ئاڭلى-
غاندا هەر قانداق يۈرەك جىغىلدايدۇ. هەر قانداق يۈرەك ئوتقا
چۈشكەندەك ئېچىشىدۇ، هەر قانداق يۈرەك ئىگىسى ئېسىنى يو-
قىتىدۇ.

ئىكرامىنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى. پەرزەنت ئىش-
قى، بالا ئوتى دېگەن تەڭداشسىز بولىدۇ. ياراتقۇچىنىڭ ئىنسان
قەلبىگە ئەڭ كەڭرى، ئەڭ كۈچلۈك سالغان ئوتى پەرزەنت ئوتى.
بالا دەردىدە قان بولغان يۈرەكلەر، بالا دەردىدىن جېنىدىن ئايرى-

لىشۋاتقانلار، بالا دەردىدە بارىدىن كەچكەنلەر تالاي. ئۇنداقلار بۇ-رۇنمۇ بار ئىدى، ھازىرمۇ بار، كەلگۈسىدىمۇ بولىدۇ. بۇ دۇنيادا مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان مۇھەببەت دەل پەرزەنت مۇھەببىتى بو-لۇشى مۇمكىن. ئۇ چۆچۈدى، قورقتى، ئىسسىنى يوقىتىپ قويى-غىلى تاسلا قالدى. مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلارمەن دەپ خىيالىغا كىرمىگەن ئىدى. پات ـ پات كىمدۇر بىرسىنىڭ بالىسى يوقاپ كېتىپتۇ، تىلىپۇنزوردا ئېلان بېرىپتۇ، دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ قالاتتى، ئەمما بىر كۈنلەردە بۇنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. قارا كۈن دېسە مۇشۇنى دېسە بولى-دۇ، ئاغرىپ قالساڭ ساقايغۇلۇق، پۇلۇڭ يوقاپ كەتسە تاپقۇلۇق، بالاڭ يوقاپ كەتسە بۇنىڭغا چىدايدىغان ئادەم يەر يۈزىدە يوق. بۇ-نىڭغا تەسەللى تاپىدىغان نە چارە بولسۇن؟

ئىكرام ئالدى ـ ئاراقىسىغا قارىماي ئۆيىگە ئوقتەك يۈگۈ-رۈپ ھاياللىشمايلا يەنە پەرھاتنىڭ قېشىغا چىقتى.

— نېمە دەۋاتىسەن... ئوغلۇم بارغۇ؟

پەرھات كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈندى، بىر يەرلىرىدىن كى-شىنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدىغان ئوسال بىر چاڭ كۆتۈرۈ-لۈپ تۇراتتى.

— ئوبدان قارىدىڭمۇ؟

مەن قورققاندەك بولۇپ ئەتراپقا قاراپ قويدۇم. بىر قارا كۆلەڭگە مىژىلداپ كېڭىيىپ مەن تەرەپكە كېلىۋاتقاندەك بولۇپ قالدىم.

— بۇ نېمە گەپ ئەمدى، ئوغلۇم بارغۇ... ئۇ ئۆيدە بىر ئوب-دان ئولتۇرۇۋاتامدۇ؟

— ياق، كىچىك ئوغلۇڭنى دەۋاتىمەن...

— مېنىڭ شۇ بىرلا ئوغلۇم بار. بۇنى سەن بىلىسەن.

پەرھات كەڭ پېشانىسىنى سىلاپ جىممىدە تۇرۇپ قالدى. يوغان كۆزلىرى غەلىتە پارقىراپ كەتكەندى. پەرھاتنى كۆرمى-

گىلى خېلى بولغان ئىدى، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ بىر يەرلىرى بۇ-رۇنقىغا ئوخشىمايۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ قالدى. نەرى ئۆزگىرىپ قالغاندۇ بۇنىڭ؟
— ئوغلۇڭ چىرايلىق بالىدى، يوقاپ كەتكىنى يامان بوپ-تۇ...
— دەۋاتىمەنغۇ، ئۇ يوقاپ كەتمىدى، ئۆيدە بار.
— تېپىپ كەپسەندە، نەگە كېتىپتىكەن؟
ئىچ - ئىچىمدىن بىر ئاچچىق ئۆرلەپ چىقىپ يەرگە قاتـ-تىق دەسسىدىم.
— تېپىپ كەلگەن گەپ يوق، ئۇ ھېچيەرگە كەتمىدى، يو-قاپ كەتكىنىمۇ يوق.
پەرھاتقا قاراپ ئىچ - ئىچىمدىن بىر نىدا ئۆرلەپ چىقتى. ئۇ دەردنى كۆتۈرۈپ بولالمىدى. چىنارد‍ەك بىر ئەركەك قۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.
بۇرۇنقى ھەممىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان پەرھات بىلەن، بوگۇنكى كىشىنىڭ بىردە ئىچىنى سىقىدىغان، بىردە ئىچىنى ئاغرىتىدىغان پەرھات ئىككىمىز ھە - ھۇ دېيىشىپ دەردلىرىـ-مىزگە ئورتاق بولۇپ ناھايىتى نۇرغۇن يىللارنى يولغا سالدۇق. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا بوگۇنكىدەك ھاياجانلىنىپ باقمىغان ئىدىم، ئۆزۈمنى چىڭ تۇتۇۋالمىسام بىر نەچچە شاپىلاق سالىدىغاندەكلا قىلاتتىم. ئوغلۇم كۆز ئالدىمغا كەلدى، ئۇنىڭ يوقاپ كېتىشىـ-دىن خۇدا ساقلىسۇن، ئۇن نەچچە ياشتىن ئاشقان، ھە دېسە مەن بىلەن تىركىشىپ يۈرىدىغان ئوغلۇم يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئامراقلىقىمنى كەلتۈرىدۇ. نۇرغۇن ئىشلاردا ئۇنىڭغا نېمىشقا يول قويمايدىغانلىقىمنى ئوغلۇم بىلمەيدۇ، باشقىلارمۇ بىلمەيدۇ، مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن. نېمە قىلسامۇ ئۇنىڭ ئامانلىقى، ياخشى ئادەم بولۇشى، پالاكەت ئىشلارغا يولۇقۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن قىلغان بولۇشۇم مۇمكىن. باشقا نۇرغۇن

سەۋەبلىرى ھەم بولۇشى مۇمكىن.
— ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ، بالاڭنى كۆر، جېنىڭنى كۆر؛ دەيدۇ ئەمەسمۇ كونىلار.
— مېنىڭ بالام يوقاپ كەتمىدى.
— تېپىلىپ قالار، سەۋر قىلغىن. ئادەم بېدىكلىرى ئېلىپ قاچقان بولمىسۇن يەنە.
— نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭ؟ ئۇنداق ئىش يوق، — مەن ۋارقىراپ مۇشتۇملىرىمنى پۇلاڭلاتتىم. پەرھات بىرنېمىلەرنى دېگەچ كۆزۈمدىن يوقالدى. مەن تىترەپ تۇرۇپ كىمنىدۇر بىر-سىنى ناھايىتى سەت گەپلەر بىلەن تىللىدىم، ئەمما ئاۋازىم پە-قەت سىرتقا چىقمىدى.
ئەتراپ تىمتاس بولۇپ كەتتى. باھار شامىلىنى شۇنداق سېغىندىم.

※ ※ ※

— لەيلى...
ئوتتەك سېغىنىش مېنى ئىلكىگە ئالغان ئىدى. جاھاندىكى ئەڭ چىرايلىق نەرسىلەر لەيلى بولۇپ كۆرۈنەتتى، ئەڭ يېقىملىق ئاۋاز لەيلىنىڭ ئاۋازى بولۇپ ئاڭلىناتتى، ئەڭ يېقىملىق شامال لەيلىنىڭ تىنىقى بولۇپ بىلىنەتتى.
— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، — ئايالىم چىرايلىق كۆزلى-رىنى ماڭا تىكىپ شۇنداق دېدى. نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى مەن ئۇنىڭ مۇشۇ كۆزلىرىنى ياخشى كۆرگەن بولۇشۇم مۇمكىن.
— توغرا قىپسەن، دېمىسىمۇ، مەن ئىشەنچلىك ئادەم.
— شۇنداق بولسىكەن دەيمەن!
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— مۇنداقلا دەپ قويۇۋاتىمەن، مەن بەك قورقۇنچلۇق بىر

ئىشنى قىلىپ سالىدىغاندەك قىلىمەن.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— مەندىن ئايرىلماڭ، ئەڭ يامان كۆڭلەردە يېنىمدا بولۇڭ.
ئۇ يىغلايدىغاندەك قىلاتتى.
دالى كارنېگىنىڭ «ئۇلۇغ ئەربابلار»دېگەن كىتابىنى ۋاراق-لىدىم.
لەيلىنىڭ تەبەسسۇمىنى شۇنداق سېغىندىم، چىرايى لەي-لىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھۆرقىز يادىمغا يەتتى.
— كۆلكىمىز ياراشسۇن.
— دېگىنىڭ كەلسۇن.
كاككۇكتەك كۈلۈشۈپ يېنىمدىن ئۆتكەن ئىككى چوكاننىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىدىم. كۈلۈۋېتىپ يىغىدىن قورقىدىغان، تاماق يەۋېتىپ ئاچلىقتىن قورقىدىغان، يازنىڭ مېھرىلىك ئىسسىقى-دىن يايراۋېتىپ قىش كەلسە قانداق قىلارمەن؟ دەپ ئەندىكىدى-غان روھىمدىن زېرىككەن ئىدىم. ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ سۆز-لىرىنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قالدىم.
يەڭگىل شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان چىمەنلەر قاپلىغان قىر-غاقلارنى كەزگەن چاغلىرىم بولغان، قالتىس ئادەملەرنىڭ ئاجا-يىپ مەنىلەرگە تولغان نۇتۇقلىرىنى ئاڭلاپ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىمنىڭ خەرىتىسىنى قايتا سىزىشنى خىيال قىلغان چاغ-لىرىم بولغان. ئۆزۈم ئاشىق بولغان قىزلارنىڭ مېھرىگە قې-نىپ، شادلىققا غەرق بولغان كۈنلىرىم بولغان.
لەيلى جاھاندىن كەتتى.
پەردە كەتتى.
پەردە بەلكىم مېنىڭ ئىزدەپ بېرىشىمنى كۈتۈۋاتقاندۇ.
شۇنچە يىل ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتكەن مېنىڭ ئۆزىنى كەچۈر-مەيدىغانلىقىمغا ئىشەنمىسە كېرەك.
ئەڭ گۈزەل دەقىقىلەردە، ئەڭ گۈزەل تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ،

ئەڭ شىرىن ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرگەن ئىدىم، بۇلار ئەسلىمىگە ئايلىنىپ كەتتى، بۇنداق بولسا بولمايتتى، مەن بۇلارنى تېپىۋالمىسام بولمايتتى.

ئۆزۈمنىڭ كىر قونغاندەك، پاتقاقتا چۈشۈپ كەتكەندەك ھالغا كېلىپ قالغىنىمدىن نەپرەتلىنەتتىم. لەنەتلىك تۈيغۇلاردىن بىزار ئىدىم، ئوسال كەيپىياتتىن بىزار ئىدىم، بارغانسېرى ئۆزۈمگە ئوخشىماي قېلىۋاتاتتىم، قىلغانلىرىم يات ھەم چاكىنا ئىدى.

ئىكرام مېنى تۇگىشىپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك. ئۇ خاتا ئويلىدى، مەن تۈگىشىپ كەتمەيمەن. ئەمما، بۇرۇنقى پەرھات بولالمايمەن.

ئىكرامنىڭ ماڭا ئاپانچىلىق قاراشلىرىدىن مەندىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرىمەن. كۆڭلۈمنىڭ تۇمانغا تولۇۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەقلىمنىڭ تۇمانغا چۆكۈۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

شۇنداق بىر سوئالنىڭ سايىسى، كۆلەڭگىسى بار. مەن شۇ سوئالنى تېپىۋالسام بولاتتى.

......

ئاچ ئانا ئىشىكىڭنى،
دەردى بار بالاڭ كەلدى.

كىم بىرلىرىگە مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىپ بەرگۈم بار، بۇ ناخشىدا دېيىلىۋاتقان ئانا ھەم بالىنىڭ بىز دەۋاتقان ئاددىي مەنىدىكى ئانا ھەم بالا ئەمەسلىكىنى، ھېچبولمىسا مەن شۇنداق ئويلايدىغانلىقىمنى دېگۈم كېلىدۇ.

«مەن قايتىپ كېلىمەن، پەرھاتنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن».

پەرىدە كېتىدىغان چاغدا مۇشۇ گەپنى دەپتىكەن، ئۇنىڭ

سۆزلىرىنى ئىكرام ماگا يەتكۈزدى. ئىكرام ئىككىمىزنىڭ ئارد-
سىدا قانداقتۇر بىر نەرسە سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. مەن لەيلىدىن
ئايرىلىپ قالدىم، پەرىدە كەتتى، ئەمدى ئىكرامنىڭ سەمىمىي
دوستلۇقى، غەرەزسىز كۆيۈنۈشلىرىدىن مەھرۇم قالسام ھالىم
بەتتەر بولىدۇ. مەن غېرىبلىقتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم،
يالغۇزلۇقتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم، غېرىبلىق، يالغۇز-
لۇقتىن قۇتۇلالماي كۈنۈم ئۆتىدۇ. ئۆتمۈشۈم چۈشكە ئايلانغاند-
دەك قىلاتتى، قانداقتۇر يامان، شۇم ئىشلار مېنى پايلاپ تۇرد-
دىغاندەك، ھامان بىر كۈنى يۈز بېرىدىغاندەك، پالاكەتچىلىك
پايلاپ تۇرۇۋاتقاندەك ئەندىشە ئىچىدە تالچىقىمەن.

# ئىككىنچى باب

قاپقارا، ئېغىر بىر تۈيغۇلارنى قۇچاقلاپ يۈرەتتىم. قاپقارا، ئېغىر تۈيغۇلار مېنى مەھكەم قۇچاقلاپ، چىرماپ تۇراتتى. مەن ئاشۇ تۈيغۇلاردىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ؟ دەپ تەشۋىش قىلاتتىم، ئاشۇ تۈيغۇلار مېنى قىسىپ، بېسىپ تۇراتتى.

ھاياتنىڭ رەڭگى مۇنداق بولسا بولمايتتى. ھاياتنىڭ تەمى بۇنداق بولسا بولمايتتى. مەن تىپىرلاپ كۆزۈمنى توسۇۋالغان، بۇرنۇمنى ئېتىۋالغان، كانىيىمنى قىسىۋالغان قارا تۈيغۇلاردىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە ئۇرۇناتتىم. يوروق ئالەمنى قاراڭغۇ كۆرسىتىدىغان، خۇش گۈللەرنى بەتبۇي ھېس قىلدۇرىدىغان نەرسىدىن قۇتۇلمىسام بولمايتتى.

ئادەم ئۆلتۈرۈش.

ئەلەم، ھەسرەت يۈرىكىمنى چېقىپ ئۆتكەن دەملەردە، ئادەم ئۆلتۈرۈش ھەققىدىكى خىيالىمنى پەقەت بىر خىياللا دېگىلى بولمايتتى. ئۇ بىر خىل ئارزۇ ھەم خېلى مۇكەممەل پىلان سۈپىتىدە ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلۈمدە پىشىپ يېتىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. لەيلىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئارقىلىقلا بۇ دۇنيادىكى مەن ئۆزۈم توغرا دەپ قارىغان نەرسىنىڭ يېنىغا، يەنى مەن ھەقىقەت دەپ ئويلىغان نەرسىگە يېقىنلىشالايدىغاندەك قىلاتتىم. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم مەنمۇ ئۆلىمەن، ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە لەيلى، ئۇنىڭ مەن ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئېرى بولۇپ ئۈچ ئادەم ئۆلىمىز. لەيلى ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ مېنىڭ نەزەرىمدىكى ناھەق ئۆلۈمى سەۋەبلىك يەنە ئىككى ئادەم

ئۆلۈم گىرۋىكىدە تۇرۇۋاتىدۇ.
ئۆلۈم ئاددىي ئىش ئەمەس. ئۆلۈم ھەممىنى بەربات قىلىدۇ. بىز شۇنداق ئويلايمىز؛ ئۆلۈم ھەممىنى ھەل قىلىدۇ. قىساس ھەم ئۆچمەنلىك يۈرىكىگە ئورنىشىۋالغان ئادەم شۇنداق ئويلايدۇ.
مەن خىيالىمدا دەريا بويىدا كېتىۋېتىپ، ئۆرۈك چېچەكلىگەن باغلاردا سالقىنلاۋېتىپ، ئاغىنىلەر بىلەن چاقچاقلىشىۋېتىپ، خوتۇنۇم ئالدىمغا ئېلىپ كەلگەن چاينى ئىچىۋېتىپ يۈرىكىمگە ئۇۋا سالغان قارا ھەرىنىڭ غوڭۇلداشلىرىنى ئاڭلايتتىم. مەنمۇ ھەرىگە ئايلىناتتىم، رىزىقىمغا چاڭ سالغان، ئىستەكلىرىمگە مۇخالىپ كەلگەن، يولۇمغا تىكەن تاشلىغان، ماڭا مۇزدەك سوغۇق ھەم ئېغىر ھەسرەت ئېلىپ كەلگەن رەقىبلىرىمنى چېقىپ ۋەيران قىلىش ئارزۇيۇم پىچاق نۇرىدەك سوغۇق ھەم ئۆتكۈر بولۇپ يالىلدايتتى. ھەرىنىڭ زەھەرلىك نەشتەرلىرى، يىرگىنچلىك قانات قېقىشلىرى مېنى قاراڭغۇ ساھىللارغا سۆرەيتتى.
— سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ.
— قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاينا.
ئۇنىڭ قىزلارنىڭكىدەك ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرى ماڭا مەسخىرىلىك تىكىلەتتى. بۇ كۆزلەردىن «سەن ئەبلەخ مېنىڭ بەختىمنى ۋەيران قىلدىڭ، لەيلىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبكارى سەن» دېگەن مەنە ئوخچۇپ تۇراتتى. مەن مۇز ئارىسىدا، شۇرمەل ئارىسىدا، ئوت ـ يالقۇن ئارىسىدا قالاتتىم.
كۆڭلۈمدىن مۇشۇلارنى چىقىرىۋېتىشىم بەك تەسكە توختايتتى. تەنھا قالغان چاغلىرىمدا ئازابنىڭ مۇشۇنداق كولىرەڭ مانانلىرى مېنى دىمىقتۇرىۋېتەتتى.
— سىز مېنىڭ نەرىمگە ئامراق؟
لەيلىنىڭ نازۇك ئاۋازى قۇلىقىمغا شۇنداق يېقىملىق ئاڭ-

لىناتتى.

— ئىسمىڭىزغا.

— نېمە؟

— دېدىمغۇ، ئىسمىڭىزغا ئامراق.

— ئەگەر مېنىڭ ئىسمىم باشقا بولسا قانداق قىلاتتىڭىز؟

— ئۇ چاغدا ئىسمى لەيلى ئاتلىق بىرەرسىنىڭ يېنىغا باراتتىم.

ئۇ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلاۋېتىپ بۇ قىز مېنىڭ زادى نېمەم؟ دېگەن سوئال تۇساتتىن كاللامغا كىرىۋالدى. ئاشنام، ياق. خوتۇنۇم، ياق. دوستۇم، ياق. ئەمىسە نېمەم؟ جىق ئويلاپ كەتتىم. ئاخىردا شۇنداق ئويلىدىم. ئۇ مېنىڭ ھېچنېمەم ئەمەس، دەل مېنىڭ تەڭ يېرىمىم ئىكەن. ئۇ بولمىسا مەن پۈتۈن بولالمايدىكەنمەن. ئۆزۈمدىن ئون سەككىز ياش كىچىك بىر قىز مېنىڭ تەڭ يېرىمىم بولۇپ قالغان شۇ كۈنلەردە مەن ئىشلارنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ئويلاشنى خالىمايتتىم، ئويلاشقا مەجبۇر بولغان چاغلاردا بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن، دەپ ئۆزۈمگە مەدەت بېرەتتىم. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ مېنىڭ بارلىقىم، دېگەنلەرنى ئويلىغان ئىدىم.

جىق ئادەملەر مېنى ھايۋان دېيىشى مۇمكىن ئىدى. پەرھات يولدىن چىقىپتۇ، بۇزۇلۇپتۇ، ئادەم قېلىپىدىن چىقىپتۇ، دەيدىغان ئادەملەرمۇ جىق ئىدى. بىكارچىلار، ئىشى ئالدىراشلار، ھاراقكەشلەر، چالا مولللار، ھېچ ئىش قىلماي گەپ بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغانلار مېنى تىللايتتى، قارغايتتى. مەن ئۇچۇن ئاھ ئۇراتتى، ئەقىلسىزلىق قىلغىنىمدىن ئۆكۈنەتتى، يۈزسىزلىك قىلغىنىمغا لەنەت ئېيتاتتى.

باشقا بىركىم مېنىڭدەك ئىشنى قىلسا مەنمۇ ياقامنى چىشلەپ مىڭلارچە توۋا قىلغان بولاتتىم. مەن خۇشپۇراقتىن مەست بولۇپ، ھەممە تەرەپكە ئورا كولانغان، قاپقان قۇرۇلغان

كوچىغا كىرىپ قالغان ئادەم ئىدىم. پالاكەت باسىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ مەستخۇشلۇقۇمدىن ئايرىلىپ قالغۇم كەلمەي، مەستلىكىمدىن يېشىلىپ كېتىشىمدىن قورقۇپ كېتىپ بارغاندەك ئىدىم.

باھار چېچەكلىرىنىڭ يۇمران، نازۇك بەرگلىرى باھار سەلكىنىدە يېنىك تىترىگەندە لەيلى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلەتتى. قۇشلارنىڭ چىرايلىق سايراشلىرىنى ئاڭلىغاندا ئۇ لەيلىنى يادىغا ئالاتتى. سۇزۇك بۇلاقلارنى، پاكىز چىمەنلەرنى، چىمەنلىك قىرغاقلارنى بويلاپ ماڭغىنىدا لەيلىنى سېغىناتتى.

يىراقتىن كۆرۈنگەن تاغلارنىڭ ھەيۋەتلىك ھەم سوغۇق قىياپىتىنى كۆرگىنىدە ئۆلۈمنىڭ، ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ تەھلىكىلىك تۇيغۇلىرى يۈرىكىنى غاجاپ ئۆتەتتى. قان تۆكمەي ياشاشنىڭ ئارامىجان ھەم شېرىنلىكىنى ھېس قىلاتتى. ئۆلۈمدىن، ئۆلۈم ئازابىدىن يىراق تۇرۇشنىڭ يەڭگىللىكىنى ھېس قىلاتتى.

لەيلىنى ئۆلۈۋېلىشقا قىستىغان ئاشۇ كىرپىكلىرى ئۇزۇن، مەڭزلىرىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان ئادەمنىڭ يىرگىنچلىك تۇرقى ھەر قېتىم يادىغا يەتكەندە قانلىرى قايناپ بۇژۇلداپ ئاقاتتى.

لەيلىنىڭ دائىم بوينىدىن ئاجراتمايدىغان مېدالىيونىنىڭ يوقاپ كېتىشى ئۇنى ساراسىمىگە سالاتتى. مېدالىيونىنىڭ ئىچىدە پەرھاتنىڭ يىگىرمە يەتتە ياش ۋاقتىدا چۈشكەن رەڭسىز سۈرىتى بار ئىدى. يۈرەك شەكىللىك مېدالىيونىنىڭ بىر تەرىپىگە لەيلىنىڭ، يەنە بىر تەرىپىگە پەرھاتنىڭ ئاشۇ سۈرىتى قىستۇرۇلغان ئىدى.

— قاراڭ، قاملىشىپتىمۇ؟ — لەيلى مېھىر تۆكۈلۈپ تۇرغان تەبەسسۇملۇق مەڭزىنى يۈزۈمگە يېقىپ پىچىرلىدى، — ئىككىمىزنىڭ سۈرىتىنى مېدالىيونىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدۇم،

مەڭگۈ يېنىمدىن ئايرىمايمەن.

— ھەي، مۇشۇ سۈرەتتىكى يېشىمغا قايتالىغان بولسام...

— سۈرەتتىكى يېشىمدا مەن، دەپ ياشاۋېرىڭ.

لەيلىنىڭ نازۇك بارماقلىرىنىڭ بويۇنلىرىمنى سىلىغاندىكى شېرىن تۇيغۇلار مەڭگۈ يادىمدىن چىقماسلىقى مۇمكىن.

ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈشىنى بىلسەممۇ قانداق تەرزدە ئۆلۈشۈمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. مۇشۇلارنى ئويلىغاندا قورقۇپ كېتەرمەنمىكىن، دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئەمما كۆڭلۈمگە قىلچە قورقۇنچ كىرمىگەنلىكىدىن ھەيران قالدىم. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ كويىدىلا يۈرگەنلىكىمنى ھېچكىمگە چاندۇرمىدىم. خوتۇنۇممۇ، باشقا تونۇش بىلىشلىرىممۇ بۇنى قىلچە سەزمىدى. جىمى ئىچ سىرىمىزنى بىلىشىدىغان ئاغىنىلىرىممۇ، ھەتتا ئىكرامىمۇ بىلمىدى. مېنى ئەڭ يېقىن تۇغقىنى ھېسابلايدىغان، ئارا كۈندە مېنى ئىزدەپ كېلىدىغان، كۆكتات باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كەتكىنىدىن، قارا مىكىيىنىنىڭ تۇخۇمىنىڭ بارغانسېرى كىچىكلەپ كەتكىنىدىن، خوتۇنىنىڭ ئورۇقلاش دورىسىغا پۇل خەجلەپ ھارمايدىغان ئوسال قىلىقىدىن، ئۆزىنىڭ تاماكا تاشلىيالمىغىنىدىن، قۇرت يەپ كەتكەن چىشىنىڭ ئاۋارىچىلىقىنى بەك جىق تارتىپ كەتكىنىدىن زارلاپ كۈنلىرى ئۆتىدىغان تۇغقىنىممۇ؛ مېنى مۇشۇ دۇنيانىڭ نەق ئۆزى دەپ چۈشىنىدىغان، ئەمما ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئويلايدىغانلىقىنى پەقەت بىلەلمىگەن خوتۇنۇممۇ مېنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ دەھشەتلىك ۋەسۋەسىسى بىلەن تىپىرلاپ تۇرغان يۈرىكىمنىڭ ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولغىيدى!؟ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ھاڭ - تاڭ قېلىشى، بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى چۈشىنەلمەسلىكى، كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ مىڭلارچە ھەسرەتكە قېلىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغان ئىش ئىدى. ھې-

لىمۇ بۇ ئىشنى بەك كەينىگە سۈرۈۋەتكەندەك قىلاتتىم. لەيلى-
نىڭ ئېرى تاھىرنى، لەيلىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن تاھىرنى ئۆلتۈرۈ-
ۋەتسەم كۆڭلۈمدىكى ئاخىرقى ئارمان ئەمەلگە ئاشىدىغاندەك
قىلاتتى.

ئاپتوبۇس باياۋاندىكى يولدا ناھايىتى تېز كېتىپ باراتتى.
مەن پات - پات يان تەرىپىمگە قاراپ قوياتتىم. يان تەرىپىمدە
پۇتون ۋۇجۇدىدىن مېھىر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر قىز كىتابقا
قاراپ ئولتۇراتتى. قىز پەرۋاسىز ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن بۇ
دۇنيانىڭ تۇرغان پۈتكىنىنى بەخت ھەم ئامەت دەپ ئويلايدىغان-
لىقى چىقىپ تۇراتتى.

يۈرىكىمدە ئۆرىدىگەن توپىلاڭنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ئۆز-
زۈمنۇ ئۇقالماي قېلىۋاتاتتىم. مۇنۇ قىزدىن ئايرىلىپ قېلىش-
تىن قورقۇپ قېلىۋاتاتتىم. ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان
مېنىڭ يېنىمدا، قېشىمدا، ئالىقىنىمدا بولۇپ كەلگەندەك، ماڭا
بەك جىق گەپلەرنى قىلغاندەك، مەنمۇ ئۇنىڭغا بەك جىق گەپلەر-
نى دېگەندەك، بەك ئۇزاق يوللارنى بىللە باسقاندەك، ناھايىتى
چىرايلىق بىر مەنزىلنى نىشان قىلىپ، يارالغاندىن باشلاپ بىل-
لە مېڭىۋاتقاندەك بىر ھېس يۈرىكىمنى چۇلغىۋالغانىدى. مەن
ئەزەلدىن بۇنداق ئويلاپ باقمىغان، بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالمى-
غانىدىم. نۇرغۇن ئادەملەر پەرھات ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئادەم، دەپ
ئويلايتتى، مەنمۇ شۇنداق ئويلايتتىم، ھەم شۇنداق بولۇشى كې-
رەك ئىدى.

ناھايىتى يوغان ئاپتوبۇستا لىققىدە ئادەم بار ئىدى. مەن
پەقەت ئىككىلا ئادەم بار، دەپ ئويلايتتىم. توغرىسى پەقەت بىرلا
ئادەم بار، دەپ ئويلايتتىم.

قىزنىڭ كۆزلىرىدىن، لەۋلىرىدىن پارلىغان تەبەسسۇم مې-
نىڭ كۆڭۈل دۇنيايىمغا سۇبھىنىڭ ساغلام ھاياتقا ئوخشايدىغان
يورۇق نۇرلىرىنى سېپەتتى. يۈرىكىم يورۇپ كېتىۋاتاتتى، قەل-

بىم ئىسسىپ كېتىۋاتاتتى. مەن نۇرغا كۆمۈلۈۋاتاتتىم.
مەن ئۆزۈمگە ئوخشىماي قېلىۋاتاتتىم. ئۆزۈمدىن ھەيران
قېلىۋاتاتتىم. بىر خىل كۆنلىرىم تامام بولۇپ يەنە بىر خىل
كۆنلىرىم باشلىنىدىغاندەك قىلاتتى. شۇنداق بىر ئىشەنچ، شۇنـ-
داق بىر ئارزۇ، شۇنداق بىر تۇيغۇ يۈرىكىمدە چاقماقتەك كۈچ-
لۈك نۇر تارىتاتتى.
ئۇنىڭ قايسى كىتابنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلگۈم كېلەتتى.
ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنى بىلگۈم كېلەتتى. ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇم
كېلەتتى، ئۇنىڭ ماڭا گەپ قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما،
ئۇنىڭغا گەپ قىلالمايتتىم، ئۇمۇ ماڭا گەپ قىلمايتتى. ئادەم
بىلەن ئادەمنىڭ ئارىلىقىنىڭ مۇنداق يىراق، مۇنداق ئۇزۇن ئىـ-
كەنلىكىنى، ياندا تۇرۇپ قول يەتكۈزگىلى بولمايدىغان ئاجايىپ
مۇناسىۋەت بارلىقىنى مانا ھازىر ھېس قىلىۋاتاتتىم. قورقۇش
دېسە قورقمايمەن، ئەمما ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا، ئۇنىڭ يېنىغا
بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن. نۇرغۇن كىشىلەر ئادەم بىلەن
ھايۋاننىڭ پەرقى مانا مۇشۇ يەردە دېيىشى مۇمكىن. مېنىڭمۇ
شۇنداق ئويلاپ قالغان چاغلىرىم بار.
مەنزىلگە يېقىنلاشقانچە يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ كەتتى.
ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا كەتسە ئۇنى قايتا تاپقىلى بولمايتتى،
ئادەم دېڭىزىغا ئوخشايدىغان بۇ شەھەردىن ئادەم تاپماق تەس.
ئۇ ئۇچۇپلا كەتسە مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغان قۇش ئىدى.
ئۇ ئېقىپلا كەتسە قايتا كۆرگىلى بولمايدىغان بۇلاق سۈيى
ئىدى.
ئۇ ئۆتۈپلا كەتسە قايتا سەزگىلى بولمايدىغان باھار شامىلى
ئىدى.
ۋاڭ ـ چۇڭغا تولغان بېكەت تولىمۇ چوڭ ھەم يېقىمسىز.
ناتونۇش ئادەملەر ئۇياندىن ـ بۇيانغا ئالدىرىشىپ يۈرەتتى، كۆ-
زۈمگە ھەممە ئادەم سوغۇق كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئۆزۈممۇ سەزمىگەن

هالدا قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالدىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

— بىللە ماڭايلىمۇ؟

مەن بۇ سۆزنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەيلا قالدىم. قىزنىڭ ئۆسكىلەڭ، ئېگىز بوي تۇرقى، چىرايىدىن يېغىپ تۇرىدىغان مېھىر تەبەسسۇمى مېنى جۇرئەتلىك قىلىۋەتكەندەك قىلاتتى. مەن كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ جۇرئىتىمگە ھەم ھەيران قالغان ھەم سۆيۈنگەنىدىم.

باھار شۇ كۈنى باشلانغان ئىدى، كۆڭۈل شۇ كۈنى نۇرغا چۆمۈلگەن ئىدى، نۇرغۇن گۈللەر شۇ كۈنى ئېچىلغان، نۇرغۇن قۇش باللىرى شۇ كۈنى ئۇچۇرما بولغان، شۇ كۈندىن باشلاپ مېنىڭ ھاياتىم جۇلالىنىپ مېھىرلىك، شېرىن، يەڭگىل بولۇپ قالغان ئىدى. يەنە شۇ كۈندىن باشلاپ بىر قارا تۇيغۇ، قارا سايە، مېنىڭ ئىزىمدىن، تىنىقىمدىن، يۈرەك سوقۇشلىرىمنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتىم. بۇ نەرسە ئاخىر مېنىڭ ھاياتىمنى، مېنىڭ ياخشى كۈنلىرىمنى تۇزۇتىۋەتتى، شېرىنلىكلىرىم قىرتاق بولۇپ كەتتى، كۆلكەم مەسخىرىگە ئورۇن بېرىشكە مەجبۇر بولدى. مەن ئادەم ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم، ئادەم ئۆلتۈرۈش كىشىلىك دۇنيادىكى ئەڭ پەسكەش ئىشلارنىڭ بىرى دېگەنگە ئىشىنەتتىم. ئادەمنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشى مىڭلارچە ھەسرەتكە، مىڭلارچە ئاچچىق نادامەتكە ھامىلىدار ئىدى. ئادەم ھاياتىنىڭ گۈلتاجى تۇرۇپ ھاياتنى نابۇت قىلسا ئېچىنىشلىق ئىش بولاتتى، مەن ئادەم ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالدىم. پەسكەش، رەزىل بىر نىيەت ئوت بولۇپ مېنى كۆيدۈرەتتى، ماڭا كۈچ بېرەتتى، غەيرەت ئاتا قىلاتتى. لەيلىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن بارلىق ئەقىدەم، نىشانىم، ئارزۇلىرىم، كۆڭلۈمگە ياقىدىغان نەرسىلىرىم ۋەيران بولۇپ كەتكەنىدى.

— مېنى نېمىشقا ئۆلتۈرمەكچى بولىسەن؟

تاھىر قولۇمدىكى پىچاقنى كۆرگەندە قورقۇنچ ئىچىدە شۇنداق دەيتتى. ئۇنىڭ غالىلداپ تۇرغان ھالىتىنى كۆرگەن ئانىمنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالاتتى.

— سەن لەيلىنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ؟

— ياق، لەيلىنى مەن ئۆلتۈرمىدىم.

— ئۆلۈم ئالدىدا مەردانىراق بول ھاڭۋاقتى، ئوغۇل بالا بولغاندىكىن.

— ئۇنى مەن ئۆلتۈرمىگەن تۇرسام.

تاھىرنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ كەتكەن ئىدى، لەيلى بەلكىم ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىگە، كىرپىكلىرىگە ئامراق بولغىيدى؟ ھەسرەتنىڭ ئاچچىق بۇسى كۆڭۈل كۆزۈمگە تىقىلدى.

— ئەمىسە كىم ئۆلتۈردى؟

— ئۆزى ئۆلۈۋالدى.

— ئۇنى ئۆلۈۋېلىشقا سەن مەجبۇر قىلغانسەن.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، مەن ئۆزۈمنىڭ خوتۇنىنى نېمىشقا ئۆلۈمگە ئىتتىرگۈدەكمەن؟ مەن سورۇندىن تاراپ كەلسەم جان ئۈزۈپ بوپتۇ. مەن ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرقىنى چۈشەپ چىقىمەن... مېنىڭ كۈنۈم بەك تەس.

قورقۇنچلۇق تېرەكلەرنىڭ قارا سايىلىرى ئەلەڭگىپ تۇرغان يوللاردا كېتىۋاتقاندا، سۇ تامچىپ قالغان تۇرۇبىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولۇمنى يۇيۇۋاتقاندا، ئۆزى بىلىدىغان دۇئالارنى ئوقۇپ ھاشار چۈمۈلىسىنى كۆچۈرۈۋېتەلەيدىغان موماينىڭ سىرلىق تۇرقىدىن ئەيمىنىپ قالغان چاغلىرىمدا لەيلىنىڭ ئېرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردىكى بىچارە تۇرقى كاللامغا كىرىۋالاتتى. مەن شۇنداق قىلسام ئىشلار چوقۇم شۇنداق بولىدىغاندەك ئىدى.

— ئۇنىڭ مېداليونىنى نەگە يوقاتتىڭ؟

— نېمە مېداليون ئۇ؟
تاھىرنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر-مۇنچە يىغىنلەر ئۇچۇپ چىقىپ مېنىڭ ئارامىمىغا سانجىلىپ باراتتى.
— ئۇنىڭ ھەرقاچان بوينىدىن ئالمايدىغان مېداليونىنى دەيمەن.
— مەن نەدىن بىلەي؟ مەن ئۇ نەرسىنىڭ ئۇنىڭ بوينىدا تۇرغانلىقىنى كۆرەتتىم، ئەمما ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ نەرسىنىڭ نەگە يوقالغانلىقىنى بىلمەيمەن.
— يالغان گەپ قىلما، سەن مېداليون ئىچىدىكى رەسىم-لەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنى ئۆلۈمگە قىستاپ بارغاز-سەن.
— ئەزىرايى، مەن ئۇ نەرسىنىڭ ئىچىدە رەسىم بارلىقىنى ھازىر سەندىن ئاڭلاپ تۇرۇۋېتىمەن. سەن ئۇنى نەدىن بىلىسەن؟ مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ مەن بىلمەيدىغان ئىشلىرىنى سەن نېمىشقا بىلىسەن؟ ئىككىڭ... پاسكىنا ئەبلەخلەر... مېنى بوزەك قىد-لىشتىڭ... ئۇنى قويۇۋېتىشنى ئويلىغان... ئەمما مەن دۆت جۇرئەت قىلالماي كەلگەن ئىدىم، بۇرۇنراق بىلگەن بولسام...
— قانداق قىلاتتىڭ؟
— بىلمەيمەن... ئەمما چوقۇم ئۆچۈمنى ئالاتتىم.
تاھىرنىڭ قىزلارنىڭكىدەك چىرايلىق يۈزلىرى پوكاندەك ئېسىلىپ كەتكەنىدى. لەيلى مۇشۇ ئادەم بىلەن بىللە تۇردى، بىر ئۆيدە ياشىدى، ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتتى. مەن ئۇلارنى ئاجرىشىپ كېتىشى مۇمكىن، تاھىر لەيلىنى قاتتىق ئۇرۇشى مۇمكىن، دېگەنلەرنى ئويلىغان ئىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ تاھىرنىڭ ئۆيدە ئۆلۈپ كېتىشىنى پەقەت خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن. ھە-قىقەتەن ھەر قانداق ئادەم كىمدۇر بىرسىنىڭ ئۆز ئۆيىدە زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋېلىشىنى ئويلاپ يۈرمەيدۇ. پەقەت شۇنداق ئىش

يۈز بەرگەندىن كېيىن ھاڭ ـ تاڭ قالدۇ، تۈرلۈك گۇمانلاردا بولدۇ. سەۋەبىنى ھەر خىل قىياس قىلىشىدۇ. ئۆلۈمى بىلەن مېنى ئۆلتۈرگەن لەيلىنىڭ قاتىلىنى تاھىر دەپ ئويلاشتىن باشقا يەنە قانداق ئويلىغىلى بولىدۇ؟ ئۇ لەيلىنى ئەمەس مېنى ئۆلتۈرگەن ئىدى.

— پەرھات، مەن قورقىمەن.

لەيلىنىڭ شۇ سۆزنى قىلغاندىكى تىترەڭگۈ ئاۋازى يۈرەكىمنى يىغىنىدەك تېشىپ ئۆتتى.

— نېمىدىن قورقىسىز؟

— ھەممە نەرسىدىن قورقىمەن.

ئوماق، نازۇك بىر قۇش قەپەسكە چۈشكەندەك قىلاتتى، قەپەسكە ئەمەس قىسماققا چۈشكەندەك قىلاتتى. بەلكىم، ئۇنىڭ يۈركى ئېزىلىپ كەتكەندۇ.

— مەندىنمۇ قورقامسىز؟

— شۇنداق، سىزدىنمۇ قورقىمەن.

— مەن بار يەردە قورقۇپ يۈرمەڭ، مەن سىزنى ئۆمۈر بويى قوغدايمەن، خۇددى ئۆزۈمنىڭ قولۇمنى، كۆزۈمنى، يۈرىكىمنى قوغدىغاندەك.

— نېمىشقا؟

— مەن شۇنداق قىلمىسام بۇ دۇنيادا باشقا ئىشىم يوقتەك ئويلاپ قالدىم.

— رەھمەت، مۇشۇ گېپىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

لەيلىنىڭ يۇمشاق لەۋلىرىنىڭ سېھرىدىن مەن، مەن تۇرغان يەر، مەن كۆرگەن دۇنيا، مەن دەسسەپ تۇرغان زېمىن، مېنىڭ چاچلىرىمنى سۆيۈپ ئۆتۈۋاتقان شامال ھەممە نەرسە مەست بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. بۇنداق چاغدا مەست بولمىغان نەرسىنى، بۇنداق چاغدا ئۆز ئەسلىنى ساقلاپ بۇرۇنقىدەك تۇرۇپ قالغان نەرسىنى نورمال دېگىلى بولمايتتى.

مېنىڭ يۈرىكىمگە شۇ چاغدا لەيلىنى مەڭگۈ يېنىمدىن ئايرىماسلىق، ئۇنىڭغا ئەبەدىي ئىگە بولۇش، ئۇنى ھېچكىمگە بەرمەسلىك قارارى خۇددى ئېغىر قورام تاش بولۇپ ئورناپ كەتكەنىدى.

خىيالچان بولۇپ قالدىم. ھەممە ئادەمگە غەمكىن كۆرۈنسەم كېرەك. مەن نېمىلەرنى يوقاتتىم؟ ھەممىنى يوقاتتىم. لەيلى مەن ئۈچۈن ھەممە ئىدى.

— پەرھات، سەن نېمە بولدۇڭ؟ ـ دېدى بىر كۈنى ئىكرام ماڭا غەلىتە نەزەردە قاراپ. ئۇنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ مېنى بىنورمال بولۇپ قالدى، دەپ ئويلايتتى. يەنە نۇرغۇن ئادەملەر شۇنداق ئويلايتتى، مەنمۇ شۇنداق ئويلايتتىم. بىر قىلىقىم ئارتۇق، بىر قىلىقىم كەم بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ھايات بىردە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسىدەك، بىردە شەۋكەتلىك، ئۇلۇغۋارلىق ھاياتنىڭ مەركىزىدە تۇرۇپ بىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ تۇرغاندەك ئويلايتتىم.

— ھېچنېمە بولمىدىم. ئەنسىرىمە.

— بەك ئۆزگىرىپ كەتتىڭ، ئۆزۈڭنى مۇنچىۋالا تاشلىۋەتمە.

— خاتىرجەم بول، ھېچنېمە بولمايدۇ.

ئىكرام جىم بولۇپ قالدى. بەزى ئادەملەر بۇ دۇنيادا ياشاپ قېرىپ ئۆلۈپ تۈگىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتىدىن ھېچ ئىزنا قالمايدۇ، لەيلىمۇ، مەنمۇ، مەن ئۆلتۈرمەكچى بولغان تاھىر يەنە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئادەملەر. يەنە مەسىلەن، مېنىڭ خوتۇنۇم، ئالىم كىتاب، ئىكرام ھەممىمىز ئىزسىز يوقىلىدىغان ئادەملەر قاتارىغا كىرەتتۇق. بىزنىڭ تۇغۇلغانلىقىمىزدىن شادلانغان يۈرەكلەر، بىزگە ئىسىم قويغان مەرىكىلەر، خەتنە قىلىشلار، قىزلارنى ياخشى كۆرگەنلىرىمىز، كىملەر بىلەندۇر زىتلىشىپ ئۆچمەنلىك ساقلىغانلىرىمىز، پۇل تېپىش ئۈچۈن، خەقلەرنىڭ

ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ياخشى كىيىم كىيىش، كۆڭۈل تارتقاننى يېيىش ئۈچۈن تىرىشقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ۋاقىتـ. نىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېنىمىزغا ئەرزىمەيدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قا. لىدىغاندەك قىلاتتى.

※ ※ ※

ئەخلەت تېرىدىغان كىشىنىڭ كونا ھارۋىسى يېنىمدىن غىچىرلاپ ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈن ھاۋا تۇمانلىق ئىدى، توپا ياغىد. دىغاندەك قىلاتتى. نەچچە كۈندىن توختىماي چىقىۋاتقان شامال تەكلىماكاننىڭ قۇملىرىنى ئۇچۇرتۇپ ھاۋانى بۇلغاپ، تۇمان قىلىۋېتىپ بارسا كېرەك. توپا ياغسا، چاڭ كۆتۈرۈلۈپ بوران چىقسا غېرىب بولۇپ قالىدىغان پەرھات شۇ ھالدا نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن؟ ئۇنىمۇ بىر يوقلاپ قويسام بولاتتى، بىللە تاماق يېسەك بولاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە تاماق ۋاقتى ئاغىنىلەرنىڭ ئۇچرىشىدىغان ياخشى پۇرسىتى بولۇپ قالدى. پەرھات نېمىنى ئويلايدىغاندۇ؟

مۇسا قادىر يىراقتىن سالام بېرىپ يېنىمغا كەلدى. كىچىك كېلىپ قالغان دوپپىسى ئۇنى بىر قىسمىلا قىلىپ قويغان ئىد. دى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئۆزۈن بوپتۇ كۆرۈشمىگىلى، ئىزدىشىپمۇ بولالمىدۇق، ئوبدان تۇرغانسەن؟ سېنى ئىزدەپ با. راي دەيمەن، تاشلىشىپ كەتمىسەك ئوبدان بولاتتى...

مۇسا قادىرنىڭ چىرايىنى كىچىكىمدە كۆرگەن بىر ئادەمگە ئوخشىتىپ قالدىم.

— ياخشى، ئۆزۈڭچۇ، نېمە ئىش بىلەن يۈرىسەن؟

— ئۆي كۆچكەن ئىدىم، شۇ ئىشلار بىلەن ئالدىراش، سەن يەنە بۇرۇنقى ئۆيۈڭدە ئولتۇرۇۋاتامسەن؟

— مەن بۇرۇنقى ئۆيدە، سەن يەنە نەگە كۆچتۈڭ؟
— يېڭى بىر ئۆي ئالغان ئىدىم، شۇنىڭغا.
— ئىلگىرىكى ئۆيۈڭچۇ؟
— ئۇ بەك كىچىككەن. قىسىلىپ قالدىم قارا، ئۆي دېگەن بەك كىچىك بولسىمۇ بولمىغان گەپ، ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھاندا كەڭ - كۇشادە ئولتۇرمايمىزمۇ.
— ئوبدان قىپسەن...
— ئالدىرايتتىم ئىكرام، كېيىن كۆرۈشەرمىز، تاشلىشىپ كەتمەيلى... سېنى ئىزدەپ تۇرىمەن.
مۇسا قادىر كېتىپ قالدى. مەنمۇ كەينىمگە بۇرۇلۇپ مەقسەتسىز مېڭىشقا باشلىدىم.

※ ※ ※

ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى كوچىغا يېيىپلا ساتىدىغان كىچىك بىر بازار بار ئىدى. شۇ بازارغا ماڭدىم، بازار يەنە بۇرۇنقىدەك غېرىبانە ئىدى. كۆزلىرى قىسىق بىر ئايالنىڭ يايمىسىدا قۇللاپ، دەم زەنجىر، قاغا تۇمشۇق، ئەندۈۋا، ھەرە، پالتا دېگەندەك نېمىلەر بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ يايمىسىدىن بىر تال پىچاقنى تاللىدىم.
— نەچچە پۇل؟
— ئون سوم.
مەن گەپ قىلمايلا پۇلنى بېرىپ پىچاقنى ئېلىپ ماڭدىم. ئايال ئوغرى مۈشۈكتەك كۆزلىرىنى مەندىن ئۈزمەي پۇلنى بويىنىغا ئېسىۋالغان ئەبجەق سومكىسىغا سالدى. ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ئويلىغانلىقىم يادىمغا يېتىپ تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى. مەن شۇنداق قىلسام نېمە بولۇپ كېتەرمەن؟ تۈرمىگە كىرىشىم، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشىم مۇمكىن.

ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر مېنىڭ شۇ ھالدا ئادەم
ئۆلتۈرۈشۈمنى بىلىپ بولغاندەك، مېنىڭ شۇنداق قىلىشىمنى
كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىكرام مېنى قانداق ئويلايدىغاندۇ؟ بىر
يەرلىرىدىن ئۇنىڭ خۇشلۇقلىرى، ھەسرەتلىرى،
تەلپۈنۈشلىرى، ئۈمىدسىزلىكلىرى خۇددى مېنىڭكى بىلەن
ئوخشاشتەك قىلاتتى.

كىم ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرەتتىم؟

لەيلى ئۈچۈن.

لەيلى مېنىڭ تۇرمىگە كىرىشىمنى، ئۆلۈشۈمنى خالىمايدۇ.

مەن كېيىنكى كۈنلەردە مانا شۇنداق ئويلىغان ئىدىم.

پىچاق زۆرۈر بولمىسىمۇ پىچاق ئالدىم. تۇرۇپلا پىچاق ئىب-
لىشىمنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ
قالدىم. مەن نىشانسىزلا كوچىغا چىقىپ قالغانىدىم. بۇ بازاردى-
كىلەر مېنىڭ ساراڭدەك ھېچ بىر مەقسەتسىز چۆرگىلەپ يۈر-
گىنىمنى بىلىپ قالسا بولمايدىغاندەك ئىدى. ھەممەيلەن مېنىڭ
ھېچبىر مەقسەتسىز ھاڭۋېقىپ يۈرگىنىمنى بىلىپ قالىدىغان-
دەك قورقۇپ قالدىم. بۇمۇ بىر ئىشكەن، ھەر بىر ئادەم ھەر كۈ-
نى ھەر بىر سائەتتە مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن مېڭىش، مەلۇم مەق-
سەت ئۈچۈن كۈلۈش، قاپىقىنى تۈرۈش كېرەكتەك قائىدە بار-
مىكىن، دەپ ئويلاپ قورقۇپ كەتتىم.

كۈن - كۈنگە ئوخشىماي ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئالىم كىتاب
نەلەردە، قانداق ئوي - خىياللارغا بەند بولۇپ يۈرىدىكىن؟ ئا-
دەملەر شۇنچە كۆپ، مەن بىلەن ئالاقىسى بارلىرى بەك ئاز ئى-
دى. ھەممەيلەن ئۆز ئىشى بىلەن، ئۆز ئىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئا-
دەملەرنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ، گاھىلىرىغا ھۆركىرەپ، گاھ
بىرلىرىگە كۈچۈكلىنىپ يۈرىشىدۇ. مەن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ
ھەرقانداق ئىشى بىلەن ئالاقىسىز بولسام كېرەك. يەنە نۇرغۇن
ئادەملەرنىڭ ھەرقانداق ئىشىمۇ ماڭا ئالاقىسىز. ھەممەيلەن يال-

غۇز ياشاشقا مەجبۇر بولىمىز، ھەممەيلەن يالغۇزلۇقتىن قۇتۇ-لۇشقا ئۇرۇنىمىز، ھەممەيلەن بۇگۈننى ئەتىگە ئۇلاشنىڭ كويىدا ئالدىراش.

كۈنلىرىم كۈندەك ئۆتىدۇ، دېيىشكە خۇشتار ئىدىم. شۇن-داق دېيەلىسەم بەلەن بولاتتى، شۇنداق دېگۈدەك كۈن ئالالىسام ياخشى بولاتتى. شۇنداق دېگۈدەك كۈن ئالماسلىقتا، ياخشى يا-شىماسلىقتا ھەققىم يوق ئىدى. ئالىم كىتاب مۇشۇنداقراق گەپ-لەرنى قىلغان. خەق نېمە دېسىمۇ مەن زادى نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. نېمە قىلىشىمنى بىلەلمىگىنىمنى بىركىمە-لەرنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقاتتىم، ھەممە ئادەم مەندەك تۇيغۇدا قالغاندەك، خۇددى مەندەك ئەندىشىدە ئۆتۈۋاتقاندەك ئويلايتتىم.

لەيلى يادىمغا يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى، كۆزلىرد-دىكى كۈلكىنى، لەۋلىرىدىكى مېھىرلىك جازىبىنى بەكمۇ سې-غىندىم.

قەدەملىرىم نورمال ئەمەستەك تۇيۇلۇپ قالدى. كۆز ئال-دىمدىكى دۇنيا نورمال ئەمەستەك بىلىنىپ قالدى. شۇ ھالدا توختىسامىمۇ قاملاشمايتتى. يەنىلا ماڭغىنىم ياخشى ئىدى. ئۆ-يۈمگە ماڭىدىغان يولنىڭ ئوي - چوڭقۇرى شۇنداق تونۇش بولۇپ كەتكەنىدى. مەن ئۆمۈر بويى مۇشۇ يولدىن ماڭاتتىم.

كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ يولنىڭ ياقىسىدىن مېڭىپ ئۆيگە كەلدىم. ئۆينىڭ ئالدىدا ئۆيگە كىرگۈم كەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدىم، قارىسام بارغۇدەك يەرمۇ يوقكەن، بىرەر ئاغىنەمنىڭ ئۆ-يىگە بېرىپ ھال - مۇڭ بولۇپ كېلىشنى ئويلىدىم. كەيپىمنىڭ تۆۋەنلىكىدە بۇمۇ قاملاشمىغۇدەك، ئىكرام نېمە ئىش قىلىۋات-قاندۇ؟ ئۆتكەندە ئۇنىڭ ئوغلىنى بىركىملەر ئەپقاچتى، دېگەن گەپنى ماڭا بىركىم دېمىدى، نېمىشقىدۇر خۇددى شۇنداق بىر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك، يۈز بەرگەندەك ئويلاپ قالدىم. ئىكرام-

نىڭ شۇ چاغدا قورقۇپ كەتكەن ھالىتىنى ھازىر ئويلىسام مەن-
مۇ قورقىمەن.

«تۇگىمەس ناخشا»نى ئېيتقۇم كەلدى. مۇھەببەتلىك دۇنيا-
نىڭ مېھرىنى چىرايلىق سۆزلەپ بېرىدىغان بۇ شېئىرنى، بۇ
ناخشىنى ياخشى كۆرەتتىم، ئىكراممۇ ياخشى كۆرەتتى.

※ ※ ※

— ئويلاپ باقتىڭمۇ ئىكرام؟

— نېمىنى؟

پەرھات جىم بولۇپ قالدى. ئۇ دېمەكچى بولغىنىنى ئۇنتۇپ
قالغان ئىدى.

— نېمە بولسىمۇ ئوخشاش، ئىشقىلىپ بىر ئىشلار توغرى-
سىدا ئويلاپ باقساڭ بولاتتى.

پەرھاتنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدىكى سەۋەب زادى
نەدە؟

مەن ئۇھ تارتىپ قويدۇم. تاماكا چەككۈم بار ئىدى، ئەمما
چەكمىدىم. بىر ئوبدان ئادەم تۇرۇپلا باشقا بىر ھالغا چۈشۈپ
قالسا قانداق بولىدۇ؟

— ئۇكام بۇ لاتارىيە دېگەن زادى قانداق نېمىدۇ؟

مەن چۆچۈپ كەتتىم. ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولغان
مىجىت قارى ئالدىمدا شۈمشىيىپ تۇراتتى. چىرايىدىكى چېچەك
ئىزلىرى كۆپىيىپ قالغاندەك، چوڭقۇرلاپ قالغاندەك ئىدى. سا-
دىر مۇقىيت بىلەن ئىككىيلەننىڭ يۈزىدە روشەن چېچەك ئىزى
بار ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى كېسەللىكنىڭ خا-
تىرىسى ئىدى. مەن كاللامنى چىرماپ كەتكەن خىياللاردىن
تەستە قۇتۇلۇپ سورىدىم:

— قانداق دەيسىز؟

— ماڭا نېمىشقا چىقمايدۇ زادى؟ مەن لاتارىيە ئالغىلى يەت-تە يىل بولدى، ئەمما بىر قېتىممۇ بىر نېمە چىقىپ باقماپتۇ. مۇشۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟

— يەتتە يىل...

— ھەئە، يەتتە يىل بولدى، يەتتە يىل دېگەن ئاز گەپ بول-مىسا.

مىجىت قارى ماڭا ئاچچىق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

ئالىم كىتاب بىر كۈنلەردە شۇنداق دېيىشى مۇمكىن:

مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىللەر بار. گىرىمسەن بوشلۇقتا غۇۋا كۆرۈنىدىغان قەلئە، باغۇ - ئېرەملەر بار. قاراڭ-غۇ ھەم سوغۇق تاغلارنىڭ تېگىدە پارقىراق گۆھەر، ئۈنچىلەر بار، بارلىقىنى بىلىمىز، قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، بىزنىڭ بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىمىز، قولىمىزغا كىرىپ قېلىشىنى تەمە قىلىمىز، قاچان بىزنىڭ بولىدىغانلىقىنى بى-لەلمەي كۈنلىرىمىز ئۆتىدۇ. خۇش ياشاي دېسەڭ خۇدا شۇنداق شەيتاندىن ساقلىسىكەن، دەپ تىلىمەك كېرەك. قولۇڭغا كىر-مەيدىغان نەرسىدىن، نېسىپ بولمايدىغان بايلىقنىڭ، سۆيگىلى بولمايدىغان جانانىنىڭ، ھاقارەتلىك شاپائەتنىڭ ھەۋەسكارى بو-لۇپ قېلىش بەك يامان.

ئالىم كىتاب ھامان بىر كۈنى مۇشۇ گەپنى دەيدۇ.

— بىر قېتىممۇ چىقمىدىمۇ؟

— بىر قېتىممۇ چىقمىدى.

— ئاڭلىسام خەقلەرگە ئانچە - مۇنچە چىقىپمۇ قالىدى-كەن. مىجىت قارىنىڭ كۆڭۈلنى يېرىم قىلىدىغان تۇرقىغا قاراپ كاللامغا ھېچنېمە كەلمىدى. نېمە دېگىلى بولسۇن؟ جاھان دېگەن مۇشۇ، ئامەت ھەممە ئادەمگە يۈزلىنىپ كەتسە ئامەت دېگەننىڭ ھېچ نەرقى - ناۋاسى قالمايدۇ، ھېچكىمگە نېسىپ بولمىغان ياخشىلىق ھەم بايلىق يوق يەردىن كېلىپ قالسا بۇنىڭ ئېتى ئا-

مەت بولىدۇ.

— ئالمىسىڭىز بولمامدۇ ئۇ نەرسىنى؟

— سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن بەش مىليون دېگەن ئاز پۇل بولمىسا... بەش مىليون دەڭا، چىقىپ قالسا بەلەن بولاتتى... چوڭ شەھەردىن كاتتا قورۇ - جايلارنى ئېلىپ پاراغەتتە ئۆتكەن ياخشى ئەمەسمۇ.

— ھازىرقى كۈنىڭىزمۇ ياخشىغۇ!؟

— قانداق ياخشى بولىدۇ، بەش مىليون چىقسا ئاندىن ياخشى بولغان بولىدۇ.

مىجىت قارىنىڭ بىر چاغلاردىكى قەددى تىك ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ باقتىم. ئۇنىڭ پەرۋاسىز، مەغرۇر، ھەممىدە ئۇتۇپ چىقىشقا ئۈمتۈلىدىغان قامىتى بۈگۈن يوق. ئۇ-نىڭ پۈكۈلۈپ ئېگىلىپ كەتكىنى بوي - بەستىلا ئەمەس، يىگى-لەپ كىچىكلەپ كەتكىنىمۇ قەددى - قامىتىلا ئەمەس ئىدى.

— بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى چىقىپ قالار.

— چىقسا بولاتتى، يەتتە يىل دېگەن ئۇزۇن ۋاقىتكەن...

— يەنە چىداپ بېقىڭ.

مىجىت قارى ئۇھ تارتىپ قويدى، ئۇستىبېشى توپىغا مى-لەنگەن ئىدى.

مىجىت قارى تارتىۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكلەر توغرۇلۇق ئا-لىم كىتاب بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئالىم كىتاب دانىمۇ دانە قىلىپ چىرايلىق سۆزلەيتتى.

بىز بەختلىك ئادەملەركەنمىز دەپ ئويلىساق بولىدۇ، بىزدە ھېچبولمىسا مىجىت قارىدەك بۇنداق ئازاب يوق. بۇنداق ھەس-رەتنى بىز تارتىپ باقمىدۇق، تۇرمۇشىمىزدا يۈرىكىمىزنى ئې-چىشتۇرغۇدەك بىتايىن ئازابىمىز يوق. ئادەمنىڭ ئازابى بولمى-سا بولمايدۇ، ئەمما جىڭغا ئولتۇرىدىغان بولسۇن. مىجىت قارى-نىڭ ئازابى يالقۇنجاپ تۇرغان ئوت، يۈرەكنى كۆيدۈرۈپ، ئې-

چىشتۇرۇپ، كىشى ھالىنى خاراب قىلىدۇ. خۇدا مۇشۇنداق بىر جىننى بىزنىڭ كۆڭلىمىزگە تاشلاپ قويمىغان، مۇنداق بىر قىزىق ئۇتنى بىزگە سالمىغىنىغا خۇش بولساق كىشىنىڭ روھىنى كۆيدۈرۈپ، ئۆرتەپ قىينايدىغان، ئارام بەرمەيدىغان دىشۋارچىلىقنىڭ كۆڭلىمىزگە ئۇۋا سالمىغىنىغا شۈكرى قىلساق بولىدۇ. ھاياتقا رەھمەت ئېيتىدىغان ئىشلىرىمىز بەك جىق، مىجىت قارى بىلەن بىللە ياشايمىز، بىر مەھەللىدە كۈن ئالىمىز، ئولتۇرۇش قوپۇشلىرىمىزدا ئوخشاشلىق نۇرغۇن، ئەمما ئۇنىڭ يۈرىكىگە كىرىۋالغان كېسەلنى خۇدا بىزگە سالمىدى، بىزنى ساقلىدى، بۇنىڭغا ھەم رەھمەت ئېيتماي بولمايدۇ.

مىجىت قارىنى كۆرگەنلىرىمدە ئالىم كىتاب دېگەن مۇشۇ گەپلەر يادىمغا يېتىپ قالىدۇ. تۇرۇپلا ئالىم كىتابنىڭ سۆزلىرىنى سېغىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم.

مىجىت قارى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە كىردىم. مىجىت قارى تالادا قالدى. يۈرىكىم ئېچىشتى. بىز نېمىشقا مۇشۇنداق ھالغا گىرىپتار بولۇپ قالىمىز؟ نېمىشقا تار ھەم باش ئايىغى يوق يولغا كىرىپ قالىمىز؟

مىجىت قارىنىڭ يىغلاۋاتقىنىنى، كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي ئۆكسۈشلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

※ ※ ※

پەرھات...

لەيلى مېنى چاقىرىۋاتاتتى.

مېنى ھايات چاقىرىۋاتاتتى. ھايات مېنى ئىسسىق باغرىغا، كىشى قانمايدىغان مېھرىلىك دۇنياسىغا چاقىرىۋاتاتتى.

لەيلىنىڭ تەبەسسۇمى، لەيلىنىڭ كۈلكىسى، ئىشقىنىڭ ئاتەش يالقۇنلىرى كۆيمىدىغان كۆزلىرى يادىمدىن كەچتى. ئاجايىپ

كۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز، ئاجايىپ كۇنلەر، ئاجايىپ ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. لەيلىنىڭ ئەرگە تېگىپ كېتىشىنى ئەقلىمگە سىغدۇرۇپ بولالمىدىم، لەيلىنىڭ ئەرگە تېگىپ كەتكىنىگە قاراپ تۇرغىنىمغا ھەيران ئىدىم. ئۆزۈمنى يارامسىز، ئالدامچى، پەس ئادەم دەپ تىللىدىم. ئۇنى ھېچكىم بىلمىدى.

كۇز كۇنلىرىنىڭ دىمىق بىر كەچلىكى تاھىر يېنىمغا كەلدى. مەن ئۇنى شۇ چاغدا تۇنجى كۆرگەن ئىدىم. تۇنجى كۆرۈپلا نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ پۈتۈن بوي - بەستى، كىيىملىرى، چىرايلىق يۇزلىرى، سىلىق مېڭىشلىرى، قويۇق چاچلىرىنى بىر يانغا قايرىپ تارىۋېلىشلىرى كۆزۈمگە پەقەت سىغمىدى. تاھىرنىڭ يېشىدىكى باللارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق يۈرۈشەتتى، چاچلىرىنى تاھىردەك تارايتتى، كىيىمنى تاھىردەك كىيەتتى، تاماكىنىمۇ تاھىردەك تۇتاشتۇرۇپ چېكەتتى. باشقىلار ماڭا ھېچقانداق كۆرۈنمەيتتى، ئەمما تاھىرنىڭ شۇ تۇرقى، شۇ ھالى، شۇ كۆرۈنۈشى تۇنجى قېتىمدىلا، ھەتتا ئۇنىڭ كىملىكىنى، مېنى نېمىشقا ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپلا، ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا خۇددى ماڭا بىر گېپى باردەك كۆزۈمگە قاراپ كەلگەن چاغدىلا دىتىمغا زادىلا ياقمىدى. جاھاننىڭ سىرلىرى ئىچىدە مەن ھەم يەنە نۇرغۇن ئادەملەر بىلەلمەيدىغان بىر ئىش بار. بىز بەزى ئادەملەرنى نېمىشقا ئۆزىمىزدەك، ئۆزىمىزنىڭ يېرىمىدەك، كۆڭلىمىزنىڭ مۇنبەت ئېتىزىدا كۆكلىگەن گۇلدەك سۆيۈملۈك بىلىمىز؟ يەنە بەزى ئادەملەرنى نېمىشقا سەۋەبسىزلا دۇشمەندەك كۆرۈپ قالىدىغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەيتىتىم.

مەن شۇ چاغدا تېرەكلىك كوچىدا ئاستا كېتىۋېتىپ لەيلىنى خىيال قىلىۋاتاتتىم. لەيلىنىڭ تاتلىق تەبەسسۇمى، يېقىملىق ئاۋازىنى ئويلاۋاتاتتىم. ئۇنىڭغا نېمە بولۇپ باغلىنىپ قالغانلىقىمنى، نېمىشقا ئۇنىڭ كويىدا قالغانلىقىمنى، بۇ دۇن-

يادا شۇنچە نۇرغۇن ئادەملەر بولسىمۇ پەقەت مەلۇم ئادەملەر، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ، بىر ـ بىر-نىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇشۇپ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بىر يەردىن چىقىپ كۆڭۈللىرىنى خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىدى-كەن، مۇشۇ ئارقىلىق مەلۇم چىرايلىق مەقسەتكە يەتمەكچى بو-لىدىكەن، ئەمما مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى ئاز بولىدىكەن، دېگەن-دەك خىياللار كاللامنى چىرماپ تۇرغان شۇ دەمدە تاھىر ئالدىم-دا پەيدا بولدى. مەن ئۇنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى، قاشلىرى قىزلارنىڭكىدەك چىرايلىق ئىدى. نېمىش-قىدۇر ئۇنىڭ كېلىشكەن قامىتى، بەكمۇ چىرايلىق يۈزى دى-تىمغا پەقەت ياقمىدى، «ئوغۇل بالىغا ئوخشىمايدىغان نېمىكەن بۇ»، دېگەن خىيال كاللامغا لىپپىدە كىردى. ئارقىدىن «خېنىم مىجەز نەرسىكەن»، دەپمۇ ئويلاپ قالدىم. كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا ئۆ-رىدىگەن دۈشمەنلىكنىڭ قارا چاڭلىرى پىرقىراشقا باشلىدى.

ئۇ قىزلارنىڭكىدەك چىرايلىق كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ ئۇزاق تۇردى. تاماكا قىسىۋالغان قوللىرى تىترەيتتى.

— پەرھات دېگەن سىزمۇ؟

— شۇنداق.

چىرايلىق يىگىت ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن يانچۇقىدىن تاماكىسىنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى. چاقماق يېقىشلىرىدىن، تاماكا تۇتاشتۇرۇشلىرىدىن بىر تۇرلۇك سىپايىلىك يەنە ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىدىغان ئادەم-لەرنىڭ كۆرەڭلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— توۋا، قىز بالا دېگەن نېمانداق دۆتتۇ؟

تاھىر شۇنداق پىچىرلاپ تاماكىسىنى كۈچەپ شورىدى. يەرنىڭ تېگىدىن، يوللاردىن، دەرەخلەر ئارىسىدىن ئىسسىق شا-مال چىقاتتى. ئىسسىق شامال ئۇنىڭ يۈرىكىنى، تۈيغۇلىرىنى ئاچچىق چېقىپ ئۆتتى.

— مەن لەيلىنى ئالاي دەيمەن.

ئۇ تاڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

تۇرنىلار سەپ تارتىپ ئۇچقان كۆپكۆك ئاسمان، دولقۇن ياساپ بۇژغۇن چاچرىتىۋاتقان قومۇشلۇق كۆل، ئوتتەك ئاپتاپتا يالقۇن بولۇپ كۆيۈۋاتقان قۇملۇقتا پىلدىرلاپ قېچىۋاتقان پاتمىچۇق، يېڭى شوڭ چىقارغان سۆگەتلەرنىڭ ئارىسىدا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئاچچىق چۇرقىرىشىۋاتقان قۇشقاچلار، پاسكىنا بۇلۇڭلاردىن ئۆمىلەپ چىقىۋاتقان قاراقوڭغۇزنىڭ يىرگىنچلىك ئەپتى... ئۇنىڭ خىيالىدا بۇرۇندىن بار نەرسىلەر ئىدى. بۇ نەرسىلەرنى دائىم ياد ئەتمىسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدە ساقلىنىپ كەلگەن، خاتىرىسىنىڭ بىر يەرلىرىدە توپا بېسىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئاشۇ نەرسىلەرگە يەنە بىر سوغۇق ھەم ئېغىر، رەڭگى خۇددى ئوتتەك قۇملار ئۈستىدە غىرىلداپ تېز - تېز قېچىۋاتقان پاتمىچۇقنىڭ قورسىقىدەك بىر نەرسە كېلىپ قوشۇلغاندەك قىلاتتى. بۇ نەرسە مۇزدەك سوغۇق، يېقىمسىز ھەم يىرىك ئىدى. چاپلاشقاق لەشتەك كۆڭۈلنى ئەسكى قىلاتتى، يۈرەكنى قاراڭغۇلۇققا باشلايتتى.

— ئالساڭ ئېلىۋەر، بۇنى ماڭا دەپ نېمە قىلىسەن؟

ئۇ ئۆزىنىڭ گېپىدىن ئۆزى ھەيران قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىدىن تۇنجى قېتىم گۇمان قىلدى.

ئۇنىڭ يۈرىكى سىلكىنىپ كەتتى. ئاچچىق بىر سېزىم ۋۇجۇدىغا توك تەككەندەك تاراپ كەتتى. كونا تاملىقلاردا، سۇ كۆرمىگەن ئۆلۈك توپىلار ئارىسىدا يۈرىدىغان، قۇيرۇقلىرى بوغۇم - بوغۇم چايان يۈرىكىگە چاپلىشىۋالغاندەك بىئاراملىق ئىچىدە قالدى. بۇ چايان ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چىقىپ قەلبىنى چېقىۋاتاتتى. ئۇ يۈرىكىدە مۇشۇنداق بىر چايانىنىڭ بارلىقىنى بۇرۇن بىلمەيتتى. يۈرىكىدە بۇنداق تايىنسىزلىقنىڭ بارلىقىنى، يۈرىكىنىڭ بۇنداق تايىنسىزلىقنى ئىلگىرى سەزمىگەن ئىدى.

شۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ ئۆزىنى قاتتىق ئۇرغۇسى، دەسسەپ چەيلىگۇسى، بىر تال چىۋىنگە، بىر تال پاشىغا ياكى ھېس - تۇيغۇسىز بىر تال چالمىغا ئايلىنىپ كەتكۇسى كەلدى.

— توي بېكىتىلىپ بولغاندا ئۇنى سىزنىڭ كەينىڭىزگە سېلىپ يۈرگىنىڭىزنى كۆرۈپ قالدىم. ناۋادا ئۇ ماڭا تەۋە ھەق - نېسىۋىنى سىزگە تارتقۇزۇپ بولغان بولسا مەن ئۇنى كەچۈرمەيمەن، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىشىم مۇمكىن. شۇڭا كىم بولۇڭ، بۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، ئەمما مۇشۇنى سورىۋالمىسام بولمايدۇ.

— مەن ئۇنى ھېچنېمە قىلمىغان.

ئۇ بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئادەملىكىدىنلا ئەمەس، ئادەم دېگەندىنمۇ گۇمان قىلىپ قالدى. قىرىق ياشلىق بىر ئەركەكنىڭ يۈرىكى يۈرەككە ئوخشىماي سېسىپ كەتكەن گۆشكە ئوخشاپ قالىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. دۇنيا مۇشۇنداق چاغدا ھازا ئېچىشى، تاغلار مۇشۇنداق چاغدا يىغلىشى مۇمكىن ئىدى. ياراتقۇچى ھەممىدىن ئۇلۇغ ياراتقان، ھەممىدىن ئۈستۈن مەرتىۋىگە ئىگە قىلغان ئادەمنى تېخىمۇ ئۇلۇغلۇق شەربىتىگە ئىگە قىلىدىغان ئەھدۇقەسەم ۋاپاسىدىن چەتنەپ كەتكەندە، دۇنيا يىغلايدۇ، ئاسمان يىغلايدۇ، زېمىن يىغلايدۇ.

ئۇنىڭ بۇ خىياللىرى لەيلى ئۆلۈپ كەتكەن كۈنلەردە ياددىن كەچكەن ئىدى.

— مۇشۇ گېپىڭىز راستمۇ؟

— راست.

— ياخشى، ئۇنداق بولسا بوپتۇ، بىرەر ئىش چىقىپ قالسا ھېسابىنى مەن سىزدىن ئەمەس لەيلىنىڭ ئۆزىدىن ئالىمەن. مەن ئۇنىڭغا بەش يىل ئاشىق بولدۇم...

ئۇ شۇ كۈنى لەيلىگىمۇ، ئۆزىگىمۇ ھەيران قالدى. لەيلىنىڭ مۇشۇنداقلا ئەرگە تېگىپ كېتىشىگە ئىشەنمەيتتى، يەنە لەيلىنى ئالماقچى بولغان تاھىرغا، ئۆزىنىڭ بايا دېگەن گەپلىرىگىمۇ

ھېچ ئىشىنەلمەيۋاتاتتى. ئىشەنگۈدەك ھېچ نەرسە قالمىغاندەك قىلاتتى. باشقا ھەممە نەرسىگە ئىشەنمىسە بىر نىسبەت بولىدۇ، ئۆزىگىمۇ، ئۆزىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەتكەن ئادەمگىمۇ ئىـ-شەنمەسلىك پۈتۈن نىسبەت بولۇپ ئادەمنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىـ-لىشى مۇمكىن.

«ئادەم دېگەن ئادەمدەك ياشىسا ئۇلۇغلۇقتا ئۇنىڭغا ھېچنې-مە تەڭ كەلمەيدۇ، بۇزۇلسا ئىت ـ ئېشەكتىنمۇ بەتتەر بىر نې-مىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. خۇدا بۇ جاھاننى مۇشۇنداق ياراتقان».

80 ياشتىن ئاشقان ساراڭ قېتىش بىر بوۋاي شۇنداق دې-گەن، ئۇ بۇ گەپنى شۇنداقلا دەپ سالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، پەرھات بوۋاينىڭ بۇ گېپىنى خېلى ئۇزۇنغىچە يادىدىن چىقىرالماي يۈردى. ئادەمدەك ياشاش، ئادەم بولۇپ ياشاش ناھا-يىتى تەستەك قىلاتتى، ھەتتا قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى. ياشاش جەريانىدا چىرايلىق گۈللەرنى دەسسەپ ئۆتىدىغان ئىش بولاتتى، پاكىز سۇلارغا نىجاسەت ئارىلاشتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۆزد-نىڭ قولىدىكى ئاجىز بىر قۇشنى باشقىلارنىڭ يالماپ يۇتۇۋش-لىرىغا، زەھەرلىك يىلانلارنىڭ قوينۇڭغا كىرىپ، بوينۇڭغا يۆ-گىشىپ تۇرۇشلىرىغا سۈكۈت قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ بو-ۋايمۇ بەلكىم بىر زامانلاردا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي يۈرگەن بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى خىيال قىلدى.

لەيلى قورقىمەن دېگەن، ئۇنىڭ قورققىنى شۇ بولسا كېرەك.

ــ ئىككىمىز مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتەلىشىمىز ناتايىن، يامان كۈنلەرگە قالساق قانداق قىلارمىز؟

ــ يامان كۈنلەر بولمايدۇ.

ــ ئۇنداق دېمەڭ، بۇ كىچىك بالىنىڭ گېپىگىلا ئوخشىدى.

ــ نېملا بولسۇن سىزنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن. مېنىڭ

بىلىدىغىنىم پەقەت مۇشۇ.

لەيلى كۆلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى، تەبەسسۇمى بۇرۇنقىدەك نۇرلۇق، ئىسسىق ئەمەستەك بىلىنىپ كەتتى.

ھەممە نەرسە ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كەتتى.

ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ جىمىپ كەتتىم. شوخ ناخشىلارنى ئاڭلىغۇم، قىزغىن پاراڭلارغا جور بولغۇم، داپنىڭ رىتىمى تېز، كۆچلۈك ساداسىغا كۆمۈلۈپ كەتكۈم كەلدى. ھۆسەنجان جامىنىڭ، نۇرمۇھەممەت تۇرسۇننىڭ تەمبۇر مۇزىكىلىرىنى ئاڭلىغۇم كەلدى، ئابدۇرېھىم ئەخمىدىنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغۇم كەلدى. «نۇزۇگۇم»دېگەن مۇزىكىنى ئارمان قىلاتتىم، تېلېفوننى ئېچىپ « يۈرىكىم ئالما ئەمەس» دېگەن ناخشىنى ئاڭلىدىم، ناخشىنى ئېيتقان ئايالنىڭ ئاۋازى يېقىملىق ئىدى.

بىر پاتمان دەردى بار ئادەمدەك غەمكىن بولۇپ قالغىنىم قاملاشمىدى.

مېنىڭ ھەسرىتىم بولماسلىقى مۇمكىن، دەردىم بولماسلىقى مۇمكىن، مەن دەرد ـ ھەسرەت دەپ يۈرگەن نەرسىلەر ئەسلىدە دەرد ـ ھەسرەتكە لايىق بولماسلىقى مۇمكىن.

تۇغۇلماقنىڭ ئۆزى قالتىس ئىش. دۇنياغا بىر كەلمەك، بىر كەتمەك، كەتكەندىن كېيىن كەلمەسلىك، كېلىش ـ كېتىشنىڭ ۋاقتى سائىتىنى، كەلگەندىن كېيىنكى كۆرمىش، كەلمىشلەرنى ئۇقماي نېمە كۈنلەرگە قېلىشنى، ئەتە يا ئۆگۈن نېمە بولۇشنى بىلەلمەي ياشىماقنىڭ ئۆزى ياراتقۇچىنىڭ ھېكمەت كارامىتىنىڭ ئاشكارا نامايەندىسى.

— بىر قىسمىلا بولۇپ قېلىۋاتىسەنغۇ پەرھات.

ئىكرام شۇنداق دېدى.

— ئۆزۈمىمۇ بىلىپ تۇرۇپتىمەن، ئادەم دېگەن بەزىدە مۇشۇنداق ئاجىز بولۇپ قالىدىكەنمىز، تاغنى يۆتكىگىلى بولغان بىلەن كۆڭۈلدىكى دەردنى يۆتكىگىلى بولمايدىكەن.

※ ※ ※

— دادا، ماڭا ئۆردەك ئېلىپ بەر.

ئوغلۇمنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتىم.

ئوغلۇم چېكىتتەك كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قارا ھەم قويۇق چاچلىرى ئۆسۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. يۈرىكىمدە پەس دولقۇن پەيدا قىلغان ئىللىق بىر سېزىم كۆڭلۈمگە يۇمشاققىنە يېيىلدى.

— نېمە قىلىسەن ئۇنى؟

— باقىمەن.

ئۇنىڭ قەتئىيلىك، جاھىللىق، كاجلىق بالقىپ تۇرغان چىرايى ناھايىتى جىددىي كۆرۈنەتتى. مەن قارىسام دادىسى بولغان مەن ئۇنىڭغا ئۆردەك ئېلىپ بېرىش - بەرمەسلىكنى قارار قىلىش ئەمەس، پەقەت ئېلىپ بەرسەملا بولىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭدا پۇل بولمىغاچقىلا مەندىن سوراۋاتقاندەك، بولمىسا ئاللىقاچان ئۆردەكنى ئېلىپ بولىدىغاندەك قىلاتتى.

— ئۇنى باقساڭ بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟ — ئوغلۇم كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇراتتى. ئۆردەك بېقىشنىڭ تەقەززالىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى.

— بىزنىڭ كۆلچىكىمىز يوق، بىلىشىڭ كېرەك، ئۆردەك دېگەن سۇدا ياشايدىغان جانىۋار.

ئوغلۇم كۆزۈمگە تىك قاراپ تۇراتتى. قانداقتۇر بىر نەرسىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك، يەنە قانداقتۇر بىر نەرسىگە جەزمەن ئىگە بولمىسا بولمايدىغاندەك ئەپتى بار ئىدى.

— مەن داسقا سۇ قۇيۇپ شۇنىڭدا باقاي دېگەن.

— بولمايدۇ.

— نېمىشقا.

— ئۇنى قىيناپ قويىسەن.
— ئۇنداق بولمايدۇ.
مەن نېرىدىكى سافاغا بېرىپ ئولتۇردۇم، كونىراپ كەتكەن سافا كىشىنى بىئارام قىلاتتى، چاي شىرەسىدە بىر پىيالە تۇراتتى، يەنە قۇرۇپ قورۇلۇپ قالغان ئاپېلسىن شۆپۈكى بار ئىدى.
— ماڭا قارا، يوغان بىر ئۆردەكنى كىچىككىنە داسقا سۇ قۇيۇپ شۇنىڭدا ئۈزۈپ يۈر، دېسەڭ قىينىلىپ قالىدۇ.
— ئۇ قىينالمايتتى.
— نېمىلا دېسەڭمۇ بىكار، ئۆيدە ئۆردەك باقساڭ بولمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۆردەك دېگەن پاسكىنا قۇش، ئۆينى سېسىقچىلىق بېسىپ كېتىدۇ.
— ئۇنداق بولمايدۇ.
بىر ئاچچىق مېڭەمگە تەپكەندەك بولدى. كىچىككىنە بالا بىرنى دېسەم بىرنى دەۋاتاتتى. بۇ يەردە كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە ئەمەس، كىمنىڭ چوڭ، كىمنىڭ كىچىكلىكىگە، كىمنىڭ بۇ ئائىلىدە ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلالايدىغانلىقىغا قاراش كېرەك ئىدى. ئەمما، ئوغلۇمنىڭ چىرايىدا مېنىڭ دېگىنىم خاتا ئەمەس، شۇڭا چوقۇم مەن دېگەندەك بولۇشى كېرەك، دەيدىغان، ھەق ئەمما ئاقمايدىغان بىر مەنە چىمىرلاپ تۇراتتى.
— مەن بىلەن گەپ تالاشما... ئۆي مەينەت بولۇپ كېتىدۇ...
يوغان گەۋدىسى پاكار ئىشىككە ئاران پېتىپ كىرىدىغان دادامنىڭ مېھىر ھەم سوغۇقلۇق تەڭ چېقنىداپ تۇرىدىغان كۆزلىرى يادىمغا كەلدى. مېنىڭ كۆزۈم دادامنىڭ كۆزىگە ئوخشايتتى، ئوغلۇمنىڭ كۆزلىرى مېنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئەمما، بۇ كۆزلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان يەرلىرى بار ئىدى، نۇرى ئوخشى-

مايتتى، بۇ كۆزلەردە كۆيۈپ تۇرغان ئوت ئوخشمايتتى.

ئوغلۇمنىڭ دادامنىڭ كۆزلىرىگە، مېنىڭ كۆزۈمگە ئوخ-شايدىغان كۆزلىرىدە پارقىراپ قالغان ياشلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى.

ئۇ ئىلاجسىز بىر قىياپەتتە كەينىگە بۇرۇلۇپ ياندىكى ئۆيـ-گە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ نېمىشقا ئۆردەك باققۇسى كېلىپ قال-غاندۇ؟ بۇنىغۇ بىر ھەۋەس دەيلى، مېنىڭ نېمىشقا ئۇنىڭ ئۆر-دەك بېقىشىغا يول قويغۇم كەلمەيدىغاندۇ؟ كۆلچەك يوق، ئۆي پاسكىنا بولۇپ كېتىدۇ، ئۆردەك قىينىلىپ قالىدۇ، دېگەن گەپ-لەرنىڭ ھەممىسى گەپ ـ گەپكە ئۇدۇل كەلگەندە دېيىلىدىغان گەپلەر.

مەن ئۇھ تارتىپ قويۇپ تىزگىنەكنى قولۇمغا ئالدىم.

ئۇنىڭ ئارزۇسى بىلەن مېنىڭ ئارزۇيۇم بىر يەردىن چىقـ-مىغاندا ئۇ چوقۇم ماڭا بويسۇنۇشى كېرەك. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنـ-لىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، مەن چوڭ، ئۇ كىچىك، مەن دادا، ئۇ بالا، بۇ ھاياتنىڭ قائىدىسى مانا مۇشۇنداق. ئەڭ مۇھىمى ئۇ ئاجىز، مەن كۈچلۈك، جاھاننىڭ ئىشلىرىدا ئەزەلدىن ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش كۆرۈپ كەلگەن. ئوغلۇم مېنىڭ يېشىمغا يەتكەندە، ئائىلىدە، يەنە باشقا ئىشلاردا ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم، باشقىلار ئاسان چېقىلالمايدىغان ئورنىنى تاپقاندا ھېچكىمدىن سوراپ يۈرمەي ئۆردەكنى باقالىشى، ئۇنىڭغا كۆل-چەك چېپىپ سۇ باشلاپ، ئۆردەكلىرىنىڭ سۇدا لەرزان ئۈزۈش-لىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ كېتىشلىرى مۇمكىن.

ئەتىسىمۇ ئوغلۇمنىڭ ئۆردەك ياقىمەن، دېگەن گەپلىرى يادىمغا يېتىپ قالدى.

تار يولدا پەرھات بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

ــ ئىكرام، مەن ھېلىقى سوئالنى تېپىپ بولالمايۋاتىمەن جۇمۇ، ــ دېدى پەرھات مانانلاشقان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا

تىككىنىچە مەيۈسلىنىپ.

— ھېچنېمە بولمايدۇ، سىنىڭ ئۇنداق ۋەزىپەڭمۇ يوققۇ.

— مەن توختىماي كالللا ئىشلىتىپ ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ كەت-مىسەم ياشىمىقىم تەس، — دېدى ئۇ.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئىككىمىز كۆڭۈلسىزلا ئۇنى - بۇنى دېيىشتۇق. پەرھات ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

پات ئارىدا دەم ئېلىشقا چىقىدىغان خىزمەتدىشىم كىم بىرسىنىڭ ئوغلىنىڭ خىزمەت ئىشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يۈزمىڭ سوم پۇل خەجلىسىمۇ ھەل بولماي ئاخىرى دەۋاغا چۈشكەنلىكى، قايسى بىر كاتتا ئەمەلدارنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ غوۋغا چىقارغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى.

— ئىسمى تالىپ سابىرمىكەن؟

— ئىسمىنى ئۇقمىدىم، خەقلەر شۇنداق دېيىشىپ يۈرىدۇ، ئىشقىلىپ يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئادەمكەن.

تالىپ سابىر جىق جاپا تارتىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىشلىرى ئاخىرى قانداق بولاركىن؟ بىر ئىشنى ھەل قىلماق تەس، جاھان نېمە بولۇپ كەتتى؟ ناھايىتى ئاددىي، ئوچۇق ئىشلاردىمۇ مۇ-رەككەپ، چىگىش يوللارغا كىرىپ قالىدىغان گەپ. خىيال بىلەن ئۆيىنىڭ ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغىنىمنىمۇ تۇيمايلا قاپتىمەن. ئېگىز - پەس ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنىدىن قاقشايدىكەنمىز، شۇنداق بىر ئىشلار بولمىسا دۇنيا توختام سۇدەك بولۇپ قالى-دۇ. جىمجىتلىقنىڭمۇ بەزىدە جانغا پاتىدىغان يەرلىرى بار. ھەق-مۇ بەزىدە تالاش - تارتىش بىلەن جايىنى تاپىدۇ.

ئەرمۇدۇن دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە مەرۇپ توختى يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ، بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرىدى-غانلار تولا، ئولتۇرىدىغان ئادەم كۆپ بولسىمۇ بىللە ئولتۇرىد-غانلار ئاز. ھەمراھلىشىپ قارتا ئوينايدىغانلارمۇ ئازىيىپ كېتىد-

ۋاتقاندەك قىلاتتى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەرۇپكا.
مەرۇپ توختىنىڭ قىسىلغان كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. كۆڭلىكىنىڭ كىرلەشكەن ياقىسى كۆكۈلنى غەش قىلاتتى، ئىسكەتىدىن كەتكەن دوپپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغانىدى. مەن بۇ كىشىگە كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنىڭ كىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى قانداق ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى بىلەلمىدىم. مەرۇپ توختىنى كۆر-سەملا كۆزۈم ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا چۈشۈپ قالاتتى. ئۇ يەنە گەپ قىلماس بولۇۋالغان خوتۇنىدىن، يامانلاقتىكى قىزىدىن بىزار بولۇپ، نەۋرە قىزىنىڭ ئىشسىز قالغىنىدىن ھەسرەتلىنىپ يۈرسە كېرەك.
مەرۇپ توختى يالغۇز ئولتۇرغان چاغلىرىدا ھەر قېتىم مېنى كۆرسە ئەرمۇدۇنىنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقتىن يەڭگىلگىنە تۇرۇپ ئالدىمغا كېلەتتى.
— كېلىڭا ئۇكام، بىر قول ئويناپ قويايلى، — دېدى مەرۇپ توختى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ. قولىدا قاپقا سېلىنغان قارتا تۇراتتى، تۈگمىسى ئېتىلمىگەن تۆت يانچۇقلۇق چاپىنىنىڭ يان يانچۇقىدىمۇ بىرنەچچە قاپ قارتا تۇراتتى.
— مەن ئۇقمايمەن بۇ نەرسىنى.
— نېمە، قارتا ئويناشنى بىلمەمسىز؟
مەرۇپ توختىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ماڭا قاراپ قالدى. بىر خىل ئۈمىدسىز كەيپىيات چىرايىغا چىقتى.
— شۇنداق، مەن قارتا ئويناشنى بىلمەيمەن.
مەن نېمە دېسەم بولار، دېگەندەك ئوڭايسىز كەيپىياتتا تۇرۇپ قالدىم. مەرۇپ توختىنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ ماڭا گۇمانسىرىغاندەك قاراپ قويدى.
— توۋا ما گەپنى، قارتا ئويناشنى بىلمىسىڭىز سىزنى قانداق ئادەم دەيمىز ئەمدى، قانداق گەپ بولدى بۇ؟... مۇشۇنچە-

ۋالا بولغۇچە قارتا ئويناشنى بىلمىسىڭىز قانداق گەپ بولىدى بۇ؟ قانداقمۇ چىدىغانسىز ئۇكام!؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ھەممە ئادەم بىلىدىغان نەرسە تۇرسا بۇ، سىز بۇنى ئوي-نىمىسىڭىز نېمە ئىش قىلىسىز؟

— قىلىدىغان ئىش جىق.

مەرۇپ توختىنىڭ ھەيرانلىقىغا ھەيران قالغان بىر ئادەم-نىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ قالدى. ئادەم دېگەن بۇ نەرسە بۇ دۇنيا-غا ئوخشىمىغان كۆز بىلەن نەزەر سالىدۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ كۆزى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن قارايدۇ. نېمە قىلسا خەقنىڭ ئىختىيارى، دېگەن گەپمۇ بەزىدە قۇلاققا خۇش ياقماي-دۇ. ئۇ ئالىم كىتابىنى، ئالىم كىتابىنىڭ دېگەنلىرىنى يادىغا ئال-دى. ئادەمنى زورىغا كۇلدۇرۇپ، ۋاقىتنى زورىغا ھەيدەپ جاھاد-نىڭ ئىشلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويىدىغان نەرسىلەر بار. قىلى-دىغان ئىش يوق، ئويناىمىز، دەيدىغانلار بار. مۇشۇ جاھاندا بىر ساغلام ئادەمگە نىسبەتەن قىلىدىغان ئىشنىڭ يوق بولۇشى بەكلا ئېچىنىشلىق ئىش. ئالىم كىتابىنىڭ دېيىشىچە قىلىدىغان ئىش-نىڭ يوق بولۇشى ھەقىقەتەن ئىشنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى تېپىپ قىلالمىغاد-لىقىدا ئىكەن. مۇشۇ مەنىدىن ھايات بىزنى تۇشمۇ تامدىن قى-سىپ، جىددىي ھالەتكە ئەكېلىپ قويغان كۈندىمۇ قىلىدىغان ئىشنىڭ يوق بولۇشى قورقۇنچلۇق ھەم ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت-نىڭ باشلىنىشى بولۇشى مۇمكىن. مەرۇپ توختىنىڭ نەۋرىسى ئالىم كىتابىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىسا قانداق ئويغا كېلەر؟

— نېمىشقا قارتا ئوينايسىز؟

— قىلىدىغان ئىش يوق.

— قىلاي دېگەن ئادەمگە ئىش تولا.

— مەسىلەن، نېمە ئىش بار؟

— كىتاب كۆرسىڭىزمۇ ھېساب.
— كىتاب ئوقۇسام بېشىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ.
— ئەمىسە مال باقسىڭىزمۇ ھېساب.
— مېنىڭ ئۇ نەرسىگە ئېھتىياجىم يوق.
— نەۋرىلىرىڭىزنىمۇ بولسا بېقىپ بېرىڭ.
— كىچىك بالا بىلەن خوشۇم يوق.
ئالىم كىتاب بۇ گەپلەرنى پۈشقۇنۇپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا دەپ بەرگەن. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە مۇشۇ گەپلەر بولۇنغاندا مەرۇپ توختىنىڭ بەكلا ئاچچىقى كېلىپ: «سىز بىر يەرنىڭ سوراقچىسىمۇ نېمە؟ قارتا دېگەن بەلەن نەرسە، بۇنى ئوينىسىڭىز كۆڭلىڭىز ئېچىلىدۇ، ئۇششاق گەپ سۆزدىن خالىي بولىسىز، ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالىسىز... » دەپتۇ. ئالىم كىتابنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى ھەم چۆچۈتكىنى ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالىسىز، دېگەن گېپى بوپتۇ، ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇ شۇنداق بىر گەپكەنكى، ۋاقىت دېمەك ئۆمۈر دېمەك، ئۇنى تۈيمايلا ئۆتكۈزۈۋېتىشكە ئۇرۇنۇشنىڭ ئۆزى تۈيمايلا ئۆلۈپ كېتىشنى ئىزدىگەندەكلا بىر ئىشكەن... بۇنىڭ بەزى يەرلىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئوخشاپ قالىدىكەن.

«ئانامدىن بىر تۇغۇلدۇم، تەكرىدىن مىڭ رەت تۇغۇلماق بار،
سوئالغا بىر بوغۇلدۇم، مىڭ سوئاللارغا بوغۇلماق بار.»

ئالىم كىتاب پات ـ پات مۇشۇ شېئىرنى يادلاپ بېرىدۇ.
— ئۆزۈڭ يازغانمۇ؟
— ياق، باتۇر روزىنىڭ شېئىرى.
مەن ئالىم كىتاب ئوقۇپ بەرگەن شېئىرنى يادىمغا ئالدىم. مەرۇپ توختىنى تىللايدىغان ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن،

ئۇنى ئەتىۋارلايدىغان ئادەملەر بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئالىم كىتاب-نىڭ نەزەرىدە ئۇ بۇ دۇنياغا پايدىسى تەگمەيدىغان ئادەملەر جۈم-لىسىدىن. دۇنياغا پايدىسى تەگمىسىمۇ مەيلى زىيىنى تەگمى-سۇن، دېيىش پەقەت ئامال قىلالمىغانلارنىڭ سۆزى.

مەن مەرۇپ توختى بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ ئۇنىڭ نېمە دە-ۋاتقانلىقىنى، ئاۋازىنى تامام ئۇنتۇپ كەتتىم. كونا ئۆيىنىڭ بۇ-لۇڭلىرىغا، قومۇش ـ بورىلارنىڭ ئۇچلىرى ساڭگىلاپ قالغان يەرلەرگە تور تارتقان ئۆمۈچۈكلەر يادىمغا يەتتى، ئۇنىڭغا چىۋىن چۈشۈپ قالىدۇ، سېرىق ھەرىلەر چۈشۈپ قالىدۇ، ئۇنىڭغا چۈ-شۈپ قالغان نەرسە ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدۇ.

مەرۇپ توختى مەن تونۇيدىغان، مەن بىلەن بىللە ياشايدىغان ئادەم. مەرۇپ توختى خۇشال ياشايدىغان، خۇشال ياشاشنى بىلى-دىغان ئادەم. ئەمما، ئالىم كىتابنىڭ نەزەرىدە مەرۇپ توختى بەك ئېچىنىشلىق كۈن ئېلىۋاتقان ئادەم. ئالىم كىتاب ماڭا بۇنداق دەپ باقمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ شۇنداق ئويلايدىغانلىقىنى بىلى-مەن. ئالىم كىتابنى كاللىسى قاتمال ئادەم، دەيدىغانلار بار. ئا-لىم كىتابنى ساراڭ دەيدىغانلار بار، قالتىس ئادەم دەيدىغانلار بار.

مەرۇپ توختى ئاچچىق بىلەن قولىنى شىلتىدى:

— قويۇڭا، قارتا ئويىنىمىسىڭىز قىلغۇدەك نېمە ئىش بولسۇن؟

— ئىشقىلىپ ئىش چىقىپ تۇرىدۇ.

مەرۇپ توختى ماڭا لەپپىدە قاراپ قويۇپ كەينىگە يېنىپ يەنە بايىقى ئورۇندۇققا قاراپ ماڭدى. ئۇ بىر نېمىلەرنى غوتۇل-داۋاتاتتى. مېنى ئەيىبلەۋاتسا كېرەك.

مەرۇپ توختى ھەر قېتىم يالغۇز ئۇچرىسا مېنى قارتا ئوي-ناشقا تەكلىپ قىلاتتى، باشقىلارغىمۇ شۇنداق ئىدى. ھەر قېتىم ئۇنى ـ بۇنى دېيىشىپ بېقىپ ئاخىردا بىلمەيدىغانلىقىمنى

ئېيتاتتىم، ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلەتتى، ھەريان قارايتتى، زەردە-سى قايناپتتى، ئىچى پۇشۇپ تېپىرلاپ كېتەتتى.

يەرنىڭ مىڭ مېتىر چوڭقۇرلىقىدا نېمە باردۇر؟ دېسەم سۇ بار دەپ جاۋاب بەرگەن بىر كىشى بىلەن ئۇزاق تالىشىپ تاش بىلەن توپا بار، دېگەن گېپىمدە چىڭ تۇرىۋالغان ئىدىم. ئاخىردا ئۇمۇ، مەنمۇ بىر - بىرىمىزگە قايىل بولماي يولىمىزغا كېتە-تتۇق. شۇ گەپنى ئاخىرىغا چىقىرىدىغان جاسارەت مەندىمۇ، ئۇ-نىڭدىمۇ يوق ئىكەن، بۇ ئىشقا قىزىقساقمۇ، بىلگۈمىز كەلسىمۇ جاۋابى چىققۇچە تالىشىدىغان كۈچ بىزدە بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئۇنتۇپ كەتتىم، ئۇمۇ ئۇنتۇپ كەتتى. ئەسلى بىلىپ قويساق، توغرىسىنى تېپىۋالساق يامان كەتمەيدىغان مەسىلە ئىدى. مەرۇپ توختى مۇشۇنداق ئىشلارغا قىزىقىپ قالغان بولسا چوقۇم ئاخىرىغا چىقىراتتى.

مەرۇپ توختىنىڭ ئاۋارە تۇرقى كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈنۈپ كەتتى.

كىشىنى ئۆزىگە تارتىدىغان ھەرقانداق نېمىنىڭ ئوتى بو-لىدۇ، مېھرى بولىدۇ. ئۇنتۇغىلى بولمايدۇ، دېيىشىدىكەن، مە-رۇپ توختىنىڭ ئۇنتۇلمايدىغان، مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان، كې-چە - كۈندۈز ئويلايدىغان نەرسىسى مۇشۇ قارتا، بۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ... مەن بايا ئۇنىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان ئۇ-مىدسىزلىكنى كۆرۈپ ئۇنى قارتا يوق يەرگە ئاپىرىۋەتسە ساراڭ بولۇپ قالغۇدەك، دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

مەن چۆچۈپ ئۆزۈمنى تىڭشاپ قالدىم، مېنىڭ بۇ دۇنيادا ئۇنتۇيالمايدىغان، مېھرىمنى ئۈزەلمەيدىغان نەرسەم نېمىدۇ؟

بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدىم. مۇشۇ سوئالنى ئىلگىرى ئۆ-زۈمگە پەقەت قويۇپ باقماپتىكەنمەن. ئەسلى بۇ بۇرۇنلا سوراي-دىغان، كۆڭۈل، قەلبىمىزنى ئىگىلىگەن نەرسىنىڭ زادى تۆت تەڭگىگە يارىغۇچىلىكى بارمۇ - يوق؟ بىر ئويلاپ باقىدىغان

ئىشكەن. مۇشۇ يېشىمغىچە ئۆزۈمنىڭ نېمىگە ئەڭ خۇشتار بو-
لۇپ ھەم بېرىلىپ ياشىغىنىمنى بىلمىگىنىمگە ھەيران قالدىم.
ئۆزۈمگە يات ھەم سوغۇق بولۇپ كۆرۈندۈم. قارىسام مەرۇپ
توختى يالغۇز ئولتۇرۇپ قارتا شىلىغىلى تۇرۇپتۇ.

— ئىكرام، سەن كىم؟

مەنمۇ، باشقا بىرسىمۇ مەندىن بۇنداق سوراپ باقمىدى. مەن
ئېسىللىك، ياخشىلىق يولىغا ماڭالىدىممۇ؟ ياق، نېمىشقا؟ بىل-
مەيمەن. ناھايىتى ئاسان قىلغىلى بولىدىغان توغرىلىقمۇ بې-
رىلگىلى بولماسلىقتىن ھەيران قالىمەن.

— ئادەملەرنى توغرا يولغا باشلىماق نېمانچە تەستۇ؟

— سەن كىمنى توغرا يولغا باشلاپ باقتىڭ؟

— مەنغۇ باشلىمىدىم، ئادەملەر توغرا يولغا مېڭىشقا قېرىق
كېلىدىكەن، مەسىلەن، كۆڭلىرىنى ئاپتاپسىنىپ بىكار ئۆتكۈز-
گەندىن توخۇ ياكى كەپتەر باقسا، بىرەر موھتاجغا ياردەم بېرىش
بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزسىمۇ ساۋاب، مۇشۇنى ھەممەيلەن بىلىدۇ،
ئىش يۈزىدە ئۇنداق قىلمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ ئادەمنىڭ تەبىئىتىنىڭ
چوڭقۇر بىر يېرىدە ياخشىلىق ئىزدەش، توغرىلىققا مايىللىق
بىلەن پەسكەشلەرچە ياۋۇزلۇق ھەم باشقىلارنىڭ يامان كۈنگە
قالغىنىدىن تەسەللى تاپىدىغان بىر نەرسە باركەن. بۇنىڭ سەۋە-
بى نېمىدۇ؟

— سەن تاپىمەن دەپ يۈرگەن سوئال مۇشۇنداق بىر نەرسە
بولۇشى مۇمكىن.

— شۇنداق يا شۇنداق ئەمەس.

مەن پەرھاتقا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئۇ-
نىڭ مانانلىشىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىغان ئادەم ھېچنېمىنى
چۈشىنەلمەيتتى. بىز كۆز كۆنلىرىنىڭ گۇگۇم چۈشۈشتىن بۇ-
رۇنقى سۈزۈك كەچلىكى مۇشۇ گەپلەرنى دېيىشكەن بولۇشىمىز

مۇمكىن.

بېشىم گاراڭ بولۇپ بازارنى بىر چۆرگىلەپ كەلسەم دوق-مۇشتا كامىل دوڭغاي، تاھىر زوردۇن، تۇردى ياقۇپلار قاراپ تۇرۇشۇپتۇ.

— جاھاننىڭ ئىشلىرى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ زادى؟ — دېدى كامىل دوڭغاي مېنى كۆرۈپ ئىچى پۇشقان ھالدا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — يېزىدىن كەلگەن بىرمۇنچە قىز - ئوغۇللار كوچىدا مەست - ئەلەس يۇرۇشىۋاتىدۇ، مۇشۇنداق بولىۋەرسە تۈگەشمەمدۇق؟ بالىلارنىڭ يولدىن چىققانلىقى خەتەرلىك ئاقىۋەتتىن دېرەك بېرىدۇ.

— ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس، ئاستا - ئاستا ئوڭشىلىپ قالار، جاھاننىڭ ئىشلىرى مۇشۇنداق، — دېدىم مەن تەسەللى بەرگەندەك.

— ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىگە خاس دۇنيا قاراش ۋە پەلسەپە، ئەخلاق قارىشى تىكلىگەن بولۇپ...

— ۋاي بېشىم... ھەي تاھىر زوردۇن، نېمە دەۋاتىسەن قو-ۋۇرغامنى ئېگىپ، — دېدى تۇردى ياقۇپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— نېمە دەپتىمەن؟

— نېمە ئۇ ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات، دۇنيا قاراش دې-گەن؟ بۇنداق گەپلەرنى نەدە دەيدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— نەدە دېسە بولاتتى؟

— دەرس ئۆتكەندە سۆزلىسەڭ، كاللىسى قىزىپ قالغان خەققە دەپ بەرسەڭ ئاڭلايدۇ بۇنى، بىزگە ياقمايدۇ.

— بۇ گەپنىڭ نەرى خاتا؟

— خاتا ئەمەس، ئەمما پەقەت سىڭىشمەيدىكەن.

— ساڭا سىڭىشمەيدۇ زادى، — دېدى تاھىر زوردۇن ئە-

لەمدىن قىزىرىپ.

— ئىچىمنى پۇشۇرۇپ نېمە كىتابتىكى گەپلەرنى يادلاپ يۈرىسەن بۇ يەردە؟ سېنىڭ مۇشۇ گەپلىرىڭنى ھەر ئاڭلىسام ئۆ-تۈم تاشىدۇ مېنىڭ...

مەن پەرھاتنى، ئالىم كىتابنى ئويلىدىم، ئۇلارنىڭ خىيال-لىرى، ئويلىرىنى سېغىندىم.

# ئۈچىنچى باب

ئىكرام دۆلەت ئۆزىنىڭ خىيالچان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى.
پەرھاتتەك بولمىغۇر بىر نېمىلەرنى ئويلايدىغان بولۇپ قالمىسام بولاتتى. پەرھاتنىڭ ئويلىغانلىرىنى يامان دېگىلى بولمايتتى. ئەمما، قوبۇل قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ تاپالماي يۈرگەن سوئال زادى قانداق نەرسە بولغىيدى؟
بازاردىكى سۆرۈنلۈك ئۇنىڭ دىتىغا پەقەت ياقمىدى. ئېشەك ھارۋىسىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان كىشىنىڭ غەم - غۇسسە بېسىۋالغان تۇرقى، ئېزىلەڭگۈ ھالىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىرقىسملا بولۇپ قالدى. بۇلار كۆلىدىغان ئىشقىمۇ كۆلەلمەيدىغان ئادەملەر بولسا كېرەك. مۇشۇ ئادەملەر ئەسلىي مۇشۇ ھالەتتە ياشىماسلىقى كېرەكتەك ئويلايتتى. پۈتۈنسۈرۈك ئادەملەر بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالسا بولمايدىغاندەك، شۇنداق بولۇپ قالسا خۇددى مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشتا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى باردەك ئويلاپ قالاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق ئويلاپ قالىدىغانلىقىنى، ياخشى - يامان ئىشلاردا نېمىشقا ئۆزىگە بىرمۇنچە يۈك ئارتىۋالىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ چۈشىنىپ بولالمايتتى. ھېلىقى ئادەم غەمكىن كۆرۈنەتتى، دوڭغىيىپ مېڭىشلىرى ئۇنى بەكلا بىچارە كۆرسىتەتتى. كىرلەشكەن چاپىنىنىڭ سىرتىدىن باغلىۋالغان پوتىسىنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان ئۇچى كۆڭۈلسىز پۇلاڭلايتتى. ھارۋىدا سامان چىڭقالغان بولسا كېرەك، تومپىيىپ تۇرغان قەنەر بار ئىدى. يەنە بىر سېۋەتتە سولاشقان يېسىمۋېلەك، كۇدە،

نەچچە تال شوخلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىشەكنىڭ نوختىسىغا باغلانغان باشباغ نۇرغۇن يەرلەردىن تۈگۈنچىلىنىپ ئۇلانغان ئىدى. بۇ كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلار، ئېسىل پىكاپلارغا چىقىۋالغان كىشىلەر، ئېسىل كىيىنىۋالغان ئادەملەر، سودىسى يۈرۈشكەنسېرى ئۆردەكتەك مېڭىشىنى ئادەت قىلىۋالغان ئادەملەر خۇددى بۇ ئادەمنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈنلا بۇ يەرگە كەلگەندەك كۆرۈنەتتى.

بۇ بەك بىچارە ئادەم، بۇ ئىشلىرى ئوڭدىن كەلمىگەن ئادەم، بۇ يۆلەنچۈكى يوق ئادەم.

ئىچىم بەكلا ئاچچىق بولۇپ كەتتى، مەن تونۇمايدىغان، مېنىمۇ تونۇشى ناتايىن بولغان ئادەم توغرۇلۇق بىرمۇنچە بىر نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم. ئىشى ئوڭدىن كەلمىگەن ئادەملەر ھېچكىمنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالىدى. ئۆزىنىڭ تەلەيلىك بولغىنىدىن سۆيۈنۈش ئۆزىنىڭ ئىشى، ئەمما تەلىيىدىن كۆرەڭلىگەن ئادەملەر كۆزۈمگە بەك سەت كۆرۈنىدۇ. تەلەي چۆل يامغۇرىدەك نەرسە، يامغۇرغا تەشنا بولۇپ تۇرغىنىڭدا ئۇدۇل كېلىپ قالسا بەختىڭ، بولمىسا زارلاپ، قاقشاپ قالغىنىڭ قالغان. يامغۇرنى سەن ئەمەس تەقدىر ياغدۇرىدۇ. مېنىڭ گېپىمنى مەسخىرە قىلىدىغان، زاڭلىق قىلىدىغان، ئاجىزلارنىڭ ئۆزىنى ئالدايدىغان باھانىسى، دەيدىغانلار چىقىشى مۇمكىن، بۇنداق دەيدىغانلار دەۋەرسۇن. مۇنۇ ئادەم قاغجىراپ تۇرغاندا يامغۇرغا ئۇدۇل كېلەلمىگەن قومۇشقا ئوخشىسا كېرەك. ئۇنىڭ تۇرقىدىن چىقىپ تۇرغان بىچارىلىك، مىسكىنلىك يۈرىكىمگە كۆرۈنمەس زىخ بولۇپ سانجىلىپ كەيپىمنى بەكلا ئۇسال قىلىۋەتتى. كېلىپ ـ كېتەر ئۆتەڭ بولغان دۇنيادا ياشايدىغان ۋاقتىمىز شۇنچە قىسقا بولسىمۇ، ئەمما تارتىدىغان خاپىلىقىمىز ئاز ئەمەس. دۇنيانىڭ گۈزەللىكى، ھاياتنىڭ شې-

رىنىلىكىنى كۆيلەپ ناخشىلارنى ئېيتىۋاتقان دەملىرىمىزدە كۆزىمىزگە مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەر كۆرۈنۈپ قالمىسا ياخشى بولاتتى. ئەمما، كۆزنى يۇمۇۋالسىمۇ، قۇلاقنى ئېتىۋالسىمۇ، بۇنداق ئادەملەر ھەر جايدا بار. مېنىڭ شۇ چاغدىكى خىيالىم بويىچە مۇشۇنداق ئادەملەرگە ئىچ ئاغرىتىش ھېچنېمىنى ھەل قىلالمايدۇ. مۇشۇ ئادەملەرگە يېقىن بېرىپ، قولىنى تۇتۇپ ئالدىغا باشلاش تايىنى بار ئىش بولۇشى مۇمكىن.

— تىنچلىقمۇ ئىكرام، يوقاپلا كەتتىڭغۇ؟

تالىپ سابىر كۆزەينىكىنى بۇرنىنىڭ ئۇچىغا چۈشۈرۈپ ئىپادىسىز قاراپ تۇراتتى. پومپىيىپ تۇرغان يوغان كىلىونكا سومكىسى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقاتتى. مۇشۇ سومكىنىڭ ئىچىددىكىسىنىڭ ھەممىسى پۇل بولغان بولسا تالىپ سابىر دەۋا قىلىشتىن توختاپ قالغانمۇ بولاتتى، ئەمما بۇنداق مۇمكىنچىلىك پەقەت يوقتە.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز تالىپكا؟ ئۇزۇن بوپتۇ كۆرۈشمىگىلى.

تالىپ سابىر يانغا چىرتتىدە تۇكۇرۇۋېتىپ دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ قايتىدىن چۆكۈرۈپ كىيدى.

— مەن نېمە ئىش قىلاتتىم، بۇرۇنقى دەۋا ئىشلىرىمنى قىلغاچ دەم ئېلىۋاتىمەن.

تالىپ سابىر پەرۋاسىزلا شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ تەبىئىي ھەم بىپەرۋا ھالدا دەۋا ئىشلىرىمنى قىلىۋاتىمەن، دېگەندىكى تۇرقى ھەم تەلەپپۇزى مېنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇنى خۇددى بىرەر يامان ئىشقا ئۆگىنىپ قالغان ئادەمدەك ئويلاپ قالدىم. جاھاننىڭ ئىشلىرىنى تولا ئويلايدىغان بىر ئادەم ماڭا: ئىككى ئىشتىن خۇدايىم ساقلىسا ياخشى، بىرى تۈگىمەس دەۋاغا چۈشۈپ قېلىش، يەنە بىرى ئېغىر كېسەل بولۇپ قېلىش، مۇشۇ ئىككى

پالاكەتنىڭ قايسى بىرىگە يولۇقسىڭىز سىزنى نەس باسقىنى شۇ، سورۇلۇپلا كېتىسىز، دېگەن ئىدى. گەپنى نەقلا قىلىپ بېشىپ بەرمەيدىغان بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇ گەپلەرنى قىلىشتىكى نۇرغۇن ئاساسلىرى بارلىقىغا ئىشەنسەممۇ، ئەمما دېگەنىدەك چۈشىنىپ كېتەلمىگەنىدىم. مەن ئۇنى شۇ چاغدا ئېغىر كېسەل ھەم دەۋاگەرلىك ئىشلىرى ئادەمگە خۇددى سالجىدەك چاپلىشىۋېلىپ، كىشىنى ھاردۇرۇپ، جاننى قاقشىتىپ تۈگەشتۈرۈۋېتىدۇ، بۇ كىشى بەلكىم مۇشۇنداق ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزگەن ئىدىم. بۇ دۇنيادا زادى بەزى ئىشلار كىشىنىڭ روھىنى، خىيالىنى، جىسمىنى مۇستەھكەم شۇڭ، يىلتىزلىرى بىلەن چىرمىۋالسا كىشى ئاسانلا تۈگىشىپ كەتسە كېرەك.

تالىپ سابىر قىزارغان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ماڭا قاراپ تۇراتتى. بەكلا يىراقتا قالغان بالىلىق ۋاقتىمدىن تارتىپ بىلىشىدىغان، مەندىن يىگىرمە ياش چوڭ بۇ بۇرادىرىمنىڭ ھەم مېنىڭ قېرىپ كەتكىنىمىزگە پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى تامام ئاقىرىپ كەتكەن، ئاتمىشنىڭ قارىسىنى ئالغان بولسىمۇ، نىمىشقىدۇر خۇددى ئىككىمىزنىڭ يېشى تەڭدەك، پەرقىمىز يوقتەك ئويلاپ قالاتتىم.

— مەن قىرىق ياشقا كىردىم، ئۇشتۇمتۇتلا قېرىپ قالغاندەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم.

— قىرىق ياشنى قېرى دېگىلى تۇرسا قانداق بولىدۇ؟ قېرى، ياش بولۇشىڭىز مۇھىم ئەمەس... پەقەت ئادەم بولۇشىڭىز مۇھىم.

تالىپ سابىرنىڭ چىرايىدىكى چوڭقۇر، ئىرماش - چىرماش قورۇقلار خۇددى دۇنيانىڭ بىز ماڭىدىغان باش - ئايىغىنى بىلگىلى بولمايدىغان يوللىرىغا، تەقدىرنىڭ كىشىنى مەسخىرە قىلىدىغان خەرىتىسىگە ئوخشايتتى. نۇرلۇق چىرايلار ئاپتاپتا

قالغان ئالمىدەك قورۇلۇپ پۈرلىشىپ، ئىسكەتىنى يوقىتىپ كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدۇ. بىز كۆڭگەكنىڭ ئەۋلادى، كۆنمىسەك بولمايدۇ. دۇنيا خۇددى شاش تۇلپارنى كۆندۈرگەنگە ئوخشاش ناھايىتى بىمالال ھالدا ھەممىمىزگە سالما تاشلاپ، ئۈستىمىزگە ئېغىر تاغارنى ئارتىپ قويىدۇ. دەسلەپتە ھەممەيلەن چىچاڭشىپ، سەكرەپ باقىمىز، بۇنىڭلىق بىلەن تاغار ئۈستىمىزدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ، سالما بوشاپ قالمايدۇ. تەرلەپ پىشىپ، ماغدۇرىمىز چىقىپ ئاخىردا قانداقلارچە تىزگىنگە كۆنۈپ قالغىنىمىزنى، قانداقلارچە شاشلىقىمىزدىن ئايرىلىپ قالغىنىمىزنى بىلمەيلا قالىسىز. شۇنداق قىلىپ تىزگىن، نوختىلارغا كۆنۈپ قالىمىز، شۇ نەرسىلەر بولمىسا گاڭگىراپ قالىمىز، تىزگىن، نوختىلارسىز ماڭار يولىمىزنى بىلەلمەي تەمتىرەيمىز. ھايات مانا مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ھەم كۈلكىلىك. شۇنداق بولسىمۇ، بىز مەڭگۈ ۋاز كېچەلمەيدىغان بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ ياشاش ھەم يەنە ياشاش، ياشىغاندىمۇ ھاياتنى چۈشىنىپ، ھاياتنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ ياشاش، قەددىمىزنى تىك تۇتۇپ ھەر بىر يورۇق كۈننى، ھەر بىر چاڭ ـ مانالىق كۈننى شادىمان، خۇشال ئۆتكۈزۈشكە ئىنتىلىپ ياشاش... مەن بۇ گەپلەرنى پەرھاتقا دېگەن بولۇشۇم مۇمكىن. ھەتتا نەچچە رەت دېگەن بولۇشۇممۇ مۇمكىن.

تالىپ سابىرنىڭ دەۋا ئىشلىرى قاچان تۈگەر؟ ئۇن يىلدىن ئاشتى، مېنىڭچە ۋاز كېچىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى.

— بولدى قىلسىڭىز بولاتتى، بالىڭىزمۇ ئۆيلىنىپ بولدى، ئەمدى يەنە بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز قانداق بولار؟

— ئۇنداق قىلسام قانداق بولىدۇ؟ ھەق ھەققە يېتىشى كېرەك ـ تە، ئۇنىڭ بالىسىنىڭ ئىسمى تۇرسۇن غالىپ، مېنىڭ بالامنىڭ ئىسمى تۇرسۇن تالىپ، نەتىجە ئالمىشىپ كەتكەن گەپ. بۇنى سورايدىغان ئادەم چىقمىسا قانداق بولىدۇ؟

— ئالمىشىپ كەتكىنىگە كىم ئىسپات بولالايدۇ؟ بۇنداق دەۋانىڭ ئاخىرى چىقمايدۇ جۇمۇ.

— بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى چوقۇم چىقىدۇ، چىقمايدىغان ئىش يوق. بىر ئادەمنىڭ ئىسمىدا بىر ھەرپنىڭ ئوخشاپ قېلىشى بىلەن ئىشلار ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟

تالىپ سابىرنىڭ قارا داغلار بىلەن تولغان بۇرنىنىڭ ئۇچىدا ئۇششاق تەرلەر بار ئىدى.

— بالىڭىز ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— دوغچىلىق قىلىۋاتىدۇ، خوتۇنى ئۆپكە ـ ھېسىپ قۇيۇپ ساتىدىغان ئىشنى قىلدى، ئۆزى دوغ سېتىپ يۈرىدۇ، كۈنىگە نەچچە يۈز يۈەن تاپقۇدەك، تىجارىتىمۇ ئوبدان.

— شۇنداق بولغاندىكىن بولدى قىلىڭ، ھەممە ئىشنى پۇل تېپىپ جان بېقىش ئۈچۈن قىلىمىزغۇ؟

مەن تالىپ سابىرنىڭ ئەقلىنىڭ قانداقلىقىنى، ئۇنىڭ شۇ ئەقلىنىڭ باشلىشىدا مۇشۇ ھاياتىدا نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، پېشانىسىدىن، قارا داغلار باسقان يۈزلىرىدىن جاھىللىق، كاجلىق يەنە ھېچنېمىنى پەرۋايىغا ئالمايدىغان بىر نەرسىلەرنى كۆرگەندەك بولدۇم.

— شۇنداق دېگەن بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى قىلـ غانغا نېمە يېتىدۇ؟ غەم يېمەيسەن، بىرلا ئىلىنىشىۋالساڭ تا ئۆلگۈچە ھۆكۈمەت ئىگە بولىدۇ.

— بىراق پۇل تېپىپ جېنىنى جان ئېتىشمۇ ئوبدان ئىشـ قۇ؟

تالىپ سابىرنىڭ پېشانىسىدىكى قورۇقلار كۆپىيىپ كەتـ كەندەك قىلاتتى.

— سەن شۇنداق دەيسەن، قېنى سېنى ناۋادا خىزمىتىڭدىن قالدۇرۇپ، ئۆزى پۇل تېپىپ جان بېقىش دېگەن ئوبدان ئىش،

شۇنداق قىلى دېسە قانداق قىلىسەن؟
— بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس.
— مانا ئەمەسمۇ، باشقا گەپنى قويايلى، دەم ئېلىشقا چىد-
قىپ ئىشلىمەي ئۆيدە ياتساڭمۇ ھۆكۈمەت بىر ئوبدان پۇلنى
بېرىۋېرىدۇ. شۇڭا دەيمەن، ھۆكۈمەتنىڭ دەپتىرىگە كىرىۋېلىش
ھەممىدىن مۇھىم، ئەمما بۇ جەھەتتە مېنىڭ ئوغلۇم تەتۈر چىق-
تى، نېمە دەيدۇ دېمەمسەن؟ دادا، ئەمدى دەۋا قىلىدىغان ئىشىڭ-
نى توختات، كۆڭلىرىم بىر ئوبدان، ھازىر مېنىڭ ئىشىمنى ھەل
قىلساڭمۇ خىزمەت قىلىشىم ناتايىن، قۇرۇق ئاۋارە بولما، دەيدۇ
كىسپۇرۇش. ناۋادا مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى ھەل قىلسامۇ ئۇ
خىزمەت قىلمىغۇدەك...
— شۇ باللارنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئويلايدىغىنى بار.
— ئۇلار نېمىنى ئويلىيالايدۇ؟ بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرىدۇ،
قولىدىكى نەچچە تەڭگە پۇلنى كۆرۈپ ئۆزىچە كۆرەڭلەپ كەتكى-
نى بىلەن جاھان دېگەن گاھ ئوڭغا گاھ سولغا چۆرگىلەيدىغان
نېمە بۇ، ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. يەنىلا خىزمەت قىلغىنى
ياخشى.
تالىپ سابىر دەۋادا ئۇتالماسلىقى مۇمكىن.
— بىر چوڭامنىڭ ياقا - ماقىسىدىن ئېلىپ خېلى تويغۇ-
زۇپتۇ، دەيدىغۇ سىزنى...
— ئەسلى ئۇنداق قىلمايدىغان ئىشتى... ئەمما يەيدىغانى
يەپ، ئالىدىغاننى ئېلىپ، ئامال يوقكەن، دەپ مۇشۇكتەك كۆزد-
نى يۇمۇپ گۆشىيىپ تۇرىدۇ، شۇ ئاچچىقىمدا ئازراق ئەدەپلەپ
قويدۇم، ئەمدى يەنە بىرسى بىلەن كۆرۈشتۇم، شۇنىڭ پېشىنى
تۇتاي دەيمەن، خېلى يۈرىكى باردەك قىلىدۇ.
— مۇشۇ ئىش ئاقارمۇ زادى؟
— ئاقىدۇ، ئاققانغا قەدەر توختاپ قالمايمەن.
تالىپ سابىر ئويلىغان ئىشلارنى مەن ئويلىيالىشىم ناتا-

يىن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن چىقىپ تۇرغان پىسەنتسىزلىك ھەم جاھىللىق ئۇنى سۇرلۇك كۆرسىتەتتى. مەن بۇ ئادەمگە ئوخشايمەن، دەپمۇ ئوخشىيالمايمەن. تالىپ سابىر ماڭا قاراپ باش لىڭشىتىپ قويۇپ گۇس ـ گۇس دەسسەپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ دەۋا قىلىشتىكى قايتماس روھى، ئون نەچچە يىلدىن بۇيان زېرىكمەي، تېرىكمەي دەۋاغا بارلىقىنى ئاتاشلىرىدىن ھەيران قالاتتىم.

يېنىمدا بىرەيلەن تاۋۇز سېتىپ ئولتۇراتتى. بازاردا ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىدى.

خۇشاللىقلىرى، كۈلكە ـ شادىمانلىقلىرى، دەرد ـ ھەسرىتى، قايغۇ ـ نادامىتى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئادەملەر كوچىلاردا ئەلەڭلەپ يۇرىشەتتى. ئارمانلىرى، ئارزۇلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئادەملەر ھەريان ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

تاۋۇز ساتىدىغان ئادەمنىڭ شوخلۇقى يوقاپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ غەم بېسىۋالغان تۇرقى ئادەمنى بىر قىسىملا قىلىپ قوياتتى. بۇ خۇددى بابا يەتمىش يەردىن ئۇلاق ئارغامچىنى تارتىشتۇرۇپ، ئۆلەرمەن ئېشەكنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان كىشىگە ئوخشاپ قالغانىدى. بىر قۇدرىتىم بولسا مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ جىمى دەردلىرىنى سۇپۇرۇپ، چىرايىدىن شادلىق كۈلكىسى ئۆچمەيدىغان قىلالىسام...

※ ※ ※

— سىزنى يېنىمدا ئۇزاقراق تۇرسىكەن دەيمەن.

ناھايىتى يېقىملىق بىر ئاۋاز قىزارغان بۇلۇتلار ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەنىدى، بىر كۆڭۈلگە سىڭىپ كەتكەنىدى، مۇشۇ ئاۋاز بىلەن لەيلى دېگەن ئىسىم بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن ئىدى.

چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەر كۆڭۈلگە ئارام بېرىدۇ. چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەرنىڭ دەسسىلىپ كېتىشى كۆڭۈلنى زېدە قىلىدۇ.

لەيلى...

سېغىنىش...

ئۈمىدسىز كۈتۈش...

مېنىڭ تاھىرنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دەپ ئىرادىگە كېلىشىم، ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرمىگۈچە توختىمايمەن، دېگەندەك نىشانلىرىم ئەمەلىيەتتە مېنىڭ يۈرىكىمدە كۆكلىگەن، يىلتىز تارتىشقا باشلىغان، يىلتىزلىرى چوقۇم ناھايىتى ماتانەتلىك، ناھايىتى مۇستەھكەم بولغان، ھامان بىركۈنى زەھەرلىك چېچەك ئاچىدىغان قارا گىياھ ئىدى. مەن بەزىدە ئۆزۈمنىڭ ئادەم ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىمدىن، شۇنداق نىيەتكە كەلگەنلىكىمدىن قورقۇپ قالاتتىم، يەنە بەزىدە مۇشۇ ئىرادەمدىن ئايرىلىپ قېلىشىمدىن قورقاتتىم. لەيلىنىڭ ناھەق ئۆلۈمى، ئۇنى ئۆلۈمگە قىستىغان تاھىرنىڭ شەرمەندە ھەم ئىپلاس قىياپىتى ھەر يادىمغا يەتسە يۈرىكىم قاپقارا ھەم سوغۇق بولۇپ كېتەتتى. تەقدىر يازمىشىمدا بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى نىيەت قىلىشتەك بىر نەرسە بولسا كېرەك. زادى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەلەمدىم - يوق؟ بۇنى بىلمەيمەن. لەيلىنى ئۆلۈمگە قىستىغان ئادەم چوقۇم تاھىر، دېگەن بىر ئوي كاللامنى چىرماپ تۇراتتى. بۇ پەقەت مېنىڭ ئويۇم بولسىمۇ، مەن شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ يۈرەتتىم.

قىرىق ياشتىن ئاشقان، خوتۇنى بار ئادەم كىشىلەر بىلسە بولمايدىغان ئىشق بالاسىغا مۇپتىلا بولۇپ قالسا بۇنى ئادەم بولدى دېگىلى بولمايدۇ، دەپ ئويلايدىغان ئادەملەر تولا. لەيلىنىڭ مېھرىدىن، ئىشقىدىن، روھىدىن نۇر ئالغان قەلبىم يوروپ ئۆزۈمنى ھاياتنىڭ سەلتەنەتلىك ھۇزۇر - ھالاۋىتىدىن، شاراپى-

تىدىن سۆيۈنۈپ مەغرۇر سەزگەن دەملىرىمدە بۇ جاھاندا بەزى ئادەملەرنىڭ بەزى ئىشلارنى قىلسا بولمايدىغانلىقىنى، قىلغۇسى كەلسىمۇ قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم. كېيىنكى كۈنلەردە مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا قىرىق ياشلىق ئەرنىڭ ئۆزىدىن ئون سەككىز ياش كىچىك قىز بىلەن ئىشق كوچىسىغا كىرىپ قالسا بۇنىمۇ دۇنيانىڭ ھېچقانداق قائىدىسىنىڭ قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكىنىمدە ھەممە ئىش ئاخىرلاشقان ئىدى.

— كۆڭلىڭىزدە مېنى يامان ئادەم دەپ ئويلىغان بولسىڭىز كېرەك.

— شۇنداق ئويلىغان بولسام سىزگە ئوچۇقلا دېگەن بولاتتىم، ئەمەلىيەتتە سىزنى نېمىشقا بۇنچە تولا ئويلايدىغىنىمنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي رەللە بولۇپ كېتىمەن.

لەيلىنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، ئوت بولۇپ ياندى. يۈلتۇزلارنىڭ ئەكسى جىمىرلىغان نەمخۇش كۆزلىرى ماڭا بىر ئىللىق دۇنيا بولۇپ تۇيۇلدى. لەيلىنىڭ مېھرىگە قانغان دەملەردە مەن جېنىمغا جان قوشۇلغانلىقىنى، ۋۇجۇدۇمنىڭ كۈچلىنىپ، قەددىمنىڭ تىكلىشىپ قالغانلىقىنى ناھايىتى روشەن سېزىپ ھەم ھەيران ھەم خۇشال بولغان ئىدىم.

— پەرھات... مەن سىزگە ئاشىق...

لەيلى نازۇك بارماقلىرى بىلەن قولۇمنى سىلاپ شۇنداق پىچىرلىدى. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى روھىمغا جان قوشتى.

— كىلوسى بىر كوي، كىلوسى بىر كوي!

تاۋۇز ساتىدىغان سېمىز ئادەم ئېرىنچەكلىك بىلەن ۋارقىراپ قوياتتى، ئالدىدىكى تاۋۇز، قوغۇنىنىڭ شالتاقلىرى بىلەن كىرلەشكەن شىرەدە چىۋىنلەر گىژىلدىشىپ يۈرەتتى.

— تاۋۇز يەمسىز، قوغۇنمۇ؟

— مەن تاۋۇزغا ئامراق.

— ئاپلا، قوغۇن ئېلىپ كەپتىمەن ئەمەسمۇ.
— بولدى، سىز ئەكەلگەندىكىن قوغۇن بولسىمۇ يەۋېرىدىمەن.
— قوغۇنمۇ ئەكەلمەپتىمەن.
— مېنى تېرىكتۇرمەڭ.
لەيلىنىڭ باتنىغاندەك يېقىملىق ئاۋازى شاماللارغا، دەرياننىڭ يەڭگىل شاۋقۇنلىرىغا قوشۇلۇپ يىراق بىر يەرلەرگە كېتەتتى. بىر نەچچە بېلىق ئالغۇچنىڭ ناگان ـ ناگاندا چىرقىراپ قويۇشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى.
— بولدى، تۇخۇم ئېلىپ كەلگەنىدىم، شۇنى يەيلى، قېنى ئېلىڭ.
لەيلىنىڭ چاچلىرى شامالدا يەلپۈنەتتى، دەريا بويىنىڭ سالقىن ھاۋاسى شۇ قەدەر يېقىشلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزىنى توسۇپ تۇرۇپ نەرسە يەيدىغان ئادىتى ئۇزۇنغىچە يادىمدىن چىقمىدى.
— نېمانداق قاراۋېرىسىز؟
— قارىغۇم كېلىدىكەن، كۆندە كۆرۈشەلمەيدىغان تۇرساق.
— قاراۋەرسىڭىز خىجىل بولىدىكەنمەن.
مەن ئۇنتۇپ كەتكەن نۇرغۇن ئىشلار بار، مەن ئۇنتۇپ كېتەلمىگەن نۇرغۇن ئىشلار بار. ئۇنتۇيالماسلىقتىن قورقىدىغان يەنە ئۇنتۇپ كېتىشىمدىن قورقىدىغان ئىشلار بار. بىچارە يۈرەكىم مۇشۇنداق دەملەرنىڭ بەك ئۇزاق داۋام قىلىشىنى شۇنداق تەمە قىلىدۇ، شۇنداق ئارزۇ قىلىدۇ.
— بىر كۈنلەردە سىزدىن ئايرىلىپ قالسام قانداق قىلارمەن؟ دەپ قورقىمەن.
— ئەر كىشى دېگەن بىخەۋەر ياشاۋېرىدۇ، ماڭا تەس...
لەيلىنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىرلاپ قالدى. شامالار يېپەكتەك يۇمشاپ كەتكەن، لاي سۇ تېگىدىكى مەن كۆرەلمەيدى-

غان بىلىقلار ئۆز ئىختىيارىچە ئۈزۈشۈپ يۈرەتتى. سۇ قىرغاق-تىكى تاشلارنى يالاپ ئاقاتتى. لەيلىنىڭ كۆزلىرىگە ياش ياماش-قانلىقىنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ قالدىم.

— نېمە بولدىڭىز؟

— ئۆگەي ئانام مېنى تىللىدى. مەن ئىگىسىز قېلىۋاتىمەن.

قانداقتۇر سوغۇق ھەم قاتتىق بىر نەرسە قەلبىمنى دېرىزەمگە ئۇرۇلدى، مەن دەز كەتتىم. مېنىڭ دۇنيارىمغا، مېنىڭ بارلىقىمغا دەز كەتتى، بۇلاقلىرىمغا ئەخلەت چاۋالار تاشلاندى.

— نېمە بولغان؟ — ئاۋازىم بوغۇلۇپ كەتتى، لەيلىدەك قىزنى بىرسى تىللىسا قانداق بولىدۇ؟

— ئۆيىمىزنىڭ ئىگىدارلىقىنى ئۆزىنىڭ نامىغا ئۆزگەرتمەكچى بولغانىدى، مەن قوشۇلمىغان.

— ئەلۋەتتە قوشۇلماسلىقىڭىز كېرەكتە.

— ئەمما، دادام قوشۇلۇپتۇ.

— ما گەپنى، دادىڭىزنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟

— دادام ئۇنىڭدىن قورقىدۇ، مەن ئۆينىڭ مۈلۈك كىنىشكىسىنى يوشۇرىۋالدىم، ئۆگەي ئانام ۋەھشىيلىشىپ كەتتى، — لەيلىنىڭ نازۇك تېنى تىترىدى، تىترىگەن يالغۇز ئۇنىڭ تېنىلا ئەمەس ئىدى، يۈرىكى، قەلبى ھەم روھى تىترىدى. دۇنيانىڭ يۈرىكى، دۇنيانىڭ روھى تىترەپ چالغىدى.

— دادىڭىز ئۇ خوتۇندىن نېمىشقا قورقىدۇ؟

— ئۇنىڭ دېيىشىچە، دادام ئۇنىڭ گېپىگە كىرمىسە ئۇ دادامنى تۈرمىگە سولىتىۋېتەلەيدىكەن.

— نېمە، بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟

— بۇنى دېيەلمەيمەن، قورقىمەن.

— دەۋېرىڭ بولدى.

— دادام خۇن دەۋاسىغا چېتىشلىقمىش.

— نېمە دەيدىغانسىز، بۇ مۇمكىنمۇ؟
— بىلمەيمەن، بۇ ئۆگەي ئانامنىڭ گېپى، ئۇ دادامغا هامان بىركۈنى ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقىمەن، هەتتا سېنى ئاتقۇزۋېتەلەيمەن، دېدى. دادام قورققىنىدىن ئايلىنىپ كەتكىدەك تاسلا قالدى. ئۇ خوتۇن مېنىڭ قولۇمدا پاكىت بار، دەيدۇ.
— بۇنىڭ تېگىدە چوقۇم بىر سىر بار.
— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، هاممامنىڭ دېيىشىچە، بۇ خوتۇن ئانام هايات ۋاقتىدىمۇ دادام بىلەن ئىش - پەش تارتىشىپ يۈرەركەنمىش، ئانام يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۇشتۇمتۇتلا تۈگەپ كەتتى، مەنمۇ بىر كۈنلەردە شۇنداق ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن.
— بۇنداق گەپ قىلماڭ.
مەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ جىمىپ كەتتىم، قولۇمنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم.
— هەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ.
مەن لەيلىنىڭ چېچىنى سىلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدىم. كاللام گاراڭ بولۇپ كەتتى، بەلكىم ئۇ خوتۇن لەيلىنىڭ دادىسىنى قورقۇتۇپ شۇنداقلا دەپ قويغان گەپتۇ.
كېيىنكى كۈنلەردە مەن شۇ چاغدا ئەر كىشىگە ئوخشىماي قالغانلىقىمنى هېس قىلغان ئىدىم.
رەڭگى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئەسلىمىلەر قۇيۇندەك پىرقىراپ ئۇنىڭ خىياللىرىنى مانانلاشتۇراتتى. ئۆتكىلى بولمايدىغان هاڭنىڭ قارشى تەرىپىدىكى گىرىمسەن ئارىسىدا چىرايلىق بىر سىما شاماللار ئارىسىدا لەرزان كېتىپ باراتتى.
بازار سۈس قايناپ تۇراتتى. بازاردا هەممە نېمە باردەك قىلاتتى، بىراق ئۇ ئىزدىگەن نېمىسىنى تاپالمايدىغاندەك قىلاتتى.
پەرهات ئۆزىدىن قورقۇپ قالدى، ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن

قورقۇپ قالدى، دۇنيادىن قورقۇپ قالدى، ئۆزى ياشاۋاتقان ھەر بىر كۈندىن قورقۇپ قالدى، لەيلى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ھەممە نەرسىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

تۇخۇم سېتىپ ئولتۇرغان موماينىڭ تۇرقى ئۇنىڭغا نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن مومىسىنى يادىغا سالدى. مومىسى ئۇنى ئېشەككە مىندۈرۈپ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باراتتى، يولدا ماڭغاچ سۇرە يادلايتتى، ئۇ مومىسىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان، مەنىسىنى چۈشەنمەيدىغان سۈرىلەرنىڭ يېقىملىق ئاھاڭىنى تىڭشاپ ئېشەك ئۈستىدە كېتىپ باراتتى، يۈرىكىدە سىرلىق ھەم تولىمۇ ئىسسىق بىر نۇر پەيدا بولغاندەك ھېس قىلاتتى. ئېشەكنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان مومىسىنىڭ دۈمچەيگەن بەللىرى كۆزگە تاشلىناتتى. ئاددىي چىت رەختتىن تىكىلگەن كۆڭلەكنىڭ ئۈستىدە قۇياشنىڭ ئۇلۇغۋار نۇرى ئوينايتتى. ئېشەك نەدە سۇنى كۆرسە يۈراپ بېقىپ سۇغا تەس كىرەتتى، ئاندىن سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ سۇغا سىيەتتى. مومىسى بۇنداق چاغدا ئېشەكنى تىللايتتى، چۈلۋۈرنى سىلكىپ ئېشەكنىڭ سۇدىن تېزرەك چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن تارتقۇشلايتتى. ھازىر مۇشۇ ئىشلار ئۇنىڭ بالىلىق خاتىرىسىدە ئۆچەي - ئۆچەي دەپ قالغاندەك قىلاتتى.

— پەرھات، چىڭ ئولتۇر بالام...

مومىسى شۇنداق دەيتتى.

ئاشۇ جانجان مومىسى بىلەن مۇنۇ موماينىڭ بىر يەرلىرى ئوخشاپ كەتسە كېرەك.

«بۇ بىغەم مومايدەك قىلىدۇ»، دەپ ئويلىدى ئۇ موماينىڭ پەرۋاسىز تۇرقىغا قاراپ. بىر قارىسا بۇ موماي بىلەن مومىسىنىڭ پەقەت ئوخشاشلىقى يوقتەكمۇ قىلاتتى.

لەيلىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ قالمىغان بولسا مۇشۇ مومايدەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەر بولغىيدى!؟

بۇ مومای بىلەن لەيلىنى بىر يەردە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغاندەك ئىدى. بۇ مومای ئۆمرىدە باشقىلارنىڭ ئۆلۈمگە قىستاشلىرىغا دۇچ كەلمىگەن بولۇشى يەنە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋې- لىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن.

چىمەن دوپپىسى كىرلىشىپ كەتكەن بىر ئادەم سۇۋاقلىرى ھۆركۈپ چۈشۈپ كەتكەن تامنىڭ تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قوغۇن يەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن بۇرۇتلىرىغا قوغۇن شىرنىسى يۇقۇشۇپ قالغان ئىدى.

— بالا نەچچە ھاشىمئاخۇن؟

يېنىمدىكى ئىشەك ھارۋىسىدا ئولتۇرغان ئىككى كىشى پا- راڭغا چۈشتى. تۆت يانچۇقلۇق چاپاننىڭ ئالدى تۈگمىلىرىنى خاتا ئېتىۋالغان شەپكىلىك بىرسى گېزىت قەغىزى بىلەن تاما- كا ئوراۋېتىپ شاپاق دوپپىلىق ھەمراھىدىن سورىدى.

— بالا بەش، ئىككىسى ئوغۇل، ئۈچى قىز، چوڭ ئىككى ئوغۇلنىڭ قولى ئىشقا تېگىپ قولۇمنى سوۋۇتتى، قىزلىرىم تېخى كىچىك، ئۇلارمۇ چوڭ بولۇۋاتىدۇ.

— بالىلار ئوقۇدىمۇ؟

— سەككىزنى پۈتكۈزگەن، مەكتەپتىن تارتىۋالدىم، ئوقۇپ نېمە قىلار؟ يوغان مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەنلەرنىمۇ كۆرۈۋاتىد- مىز، يا خىزمەت تاپالمايدىكەن، يا ئېتىزنىڭ ئىشىنى قىلالماي- دىكەن، تازا بىر يارامسىز بولۇپ قالىدىكەن. شۇڭا ھۈنەرگە بې- رەيمىكىن دەيمەن، سېنىڭ بالىلىرىڭچۇ؟

— بۇرۇنقى خوتۇنۇمدىن تۇغۇلغان ئىككى بالام قېچىپ كەتتى، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، كېيىنكى خوتۇن بەك باغرى قاتتىق چىقىپ قالدى، بىر ئوبدان خوتۇندىن ئاجراشتۇ- رۇپ تېگىۋالغان بۇ گۇي، مانا ئۆيگە كىرىۋېلىپلا ئوساللىقنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بالىلىرىمنى پاتقۇزمىدى. يەتتە - سەككىز يىل بولدى، بالىلىرىمنى كۆرەلمىدىم، كىچىكلا چىقىپ كەتكەن

باللار، شۈلارنىڭ قىساسىدىن قانداق چىقارمەن؟ دەپ يۈرىكىم سۆ... جاھان دېگەن مۈشۈكەن.

شاپاق دوپپىلىق ئادەمنىڭ بىركىمگە دەپ بەرسە نەچچە كۈن ئاڭلىغۇدەك ئۈزۈن ھەم ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرى بار-دەك قىلاتتى. ھايۋانلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۆز جۈپتىدىن تېنىپ باشقا جۈپ تېپىۋالىدىغان، ئەتە ـ ئاخشىمى خۇپپىيانە سۆرىشىپ يۈرىدىغان ئىشلار بارمىدۇ؟ جاھان ئەجەب قىزىق يارىتىلغان ـ دە. بىر قارىسا قان ـ ياش بىلەن تولغاندەك، بىر قارىسا كۈلكە، شادلىققا كۆمۈلگەندەك، ئەمەلىيەتتە مۈشۈ نەرسىلەر خۇددى زاغرا قايناق بولۇپ ئارىلىشىپ كەتكەن، تاتلىقىدىن كېچەلمەي، ئاچچىقىدىن قۇتۇلالماي ئۆتۈپ كېتىدىغان جاھان بۇ.

بازار مېھىرسىز بىر تەرزدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. ھەممە ئا-دەمنى بىريەرگە يىغىدىغان بازاردا ئەجەب بىر سېھىر بار ئىدى، بازار موھتاجلارنىڭ ئۆۋىسى ئىدى. ئېلىپ ـ ساتارلار، زېرىك-كەنلەر، ئىچى پۇشقانلار، قىلغىلى ئىشى يوق بىكارچىلار، بېشى قېيىپ قالغانلار، نىيىتى يامانلار، كۆڭلى تۈز ئادەملەر، ئۇرۇش دېسە يەتمىش يەردىن بەل باغلايدىغانلار، قورقۇنچاقلار... بازار مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە جەم قىلاتتى، ھەم-مىسىنى سىغدۇراتتى، ھەممىسىگە يول، ئورۇن بېرەتتى. جا-ھاندا بازاردەك قىزىق، بازاردەك سېھىرلىك، بازاردەك رەھىم-سىز نەرسە يوق ئىدى. بۇ يەردە قورسىقى ئاچقانغا تېيىنلىق نەرسىنى بىكارغا بېرىدىغان قائىدە يوق، پۇللار قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تۇرىدۇ، مېنىڭ نەرسەم بىردەمدە يەنە بىرسىنىڭ بولۇپ قالىدۇ.

توساتتىن لەيلى ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا كۆرگەن چۈشۈم يادىمغا يېتىپ قالدى. ئۇ ئادەتتىكىدەك بىر كېچە ئىدى، مەن ئويغىنىپ سىرتقا چىققاندا ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلاپ، سامان يولى غۇۋا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. مەن نېمە ئۈچۈندۇر قور-

قۇنچ ئىچىدە يەتتە تىكەن يۇلتۇزنىغا ئۇزاق قاراپ كەتكەنىدىم. ناھايىتى ئۇزۇن بىر كارىدوردا لەيلىنى ئىزدەپ چۈش كۆرگەن ئىدىم، لەيلى مۇشۇ كارىدوردا دەپ ئويلايتتىم، ئەمما ئۇ كۆزۈمگە چېلىقمايتتى. بۇ چۈشۈمنى ھە دېسە يادىمدىن چىقىرىپ قويا-تتىم. يادىمغا يەتكەندە قورقۇپ كېتەتتىم، يادىمدىن چىقىرىپ قويسام تېخىمۇ قورقۇپ كېتەتتىم. قىرىق ياشلىق ئەركەكنىڭ يۈرىكى پىلە قۇرتىدەك ئاجىز بىر ھالغا كېلىپ قالاتتى. تەقدىرنىڭ كارامەتلىرىدىن ھەيران قالاتتىم، ھېچكىمگە يولۇقمىغان لەيلىنىڭ ماڭا يولۇقۇپ قالغىنى، مەندىن ئون سەككىز ياش كىچىك قىزنى تۇنجى كۆرگەندىكى مالىمان ھەم ئالاقزادە، ئۇمىدنىڭ قىزىل چوغى يېنىپ تۇرغان شېرىن خىياللىرىم يادىمدىن پەقەت چىقمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى، كۆرمىش - يولۇقمىشلىرى، ئۆمرىدە روي بېرىدىغان قىسمەتلىرى ھەققىدە بىز نېمىلەرنى بىلىمىز؟ شۇنداق بىر سوئال بار، تېپىپ بولالمىدىم، ئىكرامنىڭ شۇ سوئالنى بەكلا بىلگۈسى بار.

— تاپالىدىڭمۇ؟ — دېدى ئىكرام.

ئىكرامنىڭ ئىچىنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى بىلىمەن، ئۇ بىر نېمىدىن ئەنسىرەپ يۈرىدۇ، ئەمما نېمىدىن ئەنسىرىگەنلىكىنى بىلمەيدۇ. تىت - تىتلىق، بىسەرەمجانلىق ئۇنىڭ جېنىنى قىسىپ تۇرىدۇ.

— نېمىنى دەيسەن؟

— ئىزدەۋاتقان سوئاللىرىڭنى دەيمەن.

— ياق تېخى، ئەمما ھامان بىر كۈنى تاپىمەن.

ئەقلىمنىڭ پايانىغا سىغدىلىپ مېنى بىئارام قىلىپ تۇرغان بىر نەرسە بار. مەن ئۇنى مەن تاپماقچى بولغان سوئال دېدىم. كىشىلىك ھاياتىمنىڭ گۈزەل ئارمانلىرى، ئاجايىپ پەللىلىرى، بۇگۈنۈم، ئەتەم، ئۆتمۈشۈم ئارىسىدىكى سىرلىق نەرسە ھەققىدىكى سوئال ئەقلىمنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. ئەمما، مەن ئۇنى تېخى

تېپىپ بولالمىدىم، تېپىۋالسام بولاتتى.

— مەن ئۆلۈپ كەتسەم قانداق قىلارسىز؟

پەرھات چۆچۈپ كەتتى. قىزارغان كۆزلىرىنى خوتۇنىغا تىكىپ قاراپلا قالدى. ئۇ خوتۇنىغا بۇنداق تىكىلىپ قاراپ باقمىغىلى ئۇزۇن بولغان ئىدى. ئوڭ قول بىلەن سول قولنى تۇتسا سېزىم بولمىغاندەك ئۇ خوتۇنى ئالدىدا تۇرسىمۇ ياكى كۆزدىن يىتسىمۇ ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى، نېمىشقا مېنىڭ چۆرەمدىكى ئاياللار ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلىدۇ؟

— ئالجىپ قالدىڭمۇ نېمە؟

— ياق.

— سەن نېمىشقا ئۆلۈپ كېتەتتىڭ بىكارغا؟ يوقىلاڭ گەپ قىلما.

— ئەمدى ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ... بەزىدە ھەممىدىن قۇتۇلۇپ كېتەي دەيمەن.

— نېمانداق ساراڭدەك گەپ قىلىسەن؟

— مۇنداقلا دەپ قويدۇم، خورلۇقنىڭ دەردى يامان... بەزىدە ئادەم ھەر قىسما ئىشلارنى ئويلاپ قالىدىكەن.

مەن پەرىدەنىڭ ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلمۇۋېتىپمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇرقىغا قاراپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم.

بۇ لەيلى ئۆلۈپ كېتىشتىن نەچچە ھەپتە بۇرۇنقى بىر ئەتىگىنى ئىدى. لەيلى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن پەرھات ئۆزىنى بىردىنلا قېرىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە خوتۇنىغا قاراپ ئەجەبلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۇشتۇمتۇت قېرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ گاڭگىراپلا قالدى، بۇ خوتۇنمۇ بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق چىرايى قانسىز، كۆزلىرى قىزارغان، لەۋلىرى تاتىراڭغۇ بولغىيمىدى!؟

لەيلى بىلەن بۇ خوتۇننى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. لەيلى

مېھىر بەرگەن دۇنيانىڭ ئىسسىقلىقىنى ھېچنېمە بىلەن تەڭ-لەشتۈرگىلى بولمايدۇ. لەيلى مۇشۇ كۈندە ھايات بولغان بول-سا...

لەيلى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش پۇشايمان قىلىدىغان ئىش ئەمەس.

— ماڭا بىر پىچاق كېرەك ئىدى.

— قانداق پىچاق ئالاتتىلە، مەندە ھەر خىل پىچاقلار بار، ناۋادا بۇلار يارىمىسا ياساپ بەرسەممۇ بولىدۇ، ھازىر خەقلەر پى-چاقنىڭ ياخشىسىنى تاللىيالمايدۇ، مانا مەن سىلىگە ئۆزۈم تاللاپ بېرىمەن.

— قانداق پىچاقلار بار؟

— ھەر خىللىرى بار، مەسىلەن، مانىڭدەك قوغۇن - تاۋۇز تىلىدىغانلىرى، كۆكتات توغرايدىغانلىرى، بالىلار قەلەم ئۇچلايدىغان قەلەمتىراچلار، يەنە قوي سويىدىغانلىرى...

— ماڭا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان پىچاق كېرەك.

ساقاللىرىنىڭ تەگدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەن تۆمۈرچى چىرايىمغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى، ئاندىن بايىقى تەبەسسۇم ئۆچ-كەن چىرايىغا مەسخىرىلىك تۈس بېرىپ كۆزۈمگە تىكىلدى.

— سىزگە ئادەم ئۆلتۈرىدىغان پىچاق كېرەكمۇ؟

— ھەئە.

— ياخشىسى سىڭگەن نېنىڭىزنى يەڭ جۇمۇ، ئادەم ئۆلتۈ-رۈش دېگەن ئوينىشىپلا ئېغىزىدىن چىقىرىدىغان گەپ ئەمەس. مەن ياسىغان پىچاقلىرىمدا بىر كىمنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشىنى پەقەت خالىمايمەن، خۇدا ساقلىسۇن...

— ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ھېچكىم خالىمايدۇ، ئەمما بەزىدە مەجبۇر بولۇپ قالىدىغان گەپ.

— بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، مېنىڭ قېشىمدا بۇ گەپنى دې-گۈچى بولماڭ، يەر يۈزىدىكى ئەڭ تايىنى يوق ئىش ئادەم ئۆلتۈ-

رۇش. بۇ گەپنى قىلىۋېتىپمۇ تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى مې-نىڭ...

تۆمۈرچى بىلەن مۇشۇ گەپلەرنى قىلىشقاندا مەست بولسام كېرەك.

خامۇشلۇقتا ئۈچ ئىدىم، مەن شۇ كۈنى پۈتۈن بىر كۈن خامۇش يۈردۈم. بىرەر كىم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورق-تۇم، يالغۇزلۇقتىن ئۆلگۈدەك بىزار بولۇپ كەتتىم، يوپۇرماق-لىرى كىچىك دەرەخلەرنىڭ سايىلىرىدىن، ماڭا قىزغىن تىكىل-گەن كۆزلەرنىڭ ئىسسىق تەپتىدىن، لەيلىگە ئوخشاپ قالدى-غان، ئەمما پەقەت ئوخشىمايدىغان قىزلارنىڭ ئۇزاردىن ئۆزۈمە-نى قاچۇرۇپ ناھايىتى تېز مېڭىپ مەھەللىگە كېلىۋالدىم، ئار-قىدىن پۇشايمان قىلدىم.

بىر نەچچە ئادەم بىر بولۇپ مېنى ئۇرىدىغاندەك، ئۆيۈم توساتتىن ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك قورقۇپ كەتتىم. پەرىدە نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇ قايتىپ كەلسە بولاتتى. بىراق، چىن كۆڭلۈمدىن ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن.

قەدەمدە بىر يامان ئىش يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئىكرامدىن چاتاق چىقمىسا بولاتتى. لەيلىگە ئۆلۈم يەتكەن دۇنيادا ھەرقانداق بالا ـ قازانى يۈز بەرمەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ.

※ ※ ※

ئۆيگە كىرىپ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ياندىكى ئۆيدىن تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى. خوتۇنۇم كو-رىيەنىڭ فىلىملىرىنى كۆرۈۋاتسا كېرەك.

ئوغلۇمنىڭ قولىدىكى قىزىل يالتىراقنى كۆرۈپ ئەرۋاھىم ئۇچتى، ئۇنىڭ كالپۇكلىرى مۇچ يۇقۇندىلىرى بىلەن بۇلغانغان

ئىدى.

— بۇ نەرسىنى نېمىشقا يەيسەن؟

— ھەممە باللار يېگەندىكىن مەنمۇ ئېلىپ يېدىم.

ئوغلۇمنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن جاھىللىق تەپچىپ تۇ-راتتى.

— بۇ زىيانلىق نەرسە، يېسەڭ بولمايدۇ.

— ھەممەيلەن يېدى، ھېچكىمگە زىيان قىلمىدى.

ئوغلۇمنىڭ چېكىتتەك قارا كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەن ئى-دى. بۇ كۆزلەردىن قورقۇنچ، بىزارلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇ-راتتى. ئوغلۇمنىڭ مەكتىپىنىڭ ئالدىدىكى قويۇق قارا تېرەك-لەرنىڭ سايىلىرى چۈشۈپ تۇرىدىغان تار ئاسفالت يولدا ئەسكى ھارۋىلىرىنى توختىتىۋېلىپ مەينەت بىر نېمىلەرنى ساتىدى-غانلار كۆز ئالدىمغا كەلدى. كىرلەشكەن چاچلىرى پاخپايغان، ئۆسۈك تىرناقلىرى قاپقارا كىر بىلەن تولغان بۇ كىشىلەرنى ھەر كۆرسەم جۇدۇنۇم ئۆرلەيتتى. ئاق - قارىنى پەرق ئېتىشنى بىلمەيدىغان بىچارە باللار ئۇلارنىڭ ئاشۇ پاسكىنا قوللىرىدىن پاسكىنا نەرسىلەرنى ئېلىپ يەيتتى، ئۇلارنىڭ روھى، ۋۇجۇدى، پاكىز يۈرىكى بۇلغىنىشقا باشلايتتى.

— قانداق بالىسەن؟ ئۇنداق نېمىلەرنى يېمە، ئاغرىپ قا-لىسەن، دۆت بولۇپ قالىسەن، دېگەن گەپنى يۈز قېتىم قىلغاز-دىمەن، قانداق قىلسام گەپ ئاڭلايسەن؟

مەن ئىمكان بار ئاۋازىمنى پەسرەك، مۇلايىمراق چىقىرىش-قا تىرىشىپ شۇنداق دېدىم.

— ئەمدى يېمەي.

— سەن بۇ گەپنى ماڭا بەك كۆپ دەپ كەتتىڭ، ئەمما گې-پىڭدە تۇرمىدىڭ، گەپ ئاڭلىمىغان قۇلىقىڭنى يۇلۇپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويسام دەيمەن.

شۇنچە ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپمۇ يەنە قوپاللىق قىلىپ سېلى-

ۋاتاتتىم.

— داداڭ توغرا دەيدۇ بالام، ئۇنداق نېمىلەرنى يېمىگىن، مەينەت نەرسىلەرغۇ ئۇ.

خوتۇنۇم ئوغلۇمنىڭ كىيىمىنى سالدۇرغاچ غودۇڭشىدى:

— مەكتەپمۇ چەكلىسە بولىدۇ ئاشۇنداق نەرسىلەرنى ساتىدىغان ئىشلارنى.

— ۋاي قويغىنا، هازىرقى مەكتەپلەرمۇ ئوخشاپلا قالدى، مەسئۇلىيەت دېگەن نەرسە يوق ئۇ خەقتە، كۆن ئۆتكۈزسىلا بولىدى...

— بولدى، بۇ گەپنى قويايلى، يان قوشنىمىز توي خاتىرە كۈنىگە چاقىرىپتۇ، 200 سومدىن يىغىش قىلغۇدەكمىز.

— خەقنىڭ توي خاتىرە كۈنى بىلەن بىزنىڭ نېمە ئىشىمىز؟

— ئۇغۇ شۇ، بىراق قائىدە شۇ.

— ئەجەب بولمىغۇر ئىشلار تولىراپ كەتتى، خوتۇننى باشقا بىرسى ئېلىپ، ئەرگە يەنە بىرسى تەگسە ئۇنىڭ ئاۋارىچىلىقىنى بىز تارتىمىزكەن. پۇلنى بەر، ئەمما بىز قاتناشمايمىز.

— قاتناشمىساق سەت تۇرىدۇ.

— چىرايلىق تۇرسا سەن قاتناش، مېنىڭ ۋاقتىم يوق.

تۇرمۇشۇمدا قاملاشمىغان ئىشلار تولا يۈز بېرىۋاتاتتى. ئىچىم سىقىلىپ تالاغا چىقتىم. ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئەرمىدۇن دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى كونا ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان پەرهات خۇددى مېنى ساقلاپ تۇرغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ قول ئىشارىسى قىلغاچ چاقىرىپ قالدى.

— ئىكرام، بۇياققا كېلە.

ئۇنىڭ مۇزدەك سوغۇق قوللىرىنى سىقىپ كۆرۈشتۇم، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە دەم ئېلىشقا چىقىۋالغان پەرهاتنىڭ تۇرقى كىشىنى ئەندىشىگە سېلىپ قوياتتى. ئۇ-

نىڭ ئۈستىدىن بولۇۋاتقان گەپلەرنى پەرھاتنىڭ ئۆزىگە دېگىلى بولمايتتى. «ئەقلىدىن ئېزىپتۇ... »دېگۈچىلەر بار ئىدى. شۇ گەپلەرنى ئاڭلىسام تېنىم شۈركىنەتتى، شۇ گەپلەرنى دېگۈچىلەر بىلەن قىزىرىشىپ، تاتىرىشىپ زاكونلىشاتتىم، ئەمما پەرھات كۆندىن - كۈنگە بىرقىسما بولۇپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ خىياللىرىنى قالايمىقانلىشىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم، ئۇ ماڭا خۇددى خىياللىرىنىڭ باش - ئاخىرى يوق، ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئارزۇلارنىڭ دەردىدە يۈرىكى ئېچىشىپلا تۇرىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇنداقتىمۇ پەرھاتنىڭ ئەقلىنىڭ بىر يەرلىرىنىڭ ساز ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم. بەزىدە ئۇنىڭ ئوي - خىياللىرىدىن ھەيران قالاتتىم، ھېچكىم ئويلىيالمايدىغان ئىشلارنى ئويلاپ قالاتتى. ئارزۇسىز ھايات توختام سۇدەك مەنىسىز، تۇز، تەمسىز بىرنېمە بولۇشى مۇمكىن، زىيادە ئېغىر ھەم تولا ئارزۇلارغا بېرىلگەن ھاياتمۇ شىۋىرغانلىق كۈندەك كىشىگە ئارام بەرمەيدۇ. ھاياتتا كۆتۈرەلەيدىغان يۈكنى جەزمەن كۆتۈرۈش كېرەك، ئېغىر قورام تاشلارنى يۇدۇۋېلىپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يۈرۈشمۇ قاملاشمىغان ئىش.

— قانداقراق ئۆتۈۋاتىسەن؟

— ياخشى.

— ياخشى دەيسەنغۇ؟

— ئەمىسە نېمە دەيمەن؟ ئەمەلىيەتتە ياخشى ئۆتۈۋاتقان تۇرسام.

پەرھاتنىڭ ئورۇق يۈزلىرىدە ئىنچىكە قورۇقلار بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ چېكە چاچلىرىدىكى سېزىلەرلىك ئاقلارغا قاراپ باشقىچە بولۇپ قالدىم. چاچنىڭ ئاقارغىنى، چىشنىڭ سارغايغىنى ئۆمۈر ھارۋىسىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قېلىۋاتقانلىقىغا ئىشارە، دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ئىدىم. پەرھات بىلەن تەڭتۇش-

لەردىن ئىدۇق، پەرھاتنىڭ چاچلىرىغا كىرگەن ئاق ئەمەلىيەتتە مېنىڭ چېچىمغا ئاق كىرىدىغانلىقىدىن ياكى كىرىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

— ئۆزۈڭگە دىققەت قىل جۇمۇ ئىكرام.

پەرھات كۆزۈمگە تىكىلىپ ئېغىر ئۇھ تارتتى، مەن چۆ-چۈگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ قويدۇم. پەرھاتنىڭ سارغۇچ شالاڭ بۇ-رۇتلىرى كۆزۈمگە پەقەت سىغمايتتى. ئۇنىڭغا بۇرۇتۇڭ ياراش-ماپتۇ، دېگەن گەپنى نەچچە قېتىم دېمەكچى بولۇپ يەنە دېمىگەن ئىدىم، ئۇنىڭ غەمكىن ھەم ئويچان كۆزلىرى كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىگە سوغۇق ھەم قاراڭغۇ سايە تاشلايتتى. مەن تۇرۇپلا پەرھاتنىڭ يېقىندىن بېرى بىرەر قېتىم قېنىپ، ئىچ - ئىچى-دىن قاقاقلاپ كۈلگىنىنى كۆرمىگەنلىكىمنى يادىمغا ئالدىم. پە-رىدە كەتتى، نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ يو-قاپ كېتىشى مەھەللىدە خېلى ئۇزۇنغىچە قىزىق تېما بولغان ئىدى، بارا - بارا ئۇنتۇلۇپمۇ كېتىۋاتاتتى.

— مەن سېنى خېلى تۈزۈك ئادەم ھېسابلايتتىم، — پەر-ھاتنىڭ ئاۋازىدىن بەكلا ئۈمىدسىزلەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— نېمە دېمەكچى سەن؟

— نەشە چېكىشمۇ ئىشمۇ؟

— نېمە دېدىڭ؟

مەن ئىتتىك ئەتراپقا قاراپ قويدۇم، ناھايىتى يىرگىنچلىك بىر نەرسە ماڭا يان تەرەپتىن يوپۇرلۇپ ئۈستىبېشىمنى بۇلغاي-دىغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. سەسكىنىشلىك بىر تۇيغۇ ۋىژىلداپ چوقامدىن تاپىنىمغىچە ئۆتتى.

— سېنى نەشە چېكىدىكەن، دېگەن گەپ بىر بولدى ھازىر، ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ.

— نېمە دەيدىغانسەن؟ تۈزۈك گەپ قىل جۇمۇ.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم، چاقچاق قىلامدى-

كىن دىسەم پەرھاتنىڭ چاقچاق قىلىدىغانلىقىغا ھەرگىز ئىشەنگىلى بولمايدۇ. شۇ ھالدا ئۇ چاقچاق قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، ھەر بىر گېپى چوقۇم ئەستايىدىل دېيىلىۋاتقاندەك، پەقەت چاقچاق ياكى ھەزىل ئارىلاشمايدىغاندەك تەسىر بېرىدۇ. ئەمما، ھازىرقى گەپنى چاقچاق دېمىگەندە راست گەپ بولىدۇ، بۇ راست گەپ بولغاندا قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغانلا بىر گەپ.

— دېدىمغۇ، خەقلەر شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ، بۇ مەن تېپىۋالغان گەپ ئەمەس.

— نېمىشقا مۇنداق دەيدىكەن؟

— سېنى چىرايى ئېچىلمايدۇ، قاپىقىنى تۈرۈپلا يۈرىدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا نەشە چېكىدۇ، دېيىشىپ يۈرۈشكىدەك.

ئەتىيازدا قارا بوران چىققاندا جاھاننى توپا قاپلايدۇ، بوراننىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى قورقۇنچ، غېرىبلىق تارىتىپ ئۆتىدۇ، يوغان ـ يوغان دەرەخلەرنىڭ شاخ ـ پۇتاقلىرى قاراسلاپ سۇنىدۇ. يوللاردىكى، ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىكى ئەخلەت ـ چاۋالار ھەريان ئۇچۇشۇپ ئاخىرى تار بۇلۇڭلارغا تىقىلىپ دۆۋىلىنىشىپ قالىدۇ. بۇنداق بوران كۈز كۈنلىرىمۇ، يەنە قىشتىمۇ چىقىدۇ.

مەن ھەيرانلا قالدىم، مەن ئۆزۈمنى خېلى خۇشخۇي ئادەم ھېسابلايتتىم. ئېپى كەلگەندە كېلىشتۈرۈپ چاقچاقمۇ قىلىپ قوياتتىم، كۆلكىنى ياخشى كۆرەتتىم، شۇڭا مېنىڭ بۇ ئۆمرۈمدە قانماي، خۇمارىدىن چىقالماي قىلىدىغىنىم تەبەسسۇم ۋە كۈلۈمسىرەش بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى بۇ دۇنيا مېنى تېگى ـ تېگىدىن خاتا چۈشىنىپ ماڭا خاتا باھا بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ كۈلكىلىك بىر گەپ بولسىمۇ، كىشىنى بىئارام قىلاتتى. ئاشقا چىۋىن چۈشۈپ كەتكەن، چىرايلىق ئېقىننىڭ قاپ ئوتتۇرىغا كەلگەندە ئېشەك سۈغا سىيگەندەك ناباب، ئەسكى تۇيغۇلارنى پەيدا قىلاتتى.

— سەن ئىشەندىڭمۇ؟

— دەسلەپ ئىشەنمىگەن.
— كېيىن ئىشەندىڭمۇ؟
— ئازراق ئىشىنىپ قالدىم.
— ئىشىنىپ قالدىم، ما گەپنى، نېمىشقا؟
— ساڭا قارىغانسېرى نەشە چېكىدىغاندەكلا كۆرۈنۈپ كەت-
تىڭ.

دىمىقىپ، كۆلەي دەپمۇ كۆلەلمەي ئورۇنۇمدا ھاڭۋېقىپلا قالدىم. پەرھاتنىڭ ئورۇق يۈزلىرىدىكى قورۇقلار، چېكە چاچ-لىرىدىكى ئاقلارغا ئۇزاق سەپسېلىپ تۇرۇپ كەتتىم. مەن ئۇچۇن بۇ ناھايىتى كۈلكىلىك گەپ ئىدى. ئەمما، مەن كۆلەلمەي ئاۋارە بولۇپ كېتىۋاتاتتىم، بىر كىملەرنى تىللىغۇم كېلەتتى، تىللى-يالمايتتىم، چالۋاقاپ ۋارقىراپ دوق قىلغۇم كېلەتتى، ھېچنې-مە قىلالماي چىڭقىلىپ كېتىۋاتاتتىم.

— ئادەمدەك گەپ قىل، شۇمۇ گەپمۇ، مەن جاھاندا ئەڭ يىرگىنىدىغان نەرسىنىڭ بىرى شۇ نەشە...

باغلاردىكى گۈللەرگە، تەنھا بۇلاقلارغا، چىمەنلەرگە، پاكىز يوللارغا چىۋىن ـ كومۇتا دېگەندەك نېمىلەر ئولىشىۋالىدۇ، كۆڭۈلنى ئەسكى قىلىدىغان رەزگى نەرسىلەر چاپلىشىپ قالى-دۇ.

— ھەي تاڭەي...
— تاڭەي دەيسەنغۇ، سەن كۆرگەنمۇ مېنىڭ نەشە چەككى-نىمنى؟
— ياق.
— ئەمىسە يەنە نېمە ماڭا ئىشەنمىگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسەن؟

پەرھات بېشىنى گىلدىڭشىتىپ ئۇيان ـ بۇيانغا قارىۋەت-كەندىن كېيىن دېدى:

— بىراق خەقلەر شۇنداق دەۋاتسا مەندىمۇ نېمە ئامال؟

ئەمدى ھەرقانچە ياخشى ئادەمنىڭمۇ ئازىدىغان، يولدىن چىقىدى-غان چاغلىرى بولىدۇ. شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەيدىغان كەم بار دەيسەن بۇ جاھاندا، بىز ھەممەيلەن لىك كۆۋرۈكتە كېتىۋات-قان ئادەملەر، تۇرمۇش خۇددى شۇ لىك كۆۋرۈككە ئوخشايدۇ، سېنىمۇ ئەمدى قىزىقىپ خەقمۇ قىلغاندىكىن مەنمۇ بىر قىلىپ باقاي دەپ، شۇ يولغا كىرىپ قالغان بولسا دەيمەنغۇ ئەمدى.

مەن ئەلەم بىلەن يەرگە دەسسەپ ۋارقىرىدىم:

— مەن نېمە بولسىمۇ ئۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، شۇ نەرسىنىڭ يېنىغا يولاپمۇ باقمىغان بەندە تۇرسام، بۇ ماڭا نومۇس ئەمەسمۇ؟ شۇنداق دېگەنلەرنىڭ ئاغزىغا ئۇر.

— خەقنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قويغىلى بولمايدۇ، ھەر ھالدا دىققەت قىل، يامان يولدىن يېنىشمۇ ياخشى ئىش.

ئەمدى يەنە بىر نېمە دېيىشنىڭ ئورنى قالمىغاندەك قىلات-تى. مەن ئىچ - ئىچىمدىن سىلكىنىپ كەتتىم. نېمانداق بىر گەپلەر بولىدىغاندۇ؟ نېمىشقا مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىدىغان، ئاڭلايدىغان، ئىشىنىدىغان، يەنە كېلىپ شۇ سۆزلەرنى راست دەپ چىن پۈتىدىغان ئادەملەر بولىدىغاندۇ؟

پەرھاتنىڭ شۇبھىلىك كۆزلىرىگە قاراپ يا يىغلاشنى يا كۈ-لۈشنى بىلەلمەي قاراپ قالدىم. مەن نېمە بولۇپ خەقنىڭ كۆزىد-گە نەشە چېكىدىغان ئادەم بولۇپ كۆرۈنۈپ قالغاندىمەن!؟ ھېلىد-قى توي خاتىرە مەرىكىسى ئۆتكۈزىدىغانلارمۇ مەندىن گۇمان قىلامدىغاندۇ!؟

※ ※ ※

دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى يىقىلىپ چۈشكەندەك قىلاتتى. ئىكرام مەندىن گۇمان قىلىۋاتسا كېرەك. ئۇنى نەشە چېكىدۇ، دېگەن

گەپنى مەن نەدە ئاڭلىدىم؟ كىم دېدى؟ بىلمەيمەن.

— پەردەنى ئىزدەپ باقساڭ بولاتتى.

ئىكرام شۇنداق دېدى. مەن نېمىشقا پەردە بىلەن لەيلى دېگەن ئىككىيلەن ئارىسىدا بولۇپ قالدىم؟ پەردەنى ئۆزۈم ياردىتىپ ئالغان ئىدىم. ئەمما، لەيلى مېنى ئىگىلەپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنى بېغىشلاپ تۇرۇپ لەيلىگە تەۋە بولۇپ كەتتىم. مېنى بىر سوئال قىيناپ تۇرىدۇ، شۇ سوئالنى تاپسام ھەممە ئىش ھەل بولۇپ كېتەتتى.

ھەممە ياقتىن بوران چىقىپ تۇرىدۇ، ھەممە يەردە لەيلىنى كۆرۈپ تۇرىمەن. ئۇنى ھېچيەردىن تاپالماي يۈرىمەن.

لەيلى چۈشۈمگە كىرمىگىلى ئۇزۇن بولدى.

لەيلىنىڭ تەبەسسۇمىغا، لەيلىنىڭ تەبەسسۇمىغا ئوخشايدىغان ئىللىقلىققا باغرىم قانماي ئۆتۈۋاتىمەن. ئادەملەرنىڭ بۇ دۇنياغا، ھاياتقا ھەر مىنۇت، ھەر دەقىقە رەھمەت ئېيتىۋاتقان، ھەر بىر كۈنگە، ھەر بىر قەدەمگە، ھەر بىر لوقما تائامغا، ھەر بىر راۋان نەپەسكە، ساقلىقىنىڭ، ئارامىجانلىقىنىڭ ھەر لەھزىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان كۈلكە ھەم تەبەسسۇمىغا ئاشىقى بىقارار بولۇپ ئۆتكەن ئىدىم، لەيلى جاھاندىن كەتكەندىن كېيىن ماڭا بۇ دۇنيانىڭ تەبەسسۇمى يوقاپ كەتكەندەك، ھاياتتىكى شېرىن دەملەر، تاتلىق كۈلكىلەر، ھاياجانلىق ئىسسىق تىنىقلار قالمىغاندەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما يەنىلا شۇ نەرسىلەرنى ئىزدەپ، شۇ نەرسىلەرگە تەلپۈنۈپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئۈمتۈلۈپ كەلدىم.

شۇنداقتىمۇ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنىڭ، دەۋاتقان گەپلىرىمنىڭ، خىياللىرىمنىڭ بىر يەرلىرى بىر قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى گاھىدا ئۆزۈم سېزىپ قالىمەن، گاھىدا ئىكرامنىڭ كۆزلىرىدىن بىلىپ قالىمەن. ئەندىشە، ۋەھىمە، قورقۇنچ مېنى قاپسىۋالدى.

ئىكرامنىڭ بالىسىغا پىچاق ساقلىماسلىق توغرىسىدا تەن-
بىھ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ يايمىدىن پىچاق سېتىۋالغانلىقىم،
لەيلىنى ئۆلتۈرگەن ياكى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇرلىغان بىرسىنى
ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىم يادىمغا يەتتى. ئۆلۈم دېگەننىڭ بەكلا
تاسادىپى، بەكلا رەھىمسىز بولىدىغانلىقى ھەققىدە، لەيلى باغ-
رىمدا چاغدا، مېنىڭ قۇچىقىمدا مۇلايىم قوزىدەك تۈگۈلۈپ يات-
قانلىرىدا ئۇنى جاھاندىن كېتىپ قالارمۇ؟ دەپ ئويلىمىغانلىقىم
توغرۇلۇق جىق بىر ئىشلارنى خىيال قىلىپ كۆڭنى كەچ قىلى-
دىم.
مەن ماڭا پىچاق سېتىپ بەرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئار-
قىسىدا بىر ئادەمنى كۆرگەندەك بولۇپ ئاسقىپ كەتتىم. ئۇ
ئادەمنىڭ قوللىرى قان يۇقى ئىدى، قولىدا قان يۇقى پىچاق
تۇراتتى. ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران قالدىم.
ئۇ مەن ئىدىم. يۈرەكلىرىم زىركىرەپ روھىم شۇرقىراپ
ئېرىپ كەتتى.

※ ※ ※

قورۇنىڭ ئالدىغا چىقتىم.
بۇ مېنىڭ سانسىز ئىزلىرىم قالغان يەر ئىدى. مېنىڭ
ھېسابسىز تىنىقلىرىم سىڭىپ كەتكەن يەر ئىدى. قورۇنىڭ
ئالدىدىكى ئەرمۇدۇننىڭ ئاستى ئاجايىپ گەپ - سۆزلەر بولۇپ
تۇرىدىغان بازار ئىدى. بۇ يەردە ياخشى - يامان گەپلەرنىڭ ھەم-
مىسى بولاتتى. مېنىڭ نەشە چېكىدىغانلىقىم توغرۇلۇق مۇشۇ
يەردە قىزغىن پاراڭلار بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇمىدسىز
كەيپىياتتا ئۇ يەرگە باردىم.
سادىر مۇقىيتنىڭ ئېگىز بەستى ئادەملەر ئارىسىدا ئالاھى-
دە كۆزگە تاشلىناتتى. مەھەللىنىڭ چېتىدىكى قورۇدا ئولتۇرد-

ـدىغان سادىر مۇقىيىت ئەرمۇدۇن ئاستىغا ئادەملەرنىڭ توپلانغىـ
ـنىنى كۆرسىلا لوڭۇلداپ مېڭىپ يېتىپ كېلەتتى. ئۇ قىزغىن
پاراڭ ياكى قارتقا چۇشۇپ كەتكەنلەرنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىـ
قى، نېمە قىلىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولمايلا ئۆزىنىڭ گېپىنى
قىلاتتى.

— بىزنىڭ ئەخمەقنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى
بىلەمسىلەر؟

قارتا ئويناۋاتقانلار ئارىسىدىكى تۇردى ياقۇپ بېشىنى كۆـ
تۇرمەستىن سورىدى:

— نېمە قىپتۇ؟

— ماشىنا ئالىمەن، دەپ يۇرگۇدەك قاراڭلار، شۇمۇ ئىشـ
ـمۇ، پۇلنى بۇزۇپ ماشىنا ئېلىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئاچچىقىمدا بىر
مۇنچە تىللىۋېتىپ يېنىپ كەلدىم. بىكار قالغان پۇلى بولسا
بانكىغا سالسۇن يا بولمىسا ئۆيدىكى ساندۇقنىڭ تۆرگە سېلىپ
ساقلىسۇن، ماشىنا ئالىمەن دېگىنىنى...

سادىر مۇقىيىتنىڭ كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇۋاتقاندەك
قىلاتتى. بۇ كىشىنىڭ بالىلىقى، ياشلىقى، تۇنجى بالىسى دۇنياـ
غا كەلگەندىكى ئاجايىپ ھېس ـ تۇيغۇلىرى، شېرىن خىياللىرى
بولغىيدى!؟ ئەمما، ئۇ شۇ ھالدا ھاياتتىكى جىمى ئەسلىمىلىرىـ
ـنى تامام ئۇنتۇپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— ماشىنا ئالغاننىڭ نەرى يامان، پۇل تاپقانلارنىڭ ھەمـ
ـمىسى ماشىنا ئېلىۋاتىدۇ، ئۇمۇ بىر زۆرۈرىيەتقۇ؟

— قويغىنا ئۇ گەپنى، پۇل بۇزۇشنىڭ ئۆزىلىغۇ بۇ.

— ماشىنا ئالغاننى پۇل بۇزدى، دېگىلى بولمايدۇ، بۇ خۇدـ
دى بىزنىڭ زامانىمىزدا نەچچە ئايلىق ئىش ھەققىمىزنى تېجەپ
ۋېلىسىپىت ئالغاندەكلا بىر ئىش... ھازىر جاھان تەرەققىي قىـ
ـلىپ كېتىۋاتسا...

ئارىدىن بىرەيلەن قىزىشىپ شۇ گەپلەرنى قىلدى،

ئەرمۇدۇنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا بىرمۇنچە قۇشقاچ مايىقى تۇراتتى.

— پۇل تاپالماي قالغاندا ئۇ بىر نېمىنى قانداق قىلىدۇ دەيمەن، — دېدى سادىر مۇقىيت ئاچچىق بىلەن.

— پۇل پۇلنى تاپىدۇ دېگەن گەپ بار، ماشىنا بىر ئادەمنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى، ئوغلىڭىزنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ يۇرۇشۇپ كېتىشى مۇمكىن، — دېدى تاھىر زوردۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بىر ئوبدان گەپنى قىلىۋېتىپ ئېزىپ كەتتى ماۋۇ، پۇل پۇلنى تاپىدۇ، دېگىنىڭ توغرا گەپ بولغان، بىراق پۇلغا ماشىنا ئالسا نەدىكى پۇل پۇلنى تاپىدۇ؟

— ماشىنىنىڭ ئۆزىمۇ ئىناۋەتكە بېرىپ تاقىلىدىغان نەرسە... ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشتە ئىناۋەتكە مەبلەغ سېلىشمۇ كېيىنكى تەرەققىياتقا نىسبەتەن بەك مۇھىم بولۇپ بازار ئېگىلەشتە ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە...

تاھىر زوردۇننىڭ گېپى يەنە داۋام قىلىشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما تۇردى ياقۇپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

— نېمە دەۋاتىسەن هوي؟ پېنسىيەگە چىقتىڭ ئەمدى، يىدىغىن ئاچقاندەك مۇرەككەپ گەپلەرنى قىلىپ باشنى قايدۇرمىغىنا، كىم چۈشىنىدۇ سېنىڭ بۇ گېپىڭنى؟... ئىستراتېگىيە - پىستراتېگىيە دەپ كەتكىنىنى بۇنىڭ...

تۇردى ياقۇپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ چىرايى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— نېمە قىلىسىمۇ پۇل بۇزماسلىقى كېرەكتە ئۇ.

سادىر مۇقىيت ئاچچىقى بىلەن گېلىنى قىرىپ قويدى. كىيىۋالغان ئەترەڭ كاستۇم - بۇرۇلكىسى ئۇنى سالاپەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— بۇنى پۇل بۇزۇش دېمەيمىز، پۇل خەجلەش دەيمىز. ئوغ-

لىڭىز توغرا قىپتۇ، پۇلنىڭ مېغىزىنى چېقىپراق ياشاش كې-
رەكتە، — دېدى بىرەيلەن بوغۇق ئاۋازدا.
— تاسادىپىي باشقا ئېغىر كۈن كەلسە قانداق قىلىدۇ؟
— نېمە كۈن كەلمەكچىدى؟
— ئىشقىلىپ ئادەم دېگەننىڭ بېشىغا ھەر قىسما كۈنلەر كېلىدىغان گەپتە.
— مەسىلەن، نېمە كۈن كېلىدۇ؟
— بۇنى مەن نەدىن بىلەي يا ئەۋلىيا بولمىسام؟
— ئەمىسە، كۈن كېلىدىغىنىنى نەدىن بىلىسىز ئەۋلىيا بولمىسىڭىز؟
ئەجەب كۈنلەر بولۇۋاتىدۇ، ئەجەب ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، تۇ-رۇپلا بىر-بىرىگە ئۆچ بولۇپ قالىدىغان، ئامراق بولۇپ قالىدىغان. سۆزلىگۈچىنىڭ سادىر مۇقىيتىنىڭ ئوغلى بىلەن پەقەت خۇشى يوقتەك قىلاتتى.
— ئىشقىلىپ مەن بىلمەن، سىلەر كىچىك بىلمەيسىلەر، بۇ جاھاندا كۈننىڭ پارقىراپ چىققانلىقىغا ئىشىنىپ جۇۋا بىلەن پىيمىنى تاشلىساق بولمايدۇ ـ چۇ. ماشىنا ئالىمەن دەيدۇ تې-خى... ماشىنا ئالسا قانداق بولىدۇ؟
— نېملا دەيلى ئوغلۇڭنىڭ ماشىنا ئالغىنىنى يامان دې-گىلى بولمايدۇ.
— بىرەر ۋەقە چىقىپ قالسا ماشىنىدىن چاتاق چىقىپ...
— ھەممەيلەننىڭ ماشىنىسىدىن چاتاق چىقمىسا سىنىڭ ئوغلۇڭنىڭكىدىن چىقامتى؟
— ئۇنداق دېگەن بىلەن...
سادىر مۇقىيتىنىڭ ئەلەم ھەم يەنە بىر تۈرلۈك مەغرۇرلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى پىلدىرلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يەنە نېمە-لەرنى دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقاي دەپ تۇرغاندا مەرۇپ توختى-نىڭ ئاچچىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھەي تۇردى، ئالدىڭغا قاراپ قارتنى ئوينىمامسەن، چىلـ-
لىكنىڭ ماتكىسىنى خاتا چۈشتۈڭ كالۋا... نېمە كارىڭ سېنىڭ
خەقنىڭ ماشىنا ئېلىش - ئالماسلىقى بىلەن، مۇشۇنداق گېپى
تۈگىمەيدىغان نېمە بۇ... ئالدىڭغا قارا...

قارتنى خاتا چۈشۈپ قالغان تۇردى ياقۇپ ئوڭايسىز بىر
هالدا ھىجايدى:

— ئەمدى گەپ شۇنداق تۇرسا... ماشىنا ئېلىش ئالماس-
لىقمۇ چوڭ ئىش...

— قويغىنا، گېپى تۈگىمەيدىغان تايىنى يوق بىر نېمە بۇ
مۇشۇنداق...

قارتىغا بېرىلىپ جىددىيلەشكىنىدىن بويۇنلىرىغىچە قىـ-
زىرىپ، تەرلەپ كەتكەن مەرۇپ توختىنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىـ-
مەي سادىر مۇقىيت ۋارقىرىدى:

— نېمە دەيسەن ساراڭ، ماشىنا ئېلىش - ئالماسلىق شۇنـ-
داق ئاددىي ئىشمىكەن؟

— ئوغلۇڭ ماشىنا ئالامدۇ - ئالمامدۇ بىزنىڭ نېمە كارىـ-
مىز... قارتا ئوينىغىلى قويە ساراڭ دەلتە...

— ھېلى بىكار ساراڭ دېگەنگە تويغۇزۇپ قويماي...، — سا-
دىر مۇقىيت غالىلداپ تىترەپ كەتتى.

— قانداق قىلالايتتىڭ؟ يامان بولساڭ كېلە، — مەرۇپ
توختى ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇنىڭ ياقىسى كىرلەشكەن
كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرىمۇ تولۇق ئېتىلمىگەن ئىدى.

— سەندەك ساراڭ بىلەن تەڭ بولمايمەن مەن...

سادىر مۇقىيت شۇنداق دېگەچ كەينىگە ياندى. غەشلىككە
ئوخشايدىغان بىر نەرسىلەر ئەترايقا چاڭ بولۇپ تارالدى. ئالىم
كىتابنىڭ قانداقتۇر بىر گېپى لىپپىدە يادىمغا يېتىپ يەنە ئېـ-
سىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ نېمە دېگەن بولغىيدى؟

— ساراڭنىڭ قاپىقىغا بىرنى قويمەن بىكار، ئادەمنى قار-

تا ئوينىغىلى قويماي زەنىنى چېچىپ... ھەي تۇردى، دىققەت قىل جۇمۇ، ئۇتتۇرىۋېتىپ قالمايلى... ئەل كۈنىنىڭ ئالدىدا سەت.

مەرۇپ توختىنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى بار ئىدى. نەۋرە قىزىنى تىككۈچىلىكنى تاشلاپ دۇكان ئاچىمەن دەپ ئاۋارە قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. باللارنىڭ دەردى كىشىگە ئارام بەرمەيدىغان بولۇپ كەتتى، بىر كىشىلىك ئىش تېپىپ جاننى جان ئەتمەك قىيىنلىشىپ كەتتى. ياشىماق نېمانچە تەستۇ؟

يەرگە دوڭغايغىنىچە لوڭۇلداپ كېتىۋاتقان سادىر مۇقىيتنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدىم. ئېغىر بىر نەرسە مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقاندەك، ئۇ نەرسىدىن ئۆزۈمنى تارتىپ بولالمايدىغاندەك قىلاتتىم. ئۇ نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىدىم. بۇ نەرسە باشقا يەرگە ئەمەس ئادەمنىڭ كۆڭلىگە مۇز بولۇپ ئۇرۇلىدىغان، كىر رەڭلىك بىر نېمە ئىدى. ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ نەرسىدىن نېرى بولالمايدىغانلىقىمنى ئويلاپ كۆڭلۇم يېرىم بولدى. پەرھاتىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قورقۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئويلايدىغانلىرى، ئارزۇلىرى، چۈشلىرى ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغاندەك قىلاتتى. بىزنىڭ ھېچ نەرسىمىز ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىماي قالغان كۈنى كۆرىدىغان كۈنىمىز بار.

تەكلىماكاننىڭ ئاجايىپ قۇملىرى ئەتىيازنىڭ، يازنىڭ، كۈزنىڭ، قىشنىڭ شامالللىرىدا، بورانلىرىدا توزۇپ، ئۇچۇشۇپ يەر يۈزىگە يېيىلىدۇ، ھەريانغا چېچىلىدۇ. بۇ قۇملار، بۇ توپىلار شۇنداق يۇمشاق، شۇنداق ئۇششاق، ئادەمنى بىزار قىلىدۇ، دەمنى سىقىدۇ، بۇرۇنغا، ئېغىزغا كىرىپ ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدۇ.

يۈرىكىمىز قۇمغا ئوخشاپ قالسا بولمايدۇ، دېگەن گەپنى بىركىم دەپ باقمىدى.

قەلبىمىزنى قۇم بېسىپ كەتمىسۇن، دېگەن گەپنىمۇ بىر-

كىم قىلىپ باقمىدى.

مۇسا قادىر بىلەن خوشلىشىپ كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ بېشىغا چوڭ كېلىپ قالغان شەپكىسى ئۇنى ياۋاش ھەم ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن ئادەمدەك كۆرسىتىپ قوياتتى. پەرھات بىلەن ئىككىسىنىڭ بىر يەرلىرى ئوخشاپ قالغاندەك ئىدى. ئەمما، مەڭگۈ ئوخشىمايدىغاندەكمۇ قىلاتتى.

ئەتىگەندىن بېرى ئوغلۇمنىڭ غېمىدىلا قالغان ئىدىم. بىزنىڭ ئىدارىدىكى بىرسىنىڭ ئوغلۇم دېمەتلىك بالىسى قوشنىسىنىڭ ئوغلىغا پىچاق تىقىۋېتىپتۇ. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. بۇ خەۋەر خۇددى ماڭا مۇناسىۋەتلىكتەك، مەن ھەم مېنىڭ ئوغلۇم خۇددى شۇ ئىشنىڭ بىر يېرىگە بىرەر سەۋەب بىلەن چېتىلىپ قالىدىغاندەك قورقۇپ قېلىۋاتاتتىم. ئېغىر سومكىسىنى يۈدۈپ پۇشۇلداپ كەلگەن ئوغلۇمنىڭ چىرايى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى گېپىدە جاھىللارچە چىڭ تۇرىۋالىدىغان ئادەملەردە بولىدىغان سوغۇق، كاج كۆلەڭگىنى كۆرۈپ ئىچىم ئېچىشقاندەك بولدى. ئۇ ئانىسى ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن تاماقنى خۇشياقماسلىق بىلەن يەپ ئولتۇراتتى.

— سېنىڭ پىچىقىڭ بارمۇ؟

ئوغلۇم بىخەۋەر تامىقىنى مالتىلاپ ئولتۇراتتى.

— سەندىن سوراۋاتىمەن، سەندە پىچاق بارمۇ؟

— يوق، نېمە بولدى؟

— نېمە بولدى دېگەن نېمە گەپ بۇ؟... يا بار يا يوق دېسەڭلا بولمىدىمۇ؟ پىچاق ساقلىما جۇمۇ.

ئوغلۇم ئەجەبلەنگەندەك غودۇڭشىدى:

— پىچاق ساقلىسا نېمە بولىدۇ؟

— مەن ساقلىما دېگەندىكىن ساقلىمىساڭلا بولدى. بۇ نېمىشقا؟ نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سوراپ ئولتۇرىدىغان گەپ ئەمەس،

بولدى تامىقىڭنى يە...

كەينىمگە قارىسام پەرھات قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئولتۇرد-شاڭغۇ كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەن ئىدى.

چۈشتىن كېيىنمۇ ئەتىگەن ئاڭلىغان خەۋەر پەقەت يادىم-دىن چىقمىدى. كىمدۇر بىرىنىڭ ئوغلىنىڭ بىرسىگە تىغ تەڭ-لىشى مېنىڭ ئوغلۇم ھەم مەن بىلەن ئالاقىسىز ئىش ئىدى. ئەمما، مەن قورقۇپ قېلىۋاتاتتىم، شۇ ئىش كاللامغا كىرىۋال-دى. ھېلىقى ئىش توغرىسىدىكى پەلەپەتىش ئويلىرىمنى ئۇنتۇپ كېتەي دەپ، ئۇنتۇيالماي، يادىمدىن چىقىرالماي كېلىۋاتسام مۇسا قادىر ئۇچراپ قالدى.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاداش، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن، ھېچ بىر كۆرۈشۈپ بولالمىدۇق، باللار تىنچلىقتۇ، ئىزدىشىپ ئۆتد-سەك بولاتتى... سەل سەمرىپ قاپسەن... دىققەت قىل... سې-مىزلىك يامان ئىشكەن، بار بالانىڭ ھەممىسى سېمىزلىكتىن بولۇۋاتىدۇ. ياخشى تۇرغانسەن؟

ـــ ياخشى، ئۆزۈڭ قانداقراق.

ـــ مەنمۇ ياخشى، ئۆي كۆچۈش بىلەن ھەلەك بولۇپ يۈ-رۈپتىمەن.

ـــ ئۆي كۆچتۈم دە، نەگە كۆچتۈڭ؟

ـــ يېڭىدىن سالغان بىر بىنادىن ئۆي ئالدىم، شۇنىڭغا.

ـــ ئالدىنقى قېتىم كۆچكەن ئۆيدە نېمىشقا ئولتۇرمىدىڭ؟

ـــ نېمىشقا بولاتتى، سالغىلى ئۈچ يىل بولغان ئۆيكەن، كونا دېگىنە، شۇڭا يېڭى ئۆيدە ئولتۇرايلى، دېيىشتۇق.

مۇسا قادىر شەپكىسىنى يەڭگۈشلىۋەتسە بوپتىكەن، ئۇ بەكلا چوڭ كېلىپ قالغان شەپكىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىد-دىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۇستىبېشىدىكى توپا ـ چاڭلارنى قېقىش-تۇرۇشقىمۇ ئۇلگۇرمەي كېتىپ قالدى. مەن مۇسا قادىرنىڭ قا-رىسىدىن ئېقى كۆپ كۆزلىرىدىكى بىر سەمىمىيلىكنى، بىر

مۇلايىملىقنى يەنە بىر تۇرلۇك تىت ـ تىتلىقنى سەزگەندەك بولدۇم. مۇسا قادىر بىلەن ئىككىمىزنىڭ كۆپ ئوخشاشلىقىمىز بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇنى دەماللىققا سەزگىلى بولمايدىغان ـ دەك قىلاتتى.

شاماللار بۇرۇنقىدەك چىقىپ تۇراتتى، قۇياش بۇرۇنقىدەك نۇر سېپىپ تۇراتتى. دەرەخلەر، گۇللەر، بۇلۇتلار، سۇلار يەنە بۇرۇنقىدەك ئىدى.

دۇنيا مۇشۇنداق جىملىق ئىچىدە داۋام قىلىۋاتقاندەك ئىـ ـدى. ئەمما، بۇ جىملىققا ئىشەنگىلى بولمايتتى.

ئادەملەرنىڭ شادلىقى، قايغۇسى، ئۈمىد، ئارمانلىرى تىـ ـنىمسىز ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇراتتى.

بىز ياشاۋاتقان دۇنيانى سۇرەتلىمەك تەس ئىدى. بىز ياشا ـ ۋاتقان دۇنيانى چۈشەنمەك تەس ئىدى. ئۆزىمىزنى بىلەلىشىمىز تەس ئىدى. تۇنۇگۈنكى ئۆزىمىز بىلەن بۈگۈنكى ئۆزىمىز ئوخ ـ شىمايتتى. ئۆزىمىزنى تاپالماي جىق ھەرەج تارتاتتۇق.

ماڭا يولۇققان ئادەملەرنىڭ خىيالىنى قىلىپ ھېرىپ كەتتىم.

ئوغلۇم پىچاق ساقلىمىسا بولاتتى.

# تۆتىنچى باب

— نېمە دەردىڭ بار؟

ئىكرام مەندىن شۇنداق سورىدى. مەن ھەيران قالمىدىم. نېمە دەردىم بارلىقىنى ئۆزۈم بىلمەن. ئىكرامۇ بىلسە كې-رەك. ئەمما، شۇ ھالدا ئىكرامۇ ماڭا تولا غېمى باردەك، بىر-كىمگە دېگىلى بولمايدىغان دەردى بار ئادەمدەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ بىلەن خۇي - پەيلىمىز، مىجەز - خۇلقىمىز، يەنە غېرىبلىقى-مىز، ھەسرەتلىك تىنىقلىرىمىز تامامەن ئوخشايتتى.

ھەر ئىككىمىز سارالاڭ.

ئالىم كىتابنىڭ شۇنداق دېگۈسى باردەك قىلاتتى.

— پەرھات، بۇرۇنقى ئۆزۈڭنى تېپىۋالساڭ بولاتتى، — دې-دى ئالىم كىتاب.

— قولۇمدىن كەلمەسمىكى، — دېدىم مەن.

— سەندەك ئادەم ھاياتنىڭ جاراھىتىگە ئوخشايدۇ، — دېدى ئالىم كىتاب.

ئۇنىڭ گېپىگە ھەيران قالدىم. ھەيرانلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇكى ئۇمۇ خۇددى مەندەك ئويلايدىكەن. مەن ئۇنىڭ نەزەرىدە جاراھەت ئىكەنمەن. ئۆزۈمنىڭ نەزەرىدە ئۆزۈممۇ خۇددى شۇنداق ئىدىم...

ئەتىگەندە سايراۋاتقان كاككۇكنىڭ غېرىبانە ئۈنى قۇلـ-قىمغا كىردى. ئىكرام ماڭا كوچا دوقمۇشىدىكى بوتكىدىن قىش كۈنى سايرىغان كاككۇكنىڭ ئۈنى بىلەن مۇساپىر تۇيغۇلارنى ئوخشىتىپ ئېيتىلغان چىرايلىق بىر ناخشىنى ئاڭلىغانلىقىنى

دەپ بەرگەن ئىدى. مەن بىر چاغدا لەيلىنىڭ كۆلكىسىنى كاك-كۆكنىڭ ئاۋازىدەك يېقىملىق، دېگەن ئىدىم. ئۇنىڭ كۆلكىسىگە ئامراق ئىدىم، ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۆلكىگە، چىرايىدىن كەت-مەيدىغان تەبەسسۇمىغا ئامراق ئىدىم. بۈگۈن ئۇ كۆلكە دۇنيا-دىن، مېنىڭ روھىمدىن، بارلىقىمدىن، مەن سۆيگەن، بىزار بولغان، قانمىغان، يىرگەنگەن، ماڭا ھەممىنى بەرگەن، مەندىن ھەممىنى تارتىۋالغان، ماڭا مېھىر بەرگەن، مېنى جۈت - شىد-ۋىرغانلىق باياۋانغا تەنها تاشلىۋەتكەن دۇنيادىن تامام يوقالغان. ماڭا سېغىنىشنىڭ شىرىن، ئەمما جانغا ئارام بەرمەيدىغان خۇ-مارىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى.

— ماڭا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ.

لەيلىنىڭ نازۇك، ئىسسىق قوللىرى ئالقىنىمدا ئىدى. بۇ قوللاردىن مەن ھەممىنى ھېس قىلاتتىم، ھاياتنىڭ كىشى قەل-بىنى لەرزىگە سالىدىغان ئۇلۇغۋار قىزغىنلىقىنى سېزەتتىم.

ئىكرام ماڭا دەپ بەرگەن كاككۇكنىڭ غېرىبلىقى ھەم ئۇ-نىڭ غېرىبلىقىنىڭ ئىنسانىنىڭ مۇساپىر تۇيغۇلاردىن قۇتۇلال-مايدىغان ئاجىز روھىغا ئىشارە قىلغان ناخشا ھەققىدىكى سۆز-لەرنى ئاڭلاپ لەيلىنى يادىمغا ئالغان ئىدىم. لەيلىنىڭ مېنىڭ نەزەرىمدىكى مەڭگۈلۈك شىرىن گۈزەللىككە تويۇنغان ئوتلۇق ھەم نازۇك تۇرقى كۆز ئالدىمغا كەلگەن ئىدى. ئۇنى مەڭگۇ ئۇن-تۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىمنى، ئۇنتۇپ كەتسەم بولمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلغانىدىم. ھايات بىزگە كېچەلمەيدىغان مېھىر ئاتا قىلىدۇ، ئۇ مېھىر بىزنىڭ يۈرىكىمىزگە ئۇنسىز سىڭىپ كىرگەن سىمالار بىلەن بىرىكىپ كېتىدۇ. بىز دۇنيا-نىڭ مېھرىنى ئاشۇ ئاشىقلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن سېزەلەيمىز. بۈگۈن يەنە كاككۇكنىڭ سايراشلىرىنى ئاڭلاپ لەيلىنىڭ تە-بەسسۇمى، لەيلىنىڭ كۆلكىسى، لەيلىنىڭ ھايات ماڭا ئاتا قىل-غان، يەنە تارتىۋالغان يالقۇندەك سىماسى يادىمدىن كەچتى.

ئەڭ چىرايلىق نەرسىلەرنى كۆرگەن چېغىمدا سىزنى ئەسلەيمەن.

ئەڭ شېرىن نەرسىلەرنى كۆرگەندە يەنە سىزنى ئەسلەيمەن.

ئەڭ خۇشال بولغان چېغىمدا سىزنى مۇشۇ خۇشاللىقتىن مەندىن بەكرەك ھوزۇرلانسىكەن، دەيمەن.

مەن لەيلىنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە قاراپ مەست بولغان چاغلىرىمدا، تەنھا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن خىيالەن مۇڭداشقان چاغلىرىمدا، ئۆزۈم ھەققىدە، لەيلى ھەققىدە خىيال قىلغانلىرىمدا، لەيلى بىلەن مېنى ئۇچراشتۇرغان تەقدىرگە رەھمەت ئېيتقان دەملەردە شۇنداق دەيتتىم.

— ئاخىرى قانداق بولۇپ كېتەر؟

— ياخشى بولىدۇ.

— مەن قورقىمەن. تۈگىشىپ كېتىشتىن قورقىمەن.

— ئۇنداق بولمايدۇ. مەن سىزنى قوغدايمەن، بۇ گەپنى سىزگە كۆپ دېدىمغۇ.

— ئادەم دېگەن ئەجەب بولىدىكەن، بىرسىنىڭ يالغان گەپلىرىگە بىلىپ تۇرۇپ ئىشىنىدىكەن، يەنە بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشنى خالاپ قالىدىكەن.

— بۇ سىزنىڭ ماڭا ئىشەنمىگىنىڭىزمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس.

لەيلىنىڭ كۆز چاناقلىرىدا كۆلۈپ تۇرغان ياشلارنى كۆرۈپ بىرقىسمىلا بولۇپ قالدىم. مەن ئۇنىڭغا نېمە قىلىپ بېرەلىشىم مۇمكىن؟ بۇنى بىلمەيمەن، لەيلى مېنىڭ نېمە قىلىپ بېرىشىمنى خالايدۇ، بۇنىمۇ بىلمەيمەن، مېنىڭ بىلىدىغىنىم پەقەت لەيلىگە بولغان ئاشىقلىقىم ھەم ئۇنى مەڭگۈ ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىشقا چەكسىز ئۇرۇنۇشۇم. لەيلىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىمەن، ئايرىلىپ قېلىشنىڭ نېرىسىدىكى ئىشلارنى ئويلاشتىن قورقىمەن، شۇڭا ئويلىغۇممۇ يوق.

ئادەم بولۇپ يارىلىشىنىڭ چەكسىز شەرىپى ئارىسىغا كۆ-
ڭۈلنى غەش قىلىدىغان بىر مۇنچە كىر - چاڭلار قونۇۋالىدۇ.
سەللا دىققەت قىلمىسا ئاشۇ ئاددىي، تايىنىسىز نەرسىلەر ئۆزد-
مىزنى، شادلىققا ھېرىس قەلبىمىزنى تاشقا چۈشۈپ كەتكەن
ئەينەكنىڭ ھالىغا قويىدۇ. مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا سۇر ھەي-
ۋىتىدىن يۇرەك تىترەيدىغان يولۋاسنى چۈمۈلىلەرنىڭ بوغۇپ
ئۆلتۈرىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىلەر يادىمغا يېتىدۇ. بىز
ھەر زامان مەزمۇت روھىمىز بىلەن يېڭى بىر سائەتكە، يېڭى
كۈنگە، يېڭى ھەپتىگە، چىرايلىق ھەم مۇستەھكەم تۇيغۇ بىلەن
كۆلۈپ قارىمىساق بولمايدۇ. مەن شۇنداق ئويلايمەن، يەنە ھەممە
ئادەمنىڭ شۇنداق ئويلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەممەيلەن كۆ-
لۈپ يۈرسە قانداق ياخشى، كۆلۈپ تالاغا چىقساڭ يىغلاپ يۈرگەن
بىرسىنى كۆرسەڭ سىنىڭمۇ يىغلىغۇڭ كېلىدۇ.

مەن ئىلگىرى ئويلىغانلىرىمنى يادىمغا ئالدىم. ئىلگىرى
مۇشۇنداق ئويلايتتىم، ھازىر ھەممە نەرسىدىن قورقىدىغان بو-
لۇپ قېلىۋاتاتتىم.

ھەممە نەرسە ماڭا يوپيۇرۇلۇپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. جا-
راھەتلىك كۆڭۈل پايانىمدا بىر گۈلنىڭ ئوتتەك سىماسى، يې-
قىملىق ئىزناسى بار ئىدى. ئۇ گۈل قۇرۇپ كەتتى، يۈرىكىم
جاراھەتكە تولدى، مەن جاراھەتكە ئايلاندىم.

لەيلىنىڭ ئۆلۈمىدىن ھەيران قالغان، ھەسرەتكە پاتقان
كۆزلىرىمدە ساناقسىز يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان ئاسمانغا قا-
راپ ئۈنسىز ياش تۆككەن ئىدىم.

※ ※ ※

— پەرھات زادى نېمە بولدى؟ — دېدى ئالىم كىتاب.

— بىلمىدىم، ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا بىر ئىش بولدى، پەردە

كەتتى، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، بەلكىم شۇ ئىشلار تەسىر قىلغان بولسا كېرەك.
— پەرىدە كەتكەنلىكى ئۇچۇنلا بولمىسا كېرەك، ئىكرام، ئۇنىڭغا ياردەم قىل...
ئالىم كىتابىنىڭ بەزى ئادەملەر تۈزۈك كۆلەلمىگىلى، راۋۇ-رۇس يىغلىيالمىغىلى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتتى، دەپ بىراۋلار ئۇچۇن ئاھ ئۇرغىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ئۇنىڭ نېمىشقا بۇ گەپنى دېگەنلىكىنى ھازىر بىلمەيمەن، ئەمما ئۇمۇ بىرنېمىنى ئويلاپ شۇنداق دېگەن بولغىيدى.
كۆنلىرىنى كىتاب ئوقۇش، شاھمات ئويناش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئالىم كىتابىنىڭ گەپلىرى چويۇندەك ئېغىر، مەن ئۇنى كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلارنى خىيال قىلىپ يۈرسە كېرەك، دەپ ئويلايتتىم.
— مۇشۇ پات ئارىدا چوقۇم چوڭ چاتاق چىقىدۇ.
كامىل دوڭغاي شىپىرلاپ يېنىمغا كېلىپ قۇلىقىمغا شىۋىرلاپ دېگۈدەك شۇ گەپنى قىلدى. ئۇنىڭ ئورۇق يۈزى تاتىرىپ كەتكەنىدى. كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىگە سىزىپ قويغاندەك پەيدا بولغان قورۇقلار ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بىرقىسما قىلىپ قوياتتى.
— يەنە نېمە بولدى؟
يىراقتىن كاككۇكنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن كاككۇكنىڭ دەردلىرى بىلەن كىشىنىڭ مۇساپىرلىقى ھەققىدىكى ناخشا توغرۇلۇق پەرھاتقا سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم. بۇ قېتىم كاككۇكنىڭ سايرىشى ماڭا ئۇنچىۋالا مۇڭلۇق ھەم بىچارە تۇيۇلمىدى. ئادەم دېگەنمۇ قىزىق نەرسە، كاككۇك شۇ ھالدا ئۆز ھالى بىلەن ئۆزىنىڭ سايرىشىنى سايراۋاتىدۇ، بىراق مەن ئۇنى بىچارە ھالدا، دەپ ئۆزۈمنىڭ خىيالىنى قىلىۋاتىمەن. مەن بىلەن، مېنىڭ شادلىقىم، قايغۇلىرىم بىلەن كاككۇكنىڭ نېمە كارى، نېمە مۇناسىۋىتى؟

— مەھەللىمىزگە بىر نەچچە ھۆۋقۇش پەيدا بولۇپ قاپتۇ، ئاۋۇ قادىر ياغاچچى دېگەن قېرىنىڭ ھويلىسىدىكى توغراققا ئۇ-ۋا سايپتۇ.

كامىل دوڭغاينىڭ نۇرسىز كۆزلىرى پىلدىرلاپ تۇراتتى، غەزەپ ھەم قورقۇنچ ئۇنى ئىلكىگە ئېلىۋالغاندەك ئىدى. ئەڭ ئوسال ئىككى نەرسە ئىت بولۇپ ئۇنى تالاۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ھۆۋقۇش... بۇ ھۆۋقۇش دېگەن يوقاپ كەتكىلى خېلى بولغانغۇ؟

— شۇنى دەڭا، بىر نەسچىلىك بارغۇ زادى.

— قانداق بولار؟

— بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ ھېچبولمىسا ئاج-رىشىدىغانلار كۆپىيىپ كېتىشى مۇمكىن، كىچىك باللار كې-سەلگە يېقىن بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، يەنە ئۆلۈم - يىتىم ئاۋۇپ قېلىشى ھەم مۇمكىن، سانىساق يامان ئىش دېگەن تولا، يا بۇ مەھەللىدىن كۆچۈپ كەتكىلى بولمىغان.

كامىل دوڭغاينىڭ ئورۇق تېنى شامالدا لەيلەپ كېتىدىغان-دەك كۆرۈنەتتى. مەن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراشتىن قورقاتتىم. تۇرۇپلا ئۇنىڭ تۇرقى كۆزۈمگە سىغمايلا قالدى، ئۇ كۆزۈمگە سوغۇق ھەم تايىنسىز بىر ئادەم بولۇپ كۆرۈندى. بۇ ئادەمنىڭ بۇ مەھەللىدە كىملەر بىلەن يېقىن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. تەنھالىق بەزى ئادەملەرنىڭ ھاياتىنى ئۆمۈ-چۈك توردەك مەھكەم چىرمىۋالسا كېرەك.

— چاتاقمۇ چىقماس، تىلىسەڭ تاپارسەن دېگەندەك بىر گەپلەرنى قىلمايلى، كامىلاخۇن، ئەنە ئاڭلاپ بېقىڭلار، شۇ ھالدا ئاۋۇ يەردە كاككۇك سايراۋاتىدۇ، ھېچ ئىش بولغىنى يوققۇ.

كامىل دوڭغاينىڭ خۇنسىز كۆزلىرى ماڭا نەپرەت بىلەن تىكىلدى.

— كىچىك بالىدەك گەپ قىلمىغە ئىكرام، سىزنى خېلى

غەرەز ئاڭقىرىدۇ دېسەم، نېمە گەپ بۇ؟ كاككۇك باشقا گەپ، ئەمما مۇنۇ ھۇۋقۇشنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، ھۇۋقۇش پەي-دا بولغان يەر قۇرۇپ كېتىدۇ، دېگەن گەپ بار.

— بىرەر ئىلمىي ئاساسى بارمۇ؟

مۇشۇ گەپنى دېمىسەممۇ بوپتىكەن.

— ئا... قويۇڭا ئىلمىي ئاساس دېگەننى، مۇشۇ ئاي مۇشۇ كۈنلەردە ھەممە ئادەم ھەممە نەرسىنىڭ ئىلمىي ئاساسى، دەيدى-غان گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپتۇ. سىز دېگەن «ئىلمىي ئاساس» ھەممە نەرسىنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىپ، سىرىنى ئېچىۋەتسە ئىشلار بەلەن بولۇپ كېتەتتى، بىراق مانا مەن دەپ تۇرغان ئو-چۇق ئىشلارنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى كىم دەپ بېرەلەيدۇ؟ مەسى-لەن، بۇلتۇر ئاۋۇ ھەسەن سېرىق خەت تونۇمايدىغان بىرسىنى قاقشىتىپ، بىچارىنىڭ 10 مىڭ سوم پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلى-ۋىدى، مانا بىكاردىن - بىكار تۈز يولدا يىقىلىپ چۈشۈپ يوتا سۆڭىكى سۇنۇپ كەتتى، ھازىر ئەمدى شۇنى داۋالىتىمەن، دەپ نەچچە يۈزمىڭغا قەرز كىرىپ بوپتۇ. يۇقىرى مەھەللىدىكى سا-ۋۇت قارىم ئىسسىتقۇ - سوۋۇتقۇ قىلىمەن، دەپ ئۇنى - بۇنى ئوقۇپ سۈپكۈچلەپ يۈرەتتى، ئەمدى نېمە بوپتۇ بىلەمسىز؟ تاشلاندۇق تۇگمەنگە بېرىۋېلىپ ئېشەكنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ يىغلايدىغان غەلىتە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ. ئىلگىرى ئۇنى بۇنىڭغا ئۈچ، بۇنى ئۇنىڭغا ئامراق قىلىپ خەقلەرنى قاق-شاتقاننىڭ جازاسى تۇتۇپ ئەمدى ئۆزى ئېشەككە ئاشىق بولۇپ قالغان گەپ، مۇشۇنداق جاھان بۇ. ھەسەن سېرىقنىڭ خەقنىڭ پۇلىنى ئېلىۋېلىپ قارغىشقا كېتىشى بىلەن پۇتىنىڭ سۇنۇپ كېتىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئىلمىي ئاساسنى، يەنە ساۋۇت قارىم-نىڭ ئېشەككە كۆڭلى چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى ماڭا بىر دەپ بېرىڭا سىز يامان بولغاندىكىن...

كامىل دوڭغاي گېپىنى تۈگىتىپ كۆزۈمگە نەپرەت بىلەن

قاراپ قويدى. ئادەم دېگەننىڭ ئويلىمايدىغان ئىشى يوق، كىچە-
كىمدە يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان ئاسمانغا قاراپ ساقىپ چۈشۈپ
كېتىۋاتقان يۇلتۇزنى كۆرسەم بىرەر ئادەمگە قازا يەتكىنىگە ئى-
شىنەتتىم. شۇ چاغدىكى ئويۇمچە بولغاندا ھەر بىر ئادەمنىڭ
بىردىن يۇلتۇزى بار، بىر يۇلتۇز بىر جاننىڭ بەلگىسى، بىر
يۇلتۇز ساقىپ چۈشۈپ كەتكەن ئىكەن بۇ جاھاننىڭ قايسى بىر
بۇلۇڭىدا بىر ئادەمنىڭ جان تەسلىم قىلغانلىقىنىڭ بېشارىتى
ئىدى. شۇ كۈنلەردە مەن ئاسماندىكى ساناقسىز يۇلتۇزلارنىڭ
ئىچىدە موماممنىڭ يۇلتۇزىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ
يۇلتۇزۇمنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى ئىزدەشتۈرۈپ باققان ئىدىم.

— سېنىڭ يۇلتۇزۇڭ قايسى؟ — پەرھات كىچىكىدە يۇل-
تۇزلارغا قاراشقا بەك ئامراقتى.

— بىلمەيمەن.

— دۆت، ئۆزۈڭنىڭ يۇلتۇزىنى بىلىشىڭ كېرەك.

مەن شۇ چاغدا ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ يۇلتۇزىنى بىلىپ پە-
قەت مەنلا بىلمەيدىغاندەك ئويلاپ ئىزا تارتىپ كەتكەن ئىدىم.

پەرھات يۇلتۇزلار ھەققىدە ھازىرمۇ ئويلاپ يۈرسە كېرەك.

موماممنىڭ يۇلتۇزىنى، ئۆزۈمنىڭ يۇلتۇزىنى بىلەلمىگەنى-
دەك موماممنىڭ يۇلتۇزىنىڭ قايسى كۈنى ساقىپ چۈشىدىغانلى-
قىنىمۇ بىلمەيتتىم. مومام جاھاندىن كەتكەن كۈنىمۇ ئۇنىڭ
يېنىدا بولالمىغان ئىدىم، شۇ كۈنلەردە ئاسمانغا قاراپ يۇل-
تۇزلارغا قارايدىغان ئىشقىمۇ قىزىقماس بولۇپ قالغانىدىم. مەن
موماممنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ ھاياتنىڭ قىسقا
دەملىرىدە ئادەمنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىپ كۆرمىگەن كۈنى قالمايدى-
دىغانلىقى، جاپالىق ھايات مۇساپىسىدە بەك جىق ھەرەج تارتى-
دىغانلىقى توغرۇلۇق ئويلاپ ماڭغانىدىم. مومام مېنىڭ نەزەرىم-
دە بەك جىق جاپا تارتقان ئىدى. لاۋۇلداپ يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ
تۇرغان تونۇرغا نان ياققان موماممنى، قۇياشنىڭ ئوتتەك ئىسسى-

قى جاھاننى كۆيدۇرۇپ تۇرغان قاقىرامدا پاكار قوناقلارنى تاقلا-ۋاتقان مومامنى، كۆيمەس شىرنىشىم جىگدە شوخىلىرىنى كۆي-دۈرەلمەي قوقاسنى پۇۋلەپ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىۋاتقان موما-نى، نەچچە چارەك كېلىدىغان قوناقنى يۇدۇپ تۈگمەنگە ئۇن تارتقىلى كېتىۋاتقان موماىنى، گۈل تېرىشقا ئامراق، گۈلگە ئامراق موماىنى ھەسرەت بىلەن يادىمغا ئالغانىدىم. ئىشەنمىسەم بولمايدىغان رېئاللىق شۇ ئىدىكى مەن موماىدىن، ھەر بىر ئا-دەمنىڭ بىردىن يۇلتۇزى بارلىقىغا، شۇ يۇلتۇزى ساقىپ چۈش-كەن كۈنى شۇ كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان موماىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغان ئىدىم.

— مەن ئۆلۈپ كەتسەم دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇپ قالما بالام.

موماىم شۇ گەپنى دەۋېتىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتكەنىدى، مەن ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالغانىدىم. مەن ئۇ چاغدا موماىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتىم، مەن ئىشەنمەيدىغان، يۈز بەرمەيدۇ دەپ ئويلايدىغان ئىشلار قەدەمدە بىر يۈز بېرىپ تۇردى.

موماىنىڭ مېنى ئېشەككە مىندۈرۈپ سۆرە يادلىغاچ ماڭغان ھالىتى، چىت كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرىنىڭ چايقىلىشلىرى، سۇغا سىيىۋاتقان ئېشەكنى سىلكىشلەپ تىللىغانلىرى يادىمغا يەتتى.

كامىل دوڭغاينىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالمىدىم.

كامىل دوڭغاينىڭ خىياللىرىنى پەرھاتقا دەيمەن، دەپ يەنە دېمىدىم. بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆيىدە ئامېرىكىنىڭ «قەيسەر يۈرەك» دېگەن فىلىمىنى كۆرگەن كۈنى دېمەكچى بولۇپ توختاپ قالدىم. پەرھات شۇ كۈنى ناھايىتى خۇشالدەك كۆرۈنەت-تى، ئەمما مەن ئۇنى خۇشالدەك ھېس قىلالمىدىم، بەزى ئادەم-لەر يىغلاۋېتىپ كۈلگەندەك، كۈلۈۋېتىپ يىغلاۋاتقاندەك قىيا-پەتكە كىرىۋالىدۇ. ھېچكىم ھېچكىمگە ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى، رو-ھىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى، ئارمان ھەۋەسلىرىنىڭ نېمىلە-

كىنى ئەسلىي ھالىتىچە كۆرسەتكۈسى كەلمەيدۇ. ھەممەيلەن ئۆزىمىزنى يوشۇرۇشقا ئادەتلىنىپ كەتتۇق. شۇنداق بولمىسا بولمايدىغاندەك، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىمىزنى ساقلاپ قالالايدىغاندەك، مەۋجۇتلۇقىمىزنى، ھۆرمەت - ئىززىتىمىزنى قوغدىيالايدىغاندەك ئويلاپ قالساق كېرەك.

— بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتىمەن.

— نېمە ئۇ؟

— سوئال.

— سوئال؟

— توغرا، سوئال.

— گېپىڭنى چۈشىنەلمىدىم.

— ھەممىمىزدە مەسىلە ئېغىرلاپ كەتتى، مەندىمۇ، سەندىمۇ، ئۇنىڭدىمۇ مەسىلە بار. روھىمىزدا، ۋۇجۇدىمىزدا، ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىمىزدە، دەسسەۋاتقان يەردە، ئىچىۋاتقان سۈيىمىزدە، قۇچاقلاپ تۇرغان ئاياللىرىمىزدا، ۋۇجۇدىمىزدىن تۆرەلگەن بالىلىرىمىزدا، سۆيۈش، سۆيۈلۈشلىرىمىزدە، كۆنۈك ئادەتلىرىمىزدە مەسىلە بار. بار بولۇپ قالماي، بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— مەن مۇشۇلارنى ئويلاپ قالدىم. مۇشۇلار ئۈچۈن بىر سوئال تاپسام بولاتتى. سوئال جاۋابتىن مۇھىم. بۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟

— بىلمەيمەن.

— مەن شۇ سوئالنى تاپسام جاۋابى چىقاتتى، جاۋابى چىقسا تۇرمۇشىمىزدا بىزگە زالالەت بېرىۋاتقان ھەممە ئىش ھەل بولۇپ كېتەتتى.

پەرھات بۇ گەپنى قاچان دېگەن، بىر يىل، ئىككى يىل

بەلكىم ئۇچ يىل بۇرۇن دېگەندۇ، ئۇ كۆزلىرىنىڭ خۇنى قې-
چىپ، چىرايىغا قورۇق ياماشقان، ساقال باسقان چىرايى كۆڭۈل-
نى غەش قىلىدىغان كۇنلەرنىڭ دەسلىپىدە ماڭا سوئالىنىڭ گې-
پىنى قىلغان ئىدى.

※ ※ ※

لەيلىنىڭ روھىدىن، ۋۇجۇدىدىن ھاياتقا تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان
كۈلكە ھەم تەبەسسۇمنى مەندىن باشقا ئادەملەر مەڭگۇ ھېس
قىلالمايدۇ.

— سىزنى كۆرسەم ماڭا جاھان كېڭىيىپ قالغاندەك بىلى-
نىدۇ.

— نېمىشقا؟

— چىرايىڭىزدىكى كۈلكە ماڭا جىمى غەم - قايغۇلارنى
ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

لەيلى ۋىلىقلاپ كۈلدى. مەن ئۇنىڭ مەن ئامراق يېقىملىق
بىر پۇراق كېلىدىغان چاچلىرىنى پۇراپ مەستخۇشلۇق ئىچىدە
يۇلتۇزلارغا قاراپ ياتقان ئىدىم. دەريا تەرەپتىن سۇنىڭ شارقى-
رىشى بىلەن قوشۇلۇپ لاي سۇنىڭ سالقىن ھىدى كېلەتتى.

— مۇشۇ ئىشلارنى قانداق ئويلايسىز؟

— قايسى ئىشنى دەيسىز؟

— ئىككىمىزنىڭ مۇشۇنداق سۆرىشىپ يۈرۈشلىرىنى دەي-
مەن.

— ھېچقانداق ئويلىمايمەن، پەقەت رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن شۇ چاغدا بىزنىڭ تويغۇ ئىچىدە ياشايدىغانلىقىمىز-
غا، تويغۇ ئىچىدە ياشاپ كۆنۈپ قالغانلىقىمىزغا ئىشەندىم، سۇ-
زۇك، ئىسسىق، پاكىز تويغۇلارغا شۇ قەدەر تەشنا ئىكەنلىكى-
مىزنى ھېس قىلىپ قالدىم.

— نېمىگە رەھمەت ئېيتىسىز؟

— سىز يارىلىپ قالغان دۇنياغا، سىزنى ماڭا يولۇقتۇرغان تەقدىرگە، ئاشۇ كۈنى بىز بىللە ئولتۇرغان ئاپتوبۇسقا، بىر يەردىن بىلەت كەسكەن بىلەتچىگە، يەنە شۇ كۈنگە... ھەممىگە رەھمەت ئېيتىمەن.

— بىراق مەن بىر قىسمىلا بولۇپ قېلىۋاتىمەن. سىزنىڭ خوتۇنىڭىز بار ئەر ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلىسام تېنىم شۈركىنىپ كېتىدۇ، نەچچە قېتىم ئۆزۈمنى ئۆرۈپمۇ كەتتىم...

— بۇنداق دېسىڭىز مەن تەڭلىكتە قالىمەن، راست گەپنى دېسەم مېنىڭ سىزدىن پەقەت ئايرىلىپ قالغۇم يوق.

— مېنىڭمۇ شۇ.

لەيلىنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ خوتۇنۇمنى ئويلاپ قالدىم. ياشلىق كۈچى روھىمنى چاپچىتىپ تۇرغان يىللاردا مەن ئۇنى خۇددى ھازىر لەيلىنى قۇچاقلىغاندەك ئۇزاق قۇچاقلىغان، ئۇزاق سۆيگەن، ئۇنىڭ يېنىمدا ئۇزاق تۇرۇشىنى، ئۇزاق مۇڭ-دىشىشىنى، بىللە مېڭىشىنى ئارزۇ قىلىپ قىلمىغانلىرىم قال-مايتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىنى، دولقۇنلۇق چاچلىرىنى، ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرىنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئاي-رىلماسلىققا كۆڭلۈمدە ۋەدە قىلاتتىم، شۇ كۈنلەردە مەن بىر قىزنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە قەلبىمنى ئىگىلەپ كېتىدىغانلىقى-نى ئويلىمىغان ئىدىم. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ناھايىتى نۇر-غۇن نەرسىلەر ئۆزىنىڭ ئەسلىي رەڭگىنى، تەمىنى، ئىللىقلى-قىنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن چېغىمدا نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن ئىدى. مەن مەستخۇشلۇق ئىچىدە بى-خۇدلارچە تۇيغۇلىرىمدا كۆڭلۈمنىڭ ناھايىتى كۆپ يەرلىرىنىڭ بوش ھەم قۇرۇق تۇرغانلىقىنى، قاغجىراپ كەتكەنلىكىنى، تەش-نالىقىنىڭ ئاچچىق ھەم خۇمارى يامان تۇيغۇلىرىنىڭ كۆڭلۈمنىڭ ئاشۇ قۇرۇق يەرلىرىگە تۇماندەك يېيىلىپ كەتكەنلىكىنى سەز-

مەي كەلگەنىكەنمەن. خوتۇنۇم بىلەن تاتلىق، شېرىن ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ قانداقلارچە ئاستا - ئاستا سۇسلىشىپ بارا - بارا تەم تۇزىدىن كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەيلا قالدىم. بۇرۇنقى سېغىنىشلار تۈگىگەن، بۇرۇنقى ئوتلۇق تەلپۈنۈشلەرنىڭ ئورنىنى بىر تۈرلۈك سوغۇققا مايىل ئىلمانلىق ئىگىلىگەن. نېمىشقا مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتىم.

— قايتىپ كەلسىڭىز بولاتتى.

خوتۇنۇم شۇنداق دېگەندە ئېغىر ياتقۇ بولغان ئىدى. تۈك كېتىپ شام ياندۇرۇپ ئولتۇراتتۇق، ئالدىدىكى شامنىڭ يالقۇنىغا تىكىلىپ ئېچەكلىرىنى يۆلەپ ئولتۇرغان ئايال مېنىڭ خوتۇنۇم ئىدى. ئۇنىڭ قويۇق چاچلىرى ئوڭ مۈرىسىدىن يېيىلىپ پەسكە چۈشكەنىدى. كۆزلىرى ماڭا غەمكىنلىك بىلەن تىكىلەتتى. مەن چۆچۈپ كەتتىم، جىمجىت ئۆيدە ئۇنىڭ توساتتىن بۇ گەپنى دېيىشى مېنى قورقۇتىۋەتتى.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟

— مېنى گۇناھكار قىلىپ قويىدىغاندەك قىلىسىز.

مەن تۇرۇپلا قالدىم. ئۇنىڭ بىر چاغلاردىكى مەن ئامراق قارا چاچلىرى كېچە قاراڭغۇسىدا ئۆيگە يېيىلىشقا باشلىدى. چىرايلىق كۆزلىرى بارغانسېرى يوغىناپ قورقۇنچلۇق پارقىراپ كەتكەندەك بولدى.

— نېمانداق گېپىڭىزنىڭ باش - ئاخىرى يوق؟

— ماڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا قانداق قىلارسىز؟ بىزنىڭ بالىمىز يوق، شۇڭا سىز...

ئۇنىڭ سۆز ئاھاڭى شۇنداق بىمالال، شۇنداق سوغۇق، قاتتىق ھەم يىرىك تۇيۇلدى.

— يوق گەپنى قىلما، ساڭا نېمە ئىش بولماقچىدى؟

— مەنمۇ بىر ئىش بولمىسىكەن دەيمەن، ئەمما بەزىدە ئادەم مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

بۇ، مەن لەيلىنىڭ قاتىلىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كېلىش-
تىن خېلى ئاۋۋالقى بىر ئاخشام ئىدى. شۇ كۈنى مەن لەيلى بى-
لەن دەريا بويىنى ئايلانغان، ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا مەن ئۇچۇنلا يا-
رالغان كۆلكىسىدىن مەست بولۇپ گۈلدەك لەۋلىرىگە ئۇزاق
سۆيگەن ئىدىم. شۇ مىنۇتلاردا قولمۇقلاردا گۈللەر ئېچىلغان
ئىدى، لاي سۇلار سۈزۈلگەن، سولاشقان گۈللەر تىرىلگەن، يوللار
شۇنداق راۋان بولۇپ كەتكەن، بۇلۇتلار ناخشا ئېيتقان، يۇلتۇزلار
كۈلۈمسىرىگەن، تولۇن ئاينىڭ يۈزىدىكى داغ تامام يوقاپ كەتكە-
نىدى. ئادەمگە بەزىدە دۇنيا مانا شۇنداق بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

— كۆڭلۈم بىر نېمىدىن ئۆيۈپ قالدى... كەينىمىزدە ئادەم
باردەك قىلىدۇ.

لەيلىنىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى، ئۇنىڭ كېيىكتەك
چۆچۈشلىرى ماڭا بىر قىسمىلا بىلىندى.

— بۇ يەرگە كىم كەلمەكچىدى، بۇ قاراڭغۇدا بىزنى كىممۇ
پايلاپ يۈرەر؟

— ئىشقىلىپ قورقۇپ قالدىم، بىزنى كۆرۈپ تۇرغان
بىرسى باردەكلا قىلىدۇ.

— بولدى، يوقىلاڭ خىياللارنى قىلماڭ، بۇ جاھاندا ھازىر
ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق.

— چاقچاق قىلماڭ.

لەيلىنىڭ شۇ گەپلىرى يادىمدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا
قالغانىدى. ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق ئەندىكىپ باقمىغان، نېمىشقى-
دۇر قوللىرى مۇزلاپ، چىرايىدىكى كۈلكە، تەبەسسۇم يوقاپ
كەتكەنىدى. يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقى جاھانغا سۇس سېپىلىپ تۇر-
غان بۇ ئاخشامدا مەن ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھەر بىر كىچىك ئۆز-
گىرىشنىمۇ بىلەلەيتتىم.

— سىزنىڭ يۇلتۇزىڭىز قايسى؟

مەن لەيلىنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىنى سىقىپ سورد-

دىم. ھاياجىنىم تېخى تۈگىمىگەن ئىدى، بايىقى ئەسەبىيلىكلە-
رىمنىڭ تەسىرى، لەيلىنىڭ نازۇك بەدىنىنىڭ تىترەشلىرى
خىيالىمدا دولقۇنلىنىپ تۇراتتى.

— بىلمەيمەن.

— بۈگۈن ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ،
ئۆزىڭىز تاللىۋېلىڭ، مەڭگۈ ساقىپ چۈشمەيدىغاندىن بىرنى.

خوتۇنۇمنىڭ بىر زامانلاردا ماڭا يۇلتۇز بولۇپ، كۆيۈۋاتقان
ئوت بولۇپ كۆرۈنىدىغان كۆزلىرى باشقىچە پارقىراپ قالغانىدى. ۋاقىت سەزگىلى بولمايدىغان تەرزدە ئۆتىۋېدىكى گۈزەللىكلەرنى ئېلىپ كەتكەنىدى.

— بىزنىڭ ھېلىقى يېزىدىكى تۇغقىنىمىزنى بىلىسىز،
شۇنىڭ قىزى خوتۇن - باللىرى بار بىرسى بىلەن قېچىپ
كېتىپتۇ، نېمە شەرمەندىچىلىك بۇ؟

— قايسى تۇغقىنىڭ ئۇ؟

— ھېلىقى ئاپتوبۇس سېتىۋېلىپ باي بولۇپ كەتكەن ئابدىلىمكامچۇ، گېزىتلەرگىمۇ چىققان تېخى.

— ھە، يادىمغا كەلدى.

— شۇلارنىڭ كىچىك قىزى، تېخى ئەمدى يىگىرمىنىڭ
قارىسىنى ئالغان، قاراپ ئولتۇرغۇدەك چىرايلىق قىز بولغان،
قىز بالا دېگەننىڭ چىرايى بولغان بىلەن ئەقلى بولمىسا بىكار-
كەن. ئەر كىشىلەرمۇ قاملاشماي قالغىلى تۇرۇپتۇ.

— پەرىدە، سېنىڭ گەپلىرىڭ باشقىچە بولۇپ قالدىمۇ نې-
مە؟

— ياق، مەن مۇنداقلا دەپ قويدۇم.

مەن ھېچنېمە دېمىدىم. كاكچا نانىنىڭ كۆيۈپ پىشقانلىرى-
نى تاللاپ چايغا تۆگۈرۈپ يېدىم. خوتۇنۇمنىڭ گەپلىرىنىڭ بىر
يەرلىرى خۇددى ماڭا دارىتمىلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ قېلىۋاتاتتى.

— ئادەملەر نېمە بولۇپ كەتتى زادى؟ كالىلىسى قېيىپ

قالغاندەك خىيالىغا كەلگەننى قىلىۋەرسە قانداق بولىدۇ؟
خوتۇنۇم مۇشۇ گەپنى دەپ بولۇپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويـ-
دى. ئاندىن ماڭا تىك قاراپ دېدى:
— ئەرلەرمۇ بەك ئىنسابسىز بولۇپ كەتتى، گۇناھنى
كىمگە قويۇشنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ.
— بولدى قىل، يوقىلاڭ ئىشقا باش ئاغرىتىپ نېمە قىلى-
سەن...
— بۇ يوقىلاڭ ئىشمۇ؟
— قانداقلا بولسۇن بىز بىلەن ئالاقىسى يوق... بىز ئۆزد-
مىزنىڭ ئىشىنى بىلسەك بولدى.
خوتۇنۇمنىڭ كۆزلىرىدىكى مۇزدەك بىر سوغۇقلۇقنى كۆ-
رۇپ تېنىم شۈركىنىپ كەتتى.
— مەنغۇ سىزگە ئىشىنىمەن، سىز ئۇنداق تايىنى يوق
ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم ئەمەس.
لەيلى شۇ هالدا نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن؟
كۆڭلۇمگە بىر قورقۇنچ كىرىۋالدى. بوران هۇشقىيتىپ
تۇرغان كۈنلەردە، ئاپتاپ چىققان كۈنلەردە، چىرايلىق ئايدىڭ
كېچىلەردە، قاراڭغۇلۇق باسقان تار يوللاردا، ئىسسىق تاماقنىڭ
تونۇش پۇرىقى كېلىدىغان ئۆيدە خىيالغا پاتىدىغان، ئۆينىڭ
ئالدىدىكى ئەرمۇدۇننىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ قۇرۇق پاراڭ سا-
لىدىغان ئادەملەرنى يامان كۆرىدىغان، دائىم گاڭگىراپ قالىدىغان
بىر ئادەم بار. ئۇ كۈنلىرىمنى جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە
ئادەتلىنىپ قالدىم، دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى... ئاجايىپ
ئىشلارنى ئويلايدىغان، ئويلىغانلىرىنى بىركىمگە دېيىشكە پې-
تىنالمايدىغان، شۇنىڭ بىلەن نېمىنى ئويلىغانلىقىنى تامامەن
ئۇنتۇپ كېتىدىغان بۇ ئادەم تولا چاغلاردا شۈكلەپ قالىدۇ. ئو-
ماق بىر قىزنىڭ ئوتتەك سىماسى، يالقۇندەك تەبەسسۇمى، ئاجا-
يىپ شېرىن مېھرى ئۇنىڭ خىيالىنى مالىمان قىلىپ سېغى-

نىشنىڭ ئاچچىق خۇمارىغا بۆلەيدۇ، ئۇ بۇ دۇنيادىن ئاغرىنىپ باقمىغاندەك، بۇ دۇنياغا مېھرىنى بېرىپ باقمىغاندەك ئويلاپ قالىدۇ. لەيلى بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرى گاھىدا خۇددى چۈشىدە بولغان ئىشلاردەك تۇيۇلۇپ قالىدۇ، لەيلىنىڭ چۈشلىرىگە كىرمىگىنىگە ھەيران قالىدۇ.

ھەركىم ھەر نەرسىنىڭ غېمىدە قالغان دۇنيا.

ئۇ ناۋادا لەيلى بۈگۈنگىچە يېنىمدا بولغان بولسا قانداق بولاردى؟ دەپ خىيالغا پاتىدۇ. لەيلىنى يۇتۇپ كەتكەن دۇنياغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالىدۇ.

غەم تۇمانلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئەسكى قىلىپ تۇرىدۇ. غەم تۇمانلىرىنىڭ رەڭگى، قويۇقلۇقى، پۇرىقى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

ئات بېشىدەك ئالتۇنى بولۇشنى ئارمان قىلىدىغان ئادەملەر تولا. ئۇشتۇمتۇتلا باي بولۇپ كېتىشنى، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە ھەۋەس قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەملەر بار. پەرھات لەيلىنى، ئىكرامنى، پەرىدەنى ئويلىدى. ئايال كىشىنىڭ رەشك ئوتىدا كۆيگىنى ئۇنىڭ دوزاختا چۈشكىنى ئىدى. ئۇ قانداقتۇر بىر سېزىم بىلەن پەرىدە كۈنداشلىق قىلىۋاتىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلىدى، ئەمما ئۇ لەيلى بىلەن بولغان ئىشلىرىنى ئىككىيلەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى، باشقا ھەرقانداق ئادەم لەيلىگە بولغان سۆيگۈسىدىن ئەجەبلەنسە، قارشىلىق قىلسا يولسىزلىق بولىدىغاندەك ئويلايتتى.

※ ※ ※

شۇكۇر - قانائەتنى يامان كۆرىدىغان زاماننىڭ ئۆزىگە يارىشا قىزىقچىلىقلىرى بولىدۇ.

شۇكۇر - قانائەتنى يامان كۆرىدىغان زاماننىڭ ئادىمى بو-

لۇشنىڭ ئۆزىگە يارىشا شېرىنلىكى، جاپاسى بولىدۇ.
مەن بۇ گەپلەرنى پەرھات بىلەن ئالىم كىتابقا دېدىم.
— توغرا دەيسەن ئىكرام، — دېدى ئالىم كىتاب كۆلۈمسىرەپ.
— بۇ بىرسى دېمىسىمۇ ئەينى گەپقۇ، — دېدى پەرھات.
بىزنىڭ بۈگۈنكى بۇ دۇنيا ئاجايىپ مۆجىزىلەرگە تولۇپ كېتىۋاتىدۇ، خەقلەر بىر كۈندىلا ئورنىدىن دەس تۇرىدىغان، بىر كۈندىلا يىقىلىپ بار بىساتىدىن ئايرىلىپ قاق سەنەم بولۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. پۇل ھەممىنى بەلگىلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ پۈتۈن ئەقلى، پۈتۈن ھېسسىيات، پۈتۈن ئەس - ھوشى پۇلغا باغلىنىپ كەتتى. پۇل تاپىمەن، دەپ ساراڭ بولۇپ قالغانلار، پۇل تاپىمەن دەپ ئەسلى - ۋەسلىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلەر، پۇل تاپىمەن دەپ ساتمايدىغان نەرسىلىرىنى سېتىۋاتقانلار، بەرمەيدىغان نەرسىلىرىنى بېرىۋېتىدىغانلار، دېمەيدىغان گەپلەرنى دەيدىغانلار، يېمەيدىغاننى يەيدىغانلار ئاۋۇپ كەتتى. بۇنىڭغا نېمە دەيمىز؟ خۇدا ئۆزۈڭ ساقلا دەيمىز، يەنە ئۇنداق دەپ تۇرىۋەرگىلىمۇ بولمايدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئىككى ئېغىز ھەق گەپنى قىلىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ.
ئەخمەت شۇ گەپلەرنى ناھايىتى ئۇرغۇلۇق ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ ھەيرانلا قالدىم.
كېچىچە ھاراق ئىچىپ ئۆزىنى ئوڭشىيالماي ئولتۇرغان ئەخمەت مۇشۇ گەپنى قىلغاندا مەن ھېچنېمە دېمىدىم، مەنچە ئۇنىڭ گەپلىرى كونا گەپلەر ئىدى، ھەممە ئادەم بىلىدىغان گەپلەر ئىدى. كاللىسىنى ئىشلەتكەن، بۈگۈنكى دۇنيانى كۆزىتىپ باققان، ئۇنى - بۇنى ئويلايدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىلىدىغان گەپلەر ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ گەپلىرى ئىشخانىدىكى ھەممەيلەنگە شۇنداق يېقىپ كەتتى.
— توغرا دەيدۇ، زادى بۇ ئەخمەتنىڭ كاللىسى بەك ئىشـ

لەيدۇ، ئەجەب بىلمەپتىمىز، زادى ئادەملەر پۇل دېسە ھەممىنى ئۇنتۇيدىغان بولۇپ كەتتى.
— ئەخمەت ئەقىللىق بالا ـ دە گېزىتنى جىق ئوقۇغاننىڭ پايدىسى.
— رادىيونى كۆپ ئاڭلايدىغان يېتىم بۇ.
ئىشخانىدا ئالاھەزەل چۇشكىچە مۇشۇ گەپنىڭ مۇنازىرىسى بولغان ئىدى. بۇ گەپنى دەپ قويغان ئەخمەت سورۇندىن تارقاپلا كەلگەن بولسا كېرەك، يوقلىمىدىن ئۆتۈپ بايىقى گەپلەرنى دەپ بولۇپ يوقاپ كەتتى. ئۆيىگە بېرىپ ئۇخلىدىمۇ يا بىر يەرگە بې-رىپ داۋامىنى ئىچىۋاتامدۇ بىلگىلى بولمايدۇ.
كونا بولسىمۇ شۇنچىلىك ئىشلارنى ئويلىيالىغاندىكىن، شۇنچىلىك گەپلەرنى قىلالىغاندىكىن بۇ ئەخمەتنىمۇ يامان دې-گىلى بولمايدۇ. ئالىم كىتابىنىڭ پۇل ھەم ئادەملەرنىڭ پۇلغا دوم چۇشكەنلىكى توغرۇلۇق نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.
مىجىت قارىنى ھەر كۆرسەم ئەخمەتنىڭ ئاشۇ گەپلىرى يا-دىمغا يېتىدۇ، ئەخمەتنىڭ ھاراقنى تولا ئىچىدىغان قىلىقىمۇ ئېسىمدىن كېچىدۇ.
— سىزگىلا دەيمەن قاراڭ ئۇكا، — دېدى مىجىت قارى جىددىي تەرزدە، ئۇنىڭ چېچەك ئىزى بار يۈزلىرىدىكى قورۇقلار كۆپىيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، — پات ئارىدا بەش مىليون چىقىپ قالارمىكىن دەيمەن.
ئۇ قولىدىكى چۆرىلىرى يىرتىلىپ، پۈرلىشىپ كەتكەن قېلىن بىر خاتىرىنى ئېچىپ ماڭا كۆرسەتتى. خاتىرە بەتلىرى ھەر خىل سىياھلار بىلەن يېزىلغان، سىزىقلار بىلەن جىجىلىپ ئەمەسلا بىر نېمىگە ئوخشاپ قالغان سان ـ سېپىرلار بىلەن تو-لۇپ كەتكەندى.
— نېمە بۇ؟
— مەن بەش مىليون چىقىدىغان سانلارنى تەتقىق قىلىۋا-

تىمەن، بەش مىليون دەڭا... بەش مىليون...

— نېمە بەش مىليون ئۇ؟

مىجىت قارى ماڭا ئەجەبلىنىپ قارىدى.

— سىز بۇ جاھاندا بارمۇ ـ يوقمۇ؟ لاتارىيەدىن چىقىدىغان بەش مىليون بولمامدۇ؟

كوچا دوقمۇشلىرىدا قىشنىڭ قەھرلىك سوغۇقلىرىدا، يازنىڭ زەھەردەك ئاچچىق ئاپتاپلىرىدا ئولتۇرىدىغان تىلەمچىلەر بار. ئۇلارنىڭ تەمەخورلۇق چىقىپ تۇرىدىغان مۈزدەك چىرايىدىكى يالغان كۆلكىلەرگە نۇرغۇن ئادەم ئۆچ بولۇشى مۇمكىن. پارچە پۇللارنى شۇلارغا بېرىپ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزىدىغان ئادەملەر بار.

— ساھىللار، دىۋانىلەر يوقاپ كەتسە بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— سەدىقە بەرگۈدەك ئادەم تاپقىلى بولمىسا قانداق بولىدۇ؟

مۇشۇ گەپنى قىلغان ئادەمنىڭ ئىسمىنىمۇ، چىرايىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىم. دىۋانە دېگەنگە ناھايىتى كەلسە پارچە پۇللارنى بېرىپ قويسا ئىش تۈگەيدۇ، ئەمما ھازىر مىجىت قارىنىڭ دەۋاتقىنى بەش مىليون پۇل، بۇنداق پۇلغا ئىگە بولۇش تۈگۈل كۆرۈپ بېقىش، ساناۋاتقان يەردە قاراپ تۇرۇشمۇ باشقىچە بىر ئىش بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ، مىجىت قارىنىڭ، ھېلىقى دىۋانىلەرنىڭ پەرقىمىز قەيەردە؟

— بەش مىليون دەڭ، ئاز پۇل ئەمەس جۇمۇ، چىقىپمۇ قالارمۇ؟

— چىقىدۇ، ئاز قالدى.

— قانداق بىلدىڭىز؟

مىجىت قارى ئەتراپقا ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ دوپپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ شىۋىرلىدى:

— چۈشۈمگە ئىلما بولدى قاراڭ، پۇل باسقان ماشىنىنى

ھەيدەپ، ھەيدىسەم ـ ھەيدىسەم يول تۈگىمەي چۈش كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم.

مەن مېڭىۋاتقان يولۇمنى كۆرمەيلا مېڭىۋاتقان بىر ئادەم بولۇشۇم مۇمكىن. كۈنىنىڭ چىققىنىدىن ھاياجانلانمايدىغان، كەچ بولغىنىدىن ئەپسۇسلانمايدىغان مەن ياكى مەندەك ئادەملەرنىڭ مۇشۇ جاھاندا قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بار؟ مىجىت قارى مېنى قانداق ئادەم دەپ ئويلايدىغاندۇ؟ مەن بەزى ئادەملەرنىڭ نەزەرىدە ھاڭۋاقتى، دۆت بولۇشۇم مۇمكىن.

— سىز لاتارىيە بېلەتى ئېلىۋاتقانمۇ؟

— ئالماي ئەمىسە، بەش مىليون پۇلغا كىم ئۆچكەن؟

مىجىت قارىنىڭ ئاچچىق ھەم ئۈمىد شۇۋۇلداپ تۇرغان ئاۋازى قۇلىقىمغا سانجىلدى.

— ھېچكىمغۇ ئۆچ ئەمەس، ئەمما ئۇ بار دېيىشىمۇ بولىدىغان، يوق دېيىشىمۇ بولىدىغان بىر ئىشمىكىن دەيمەن، پات ـ پات پالانىغا چىقىپتۇ، پۇستانىغا چىقىپتۇ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ قالىمىز. كۆز بىلەن كۆرگەن يوق.

— ھە مانا دەل شۇنداق گەپ، چىقمىغانلارنىڭ گېپىنى قىلمايمىز، شۇ چىققانلارنىڭ ئارىسىدىن بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى بىزگىمۇ چىقىپ قالىدۇ.

— ئاز پۇل ئەمەس جۇمۇ.

مىجىت قارىنىڭ تۇرقى ماڭا قانداقتۇر بىر ئىشنى قىلغۇسى كەلگەندەك، ئەمما نېمە ئىش قىلىشنى بىلەلمەي قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. يولدىن ئېزىپ قېلىش، تېيىلىپ كېتىش، تەتۈر مېڭىپ قېلىش، كۆۋرۈك تاپالماي قىينىلىش، يا ئالدىغا يا كەينىگە ماڭالماي تىت ـ تىت بولۇش، كىم بىرىنىڭ ئۆزىنى يېتىلەپ مېڭىشىغا تەشنا بولۇش دېگەندەك ئىشلار بىزگە دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ، بىز ھەم شۇنداق ئىشلارغا قەدەمدە بىر يولۇقۇپ تۇرىمىز.

— شۇ پۇل قولۇمغا كىرىپ قالسا ئالدى بىلەن چەت ئەل-لەرنى بىر ساياھەت قىلىپ كېلەيمىكىن دەيمەن.
— خۇدايىم دېگىنىڭىز كېلەر.
— رەھمەت. بىر كىمگە دېمەڭ جۇمۇ.
— بولىدۇ.
— خەقلەر ئۇقۇپ قالسا بولمايدۇ قاراڭ.
— نېمىشقا؟
— پۇل ئاز ئەمەس، دىققەت قىلمىغان بىلەن بولمايدۇ.
مىجىت قارى بىر نېمىدىن ئېھتىيات قىلغاندەك ئەتراپقا ئەتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ شىپىرلاپ كېتىپ قالدى.
مىجىت قارى بەش مىليوننىڭ غېمىدە قالغان ئادەم.
ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا دەردى باردەك قىلاتتى، قۇرۇپ كەتكەن ئۈستەڭ بويىدىكى سۆگەت، تاشلىنىپ قالغان يول، بۇزۇلغان كۆۋرۈك، كېرەكتىن چىققان ماشىنا...
پەرھاتنى ئەسلەپ قالدىم، ئاخىرى ھەممىمىز كاردىن چىد-قىمىز، بەلكىم كاردىن چىقىدىغانلىقىمىزنى، ئاستا-ئاستا تۈگىشىپ كېتىدىغانلىقىمىزنى بىلگەنلىكىمىز ئۈچۈن چىراي-لىق كۈنلەرنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغۇمىز، قولدىن بەرگۈمىز كەلمەيدىغاندۇ!

※ ※ ※

لەيلى مۇشۇ كۈنلەردە يېنىمدا بولغان بولسا مەن بەزى نەرسىلەردىن ۋاز كېچەلەيتتىم.
خوتۇنۇمنىڭ بىر ھەسرىتى باردەك قىلاتتى. ئۇنىڭ سۆز-لىمەس كۆزلىرى ماڭا گۇمان، ئەندىشە بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى. بەلكىم شۇنداق ئويلاپ قالغاندىمەن.
— پەرىدە.

— ھە.

ئۇ ماڭا ئۈمىد بىلەن تىكىلدى. ئۇنى چاقىرىپ بولۇپ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم، دېگۈدەك گەپمۇ يوقتەك قىلاتتى.

بىر كۈن، ئىككى كۈن، ئۈچ كۈن، تۆت كۈن...

مەن كۈنلەرنى ساناپ باقمىدىم، ئەمما كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋاتاتتى. بۇرۇندىن مۇشۇنداق، ھازىرمۇ شۇنداق، كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ، مەن قورقىمەن، مەن قورقىدىغان ئىشلار تولا.

ئۆينىڭ ھاۋاسى ئىسسىپ كەتكەن، دىمىقىپ، سىقىلىپ، ھاۋا يېتىشمىگەندەك بولۇپ قالدىم، يۈرىكىم ئاغرىغاندەك بولۇۋاتاتتى. ھالىمنى كۆرگەن خوتۇنۇم كەشتە تىكىدىغان ئىشىنى تاشلاپ قويۇپ دورا ئىزدەپ، چاي تەييارلاپ پايپېتەك بولۇۋاتاتتى. دوختۇرغا بارايلى، دېگەن گەپنى ئون قېتىم قىلىپ بولدى، ئەمما مېنىڭ بارغۇم يوق ئىدى. دوختۇرغا بېرىشقا بۇرۇندىن قېرىق ئىدىم. نېمىشقىدۇر دوختۇرلار كۆزۈمگە ئالدامچىدەك كۆرۈنەتتى.

يۈرىكىم بىردە سىقىلىۋاتقاندەك، بىردە ئاغرىۋاتقاندەك ئىدى. شۇ ھالدا نېمىشقىدۇر لەيلىنى كۆرگۈم كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ جاننى - جانغا ئۇلايدىغان تەبەسسۇمىنى كۆرسەم يەڭگىللەپ قالىدىغاندەك ئويلايتتىم.

پەرىدە مەن ئۈچۈن پايپېتەك بولۇۋاتقان مۇشۇ دەمدە، ئۇنىڭ يېنىدا، ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن تۆۋۈپلەپ دەملىگەن چېيىنى ئىچىپ ئولتۇرۇپ لەيلىنى خىيال قىلسام، لەيلىنىڭ شېرىن خۇمارىغا ئەسىر بولسام، لەيلىنى سېغىنسام بولمايدىغاندەك ھېس قىلاتتىم.

— نەگە ماڭدىڭىز؟

— ھاۋا يەپ كىرەي.

— مىجەزىڭىز بولمىغاندىكىن جىم يېتىپ ئارام ئالسىڭىز بولاتتى.

— ياخشى بولۇپ قالدىم.
— تېزرەك كىرەرسىز.
— ماقۇل.

ۋاپا ھەققىدە، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمىي، چىن ئەقىدە ھەققىدە تالاي ھاياجانلىق سۆزلەرنى قىلغان ئادەم مەن ئىدىم. ئايالىمغا بولغان ئەقىدە بىلەن لەيلىگە بولغان ئە- قىدەم يۈرىكىمنى تالىشىۋاتقان دەمدە مەن گاڭگىراپ قالدىم. يۈرىكىم ئوت بولۇپ كۆيەتتى. بۇ ئوتنىڭ شولىسىدا لەيلى ماڭا كۈلۈپ قارايتتى، مەن ئۇنىڭغا ئۇمتۇلەتتىم.

— پەرھات، ئىككىمىز ئايرىلىپ كەتسەك بولمايدۇ، — ئا- يالىمنىڭ كۆزلىرى شۇ گەپلەرنى قىلدى.

— پەرھات، ماڭا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ.

لەيلىنىڭ يۈرىكى شۇنداق شىۋىرلىدى.

مەن ئۆزۈمدىن - ئۆزۈم قورقىدىغان تەنھا كۈنلىرىمدىمۇ پەرىدە بىلەن لەيلىنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالىمەن. كۈنلەرنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولغان بولسا...

چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەر دەھشەتلىك ئوت - يالقۇنغا تاشلانسا بۇنىڭ ئۆزى قورقۇنچلۇق ئىش، چىرايلىق گۈللەرنى ئوتقا كىم تاشلايدۇ؟ بىز، نېمىشقا؟ بىز شۇنىڭغا كۆنگەن ئادەم- لەر. ئۇنىڭدىن قورقۇپ، بۇنىڭدىن ھۈركۈپ ئاخىرى يەنە شۇ ئىشلارنى ئۆزىمىز قىلىمىز. ئىكرام مەندىن نېمە بولدى؟ دەپ سورىدى. مەن ھېچنېمە، دېدىم. مەن نۇرغۇن گۈللەرنى ئوتقا تاشلىمىغان بولۇشۇم مۇمكىن، ئەمما مەن بىر تال گۈل بولۇپ ئوتقا تاشلاندىم. مەندە نېمە كەم؟ بىلمەيمەن، بىلمەسلىكىم مۇمكىن، بەلكىم پاك، مەزمۇت يۈرەك كەمدۇ؟ قەيسەر يۈرەك كەم بولۇشىمۇ مۇمكىن، يەنە نېمە؟ يەنە ناھايىتى نۇرغۇن نەر- سىلەر كەمدەك قىلاتتى. مەن قورقۇنچلۇق ھالدا بىر تال گۈلنى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلىدىم، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۈجۈ-

قۇپ كەتتىم.

ئىكرام ئىككىمىز ئۇزاققىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتۇق. ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت قويۇشى، دۈشمەنلىك قىلىشى ھاياتىي دۇنيادىكى ئاجايىپ ئىشلارنىڭ بىرى، مەن ئۇنى جان ـ جېنىم بىلەن سۆيىمەن، ئۇ چىرايلىق، مېھرىبان، كېچىلىشكەن دەيمەن، ئۇنىڭ مۇشۇ مىجەزلىرى راستتىنلا مېنىڭ ئۇنى سۆيۈشۈمگە سەۋەب بولامدۇ؟ باشقا بىرسى ھەر جەھەتتىن ئۇنىڭدىن ئارتۇق، ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ يېقىن تۇرسا مەن ئۇنى سۆيەلمەيمەن، بۇ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان سىر ئەمەسمۇ؟

مېنىڭ بۇ گەپلىرىم نۇرغۇن ئادەملەرگە كۈلكىلىك تۇيۇلىدىغاندۇ.

— بەلكىم سەن ئىزدەپ يۈرگەن سوئال مۇشۇدۇ، — دېدى ئىكرام.

— ياق، ياق، ھەرگىز ئەمەس، مەن ئىزدەپ يۈرگەن سوئالنىڭ سالمىقى بەك ئېغىر، شۇ سوئال تېپىلسا مۇشۇ دۇنيادىكى ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرگە جاۋاب بەرگىلى بولاتتى.

ئىكرام ھېچنېمە دېمىدى. ئۇنىڭ مەندىن خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم.

※ ※ ※

ئۆيدىن چىقىشىمغا پەرھات ئۇچراپ قالدى. ئۇلار توختى نايۇپ بىلەن بىر ئىش توغرىسىدا ئاستا پاراڭلىشىۋاتقان ئىكەن.

— تىنچلىقمۇ ئىكرام.

— تىنچلىق.

توختى نايۇپ مېنى كۆرۈپ گەپ ـ سۆز قىلماي يەرگە قاراپ رىغىنىچە كېتىپ قالدى. كازافىينىڭ يېڭىدىغان ياكى يېڭەلمەيدىغانلىقى توغرۇلۇق تونۇگۇن ئۇنىڭ بىلەن قىزىرىشىپ

قالغانىدىم. جاھاننىڭ قايسى بىر چېتىدىكى بىز تونۇمايدىغان، بىزنىڭ كىملىكىمىز بىلەن پەقەت كارى بولمايدىغان، بىزنى چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمايدىغان كازافىي دېگەن ئادەم ئۈچۈن توختى نايۇپ بىلەن يوق يەردىن ھۇرپىيىشىپ قالغانىدىم. بۇنىڭ قانداق ئىشلىقىنى بىلمەيمەن، بىكاردىن ـ بىكار دۇنيانىڭ بىر ـ دىن تولىمۇ يىراق بىر يېرىدىكى ئىشلار توغرۇلۇق توختى نايۇپ بىلەن پات ـ پات قىزىرىشىپ قالاتتىم، بۇلتۇرمۇ ئۇنىڭ بىلەن دۇنيا پۇتبول لوڭقىسىنى قولغا كەلتۈرىدىغان دۆلەتنىڭ زادى قايسى بولىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ تالىشىپ خېلى قاتتىق بىر نېمە دېيىشىپ قالغان ئىدىم. كىم ئۇتسا مەيلى، ھامان بىرسى ئۇتۇپ بىرسى يېڭىلىدۇ، كازافىي يېڭىلسە ياكى غەلىبە قىلسا بۇ شۇ يەردىكى خەقنىڭ ئىشى، بىز كۆرۈپ، ئاڭلاپ قويساقلا بولاتتى، بىراق تولا تالىشىپ ئاخىرى جېدەل چىققىلى تاسلا قالدى. شۇ چاغدا بەكلا پەرىشان بولغانىدىم.

ـــ بىر چىرايلىق قارتا بولغاندىكىن شۇنى ئوينىساق نېمە بولىدۇ؟ توپ ئويناپ كىم يەڭسە، ھېلىقى ئۇرۇشتا كىم غەلىبە قىلسا بىزنىڭ نېمە ئىشىمىز؟ ـــ دېگەن ئىدى مەرۇپ توختى ئاچچىقلاپ. ئۇ قولىدىكى قارتىنى توختىماي شىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نەۋرە قىزى كۆكتات سېتىپ تىجارەت قىلىشنى ماقۇل كۆرۈپتۇ، ئەمما يەنىلا مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تۇرۇپ كۆكتات ساتامدىم؟ دەپ كالىلىسىدىن ئۆتمەيمۇ تۇرۇۋېتىپتۇ.

ـــ بىر گەپنى ئاڭلايمەن، راستمۇ ئىكرام؟

پەرھات توختى نايۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتكۈچە قاراپ تۇر ـ غاندىن كېيىن ماڭا يۈزلىنىپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە تىكىلدى. ئۇ ـ نىڭ ئورۇق يۈزىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئىگىلەيدىغاندەك يوغان، نۇرسىزراق، خىيالچان، كۆزلىرىنىڭ تېگىدە بىر يەردە كىشى ـ نىڭ يۈرىكىگە سانجىلىدىغان مەسخىرە ھەم مازاققا ئوخشايدىغان بىر نەرسە باردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆز ئاھاڭىمۇ بىر

قىسما ئىدى.

بۇرۇنقى ئاجايىپ پەرھات يوقىلىپ كەتكەنىدى. قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، كۆزلىرىدىن نۇر ھەم ئەقىل پارلاپ تۇرىدىـ غان، شۇ قەدەر پاكىز كىيىنىدىغان پەرھاتنىڭ مۇنۇ تۇرقىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن روھىدىكى بىسەرەمجانلىق ھەم قورقۇنچ چىقىپ تۇراتتى.

— نېمە گەپنى ئاڭلىدىڭ؟

— سېنى تايىنى يوق بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدۇ، دەيدىغۇ؟

پەرھاتنىڭ شۇ ھالدىكى قىياپىتى پەقەت دىتىمغا ياقمىدى. شەپكىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان، مانانلىشىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن تەنە ـ تاپا ھەم تەمەنناغا ئوخشايدىغان بىر ئالامەت چىقىپ تۇراتتى. پەرھات مېنى ئۆزىنىڭ يېقىن دوستىلا ئەمەس يەنە ئۆزىنىڭ گېپىنى جەزمەن ئاڭلىشى كېرەك بولغان ئاغىنىسى ھېسابلايدىغاندەك قىلاتتى. پەرھاتنىڭ شۇ تۇرقىدىكى خىيالى بويىچە مەن ھەم ماڭا ئوخشىغان ئادەملەر پەرھاتنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىمىز، ئۇنىڭ تەلىم، تەنبىھلىرىنى قوبۇل قىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك، بولمىسا دۇرۇس يولدىن قېيىپ كېتىشىمىز مۇمكىن ئىدى. پەرھات ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىچكى تۇيغۇسى بارلىقىنى، دائىم مۇشۇ تۇيغۇنىڭ باشلىشىدا ئىش كۆرىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمىسە كېرەك.

— تايىنى يوق ئىشلارنى دەمسەن، نېمە ئىشلاركەن ئۇ؟

— ئىدارە باشلىقى بولۇش ئۈچۈن يېڭى كەلگەن ھاكىم بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ يۈرىدۇ، دەيدىغۇ، بۇ گەپ راستمۇ؟

مەن سەل تۇرۇپ قالدىم. پەرھاتنىڭ كۆزىگە قاراشقا شۇنچە كۈچەپمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم. ناھايىتى چوڭقۇر نەپەس ئالماقـ چى، چوڭقۇر بىر تىنىۋەتمەكچى بولۇپمۇ تىنالمىدىم، قانداقتۇر

ناھايىتى يوغان بىر نەرسە ئىچىمگە پاتماي، يۈرىكىمنى، ئۆپ-كەمنى، ئىچ - باغرىمنى قىسىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

— يېڭى كەلگەن ھاكىم دېگىنىڭ كىمكەن ئۇ؟

— كىم بولاتتى، نەچچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا بۇرۇنقى ھاكىم كېتىپ ئورنىغا يېڭى ھاكىم كەلدى، شۇنى دېيىشمەمدۇ؟

كىمدۇر بىرسى مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك، كۈپكۈندۈزدە سېنىڭ كىيىمىڭ يوق، سەن يالىڭاچ ئادەم دەپ زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك، خۇددى بىرمۇنچە ئادەملەر مېنىڭ راستىنلا كىيىمىم يوقلۇقىغا ئىشىنىپ مېنى ئارىسىغا ئېلىۋېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ پىرقىرىتىپ يۈرگەندەك بولۇپ قالدىم. خېلى ئۆزۈندىن كېيىن پەرھاتنىڭ كۆزىگە تىكىلدىم، ئۇنىڭ يوغان، مانانلار لەيلەپ يۈرگەندەك كۆزلىرى كۆزۈمگە كۆز ئەمەس بىر پارچە ئاق قەغەزگە سىزىپ قويغان رەسىمدەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى.

— راست گەپنى دېسەم، بۇرۇنقىسى كېتىپ يېڭىسى كەلدى، دېگەننىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيمەن، كىمنىڭ كەلگەنلىكى، كىمنىڭ كەتكەنلىكىدىن خەۋىرىم يوقكەن. ئۇنىڭ بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتتى، دېگەن گەپكە كەلسەك بۇ مەن بىلمەيدىغان ئىشكەن، گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، مەن نېمىشقا شۇنداق قىلىمەن؟

— مەنمۇ سەندىن شۇنى سوراي دېگەن.

— نېمىنى؟

— نېمدەپ مۇشۇنداق ئوسال ئىشنى قىلىپ يۈرسەن؟ تەخسكەشلىك دېگەن ئوغۇل بالىغا ياراشمايدىغان ئىش ئۇ.

كۆلكىنى شۇنداق سېغىنىپ كەتتىم، شۇ تاپتا تازا قېنىپ بىر كۈلۈۋالغان بولسام، ياكى ئىچ - ئىچىمدىن بىر يىغلىۋالغان بولسامۇ بولاتتى، دەماللىققا ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، كۈلۈشمۇ، يىغلاشمۇ ئاسان ئەمەس. ئاسان پەيدا بولغان يىغا، ئاسان

پەيدا بولغان كۆلكىمۇ ئۆزىگە ئوخشىمايدىغانلا بىر نېمە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەن نېمىشقا پەرھات بايا دېگەن گەپلەر ئۇ-چۇن بۇنچىلا جىددىيلىشىپ كەتكىنىمنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدىم.

— بۇنىڭ ئوسال ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

— بىلگەندىكىن قىلمىساڭ بولمامدۇ؟

پەرھاتنىڭ چۆكۈرۈپ كېيىۋالغان شەپكىسىنىڭ چېكىلىد-كىگە قۇشقاچ مايىقىدەك بىر نېمە چاپلىشىپ قالغانلىقىغا دىق-قەت قىلدىم. ئۇنىڭ نېمىشقا مېنىڭ شۇنداق بىر ئىشلارنى قىد-لىپ يۈرگىنىمدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھېچ بىد-لەلمىدىم، مەن پەرھاتنىڭ كۆزىگە ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى تايىن-سىز ئىشلارنى قىلىۋېرىدىغان ئادەم بولۇپ كۆرۈنۈۋاتسام كې-رەك.

— مەن ساڭا ئۇنداق ئىش يوق دېدىمغۇ؟

— سەن يوق دېسەڭلا يوق بولىدىغان ئىش يوق.

— مەن ئۇنداق ئىشنى قىلمىدىم.

— بۇنىڭغا كىم ئىشىنىدۇ؟

— سەن ئىشەنسەڭ بولاتتى، سەن مېنىڭ ئۇنداق قىلمايدى-غانلىقىمنى بىلىشىڭ كېرەك.

مەن ئۇزاق بىر يەرلەردىكى تەنھا بۇلاقنىڭ يېنىدا يانپاشلاپ ياتقان ھالىتىمنى تەسەۋۋۇر قىلدىم. بۇلاق بويىدا چىملار ئۆس-كەن، يېنىك شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان بولۇشى، ئەتىگەن، كەچ-لىكلىرى چۆل كېيىكلىرى، جەرەنلەر كېلىپ سۇ ئىچىشى مۇمكىن. ئاشۇ كېيىكلەرنىڭ، ئاشۇ جەرەنلەرنىڭ دۇنياسى بىز-نىڭ دۇنياغا پەقەت ئوخشىمايدۇ، ئۇلارنىڭ ساپ، تەبىئىي يۇرد-شىدىغان قائىدىسى بار، ئاشۇ تەبىئىي قائىدىلەر ئاساسىدىكى ھاياتى ئۇلارنىڭ كۆنلىرىنى ناھايىتى ئاددىي، ئەمما بەكلا شېرىن قىلىۋەتسە كېرەك. كېيىك، جەرەنلەرنىڭ جورا تالىشىپ ئېلىپ

باردىغان دەھشەتلىك سوقۇشۇشلىرىدا قايسى تەرەپ يەڭسە تېپ-گىشلىك ئامەت ھەم شادلىققا شۇ ئىگە بولىدۇ، نوپۇز شۇنىڭ بولىدۇ، ھوقۇق شۇنىڭ بولىدۇ. بىزدەك خۇپىيانە يوللار بىلەن بىر - بىرىگە كۆچۈكلىنىدىغان، بىلىپ تۇرۇپ غەرەزلىك يەنە بىراۋنىڭ ھەققى، نېسىۋىسىنى يەۋالىدىغان ئىش ئۇلاردا يوق، ناھايىتى قەدىمكى ئادەملەرمۇ خۇددى شۇلاردەك بولۇشى مۇم-كىن.

— مەنمۇ سېنىڭ شۇنداق قىلمىغان بولۇشۇڭنى ئارزۇ قىد-لىمەن.

ئىچىمگە بىر كۈلكە قىستاپ كەلدى، پەرھاتنىڭ ئورۇق چىرايىدىكى مىڭلارچە ئەپسۇس ھەم تايىنسىز قايغۇ يۈرەكنى بىئارام قىلىۋەتتى.

— مەسىلەن، شۇنداق قىلسام نېمە بوپتۇ؟

— بۇ گەپچە سەن شۇ يولدا مېڭىپسەندە؟

— مىسالغا، ماڭدىمۇ دەيلى، بۇنىڭ نەرى يامان؟

— ئەلۋەتتە، يامان ئىشتە بۇ. سەن پۈتۈن - سۇرۇك بىر ئادەم تۇرۇپ ئۆزۈڭگە ئوخشاش يەنە بىر ئادەمگە ئېگىلىپ، پۈ-كۈلۈپ، يەتتە تازىم بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن نان ئېلىپ يېسەڭ بۇ يىرگىنچلىك ئىش ئەمەسمۇ؟

— بۇنداق قىلىۋاتقانلار يالغۇز مەنلا ئەمەسقۇ؟

پەرھاتنىڭ چىرايىدا سېزىلەرلىك قايغۇ ھەم ھەيرانلىق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەندەك، ئىچ - ئىچىدىن بىر تۇرلۇك ئەلەم ھەم غەزەپ يۈرىكىنى قاپساۋاتقاندەك ئىدى. پەرھاتنىڭ، مېنىڭ، يەنە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ مۇشۇنداق ئاچچىقلايدىغان چاغلىرىمىز بولىدۇ، قاچانلا قارىسا ئۇكلىگەن كاللىدەك ھىجىيىپ، كۈلۈپ، كالچاراپ يۈرۈشمۇ تېتىقسىز ئىش. بەزىدە ئاچچىقلىمىساق بولمايدۇ، غەزەپلەنمىسەك بولماي-دۇ، قوشۇمىمىزنى تۇرۇپ كۆزلىرىمىزدىن ئوت چاچراتمىساق

بولمايدۇ. چۈنكى، بىز بەزى پاسكىنا ئىشلار كېچىكىپ ئۆتۈپ كەتكەن، يېڭىلىنىۋاتقان، جاھاننى قاپلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقان زاماندا ياشاۋاتىمىز. پەرھات مېنى ئەيىبلەۋاتقان ئىشىمۇ خۇددى شۇنىڭ جۈملىسىدىن.

— خەق بىلەن بىزنىڭ نېمە كارىمىز، ھەممە ئادەم جاھاندىكى جىمى پەسلىكلەرنى بىر – بىردىن ئۆگەنسە قانداق بولىدۇ؟

— ۋاي – ۋۇي نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭ سەن؟

پەرھات تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ كۈچەپ شورىدى. ئۇنىڭ پەرىشان چىرايىدىكى كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان غەمكىنلىككە قاراپ ئىچىم ئاچچىق بولۇپ كەتتى. ھاياتنىڭ قەدەملىرى بىر توغرىدا كەلمەيدۇ، مەن ھەقىقەتەن شۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم بولۇپ قالسام قانداق قىلارمەن؟ شۇ چاغدىمۇ شۇنداق قىلغانلىقىم ھەققىدە ئۆزۈمنى ئاقلىغۇدەك سەۋەب تېپىپ چىقالىشىم مۇمكىن. شۇ خىلدىكى ئىشلارغا بېرىلگەنلەرنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق باھانىسى بار، مەسىلەن، جاھان شۇنداق بولۇپ كەتتى، مۇشۇنداق قىلماي بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ، دېيىشلىرى؛ خۇددى شۇنداق قىلىپ مەقسەت – مۇددىئالىرىغا يەتمىگەنلەرنى ئەخمەق ھەم دۆت دەپ ئويلىشىمۇ مۇمكىن.

— مېنى ئۇمىدسىزلەندۇرمە، ئىكرام.

— ساڭا يەنە دەي، مەن ئۇنداق قىلمىدىم، ماڭا ئىشەنسەڭ بولاتتى.

— ساڭا شۇنداق ئىشەنگۈم بار.

— ئەمىسە ئىشەن.

— ئىشىنەلمەيۋاتىمەن.

كۆز ئالدىمغا خەقلەرنىڭ ئىشكى ئالدىدا سۇنايلىنىپ ياتقان تۆت كۆزلۈك ئىتلار، چىرايلىق قىزلار باغرىغا بېسىپ ئې-

لىپ يۇرىدىغان تۇرقى غەلىتە كۈچۈكلەر كەلدى. ئىتنىڭ تۇرقى تۈلكە، بۆرە دېگەن جانىۋارلارغا ئوخشايدۇ. بۆرىلەرنىڭ بەزىلىرى ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ، تۈلكىلەرمۇ خۇددى شۇنداق. ئەمما، ئادەملەر ئارىسىدا ياشايدىغان ئىتلارنىڭ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتىن ياكى ئىسسىق، سوغۇقنىڭ ۋەجىدىن ئۆلۈپ تۈگەشكىنىنى ئاز كۆرىمىز. جاھان مۇشۇنداق كۆلكىلىك يارىتىلغان، ئۆزى ئىشلەپ يەيدىغانلارنىڭ كۈنى قاتتىق ھەم ئېچىنىشلىق. مەن ئامالسىز پەرھاتقا قاراپ دېدىم:

— ئاستا ـ ئاستا ئىشىنىپ قالىسەن، مەن ئۇنداق ئىشلارنى قىلمايمەن، شۇنداق قىلغان ئادەملەر بىلەنمۇ بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ قېلىشتىن، بىر يولدا بىللە مېڭىپ قېلىشتىن، بىللە كۈلۈپ، بىللە يىغلاشتىن، بىر ھاۋادىن تەڭ نەپەسلىنىشتىن خۇدا ساقلىسۇن. مېنىڭ گەپلىرىمنى چۈشەندىڭمۇ؟

پەرھاتنىڭ ماڭا ئىشەنمىگەندەك، مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك شۈبھىلىك قاراشلىرىنى كۆرۈپ قېلىشتىن قورققاندەك ئۇنىڭغا خوشمۇ دېمەي كېتىپ قالدىم. پەرھاتنىڭ ماڭا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم، ئەمما ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىشەندۈرەلمەيتتىم ھەم ئىشەندۈرگۈمۇ يوق ئىدى. بەزى ئىشلارغا پەقەت ئامال يوق.

مەن دوقمۇشتىن قايرىلىپ ئارقامغا قارىدىم، پەرھات جايىدا قىمىرلىماي تاماكا چېكىۋاتاتتى. ئۇنىڭ شۇ ھالدا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن. مەن پەرھاتنىڭ بەك جىق نەرسىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى خىيال قىلىپ ئۇنىڭغا ھەيران قالدىم.

※ ※ ※

لەيلى مېنى ئۇششاق ئىشلارنى تولا خىيال قىلىسىز، دەيتتى. مىڭلارچە مېھىر تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ باتناش-

لىرىنى كۆرسەممۇ، ئەيىبلەشلىرىنى ئاڭلىسامىمۇ ماڭا شۇنداق ھۇزۇرلۇق بىلىنەتتى. قىزىل لەۋلىرىدىكى، ئۇماق يۇزلىرىدىكى، خۇمارلىق كۆزلىرىدىكى ئاجايىپ لەزىز قىمىرلايدىغان قاشلىرىدىكى كۈلكىلەرنى سېغىنغان ئىدىم. بولۇپمۇ، جىملىقتىن باشقا ھېچنېمە تېپىلمايدىغان ئۆينىڭ تورۇسىدىكى ئۆزىنىڭ تورىغا ئۆزى ئېسىلىپ تۇرغان ئۆلۈك ئۆمۈچۈكنى كۆرگەندە مەن ئۇچۇن جانجان بولۇپ كەتكەن ئاشۇ نەرسىلەر تېخىمۇ سېغىنىشلىق بولۇپ كېتەتتى. مەنمۇ بىر كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ تورىدا بوغۇلۇپ ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن.

— پەرھات، سەن قانداق ئادەم؟

— نېمە بولدى؟

— قارىسام بىر كېلىشكەن ئادەمسەن، ئەمما، خەقلەر سېنى كالىلىسىنىڭ دەردى بار دېيىشىدۇ.

— بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟

— ھېچقانداق گەپ ئەمەس، ئۆزۈڭ بىلەن ئادەم بولۇپ بولالمايسەن... باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆت، خەق نېمە قىلسا سەنمۇ شۇنى قىل...

مەن ياشقا چوڭ بىر ئادەمنىڭ ماڭا بەرگەن تەنبىھلىرىنى خىيالىمدا لەيلىگە سۆزلەپ بەردىم.

— خەق بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن.

— كارىم بولمىسۇن دەپلا كارىمىز بولماي يۈرىۋەرگىلى بولمايدۇ.

— خەق نېمە دەيدىكەن؟ دەپ ياشاش بەك تەس، بەك قىيىن، ناھايىتى ئېغىر يۈك كۆتۈرۈۋالغاندەكلا بىر ئىش.

لەيلىنىڭ شۇنداق دېگەنلىرىنى ئاڭلىدىم، كۆزۈمنى يۇمدۇم، كەچكى شەپەق جاھانغا چىرايلىق يېيىلغان ئىدى. قومۇش پۆپۈكلىرىنىڭ ئۈستىدە، تورغايلار ئۇۋۇلىغان كىچىك دۆمچەكلەر ۋە ئاق تىكەن، يانتاق ئۆسكەن پاكار دۆڭلۈكلەر ئۈستىدە

قۇياشنىڭ ئۇلۇغۋار قىزغۇچ نۇرلىرى جۇلالايتتى.

ئۆيگە كېتىپ بارىمەن، خۇددى قانداقتۇر بىر نەرسە مېنى يېتىلەپ، سۆرەپ، تارتىشتۇرۇپ ئېلىپ ماڭغاندەك مۇلايىملىق بىلەن، ياۋاشلىق بىلەن ئۆيگە كېتىپ بارىمەن. ئۆي دېگەن بۇ نەرسە ئەر ـ خوتۇن، بالا يەنە كىگىز ـ كېچەك، ئۈچ ۋاق تاماق دېگەن ئۇقۇمنىڭ سىرتىغا چىقىپ بىر ئادەمنىڭ روھىنىمۇ مەھكەم چىرمىيالايدىغان كۈچكە ئىگە بولۇپ بولغاندەك قىلاتتى.

خوتۇنۇمغا قانچىلىك مېھرىم قالدى؟ بۇرۇن قانچىلىك مېھرىم بار ئىدى؟

ئۇشتۇمتۇت كاللامغا مۇشۇ خىياللار كىرىۋالدى. بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپساممۇ، تاپمىساممۇ، جاۋابىنىڭ قانداق بولۇشىمۇ بەربىردەك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە مۇشۇنداق بولسا بولمايتتى. بەزى نەرسىلەر جەزمەن ئېنىق بولۇشى، شۇ ئېنىقلىققا قاراپ ياشاش ئۇسۇلىمىزنى، تەرتىپىمىزنى، قانداق قىلىشىمىزنى بىلەلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئەمما، جەزمەن بىلىشىم كېرەك بولغان نەرسىلەرنى بىلەلمەيتتىم، بىلگۈم يوقتەك قىلاتتى.

مەن بىۋاپا، ساپاسىز ئەر ئىدىم. بۇرۇنقى قاراشلىرىم بويىچە مۇشۇنداق ئىدى. ئەمما، هازىر ئۇنداق ئويلىشىم ناتايىن. لەيلىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن مەن ئۆزۈمنىڭ بارا ـ بارا قۇرۇپ سولىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى سەزدىم. كۆزۈمنىڭ نۇرى قېچىۋاتقانلىقىنى، چىرايىمنىڭ سارغىيىۋاتقانلىقىنى، كىيىملىرىمنىڭ ياراشمايۋاتقانلىقىنى، يېگەن تاماق، ئىچكەن سۇلىرىمنىڭ سىڭمەيۋاتقانلىقىنى هېس قىلىمەن.

— پەرهات.

گۇگۇم پەيتىدە، سەهەر ۋاقتىدا، چىڭقى چۈشتە، ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق ئارىسىدا، خىيال چىرماپ كەتكەن دەملەردە لەيلى مېنى چاقىرىپ قالىدۇ. قۇلىقىمغا، يۈرىكىمگە، هاياتىمغا

سىڭىپ كەتكەن تەبەسسۇمدەك يېقىملىق ئاۋاز بىلەن مېنى چا-قىرىدۇ.

ناھايىتى گۈزەل بەدەنگە، چىرايلىق ئۇزارغا نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ سەۋەبىدىن جاراھەت پەيدا بولىدۇ. بەزى ئادەملەر خۇددى ئاشۇ جاراھەتكە ئوخشاپ قالىدۇ. مەن ئىزدەۋاتقان سوئال ئادەمنىڭ ھاياتتا جاراھەتكە ئايلىنىپ كېتىشىنى توسالىشى ئە-قىلنىڭ چاقنىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

جاراھەت... مەن نېمىشقا جاراھەتكە ئايلىنىپ قالدىم؟ ئا-جىزلىقىمدىن، ياق، خاتا يولغا كىرىپ قالغىنىمدىن، ياق. ئە-مىسە نېمىشقا؟ بىر ئادەمدە جاراھەت بولسا ساقىيىدۇ، ئەمما جاراھەتنىڭ ئۆزى بولسا نە چارە. مەن ئۆزۈمدىن سەسكىنىپ كەتتىم. ۋۇجۇدۇمنى، روھىمنى پاكپاكىز يۇيۇپ چىققسام بولات-تى. پاكلانماق نېمانچە تەس؟

※ ※ ※

ــــ دادا، مەن گىتار چېلىشنى ئۆگىنەي دېگەن، بىزنىڭ سىنىپتىكى مىرادىلمۇ ئۆگىنىۋېتىپتىكەن.

ئوغلۇمنىڭ چىرايلىق، جاھىل كۆزلىرى ماڭا تىكىلدى، ئۆزۈمنىڭ ئوغلۇمنىڭ يېشىدىكى چىرايىمنى، شۇ چاغدىكى خىياللىرىمنى، قىلغان ئىشلىرىمنى ھېچكىم بىلمەيتتى، مەن-مۇ بىلمەيتتىم.

كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولۇپ كەتتى، بىز ھەر كۈنى ئۆلۈپ تۇرىمىزكەن، ئۆتكەن كۈنلىرىمىز، ھەر دەقىقە، دەملىرىمىز ئۆلگەنگە تەڭ دېگەننى ئويلاپ پەرىشان بولۇپ كەتتىم. كىمدۇر بىرىنىڭ مۇشۇنداق دېيىشىمنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشىنى شۇنداق ئارزۇ قىلىپ كەتتىم.

ــــ نېمدەپ ئۇ بىر نېمىنى ئۆگىنىدىغان بولۇپ قالدىڭ؟

— ئۆزۈم شۇنىڭغا قىزىقىمەن.
— تايىنى بارراق بىر نېمە ئۆگەنسەڭ بولمامدۇ؟
مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم. ئۇ ماڭا ھەيران بولغاندەك قاراۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇ قارىشى مېنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ غەلىتە بىر گەپنى ئاڭلاپ قالغاندەك، مېنىڭ دېگەنلىرىم ھەيران قالارلىق گەپتەك بىر ھالدا قاراپ تۇراتتى.
— گىتار چالغاننىڭ نەرى يامان؟
— ئۇ نەرسىنىڭ ئاۋازى ماڭا پەقەت ياقمايدۇ.
— ساڭا ياقمىسا سېنىڭ ئىشىڭ.
مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئالدىمغا بىر قەدەم مېڭىپ سەل تۇرۇپ قالدىم، ئاندىن ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدىم:
— ما گەپنى، ماڭا ياقمىسا مېنىڭ ئىشىم، ساڭا ياقسا سېنىڭ ئىشىڭ، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق بولىدۇ ـ دە.
— ئېسىڭدە بولسۇن، ماڭا ياقمىغان نەرسە ساڭا ياقسا ـ ياقمىسا قىلىشقا بولمايدىغان ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
— نېمىشقا؟
— مەن دېگەن بۇ ئائىلىنىڭ باشلىقى.
ئوغلۇم ئۇمىدسىزلەنگەن ھالدا جىم بولۇپ قالدى. ئاندىن مەيۇس ھالدا غودۇڭشىدى:
— مەنمۇ كەلگۈسىدە ئائىلە باشلىقى بولۇپ قالارمەنمۇ؟
— بۇنىڭدا مەسىلە يوق، چوڭلارنىڭ ئورنىنى كىچىكلەر ئالىدۇ.
— ئائىلە باشلىقى بولۇش بەك قورقۇنچلۇق ئىشكەن.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— ھېچنېمە.
— گېپىڭنى ئوچۇق قىل؟

— گېپىم يوق.
مەن سەل تۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:
— گىتار چېلىشنى ئۆگىنىدىغان ئىشىڭنى مەندىن سوراپ نېمە قىلاتتىڭ؟
— كۇرۇسقا ھەق ئالىدىكەن، 100 سوم.
مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ گىتار چېلىشنى ئۆگىنىشنى مەندىن سورىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ بەكلا ئوغام قايناپ كەتتى، ئەمما چاندۇرمىدىم.
دادام كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئاچچىقى يامان دادامغا تىك قاراشقىمۇ پېتىنالماي چوڭ بولغان ئىدىم. دادامنىڭ مۇتلەق ئورنى خۇددى مەڭگۈلۈكتەك تەسىر بېرەتتى. ئۆينىڭ تۆت تېمى چاك كەتكەندەك، بۇ چاك، يوچۇقلارنىڭ ئارىسىدىن سوغۇق شامال غۇرۇلداپ كىرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

# بەشىنچى باب

قومۇشلارنىڭ پۆپۈكلىرى توزۇپ تۇرغان سوغۇق كۆنلەر-نىڭ بىر كەچلىكى مەن تەشۋىش، ئەندىكىش ئىچىدە لەيلىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن، كۆلكە ئۆچكەن چىرايىغا قاراپ تۇرۇپلا قالغا-نىدىم. شۇ كۈنى شۇ دەمدە ئاسمان قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغان بولۇشى مۇمكىن، ئىزغىرىن شامال سوقۇۋاتقان بولۇشى مۇم-كىن، توپىتىن ئايرىلغان قۇشنىڭ غېرىبانە ھەم ئۈمىدسىز ئاۋا-زى ئاڭلانغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ كۈندىكى جىمى خاتىرىلەر-نىڭ ئىچىدە ئېسىمدە قالغىنى پەقەت لەيلىنىڭ ئەنسىز ھەم كۆلكە ئۆچكەن ئۇزارى بولدى.

شۇ كۈنى بىر ئەركەكنىڭ يۈرىكى ئۆلۈك توپىغا بۆلگىنىپ يەردە ياتاتتى، دۇنيا تەڭلىكتە قالغان، ئىچى ئېچىشقان، نادامەت چەككىنىچە بۇ يۈرەككە، بۇ ئەركەككە، شۇ كۈندىكى ئىككى يۈ-رەكنىڭ ھەسرىتىگە سوغۇق نەزەر تاشلايتتى.

— ئىككىمىز بىر كۈنلەردە خۇددى بىر - بىرىمىزنى تو-نۇمايدىغان ئادەملەردەك ھالغا كېلىپمۇ قالارمىزمۇ؟

بۇ گەپنى لەيلى دېگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، مەن دېگەن بو-لۇشۇممۇ مۇمكىن.

— مۇمكىن، شېرىن كۈنلەر ھامان ئاخىرلىشىدۇ. ھەممە ئىش بىزنىڭ ئىختىيارىمىزچە بولمايدۇ.

مەن بىرسىنىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولۇ-شۇممۇ، لەيلى شۇنداق دەيدۇ دەپ خىيال قىلغان بولۇشۇممۇ مۇمكىن.

ناھايىتى ئۇزۇن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۆتۈپ كەتكىنى ۋاقىت ئەمەس پۇرسەت ھەم خۇشاللىق، يۈرەكنىڭ تاتلىق تەلپۈنۈشى، سېغىنىش ھەم سۆيگۈنىڭ جانغا ـ جان قوشىدىغان تۇيغۇلىرى ئىدى. ۋاقىت ئۆزىلا ئۆتۈپ كەتمەيدۇ، ئۇ ئۆزى بىلەن بىزنىڭ شۇ دەمدىكى، شۇ ۋاقىتتىكى ھەممە نەرسىمىزنى، تاتلىق تۇيغۇلىرىمىزنى، ئۈمىد ھەم سۆيگۈگە بولغان خۇمارىمىزنى، ھاياتنىڭ شېرىن ھېس ـ ھاياجانلىرىنى، ياشلىقنىڭ ئوتتەك تەلپۈنۈشلىرىنى، قىرانلىقنىڭ تاۋلىق، ۋەزىنلىك، قۇۋۋەتلىك مېھرىنى ئۆزى بىلەن قوشۇپ بىللە ئېلىپ كېتىدۇ.

ناخشىلار ئۇقۇلىدۇ، كۈلكىلەر جاھانغا يېيىلىدۇ، يىغا، ھەسرەت ماناندەك تارقىلىدۇ يەنە يوقايدۇ. ھەممە نەرسە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ۋايىم يېيىشنىڭ باھانىسى مۇشۇلار بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى مۇشۇ گەپنى دەيدىغانلىقىنى تۇيۇپ تۇرساممۇ، بىراق مۇشۇ خىل تۇيغۇدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ كەلگەن ئىدىم. كەچكۈزنىڭ سوغۇق شاملى تەننى قورۇيتتى. مۇشۇنداق چاغدا سوغۇقتا توڭلىغان قۇشلارنى، تالادا قالغان بالىلارنى، ئىككىلا پۇتى مېيىپ تىلەمچىنى، يالاڭئاياغ سۇ كېچىشكە مەجبۇر بولىدىغان موھتاجنى يادىغا ئېلىپ ئۇھ تارتىدىغانلار بار، ئاشۇلارنىڭ ھالىغا پىسەنت قىلمايدىغانلار بار، دۇنياغا ھەيرانلىق بىلەن گاڭگىراپ قاراپ قالىدىغان ئادەملەر ھەم بار.

گاڭگىراش پەرۋا قىلمىغاندىن ياخشى، ئەمما گاڭگىراش ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. مەن شۇنداق سوغۇق بىر كۈندە گاڭگىراپ قالغانىدىم، گاڭگىراپلا ئەمەس، قورقۇپ كەتكەنىدىم. قورقۇشمۇ ھېچ ئىشنى ھەل قىلالمايدۇ. يا ئۆلۈم يا كۆرۈم دەپ ئوتتۇرىغا چىقالمايدىغان ئادەم بولۇپ قالغىنىمدىن نەپرەتلىنىپ باقمىغان بولساممۇ، بىراق مۇشۇ مىجەزىمدىن سۆ-

يۈنۈپ باقمىدىم. لەيلىنىڭ ئۆلۈمىگە مەن سەۋەبچى بولۇپ قالـ-دىمىمكىن؟ دەپ ئويلىغان چاغلىرىمدا بايىقى تۇيغۇلار قۇرت بو-لۇپ يۈرىكىمنى غاجايدۇ.

— نېمىشقا توي قىلىدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟

— بەربىر توي قىلمىسام بولمايدۇ ـ دە.

— بۇنداق قىلمىسىڭىز بولاتتى؟

— نېمىشقا؟

— مەن قانداق قىلىمەن؟

لەيلى ماڭا شۇنداقلا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى، لەۋلىرىدىكى تاتلىق كۈلۈمسىرەشلەر ئۆزگىرىپ قالغاندەك بىـ-لىنىدى. كۆڭلۈمگە هامان باهاردەك يېقىملىق بىر تۇيغۇ تارتىپ تۇرىدىغان مۇشۇ تەبەسسۇم يوقالغان كۈنى مېنىڭ هالىم بەتتەر-لىشىپ كېتىدۇ. بۇنى لەيلى بىلمەيدۇ، يېنىمدىكى، ئەتراپىمدى-كى ماڭا كۆيۈنىدىغان، مېنىڭ بار يوقلۇقىم بىلەن هېسابلاش-مايدىغان، كۈلكەمگە دوست تارتىدىغان، يىغامغا جور بولىدىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە هېچكىم مېنىڭ يۈرىكىمدە ئوتلۇق تەبەس-سۇمدىن، چىرايلىق سۆيگۈدىن ئوزۇق ئېلىپ كۆكلىگەن، ئې-چىلغان، ئاققۇ باغرىدەك يۇمشاق، قىزىل گۈلدەك خۇش پۇراق بىر لەيلىنىڭ بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

— ساڭا ئەجەب مەستلىكىم كېلىدۇ، قالايمىقان ئىشلىرىڭ يوق، بىر ئوبدان ئايالىڭ بار، كۆڭلىڭ خاتىرجەم ئۆتىدۇ، سا-ڭا دېسەم تالاغا قارايدىغان ئەرلەرنىڭمۇ كۈنى تەس، دەككە ـ دۈككىچىلىك، قورقۇنچ ئىچىدە ئۆتىسەن، ئاشىنىدارچىلىق دې-گەنمۇ جاپالىق بىر ئىش، مانا سەن شۇ قەدەر خۇشال، هېچنې-مىدىن غېمىڭ يوق ياشايسەن.

بىر ئاغىنەم ماڭا شۇنداق دەۋېتىپ ئۇھ تارتىپ قويدى، ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدىن يەنە خۇشاللىقى، شادلىقى مايىل بىر تەبەسسۇمنى ئىلغا قىلالىدىم.

مەن چۆچۈپ كەتتىم، خۇددى ئۇنى بىرەر ئىشنى سېزىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئىشقىلىپ سەن ئاشنا ئويناشنىڭ جاپاسىنى تارتمىدىڭ، بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى چىقمايدۇ، يېشىڭ بىر يەرگە بارغاندا ئويلاپ باقساڭ قىلغان ئىشىڭدىن ئۆكۈنىدىكەنسەن.

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىدىكى قورۇقلارغا، ئېڭەكلىرىدىكى ساڭگىلاپ چۈشكەن گۆشلەرگە قارىدىم. بەزى ئادەملەر كىشىنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلارنى ھاياتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنىڭ بەلگىسى، دېيىشىدىكەن. قورۇق دېگەن بۇ نەرسە مەيلى بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن ھامان بىر كۈنى پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ مەن بىلمەيدىغان نۇرغۇن سىرلىرى، نۇرغۇن سەۋەبلىرى بولۇشى مۇمكىن، نېمىلا بولسۇن قورۇق بىر ئادەمنىڭ قېرىغانلىقىنىڭ ھېچ بولمىسا قېرىشقا يۈزلەنگىنىنىڭ بەلگىسى. بەزىدە شۇنداق ئويلاپ قالىمەن: چىرايدىكى قورۇق ھېچنەرسە ئەمەس، ئەمما يۈرەككە چۈشۈپ قالسا يوقاتماق، ئۆچۈرمەك تەس، يۈرەك قېرىپ كەتكەندە پەقەت ئامال قىلغىلى بولمايدۇ.

لەيلىنىڭ يۇمشاق، مەيىن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كۈنلىرىڭىز ئوخشاش ئۆتىۋېرىدۇ، بىر زامان ئاھ - ۋاھ دەپ يۈرىسىز، تاماكىنى تولا چېكىدىغان بولۇپ قالارسىز، ھاراقمۇ ئىچىپ قويىسىز، ئەرلەر مۇشۇنداق قىلىپ خاپىلىقتىن قۇتۇلماقچى بولۇشىدۇ. ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالىسىز، ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ، مەنمۇ بىرسىنىڭ قولى بولۇپ، ئۇنتۇلۇپ تۈگەيمەن، ئادەمنىڭ ئۆمرى خۇددى مۇشۇنداق ئۆتىدىغان نەرسە.

مەن جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتىم؟ جىملىقتا غەرق بولۇپ كەتتىم. لەيلىنى بىرسى مەندىن تارتىپ ئالماقچى بولۇۋاتاتتى. مەن شۇ ھالدا جىممىدە ئولتۇرۇۋاتاتتىم. تايىنسىز بىر يۈرەك

مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى.
— نېمىشقا توي قىلىدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟
— قورقتۇم.
— نېمىدىن؟
— ئۇ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالسا قانداق قىلىمەن؟
لەيلىنىڭ پەس، خۇددى جۆيلۈگەندەك بوغۇق ئاۋازى يەرنىڭ تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئەندىكىپ سورىدىم.
— زەھەر ئىچىپ، كىم زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدىكەن؟
— ھە... — لەيلى چۆچۈپ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى، — ھېچ-كىم... مەن بىلمەيمەن...
— ھېلى زەھەر ئىچكەننىڭ گېپىنى قىلدىڭىز، بۇ ئادەت-تىكى گەپ ئەمەس جۇمۇ.
— ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى، ئەمەسلا بىر گەپ، ئۇنداق ئىش يوق...
لەيلى كۈلدى، ئۇنىڭ كۈلكىسى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ راستتىنلا توي قىلىپ كېتەرمۇ؟
— ئۇ ھېلىقى بىرچاغدا سىزنىڭ كەينىڭىزگە كىرىۋالغان ئاداش شۇمۇ.
— كىم؟
— ھېلىقى تاھىر دېگەن ئەبلەخ...
— ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟
— زەھەر ئىچىۋالىمەن، دەپ سىزنى قورقۇتقان شۇمۇ؟
— ياق.
لەيلى جىم بولۇپ قالدى. كۆزلىرى چەكچىيىپ بىردەم تۇ-رۇپ كەتتى
— ھەئە. شۇ بالا...
— ئۇ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىمەن، دېسە شۇنىڭغا تېگىدى-غان بولدىڭىزما؟

— ئۇنداق ئەمەس.
— ئەمىسە قانداق؟
لەيلى بىردەم شوك بولۇپ قالدى.
— شۇنداق.
— نېمە شۇنداق؟
— ئۇ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىمەن دېدى، مەن ئۇنىڭغا تېزگىنشكە ماقۇل بولدۇم.
— ئوغۇل بالا تۇرۇپ قىلىۋاتقان قىلىقىنى كىسپۇرۇشنىڭ، بىر قىز بالىنى دەپ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋېلىپ يۈرەمدۇ...
ئاغزىمغا بىرنى ئۇرغۇدەك بولۇپ كەتتىم، بويۇنلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم.
— شۇنداق، قىز بالا دېگەن زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋېلىشقا ئەرزىمەيدۇ.
لەيلى كۈلدى، كۈلكىسى سوغۇق ئىدى. مەن تەمتىرەپ كەتتىم.
— خاپا بولماڭ... مەن ئەسلى...
لەيلىنىڭ نەمخۇش كۆزلىرىگە ياماشقان ياشلار يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى. مېنىڭ تەڭ يېرىمىم ھەتتا بارلىقىم دەپ يۈرىدىغان قىزنىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى، مەن بۇنىڭغا گاڭگىراش ئىچىدە قاراپلا تۇراتتىم. ئەركەكلىك شەرىپى مۇشۇنداق گاڭگىراش ئىچىدە يەر بىلەن يەكسان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئەرگە تەگمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەرگە تېگىشى ئۆزى ئۇچۇنمۇ، مەن ئۇچۇنمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان ئاجايىپ بىر ئىش ئىدى. شۇ چاغدا، ناۋادا لەيلى ھەقىقەتەن توي قىلىپ قالسا ئۇ شۇ كۈنى چوقۇم تويغا ئەمەس ئۆلۈمگە مېڭىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ، مېنىڭ شۇ كۈنى ئاڭلاۋاتقىنىم توي خەۋىرى ئەمەس قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئۆلۈم خەۋىرىدەك يۈرىكىم ئاسقىپ كېتىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولۇپ

كەتتى. ئۆزۈمگە بەكلا ئىچىم ئاغرىدى، مېنىڭدەك ئادەملەر بىر-شىنى سىلكىپ، ئەقلىنى تېپىپ يۈرمىسە ھاڭدىن غۇلاپ كې-تىدۇ، يالغۇز ئۆزىلا ئەمەس پەرىشتىدەك بالىلارنى، شەرەپلىك ئانىلارنى ھەتتا پۈتۈن دۇنيانى لەنەتلىك ھاڭغا سۆرەپ ماڭىدۇ. شۇمشىيىش ئەركەكلىك روھقا چاپلاشقان ئەڭ لەنەتلىك نەرسە. مەن ئۆزۈمنىڭ شۇ چاغدىكى مۇشۇ تۇيغۇلىرىمنى ناھايىتى ئۇ-زۇنغىچە ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم.

لەيلىنىڭ تويى توي بولمايدۇ.

خۇددى تويدا بىر شۇملۇق روي بېرىدىغاندەك ئويلايتتىم. سەسكىنىشلىك بىر قارا تۇيغۇ كۆڭلۈمگە تۇماندەك يېپىلاتتى.

لەيلى تويدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن، تويدا قېچىپ كېتىشى مۇمكىن. تويدا يەنە مەن ئويلىمىغان ئىشلار يۈز بېرىپ قېلىشى، بۇ توي ئەمەس ماتەم بولۇپ قېلىشى ھەم مۇمكىن.

يۈرىكىم تىترەپ كەتتى. كاللامغا كىرىۋاتقان شۇم خى-ياللارنى ھەرقانچە قىلىپمۇ چىقىرىۋېتەلمىدىم. قارا ھەم سو-غۇق، بىر - بىرىدىن قورقۇنچلۇق، لەنەتلىك خىياللار روھىمغا قاپقارا بولۇپ يېپىلاتتى.

بەلكىم لەيلى مېنىڭ مۇشۇ تۇيغۇلىرىمنىڭ كاساپىتىدىن ئۆلۈپ كەتكەندۇ ياكى قانداقتۇر بىر ئىچكى كۈچنىڭ تەسىرى-دىن مەن شۇ چاغدىلا لەيلىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى سەزگەن بو-لۇشۇم مۇمكىن. بەزى ئادەملەر ئاجايىپ چۈشلەرنى كۆرىدۇ، ئا-جايىپ تۇيغۇلارغا چۆمۈلىدۇ، قانداقتۇر بىر سەۋەبلەر بىلەن ئۇلارنىڭ چۈشلىرى، تۇيغۇلىرى خۇددى شۇنداق بىر ھالدا راست بولۇپ چىقىدۇ. ئەمما، ھېچكىم ئۆزىنىڭ بۇنداق ئاجىز تۇيغۇ-لىرىنى بىر كۈنلەردە دەل شۇنداق ئىش يۈز بېرىپ قالىدۇ، دەپ ئويلىمايدۇ. لەيلى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مەندە بۇنداق تەھ-لىكىلىك تۇيغۇ بولۇپ باقمىدى.

لەيلىنىڭ جانغا ئارام بېرىدىغان كۈلكە، تەبەسسۇم ئۆچمەي-

دىغان لەۋلىرى پۈرۈشكەن، قاشلىرى ھىمىرلىگەن ئىدى. ئۇ مۇشۇ تۇرقى بىلەن كۆزۈمگە تېخىمۇ قەدىردان، تېخىمۇ سۆيۈمـلۈك، تېخىمۇ ئايرىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ تۇيۇلدى. خۇدادىن تىلەيدىغىنىم نېمە بولسا بولسۇن، سېنىڭ كۈلكەڭ ئۆچمىسۇن، ساڭا يىغا يېقىن يولىمىسۇن، مېنىڭ ھەم سېنىڭ بەختىيار كۈنلىرىمىز سېنىڭ كۈلكەڭ بىلەن بولىدۇ، سەن بولمىغان دۇنيا، سېنىڭ كۈلكەڭ بولمىغان ھايات ماڭا قاراڭغۇ جاڭگال بولۇشى مۇمكىن. مەن شۇ چاغدا ئۈنسىز نىدا قىلدىم، شۇنداق تىلىدىم، شۇنداق نادامەت چەكتىم. ئېغىر بىر ھەسرەتنىڭ سوغۇق ھەم يىرىك قوللىرى نەلەردىن سوزۇلۇپ كېلىپ كۆڭلۈمـدىكى چىرايلىق گۈللەرنى توزۇتىۋەتتى، گۈللەرنىڭ بەرگىلىرى مىجىلىپ يۈندىلار ئارىسىغا تاشلاندى.

جىمجىتلىقنى خالاپ قالغانىدىم.

جىمجىتلىقتىن قورقاتتىم.

مىغ ـ مىغ ئادەملەر ئارىسىدىكى تەنھالىقنىڭ ئازابىنى تارتاتتىم.

ھەممە نەرسە مەندىن يىراقلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۆزۈم ـ ئۆزۈمدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتىم، بارلىق ئارزۇلىرىم، ئارمانلىرىم، خىياللىرىم، مەندىن يىراقلاپ كەتكەندەك قىلاتتى، ئۆزۈمنى تونۇيالماي قېلىۋاتاتتىم.

قورقۇنچ، تەشۋىش، ئەندىشە ماڭا چار يىلاندەك يۆگىشىپ، چاپلىشىۋالغاندەك قىلاتتى. ئىكرامغا، ماڭا يەنە بىر كىملەرگە ئۇشتۇمتۇت بالا كېلىدىغاندەك قورقۇپ قالاتتىم. تام ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك، دەرەخ يىقىلىپ كېتىدىغاندەك، كىم بىرسى ئەڭ ئوسال خۇپىيانە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەندەك...

بۇرۇنقىغا ئوخشىمايۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇراتتىم. بىردە شىر يولۋاسلاردىنمۇ قورقمايدىغاندەك، بىردە بىرەر مۇشۈكنىڭ بوغۇپ قويۇشىدىن ۋەھىمىگە چۈشكەندەك ھېس قىلىپ قالات-

تىم. ئەتراپىمدىكى ئادەملەر نائىلاج مەن بىلەن بىللە ياشاۋاتقان-
دەك، يېنىمدىن كەتكۈسى باردەك، ئەمما جۇرئەت قىلالمىغان-
دەك، كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن يېنىمدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇ-
ۋاتقاندەك ئويلاپ قالاتتىم. ئەڭ مېھرىبان ئادەملىرىم يوقتەك
قىلاتتى. مەنمۇ بىركىمگە ئەڭ مېھرىبان بولالمايدىغاندەك
قىلاتتىم. مېھرگە تەشنا بولاتتىم، مېھرگە ئۆمتۈلەتتىم، مې-
ھىر بېرەلمەيتتىم، مېھرنى سىغدۇرالمايتتىم. مەن بۇنداق ئا-
دەم ئەمەستىم، بۇنداق بولسام بولمايتتى.

قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالدۇق،
ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن...

مۇڭ ــ ھەسرەت تۈكۈلۈپ تۇرىدىغان داغى بايانىنى يىغلام-
سىراپ كۈيلەيدىغان ئاتۇش خەلق ناخشىلىرىنى يادىمغا ئالدىم.
ئالدىنقى ھەپتە ئىكرام ئىككىمىز مېنىڭ ئورۇن كۆرپىلىرى
يىغىلمىغان، رەتسىز ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ پىلاستىنكا كۆرگەن
ئىدۇق. ياش بىر بالا ئاتۇش خەلق ناخشىلىرىنى يىغلىتىپ، ئەل-
لەيلەپ، باغرىغا بېسىپ ئېيتىۋاتاتتى. ناخشىلاردىن مۇڭ كۆتۈ-
رۈلەتتى، ناخشىلاردىن بوران ئۇچاتتى.
ــ پەرىدە قايتىپ كەلسە بولاتتى، ــ دېدى ئىكرام ماڭا
ئىچ ئاغرىتقاندەك بىر نەزەردە قاراپ. ئۆينىڭ قالايمىقانلىقى ئۇ-
نى بىر قىسما قىلىپ قويغان بولسا كېرەك.
ــ ئۇ ئەمدى كەلمەيدۇ، كەلسىمۇ ھەر ئىككىلىمىز ئازاب-
لىنىمىز... پايدىسى يوق... بولدى، بۇ گەپنى قويۇپ ناخشا
ئاڭلايلى.
ئۇيغۇرنىڭ ناخشىسى ئۇيغۇردەكلا يىقىملىق، ئېسىل ھەم
مەردانە ئىدى. مۇڭلۇق ئىدى، غۇرۇر كۈيلىنەتتى، ئىشق كۈيلى-
نەتتى. ئەقىل ھەم پەلسەپە نۇرى تۆكۈلەتتى.

— ئەجەب بەلەن ئېيتىپتۇ. كىمكەن بۇ؟
— ئەيسابەگ دېگەن بالىكەن... ئەجەب بەلەن ھە...
— يەنە بىرسى بار ئىدى، ئىسمى نېمىدى ئۇنىڭ؟
— ئابدۇرېشىت يۇسۇپ... ئەجەب سۈرۈشتۈرۈپ كەتتىڭ، ساڭا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟
— ۋاي قويغىنا... نېمە دەيسەن... ناخشا ئاڭلايلى.
شۇ كۈندىكى ناخشىلار قۇلاق تۈۋىمدە قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى. ئوتتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن... پاراسلاپ كۆيۈپ كېتىدىغاندەك ھالغا يەتكىنىمنى ئويلاپ شۇ ناخشا يەنە يادىمغا يەتتى.
— ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەتە ماڭا جەزمەن ئامەت كېلىدۇ، دەپ ياشاۋېرەيلى، — دېگەن ئىدى ئالىم كىتاب.
— كەلمىگەن ئامەتنى كۈتىۋېرىپ قېرىپ كېتەرمىزمىكى.
— ئامەتنى ئىزدەيمىز، ئىزدەش دېگىنىم ئۆزىمىزنىڭ تومۇر ئەمەسلىكىمىزنى تولۇق ھېس قىلىپ شىددەت بىلەن يۈگۈرۈش دېگىنىم...
ئالىم كىتابقا كۆڭلۈم يېقىن تۇرىدۇ، ئۇنى كۆرمىگىلىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قاپتۇ. ئالىم كىتاب بۇلۇت، قار، سۇ، ھور، دېڭىز، دەريا، بىر چىنە دوغاپ، تەشنالىق، ياشام، قۇرۇپ ۋەيران بولۇش دېگەندەك ئىشلار ئارىسىدىكى چىگىش ھەم ئۇزۇن ئالاقىلەرنى تەمتىرىمەي چۈشەندۈرەلەيدىغان ئادەم.
مەن بۇرۇنقى كۆزۈم بىلەن بۇرۇنقى ئۆزۈمگە تىكىلىپ قارايتتىم. بۇرۇنقى كۆزۈم بىلەن، بۇرۇنقى نەزەرىم بىلەن جاھانغا ھاڭقايغىنىمچە قاراپ تۇرۇپ كېتەتتىم.
ئىشلار بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قالغاندەك كۆرۈنۈپ قېلىۋاتاتتى، ھەممەيلەن ئىشلارنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىماسلىقىنى، زاغىرىنىڭ ئورنىغا گۆشنىڭ ئالمىشىشىنى، چورۇقنىڭ ئورنىغا خۇرۇم كەشنىڭ ئالمىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ئەمما يەنە بىر مۇنچە بىر نېمىلەر ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇرسا خۇدۇكسىرەپ

قورقۇپ قالىمىز. خۇددى ئۆزگىرىپ تۇرغان ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدا بىزگە زىيان قىلىدىغان، بىزنى يىقىتىپ قويىدىغان، بىزگە ئۇدۇل كەلمەيدىغان، خىيالىمىز، ئارزۇلىرىمىز، ئۇمىدلىرىمىزگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بىر نېمىلەر باردەك ئېسەنكىرەپ قالىمىز. ئارزۇلىرىمىز كونىراپ كەتسە، ئارمانلىرىمىز قورۇلۇپ، يىگىلەپ قېتىپ كەتسە تەشۋىشچان، ئەندىككەك بولۇپ قالىمىز. جىق بىرنېمىلەرنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغاندىن بېرى ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ قېلىشۋاتاتتىم. لەيلىنىڭ جاھاندىن كەتكىنىدىن كېيىنكى مەشئۇم جىمىلىق مېڭەمگە شوخا بولۇپ سانجىلىپ كېتىشۋاتاتتى.

— ساقىلىڭنى ئېلىپ يۇر.

— كىيىملىرىڭنى رەتلىك كىي.

— پۇتۇڭنى سۆرىمەي ماڭ.

ئىكرام شۇنداق دەيتتى. مەن ماقۇل دەيتتىم، لەيلىنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبلىك بۇ ھالغا كېلىپ قالسام بولمايتتى، ئەمما شۇنچە كۆچەپمۇ ئۆزۈمنى قۇتقۇزىدىغان كۈچنى تاپالمىدىم. روھىم لەيلى بىلەن بىللە كەتكەندەك قىلاتتى.

بۇگۈنكى ئۆزۈمگە، ئىلگىرىكى ئۆزۈمگە قاراپ بىر نېمىلەرنى دەيتتىم. خۇددى بىرسىگە ۋەدە بەرگەندەك...

مەن ناھايىتى مەزمۇت ياشىمىسام بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ئەركەكتەك ياشىماي بولمايدۇ، ئەمما ئەركەكتەك ياشىماق تەس، ئەركەكتەك ئادەملەر ئازلاپ كەتكەندە ئەركەكتەك بولماقمۇ تەس. بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسە مۇتلەق كۆپ ئادەملەرگە بېقىپ تۈزۈلىدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ بويى پاكار بولسا ئىشىك شۇلارنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەم قىلىپ ياسىلىدۇ، ئەمما ئېگىز ئادەملەر شۇ ئىشىكتىن كىرىشكە توغرا كەلسە بېشىنى ئېگىپ، ئېگىلىپ، تۈگۈلۈپ كىرمەي بولمايدۇ. بىز ھەر كۈنى ھەر سائەتتە شۇنداق ئىشىكلەردىن كىرىپ چىقمىساق بولمايدۇ، كىرگۈمىز بولمىد-

ـسىمۇ كىرىشكە مەجبۇر بولىمىز، كىرگەندىن كېيىن چىقىشقا مەجبۇر بولىمىز. ھايات قەدىمىدىن مۇشۇنداق بولۇپ كەلگەن، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئىشىكلەرنىڭ ئېگىزلىكى مۇتلەق كۆپ ئادەملەرنىڭ بوي ـ بەستىنى ئۆلچەم قىلىپ ياسىلىدۇ.

لەيلى دېگەن ئىسىم خىيالىمدا قىزىل نۇر بولۇپ، قىزىل چىراغ بولۇپ پىلىلداپ كۆيۈپ تۇرىدۇ، يېنىپ تۇرىدۇ. بۇ دۇنـ ـيانىڭ لەيلىنىڭ بار ـ يوقلۇقى بىلەن، مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىـ ـكى بىلەن كارى يوق. ھەركىم ئۆز ئىشىكلىرىنىڭ كەڭ ـ تارـ لىقىنى، ئېگىز ـ پەسلىكىنى ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ياساپ بېكىتىدۇ، كۇنلەر ئۆتىۋېرىدۇ.

※ ※ ※

پەرھاتنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەستەك قىلاتتى. نەرى ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلەلمىدىم، ئەمما بىر يەرـ لىرىدىن ئۇنىڭ بەكلا پەرىشان بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بەكلا ئېغىر دەردكە قالغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم.

پەرھاتنى ئويلاپ كېتىۋېتىپ يىراقتىن مۇسا قادىرنى كۆـ رۈپ قالدىم. ئۇ تېز ماڭاتتى، سەل ئالدىغا ئېڭىشكەن ئىدى. دوپپىسى كىچىك كېلىپ قالغاندەك ئىدى. مۇسا قادىرنىڭ دەردى بىلەن پەرھاتنىڭ دەردلىرىنىڭ ھېچبىرى ئوخشىمىسا كېرەك.

مۇسا قادىر ئۇستىبېشىدىكى تەرلىرىنى ئېرتىپ يىراقتىنلا قولىنى سۇنۇپ كەلدى.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قانداق ئەھۋالىڭ؟ پەقەت ئىزدىـ ـشىپ بولالمىدۇق، بېرىش ـ كېلىش قىلىپ ئولتۇرساق بەلەن بولاتتى. قانداق، ياخشى تۇردۇڭمۇ؟

ـــ ياخشى، ئۆزۈڭچۇ؟

ـــ مەنمۇ ياخشى، شۇ ئۆي كۆچۈپ بولالماي يۈرىۋاتىمەنغۇ.

— ئۆي كۆچۈپ... ئالدىنقى ھەپتە بىر ئۆيگە كۆچتۈم دە. ۋاتمامتىلىڭ؟

— كۆچكەن، كۆچكەن بىلەن بولمايدىغان ئۆيكەن قارا ئۇ.

— قانداق دەيسەن؟

— قوشنىسى ياخشى ئەمەسكەن قارا.

— نېمە بولدى؟

— نەشە چېكىدىغان ئادەمكەن.

يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. پەرھاتنىڭ ماڭا دېيىشىچە بىر قىسىم ئادەملەر مېنىمۇ نەشە چېكىدۇ، دەپ گۇمان قىلىدىكەن... مۇسا قادىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، نەشە دېگەن چەكلەيدىغان نەرسە تۇرسا، ئۇنى چېكىشكە كىم جۈرئەت قىلالايدۇ؟

— ئەمدى جاھان دېگەندە ئاشۇنداق ئوسال ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەرمۇ بولىدىكەن، ئەتە ئاخشىمى ئۆي كەندىر پۇراپ تۇرغىلى بولماي قالسا قانداق قىلىدىغان گەپ؟ شۇڭا نەشىكەش بىلەن بىر يەردە ئولتۇرغۇچە مانا ئەمىسە دەپ كۆچۈپ كەتتىم.

— كۆچۈپ بولدۇڭمۇ؟

— نەرسىلەرنى جايلاشتۇرۇپمۇ بولدۇم.

ئەجەب قورقۇنچلۇق ئىشلارنىڭ ئارىسىدا يۈرىمىز، مۇسا قادىر نەشىكەش دەپ گۇمان قىلغان ئۇ ئادەم يېڭى قوشنىسىنىڭ كۆچۈپ كەتكىنىدىن نېمىلەرنى ئويلىغاندۇ؟ پالاكەت ئىشلار ھەر قەدەمدە يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، خۇشال بولىدىغان ئىشلارمۇ قەدەمدە بىر يولۇقۇپ تۇرىدۇ. بەلكىم مۇسا قادىرنىڭ قىلغىنى توغرىدۇ. نەشە چېكىدىغان ئادەم بولسا ئۇنىڭدىن نېرى تۇرۇش توغرا، پاسكىنا ئادەملەردىن قېچىش كېرەك، ھامان بىر كۈنى يالىسى يۇقىدۇ. مەن ئالىم كىتابىنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى بىر سۆزىنى شۇنچە قىلىپمۇ يادىمغا ئالالمىدىم.

— ئۇنىڭ نەشە چېكىدىغىنىنى نەدىن بىلدىڭ؟
— خەقلەر شۇنداق دەيدۇ.
— خەق بىكار دەيدۇ، ئىشىنىپ نېمە قىلارسەن؟
— ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك، دېگەن گەپ بار، خەق ھەرگىز بىكار گەپ قىلمايدۇ، مەن قارىساممۇ زادى نەشە چېكىدىغاندەكلا كۆرۈنۈۋاتىدۇ. كۆزلىرى قىزىل، قاپاقلىرى تۈرۈك... مەن ماڭاي ئاداش، تاشلىشىپ كەتمەيلى...
مۇسا قادىر كەتتى، نەپەسلىرىم قىسىلىپ بېشىم قايغاندەك بولدى.

※ ※ ※

چۈشتىن كېيىن نېمىشقىدۇر لەيلىنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. ئۇنىڭ يېشىل شارپا ئارتىۋالغان ماڭلاي چاچلىرى چۈۋۈلۈپ پېشانىسىگە چۈشۈۋالغان ھالىتى، ئىزغىرىن سوغۇقتا قوينۇمغا تۈگۈلۈپ كىرىۋېلىشلىرى نەچچە رەت يادىمغا يەتتى. ئادەمنى ئادەمگە يېقىنلاشتۇرىدىغان نەرسە مېھىر، مېھىر يوق يەردە ئىككى ئادەم باغلاپ قويسىمۇ بىر يەردە تۇرمايدۇ. لەيلىنى ماڭا ئاتا قىلغان ھاياتقا مىڭلاپ رەھمەت ئوقۇغان ئىدىم، لەيلى ماڭا بۇ دۇنيانىڭ چەكسىز گۈزەللىكىنى، ياشاشنىڭ تېپىلغۇسىز پۇرسەت ھەم خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرغان ئىدى. لەيلىنى مەندىن ئايرىۋەتكەن ھاياتقا مىڭلاپ لەنەتلەر ئوقۇدۇم، لەيلىنىڭ جۇدالىقى ماڭا بۇ دۇنيانىڭ قاراڭغۇ ھەم سوغۇقلۇقىنى، ياشاشنىڭ ئۇزۇن ھەم قىستاڭ تار يولدىكى قىينىلىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى.
ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ باغرىدا، سۈزۈك ئېقىننىڭ بويلىرىدا، چىرايلىق گۈللەر ئېچىلغان قىرغاقلاردا سەلكىن شامالدا پىلدىرلاپ ئۇچۇپ يۈرگەن رەڭدار كېپىنەكلەر بولىدۇ. كېپىنە-

نەكلەر خالىغان گۈللەرنىڭ چېچەكلىرىگە قونۇپ شۇنداق چىرايلىق ئۇچۇشۇپ، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئوينايدۇ، قونغىلى گۈللىرى بار، قوغلىشىپ ئوينىغىلى جۈپتى ھەمراھى بار. قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن غورۇلاي، تۇمۇچۇق، يەنە ئاللىقانداق بىر قۇش كېپىنەكلەرنى چاڭگىلىغا ئېلىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە يالماپ يۇتۇۋېتىدۇ، يا بولمىسا چىشلىگىنىچە ئۇۋىسىغا ئېلىپ كېتىدۇ. بىر گۈزەل ھايات، بىر چىرايلىق تۇرمۇش شۇنىڭ بىلەن قىيامەتكە قالىدۇ، ۋەيران بولىدۇ، پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ.

لەيلى بولمىغان دۇنيانىڭ بەك تارلىقىنى، بەكلا سوغۇقلۇقىنى، بەكلا يېقىمسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان چېغىمدا كۆڭلۈمگە گۈگۈم چۈشۈپ قالغاندى. مەن لەيلىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. چېكەتكىلەر چىرىلدىشىپ دۇنياغا غېرىبلىق تارىتىۋاتقان كەچلىكى يالغۇز كېتىۋېتىپ لەيلىنىڭ دادىسى ھەققىدە پاراڭلاشقىنىمىز يادىمغا يەتتى. شۇ چاغدا لەيلىنىڭ مەڭگۈلۈك كۆلكە پارلاپ تۇرىدىغان چىرايىدا ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ جەننەتتەك نۇرلىرى پارلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم.

— دادام بەكلا قىينىلىپ كەتتى، ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىپ يۈرگىنى يۈرگەن، كۆنسېرى ئاجىزلاپ كەتتى. ھېچكىمگە گەپمۇ قىلماي، باشقىلار گەپ قىلسىمۇ ئاڭلىماي ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. قېرىغاندا تاماكىنى يەنە تېپىۋالدى.

نېمە بولۇپ لەيلىنىڭ دادىسىنىڭ، يەنە ئۇنىڭ بىرقانداق ئىشلىرى توغرۇلۇق سۆزلىشىپ قالغىنىمىزنىڭ سەۋەبىنى ھازىر ئەسلىيەلمەيمەن.

— نېمە ئىش بولغان؟

— خوتۇنى قېچىپ كەتتى.

— يەتمىشتىن ئاشقاندا خوتۇن قېچىپ كەتتى، دېگەن نېمە

گەپ؟ مەيلىغۇ، كەتكەن بولسا.

— ئۇ خوتۇن ئۆزىلا كەتسە مەيلى ئىدى، يامان يېرى دادام-نىڭ پۇلىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى.

— شۇنداقمۇ؟ بۇ يامان بوپتۇغۇ ئەمدى.

— ئەسلىمۇ ئۇ خوتۇن دادامنىڭ پۇلىنى دەپلا بىزنىڭ ئۆيگە كىرگەن.

— نەچچە پۇلنى ئېلىپ كېتىپتۇ؟

— ئىشقىلىپ 500 مىڭدىن ئارتۇقتۇ دەيمەن، تېخى مىل-يون بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— دادىڭىز قالتىس باي ئادەمكەن جۇمۇ. ئۇنچىلىك نەق پۇل هازىر كىمدىن چىقىدۇ؟

— مەنغۇ دادامنىڭ ئۇ پۇللىرىنىڭ يوقاپ كەتكىنىدىن خۇش بولدۇم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟ — مەن ھەيران بولۇپ لەي-لىگە قارىدىم.

— ئەسلىمۇ ئۇ پۇللارنىڭ دادامغا ئەسقاتمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، دادام شۇ پۇللارنىڭ كاساپىتىدىن خاتىرجەم ئۇخلى-يالماي، ئېچىلىپ بىر كۈلەلمەي بەك ھەرەج تارتتى. دادام ئاشۇ پۇلنىڭ دەردىدە تۈگىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

— بەلكىم سىزگە قالدۇرماقچى بولغاندۇ.

— ماڭا ئۇ پۇللارنىڭ كېرىكى يوق، ئەمەلىيەتتە دادامغىمۇ كېرىكى يوق، ئاشۇ پۇللارنى خەجلەيمەن دېسە دادامنىڭ شۇنچە پۇل بىلەن پۈتكۈدەك نېمە ھاجىتى بار؟ خۇددى كېرەكسىز تاش-نى يۈدۈۋېلىپ جانغا زۇلۇم قىلغاندەك بىر ئىش.

مەن شۇ چاغدا مجىت قارىنى يادىمغا ئالغان ئىدىم. بىر-سى بارنىڭ دەردىدە، يەنە بىرسى يوقنىڭ دەردىدە.

— سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن پۇل دېگەننىڭ دەردى يامان نەرسە.

— دادام شۇ پۇلنىڭ ئۆزىگە زادى كىرەكلىك ياكى ئەمەس-لىكىنى ئويلىسا بولاتتى. يەنە كېلىپ هارام نەرسە سىڭمەيدۇ. هارام دېگەن ئادەمنى ۋەيران قىلىدۇ، ئادەمنى يامان كۈنگە قو-يىدۇ، ئانام دائىم مۇشۇنداق دەيتتى.

— گەپلىرىڭىز مۇرەككەپلىشىپ كەتتىغۇ؟

لەيلى سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ لەرزان ئاۋازى يۈرىكىمگە شۇن-داق يېقىملىق تۇيغۇلارنى ئاتا قىلدى. مەن شۇ چاغدا بۇلبۇل-نىڭ، تومۇچۇقنىڭ سايراشلىرىنى، بۇلاق سۈيىنىڭ ئايدىڭ ئاخشامدا شىرىلداشلىرىنى يادىمغا ئالدىم. ئاندىن ئۇنىڭ بىر كۈنلەردە يات بىراۋغا تەۋە بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنى ئېلىپ قېچىش قولۇمدىن كېلەمدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

— ئانامنىڭ دېيىشىچە، دادام خىزمەتتىكى ۋاقتىدا بۇ پۇللارنى خەقلەرنى قاقشىتىپ، يېلىنىدۇرۇپ، زارلىتىپ يىغقا-نىكەن، خەقلەر دادامنىڭ ئالدىدا كۈلۈپ تۇرۇپ بۇ پۇللارنى بەرگىنى بىلەن، ئەمما يۈرىكى يىغلايدۇ دەڭا، خەقلەرنىڭ موھ-تاجلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دادام ئۇ پۇللارنى باشقىلار-نىڭ قولىدىن بىر - بىرلەپ تارتىۋالغان، ئانام بۇنى بۇلىۋالغان بىلەن ئوخشاش، دېگەن ئىدى. ئانام دادامنىڭ مۇشۇ ئىشلىرىغا بەك ئۆچ ئىدى، ئېغىر كېسەل بولۇپ داۋالىنىۋاتقان كۈنلىرىدىمۇ دادامنىڭ بىر تىيىن پۇلىنى خەجلىگىلى ئۇنىمىغان.

— شۇنداقمۇ، ئانىڭىز قالتىس ئايالكەن جۇمۇ.

— ئانام تەقۋا ئايال ئىدى، دادامنىڭ ئالغان سوۋغا-سالاملىرىنى دوزاخنىڭ تۇترۇقى، دەپ بەك يامان كۆرەتتى. بىر قېتىم، ئۇستىبېشى ئاۋارە بىر ئادەم ئۆيىمىزگە كەلدى. مۇشۇن-داق ئادەملەرنى كۆرسەم كۆڭلۇم بەكلا يېرىم بولاتتى. ئانام ھې-لىقى ئادەمگە داستىخان سالدى، دادام كەلگەندىن كېيىن ئانام ئىككىمىزنى ئىچكىرىگە كىرگۈزىۋېتىپ ھېلىقى كىشى بىلەن سۆزلەشتى. مەن ياندا تۇرۇپ ھەممىنى ئاڭلىدىم.

— ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ دېھقان بولۇپ كەتمەندىن قۇتۇلالماي كەپتىمىز، بەش بالامنىڭ ئىچىدە ئاشۇ بىرلا بالامنى مىڭ بىر جاپادا ئوقۇتقان ئىدىم. شۇ بالامنىڭ خىزمەت ئىشىنى ھەل قىلىپ قويغان بولسىلا... ئۆزلىرىنى كۆپ ئىزدىدىم، كۆرۈش ـ مەك تەسكەن... ئاز بولسىمۇ بۇنى يانلىرىغا سېلىپ قويۇپ...

— نەچچە پۇل بۇ؟

— يىگىرمە بەش مىڭ كوي...

— بۇنچىلىك پۇلغا مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ ئاداش... ئاز دېگەندە ئەللىك مىڭ بولسۇن.

— قالغىنىنى مەن يەنە جايلاپ بېرەي.

— ئاۋۋال ھەممىنى تولۇق ئەكېلىڭلا... ھازىر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرماق ئاسانمۇ؟

ھېلىقى ئادەم يەتتە پۇكلىنىپ چىقىپ كەتتى، ھەپتىدىن كېيىن دادام دېگەن پۇلنى ئېلىپ ئۆيىمىزگە كەلدى. ئانام يىغلاپ كەتتى، دادامنىمۇ، ھېلىقى ئادەمنىمۇ تىللىدى. ھارام نەرسىنى يېگەنمۇ، يېگۈزگەنمۇ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغۇچىمۇ گۇ ـ ناھكار بولىدۇ، دەپ زارلىنىپ كەتتى.

لەيلىنىڭ بۇ گەپلەرنى ماڭا نېمىشقا دەپ بەرگۈسى كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن پۇلنى خەققە تارتقۇزۇپ قويۇپ دەردتە تۇگىشىپ كېتـ ـ ىۋاتقانلىقى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. بۇ دۇنيادا بىزگە ئەس ـ لىي بەك كۆپ نەرسىنىڭ لازىمى يوق، بىزگە كېرىكى ئەركىن نەپەس، خۇش تەبەسسۇم، ئىسسىق مېھىر، يالقۇندەك ئوتلۇق سۆيۈش، سۆيۈلۈش...

لەيلىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ توساتتىن خوتۇنۇم يادىمغا كەل ـ دى. لەيلىنىڭ يېقىملىق ئەتىرنىڭ سالقىن ھىدى كېلىپ تۇر ـ غان نازۇك ۋۇجۇدى ماڭا يېپىشىپ تۇراتتى.

— قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىڭىزنى بىلمەمەن.

— مەن نېمە قىلىمەن؟
— يوشۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، لەيلى دېگەن قىزنى مەن كۆردۈم.
شۈرمەلگە كۆمۈلۈپ قالغاندەك قورقۇپ كەتتىم.
ئايالىم ئۇنداق دەپ باقمىدى. ئۇ مەڭگۈ ئۇنداق دېمەسلىكى مۇمكىن. شۇنداق دەپ قالسا نېمە قىلىشىمنى راستىنلا بىلمەيمەن. مەن نېمە بولسام مەيلى، لەيلىگە بالاسى تېگىپ قالسا بۇنىڭغا چىدىماق تەس.
ئۆزۈم ھەققىدە، لەيلى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. لەيلىنىڭ قاتىلىنى ئۆلتۈرەلمىسەم مەنمۇ ئۆزۈمنى كەچۈرمەسلىكىم، ئۆزۈمنى ياراتمايدىغان بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن. شۇنداق جۈرئەت مەندە بارمۇ؟ شۇنداق قىلسام بولامدۇ - يوق؟ بۇنىمۇ بىلمەيمەن. لەيلى مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى جەننىتىم ئىدى. ئۇنى ۋەيران قىلغان، يەر يۈزىدىن يوقىتىۋەتكەن ئادەمنى يوق قىلىشىم يوللۇق، يوللۇق ئىشنى قىلىشقا، ھەق ئىشنى روياپقا چىقىرىشقا ئاجايىپ جاسارەت كېرەكلىكىنى بىلگەن چېغىمدا جاھاندا نېمىشقا قاراڭغۇ بۇلۇڭ-پۇچقاقلارنىڭ ھېلىھەم مەۋجۇتلۇقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولغاندىم.
مەرۇپكامنىڭ نەۋرە قىزى نېمە ئىش قىلىپ يۈرگەندۇ؟ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتقانمىدۇ؟ بىر ئادەم ئۇچۇن قىلغىلى ئىش بولماسلىقىنىڭ ئۆزى تولىمۇ قورقۇنچلۇق، ئىش يوق دېگەنلىك پۇل يوق دېگەنلىك، پۇل يوق دېگەنلىك جان تەھلىكە ئاستىدا قالدى، دېگەنلىك. جىق ئادەملەر ئۇنداق ئەمەس دېيىشىدۇ، مەنمۇ جىق ئادەملەرنىڭكى توغرا بولسىكەن دەپ ئويلايمەن.

※ ※ ※

پەرھات بىلەن دېيىشكەن گەپلەرنى خىيال قىلغاچ ئۆيگە كىرسەم خوتۇنۇم ماڭا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ غودۇڭشىدى:

— ئۆيدە پۇل قالماپتۇ؟
— بەزى ئادەملەر پۇلنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆلىدىكەن، بەزى ئادەملەر پۇلنىڭ جىقلىقىدىن ئۆلىدىكەن، ئەجەب دۇنياكەن بۇ.
پەرھات ماڭا بىر كىشىنىڭ ئۆزىدىن ئوتتۇز ياش كىچىك ئايالىنىڭ ئېرىنىڭ 500 مىڭ سوم پۇلىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكىنىنى، بۇ پۇللارنىڭ هارامدىن كەلگەن پۇللار بولۇپ بو-رۇنقى ئايالىنىڭ، ھەتتا دوختۇردا ياتقاندىمۇ بۇ پۇللارنى ئىشلى-تىشنى رەت قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇ چاغدا پەرھات چاقماقتەك يىگىت ئىدى.
مىجەت قارىنى ئويلاپ قالدىم، يەنە نۇرغۇن ئادەملەرنى ئويلاپ قالدىم. مەن ھەم ماڭا ئوخشايدىغان نۇرغۇن ئادەملەر بار. ئۇنى قىلساق خاتا، بۇنى قىلساق يامان دەيمىز، بەزى ئىشلارنىڭ خاتالىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە توختىماي شۇ ئىشنى قىلىۋېرى-مىز. ئىچىۋاتقان سۇنىڭ پاسكىنا ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئىچىۋې-رىدىغان، هارام ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەۋېرىدىغان، يامان ئىكەنلىكىنى بىلىپ قىلىۋېرىدىغان بولۇپ قالماسلىقنى ياراتقان ئىگىسىدىن تىلىسەك بولاتتى. ئەمما، بۇنىڭغا ئەقلى يېتىدى-غانلار قالمىغاندەك قىلىدۇ.
مىجەت قارىنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، چېچەك ئىزى باسقان چىرايىمۇ شۇنداق ئۆمىسە، بىر قارىسا ھېلى جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ بېشىنى چايقاپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ غودۇرىدى:
— ئىسىت دەيمەن، ئىسىت، مۇشۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟
— نېمە بولدىڭىز؟
— بىرلا نومۇردىن كېتىپ قاپتىمەن... شۇ بىر نومۇرنى ئەسلى تاللىمايدىغان گەپتى.
— ئەمىسە نېمىشقا تاللىدىڭىز؟
— مۇشۇ قاپاق كاللىنىڭ ئىشى بولامدۇ... ھۇ ئىتنىڭ

كاللىسى...

ئۇنىڭ بىر ئادەمنى قاتتىق ئۇرغۇسى، ياقىسىدىن ئېلىپ سىلكىشلەپ يۈزىگە تۈكۈرگۈسى، تاملارغا ئۇستۇرگۈسى كېلىدـ ۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئادەم دېگەننىڭ بەزىدە ئۆزىگە بەكلا ئۆچ بولۇپ كېتىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. ئۆزىنىڭ كۆزىگە، تىلىغا، ئاغزىغا، قولىغا، پۇتىغا يەنە ئەقلىگە ئۆچ بولىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ، ئۆزىنىڭ تەلىيىگە، تەقدىرىگە، قىسمەت ـ كەلمىشلىرىگە ئۆچ بولۇپ كېتىدىغان ئادەملەر بار.

مجىت قارى ئۆزىنى پەقەت كەچۈرمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئادەمنىڭ ئۆزىنى كەچۈرەلمەسلىكى بەكلا قورقۇنچلۇق.

ـــ پەقەت بىر نومۇرلا ئوخشىمىغاچقا ماڭا چىقمىدى... قاـ راڭ بۇ ئىشنى، جاھان دېگەندە مۇشۇنداقمۇ تەتۈرلۈك بولامدۇ؟

مجىت قارى تازا ھۆركىرەپ بىر يىغلىۋالسا ياكى بولمىسا توپىغا ئۆزىنى تاشلاپ بىردەم يۇملاپ تېپچەكلىۋالسا ئىچى بوشاپ يەڭگىللەپ قالاتتى.

ـــ تەخىر قىلىڭ، چىقىپ قالار...

ـــ ئەمدى ئۇكام ئامەت بىر قېتىم قېشىمغا كېلىپ بولۇپ يېنىپ كەتتى، ئەمدى كەلمىكى تەس...

يۈرەك يىغلىغان بىلەن كۆزدىن ياش چىقمىسا بۇنى ھېچـ كىم سېزەلمەيدۇ. مەن مجىت قارىغا ئامەت كېلىشىنى شۇنداق تىلەپ كەتتىم.

ـــ ئۇنداق دېمەڭ، يەنە ئامىتىڭىز كېلىپ قالار...

ـــ ئەمدى قانداق قىلارمەن؟...

مجىت قارى ئىچى ئاچچىققا تولۇپ كەتكەندەك ئۇھ تارـ تىپ، شۇمشىيىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئالىم كىتابىنىڭ نەچچە يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بوۋىسىنى ئەسلەپ دېگەن گەپلىرى يادىمـ غا يەتتى. بەزى ئادەملەرنىڭ بەزى گەپلىرى، بەزى چاغدا تەرەپـ

باللا يادىمغا يېتىپ قالىدۇ.

«يېزىدىكى بوۋامنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تۇرقى يادىمدىن چىقمايدۇ. غېرىبسىنغان كۆنلىرىمدە بوۋامنى ئەسلەپ قالىمەن، ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى، يەنە قەھر چېچىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرگەندەك بولىمەن... مەن بوۋامنىڭ بىر ئۆمۈر پۇلۇم ئاز بولۇپ قالدى، ماڭا ئامەت كەلمىدى، باشقىلار مەندىن ئۆزۈپ كەتتى، دەپ ھەسرەت چەككىنىنى كۆرۈپ باقمىغان. ئەمما، مەن شۇ بوۋاينىڭ پۈشتى تۇرۇپمۇ ئۇنى دورىيالمىدىم، كاللامدا غەمدىن باشقا ھېچنېمە يوق، بىرنى ئىككى قىلسام، ئىككىنى تۆت قىلسامنىڭ كويىدا، ئاۋۇ ئانى قىپتۇ، مەنمۇ شۇ-نى قىلسام بولاتتى، پوكۈنى مۇنداق قىپتۇ، مەنمۇ شۇنداق قىلاينىڭ نادامىتىدە كۈنۈم ئۆتىدۇ، ھېسابلاپ باقسام بىر ئادەم-گە جىق نەرسىنىڭمۇ ھاجىتى يوقكەن، ئىگىسى ئادەمنىڭ ئېھ-تىياجى چۈشىدىغان، يەيدىغان ئىچىدىغىنىنى بەكلا ئاز قىلىپ يارىتىپتىكەن، شۇنداق تۇرۇپمۇ مېنىڭ نەپسىم نېمىشقا قانماي-دىغاندۇ؟ قانىسمۇ نېمىشقا قانائەت مەندىن يىراقتۇ؟»

ئالىم كىتاب بۇ گەپلەرنى دېگەندە مەست ئەمەس ئىدى.

توۋا، ئالىم كىتابتەك ئادەملەرنىڭمۇ مۇشۇنداق ھەسرەتلىرى بولىدىكەن. مەن ھاڭ ـ تاڭ قالدىم، بېشىم چىڭقىلىپ كەتتى، قانائەتسىزلىكنىڭ ئالۋاستىسىغا يەكمۇيەك قارشى چىقماق تەس بولسا كېرەك.

ئۇنىڭ بوۋىسى ھەققىدە ئېيتقانلىرى يادىمدا، ئالىم كىتاب-نىڭ بوۋىسىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلمەيمەن، ئەمما مىجىت قارىغا چاپلىشىۋالغان جىن ئۇنىڭ يۈرىكىدە بولمىغان، مىجىت قارىنىڭ ھەسرىتى ئۇنىڭغا ياماشمىغان بولغىيمىتى!؟ پۇل جانغا تاقىلىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان زاماندا ياشاۋاتقاندا ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ پۇل ئۈچۈن جان ئۈپراتمىغىنىنى خاتا دېگەندىمۇ، مىجىت قارىدەك بولۇپ قالسا بۇنى ھەممىلا ئادەم توغرا دېمەس-

لىكى مۇمكىن.

— مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە بىرەرسى مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈپ قويمىسا بولاتتى، چوڭ چاتاق چىقىدۇ... قاراپ تۇرۇپ بەش مىليوننى زىيان تارتتىم... ئىچىمنى پۇشۇرغان بىرەرىنىڭ بىر يېرىنى بىر قانداق قىلىپ قويۇشۇمدىن قورقىمەن، بۇ دەردنى كۆتۈرەلمىدىم، مەن چىدىمىدىم، ئەلەم دېگەن مۇشۇنداق-مۇ ئېغىر بولامدۇ ئەمدى؟...

پەرھات ئىزدەپ يۈرگەن سوئال مىجىت قارىغا داۋا بولىدىغان جاۋابقا ئوت ياقارمۇ؟

پەرھات ھېلىقى سوئال ھەققىدە ئويلىنىپ يۈرسە كېرەك. ئۇ سوئالنى تاپالىشىمۇ مۇمكىن، تاپالماسلىقىمۇ مۇمكىن. سوئاللىرى ئۆزگە ئاددىي، چۈشۈنەم بىلىنىپ قېلىپ، ۋاز كېچىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. پەرھاتنىڭ شۇنداق بىر سوئالنى تېپىپ بولالماي جېنىنىڭ قىينىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرىمەن.

— سېنىڭ ئۇ سوئالىڭ زادى قانداق نەرسە؟

— پۈتۈن مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان نەرسە، ئەمما...

— ئەمما، نېمە؟

— ئەمما، تېپىپ بولالمىدىم.

— سوئال مۇھىممۇ؟ جاۋابمۇ؟

— جاۋاب تېپىش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئەمما، سوئال تاپماق تەس.

مىجىت قارىغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. مەن ئۇنىڭغا تەسەللىي بەرمەكچى بولۇپ توختاپ قالدىم. بەزى ئادەملەرگە نېمە دېيىشنى، قانداق سۆزلەشنى، قانداق گەپ قىلىشنى بىلگىلى بولمايدىكەن، جاھاننىڭ بەزى ئىشلىرىغا پەقەت ئامال يوق، بەزى چاغدا نېمە دېيىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ.

پەرھات ئىزدەپ تاپالمىغان سوئالنىڭ بىر يەرلىرى مۇشۇنداقراق ئىشلارغا ئالاقىدار بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

سوئال تېپىلسا، سوئالنىڭ نېمىلىكىنى بىلسەك ياخشى بولاتتى. سوئال بولمىسا جاۋاب بولمايدۇ، جاۋاب بولمىغان يەردە روشەنلىك بولمايدۇ، گاراڭغۇلۇق، خامۇشلۇق بېسىپ كېتىدۇ.

كەڭ دالىدا قورسىقى تويغان هامان خورۇلداپ ئۇيقۇغا كېتىدىغان شىر بار، يولۋاس بار، ئۇۋۇسىغا توختىماستىن بىر نېمە توشۇپ هارمايدىغان چاشقانمۇ بار. شىر، يولۋاسلاردىن ئېشىپ قالغاننى يەپ كۈن ئالىدىغان هايۋانلارمۇ، چاشقاننىڭ مىڭ بىر جاپادا يىغقان، تۈگكىنىنى سوقۇپ كېتىدىغان جاندارلارمۇ بار. بۇ دۇنيانىڭ قائىدىسى هەم كۈلكىلىك هەم ئېچىنىشلىق.

— دادا، مەن كەپتەر باقاي دېگەن.

— كەپتەر؟

— شۇنداق، كەپتەر.

ئوغلۇمنىڭ بىسەرەمجانلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىنى هاياجانغا سالىدىغان ئاجايىپ هەۋەس ئىشتىياقلىرى، بۇ هاياتنى ناهايىتى گۈزەل، بەكمۇ چىرايلىق، دۇنيا مېنىڭ خۇشلۇقۇم ئۈچۈن، دەيدىغان شېرىن خام خىياللىرى، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان ئارمانلىرى باردەك قىلاتتى.

— نېمىشقا كەپتەر باققۇڭ كېلىپ قالدى؟

— مەن ئۇنىڭغا ئامراق، كەپتەر دېگەن چىرايلىق جانىۋار.

كەپتەر بېقىشقا هەۋەس قىلىپ قالغان ئوغلۇمنىڭ خىيالىغا كەپتەرنىڭ چىرايلىق تۇرقى، بولۇپمۇ قىزغۇچ تۇمشۇقلىرى، يۇپيۇمىلاق مۇلايىم كۆزلىرى، يۇمران پەيلىرى كېلىۋاتسا كېرەك. كەپتەر، ئوماق جانىۋار، ئۇنىڭ چىرايلىق، ئوماقلىقىنى زىيانسىز قۇش ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، ئەمما ئۇ نەرسە بىلەن مېنىڭ تازا خوشۇم يوق. چىرايلىق، ئوماق نەرسىنىڭ هەممىسىلا هەممىلا ئادەمنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىشى ناتايىن.

— بولمايدۇ.
— نېمىشقا؟
— كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنگەنچە نەرسىنى باقىدىغان گەپ يوق.
— بىراق، كەپتەر باققانىنىڭ نەرى يامان؟
— بىزنىڭ شارائىتىمىز كەپتەر بېقىشقا توغرا كەلمەيدۇ.
— قانداقسىگە؟
ئوغلۇمنىڭ قارا كۆزلىرىدە ئۈمىدسىز بىر تۇمان پەيدا بولدى. پەرھات دائىم سېنىڭ ئوغلۇڭ ئەقىللىق ئادەم بولىدۇ، دەپ ماختايدۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭ ئەقىللىق بولۇشىدىن كۆرە ياۋاش - يۇمشاق، گەپ ئاڭلايدىغان ئادەم بولۇشىنى بەكرەك ئارزۇ قىلسام كېرەك. مېنىڭمۇ بالىلىقىمدا ئاجايىپ ئارزۇلارغا كۆمۈلۈپ، شۇنداق تاتلىق خىياللارغا ئەسىر بولۇپ ئۆتكەن كۈنلىرىم بولغىيتتى!؟ ئوغلۇمنىڭ كۆزلىرىگە قاراشتىن قېچىپ باشقا ياققا قارىۋالدىم.
— بىزنىڭ كەپتەرخانىمىز يوق، ئۇنى باقىدىغان يېرىمىز - مۇ يوق.
— مەن پەقەت بىر جۈپلا كەپتەر باقاي دېگەن.
— بىر تال بېقىشقىمۇ بولمايدۇ.
— بۇنىڭ نەرى يامان؟
بۇنىڭ نەرى يامان دېگەن قانداق گەپ؟ بەلكىم يامان بول - مايدىغاندۇ، ئەمما بۇ نەرسىنى مېنىڭ باققۇزغۇم يوق، يامان يې - رى مانا مۇشۇ. مەن بۇ گەپنى توغرىدىن توغرا دېيىشكە پېتى - نالمايدىغاندەك قىلاتتىم. ئوغلۇم كىچىك بولسىمۇ، مەندىن قورقىدىغان بولسىمۇ، كۆڭلۇمدە بارىنى بىۋاسىتە دېيىشتىن ئۇيالدىممۇ يا خىجىل بولدۇممۇ ئىشقىلىپ باھانە تېپىپ غو - دۇڭشىدىم:
— كەپتەر پىتى ئادەمنى چېقىۋالىدۇ.

ئوغلۇم كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ماڭا تىكىلىپ قاراپ قالدى. ھەيرانلىق ھەم ئەلەم ئۇنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىنى يە-ۋاتسا كېرەك. ئۇ شۇ تاپتا مېنى قەستەن مەن بىلەن قېرىشىۋا-تىدۇ، دەپ ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

— نەدە كەپتەر دېگەننىڭ پىتى بولسۇن؟

— بار، ئىشەنمىسەڭ چوڭلاردىن سوراپ باق، كەپتەر پىتى دېگەن خەتەرلىك نەرسە.

— مىرادىلمۇ كەپتەر بېقىپتىكەن، ئۇنى پىت چېقىۋالماپ-تىغۇ؟

— بىزنىڭ مىرادىل بىلەن نېمە كارىمىز؟

— ئەسلي كەپتەر بېقىشنى مىرادىلغا مەن دېگەن، ئۇ با-قىمەن دەپ دادىسىغا دەپتىكەن، دادىسى ئۇنىڭغا قەپەس يەنە كەپتەر ئېلىپ بېرىپتۇ، بەك چىرايلىق كەپتەرلەركەن.

مەن قولۇمنى سىلكىپ قويۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ چايدانىدىن قايناقسۇ قۇيدۇم. خوتۇنۇم ئىچكىرىكى ئۆيدە كورىيىنىڭ بىر فىلىمىنى كۆرۈۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق ئۇزۇن، ۋاقتىنى كۆپ ئېلىپ كېتىدىغان كىنولارنى كۆرۈشىنى ياقتۇرمايتتىم، ئەمما نەچچە يىلدىن بېرى جاھىللىق بىلەن مۇشۇنى كۆرۈۋالاي، بىر قىسىم كۆرۈۋالاي، دەپ داۋاملىق كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. بۇ كىنولارمۇ تۈگىمەيتتى، خوتۇنۇمنىڭ بۇ كىنولارنى كۆرۈش ھە-ۋىسىمۇ تۈگىمەيدىغاندەك قىلاتتى. خوتۇنۇمغا كورىيىنىڭ كى-نوسىنى كۆرگەنگە چۈشلۈق كورىيىنىڭ ئاياللىرىدىن ئۆگىنىپ قوي، ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى قانداق كۈتىدىغانلىقىنى، ئۆيىنى قانـ-داق تۈتىدىغانلىقىنى ئۈلگە قىلساڭ بولىدۇ، دېسەم ئۇ بىرمۇنچە چىچاڭشىغان ئىدى.

— ئىكرام، داداڭ كېلىۋاتىدۇ، قولۇڭنى يۇيۇپ داستىخانغا كەل.

بىر ئانا مۇلايىملىق، مېھرىبانلىق بىلەن ئوغلىغا شۇنداق

دەيتتى. بۇ ئانىنىڭ يۈزلىرىگە ياماشقان قورۇقلار ئارىسىدا، كۆزلىرىدە، پاكىز ۋۇجۇدىدا چەكسىز ئانىلىق مېھرىنىڭ، ئايال-لىق نازاكەت ھەم مۇلايىم گۈزەللىكىنىڭ دۇنياغا ئىسسىقلىق بەرگۈچى لاتاپىتى پارلايتتى.

— بىردەم ئويىنىۋالاي ئانا... ئازلا قالدى.

— بولغىن بالام، داداڭ خاپا بولۇپ قالىدۇ... بىلىسەن، دا-داڭ داستىخان ئۈستىدە قالايمىقان قىلغاننى يامان كۆرىدۇ.

— ماقۇل.

ئوغۇل شۇنداق دەپ قولىنى يۇيۇپ قوۋۇرغا گۆشنىڭ شور-پىسى بىلەن گۇپۇلدەپ پىننە ھىدى كېلىپ تۇرغان سۇيۇقئاش قويۇلغان داستىخاننىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئاشۇ ئاشنىڭ ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلغاندەك بولدى. شىرە-دىكى قايناقسۇ قۇيۇلغان چىنىگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئاجايىپ داستىخانلارنىڭ مېنىڭ تۇرمۇشۇمدىن قانداق بولۇپ يوقاپ كەت-كەنلىكىنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئوغلۇم چېكىتتەك كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا ئىمكان بار سىلىق سۆزلەشكە تىرىشىپ دېدىم:

— چىرايلىق بولسىمۇ، سەت بولسىمۇ بىز باقمايمىز.

— نېمىشقا؟

— مېنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ قالايمىقان پالاقلاپ يۈرۈشلىرى-نى، ئۆينى كەپتەر پەيلىرى بىلەن بۇلغىشىنى كۆرگۈم يوق.

— زادى باققىلى قويمامسەن؟

— شۇنداق، باقساڭ بولمايدۇ.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ نېرىدىكى ساغاغا ئۆزىنى تاشلىدى، ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ بەلكىم مىرادىلغا ئۆزى-نىڭ كەپتەر باقىدىغانلىقىنى دېگەن بولغىيتتى، كەپتەرلىرىنى قانداق بېقىشنى ئىككىيلەن مەسلىھەت قىلىشقان بولغىيتتى!؟ ئۇ كەپتەرلەرنىڭ چىرايلىق قەپەزدە گۇگۇلاپ يۈرگەنلىكىنى،

ئۆياندىن ـ بۇيانغا ئۇچۇشلىرىنى، قوناقلارنى ئالدىغا تاشلاپ بەرسە تالىشىپ دانلاشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆلگۈرگەن بولغىيتتى!؟ ئەمما، ئوغلۇم ئۇنداق قىلسا بولمايدۇ، يول قويىـ ماسلىقنىڭ ئورۇنلۇق سەۋەبى بولمىسىمۇ يەنىلا ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتى مۇشۇنداق بولىدۇ، خىيال قىلغان، ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگىلا ئېرىشەۋېرىدىغان، ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولىۋېرىدىغان ئىش يوق، بۇ دۇنيا مۇـ شۇنداق يارىتىلغان. كۆنمەي بولمايدۇ، كۆنۈپ تۇرۇپ ياشىماي ئامال يوق.

ئوغلۇمنىڭ خىيالى يادىمغا يېتىپ كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كەيتەر باقمەن دېگىنىگە يول قويالمىغىنىم ھەسرىتىمنى ئاشۇرۇۋەتتى.

تۆۋەنكى مەھەللىدىكى بىر تونۇشۇمنىڭ دادىسى تۈگەپ كېتىپتۇ، خەۋەرنى ئاڭلاپ نامازغا ئالدىراپ ئۆيگە كەلدىم. قىرىشقاندەك ۋېلسىپىتنىڭ يېلى يوق تۇرىدۇ، ئارىلىق خېلى بار، پىيادە بېرىشقا كۆزۈم ئىلمىدى. بۇ نەرسىنىڭ چاتىقىنى قانداق ئوڭشىسام بولار؟ دەپ تۇرۇپ قالدىم. بەزىدە ئۇششاق ئىشلارمۇ كىشىنىڭ ۋاقتىنى ئېلىپ، زېھنىنى چاچىدۇ. پىيادە بېرىۋېرەيمۇ يا بىرەرسى يولۇقۇپ قالسا بىللە بارايمۇ، دەپ ئەتـ راپقا قارىسام قورۇنىڭ ئالدىدىكى ئەرمۇدۇننىڭ ئاستىدا مەرۈپ توختى يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ھەقەمسايىلىرى نەگە كەتكەنـ دۇ؟ ئەرمۇدۇننىڭ ئاستى بەزىدە قارتچىلار بىلەن قايناپ تۇراتـ تى. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە دوق قىلغان، قىزىرىشقان، ۋارقىـ راشقان، تاپا قىلىشقان ئىشلىرىنى يىراقتىن تاماشا قىلىپمۇ قوياتتىم. بۇنى نەدە تاماشا دېگىلى بولسۇن؟ ئىچىم ئاچچىق بولاتتى، بۇلارنىڭ نېمە دېيىشىشى، قانداق ئوينىشى مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، قىزىرىشىپ سۈركىلىشىشلىرى، كۆـ ڭۈلسىز بىر ھالدا سەت قىلىشلىرى خۇددى مېنىڭ سەۋەبىمدىن

بولۇۋاتقاندەك كۆڭلۈمنى ئەسكى قىلاتتى. بۇرۇندىن كۆڭلۈمدە شۇنداق بىر تۇيغۇلار بولۇپ قالاتتى، ئىككى ئادەم ئۇرۇشۇپ قالسا، ئەر ـ ئايال ئاجرىشىپ كەتسە، بىر يوقسۇل كىشى داۋا ـ لىنالماي ئازاب تارتسا يا ئۆلۈپ كەتسە، كۆۋرۈك بۇزۇلۇپ خەق ـ لەر ئۆتەلمەي قىينالسا خۇددى بۇ ئىشلار مېنىڭ سەۋەبىمدىن بولغاندەك، مەن ئۇنى ئوڭشاپ، جايىغا كەلتۈرۈپ قويۇشۇم كې ـ رەكتەك، شۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغاندەك بىئارام بولۇپ قالاتتىم. بۇنى مۇشۇ كۇنگىچە ھېچكىمگە دەپ باقمىغان بولسامۇ، شۇنداق بىر تۇيغۇ مەندە ناھايىتى ئىلگىرىدىن تارتىپ بار ئىدى.

مەن ئوينىسا ـ ئوينىسا تۈگىمەيدىغان، توختىماي ئۆتۈپ، توختىماي ئۆتتۈرۈپ تۇرىدىغان بۇ نەرسىگە خەقلەرنىڭ نېمانچە ئامراقلىقىنى چۈشىنەلمەيتتىم. بۇ گەپنى پەرھاتقا دېسەم:

— سەن شۇنداقمۇ دەيسەن، بەزى ئادەملەرنىڭ ھەر مىنۇتى زېرىكىش ئىچىدە زۇلۇم بىلەن ئۆتىدۇ، ئىشسىزلىق، يالغۇزلۇق دېگەنمۇ زېرىكىش پەيدا قىلىدۇ، زېرىكىش دېگەنمۇ بىر تۈرلۈك زۇلۇم قارا، بۇنداق زۇلۇمنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن مۇشۇنداق نېمىلەرگە بېرىلىپ جاھاننى ئۇنتۇپ كۈن ئۆتكۈزۈش كېرەك. بۇ خۇددى ناركوز قىلىپ ھوشىنى يوقاتسا ئاغرىقنى سەزمەي ئارام تېپىپ قالغاندەك بىر ئىش، — دېگەنىدى.

پەرھاتنىڭ گەپلىرىنى يا توغرا، يا خاتا دېمىدىم.

مەرۇپ توختى ئۇششاق قەدەملەر بىلەن يېنىمغا كەلدى.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— ۋېلىسىپىتنىڭ يېلى يوق تۇرىدۇ، يەل ئۇرۇپ نامازغا بېرىپ كېلەي.

مەرۇپ توختىنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى. كۆڭلىكى ـ نىڭ ياقىسى كىر ئىدى. ئىچىدىكى مايكىسىنىڭ بويۇن گىر ـ ۋەكلىرىدە ئۇششاق تۆشۈكچىلەر بار ئىدى.

مەرۇپ توختىنىڭ نەۋرە قىزى كۆكتات ساتىدىغان ئىشنى قانداق قىلىدىكىن؟ ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تۇرۇپ بۇن-داق ئىشنى قىلمايمەن، دەپ يۈرەركەنمىش.

تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. مەرۇپ توختىنىڭ قىسىلىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن بىر سەممىمىي نۇر يېغىپ تۇ-راتتى. ئۇ ماڭا خۇددى ماۋۇ پۇلنى بېرەي، ئاۋۇنى تىللاپ بەر، دېسە ياق دەيدىغان ئادەم بولۇپ كۆرۈندى.

مەرۇپ توختى قولىنى سىلكىپ قويۇپ دېدى:

— بىردەم ئوينىۋالايلى، ئاندىن بېرىڭچۇ.

— مەن ئالدىرايمەن.

— ئىككى قوللا ئوينايلى...

مەرۇپ توختىنىڭ قىسىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدە مۆلايىم بىر ئۆتۈنۈش ھەم يېلىنىش بار ئىدى. كۆڭلۈم ئەسكى بولۇپ قالدى. مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەرگە ھەقىقەتەن ئامال يوق، يا تىللىغىلى يا ماختىغىلى بولمايدىغان، يا ئۇرغىلى يا ياقتۇرغىلى بولمايدىغان.

— ۋېلىسىپىتقا يەل ئۇرۇپ نامازغا بارمىسام بولمايدۇ.

— نامازدا سىزگە نېمە بار؟ بىر قول ئوينىۋالايلى، — مە-رۇپ توختىنىڭ كۆزلىرىدىكى مۆلايىملىق يوقاپ كەتتى.

— بولمايدۇ، خاپا بولماڭ، مەن ئالدىرايمەن.

— يا ئاللا، نېمانچە ئالدىرايدىغانسىز، بىر كىم يوقلىما قىلىدىغاندەك.

— مەرۇپكا، نېمانداق گەپ قىلىسىز؟ قارتا دېگەن تېپىلى-دۇ، خەقنىڭ نامىزىنى چۇشۇرۇۋاتىدۇ، ئاۋۋال نامازغا بېرىپ كېلىپ ئاندىن ئوينىسىڭىزمۇ بولىدىغان نەرسىغۇ بۇ؟

— لېكىننزە بىردەم ئوينىۋالايلىمىكىن دېگەن...

— سىزمۇ يۈرۈڭ، نامازغا بېرىپ كېلەيلى، بىردەم قويۇپ تۇرۇڭ بۇ شەيتاننىڭ نەرسىسىنى...

— ئەستاغپۇرۇللا، ئەمسە سىز بىرىپ كېلىڭلار، مەن بىر-دەم ساقلاپ تۇراي... بىرەرسى كېلىپ قالارمۇ يا...
مەرۇپ توختى كەينىگە بۇرۇلۇپ ئەرمۇدۇننىڭ تۇۋىدىكى ئورۇندۇققا قاراپ ماڭدى. ئۇيان - بۇيانغا بويۇنداپ بىردەم قارى-ۋالغاندىن كېيىن يانچۇقىدىن قارتىنى چىقىرىپ بىر نەچچە قاپ قارتىنى ئورۇندۇققا تۆكۈپ ئارىلاشتۇرۇشقا باشلىدى.
مەرۇپكامنىڭ هاراققا ئامراق چىقىپ قالغان نەۋرىسى، ئې-رى بىلەن چىقىشالماي يامانلاپ كېلىدىغان، نەچچە كۈن ئۆتمەي يەنە ئۆزى كېتىدىغان قىزى... ئىش تاپالماي قىينىلىۋاتقان نەۋرە قىزى... بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇنداق بىر هەسرەتلىرى بار، مۇشۇنداق بىر دەردلىرى بار. مەرۇپكامنىڭكىدەك دەردى بار ئا-دەملەر ساماندەك.
نامازدىن يېنىپ كەلسەم بىر نەچچەيلەن ئەرمۇدۇننىڭ ئاس-تىدا ئولتۇرۇشۇپتۇ، قېشىغا باردىم.
— ياش باللارنىڭ ئارىسىدا قىمار ئەدەپ كېتىپتۇ، هاراق ئىچىدىغانلار ئازلىدى، دەپ خۇش بولساق قاراڭلار ئەمدى ما ئىشنىڭ چىققىنىنى، — دېدى كامىل دوڭغاي ئۇھ تارتىپ.
— ياش باللىغا نېمە بولدىكى زادى؟ — دېدى مەرۇپ توختى.
— ئىشقىلىپ ياش بولسۇن قېرى بولسۇن هەممەيلەن تۇ-زەلمىسە بولمايدىغان يەرگە يەتتى، — دېدى بىرەيلەن.
— هەممەيلەن ئۆزىمىزنىڭ ئادەمىيلىك ساپايىمىزنى، ئەخلاق سۈپىتىمىزنى، ئىلمىي قاراشلىرىمىزنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا...
— زۇۋانىڭنى يىغ، مەن ئەمدى چىدىمىدىم، — دېدى تا-هىر زوردۇننى نېمە دەركى دېگەندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغان تۇردى ياقۇپ بىردىنلا چىچاڭشىپ.
— نېمىگە چىدىمايسەن؟
— سىنىڭ مۇشۇنداق گەپلىرىڭگە بولمامدۇ، — تۇردى يا-

قۇپ ئاچچىقتىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— چىدىمىساڭ نېرى بار، — دېدى تاھىر زوردۇنمۇ بوش كەلگۈسى كەلمەي.
— مەن نەگە باراتتىم؟ سەن زۇۋانىڭنى يىغىپ يۇر، مېنىڭ قېشىمدا كىتابتىكى گەپلەرنى دېمە.
— سەن...، — تاھىر زوردۇن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي جىم بولۇپ قالدى.
كەچتە پەرھاتنىڭ ئۆيىگە كىردىم. پەرھات قانداقتۇر بىر كىتابنى ۋاراقلاپ ئولتۇرغانىكەن، مېنى سافاغا باشلىدى.
— ھېلىقى لىنتاڭنى قويغىنا.
— قايسىسىنى دەيسەن.
— ھېلىقىچۇ... — مەن ئېسىمدە قالغان ئىككى مىسرا-سىنى يادلىدىم.

بۇ جۇنۇنلۇق دەشتلىرى كەڭ، مېنى ئازدۇردى تالاي،
ئەمدى يول كۆرسەتكۈچى رەھنامەسى يوقمىدۇ.
...............

— ھە، ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ شېئىرىغا ئىشلەنگەن ناخشىنى دەيسەنكەنغۇ... قالتىس ھە... يۈرەكنىڭ بىر يەرلىرىگە تېگىدۇ زادى... نېمە بۇ ناخشىنى ئاڭلىغۇڭ كېلىپ قالدى؟
— بايا مەرۇپكامنى كۆرگەن ئىدىم، ئۇ ئادەم كۆزۈمگە بەك بىچارە كۆرۈنۈپ كەتتى.
— ئۆزىنى ئۆزى بىچارە قىلىۋالغان ئادەم ئۇ، — دېدى پەرھات.
— شۇ ئادەمنى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر مۇشۇ ناخشىنى سېغى-نىپ قالدىم.
ئۇنىئالغۇدىن ياڭراۋاتقان ناخشا... ناخشىچى ئايالنىڭ بوم-

راق، ئەمما ھېس ـ تۇيغۇغا باي ئاۋازى پەرھاتنىڭ نەرسىلەر قالايمىقان تاشلانغان ئۆيدە يېيىلىشقا باشلىدى.

— سەندىغۇ باشقا ئىش يوقتۇ؟ — دېدى پەرھات كۆزۈمگە قاراپ، ناخشا شۇنداق بىر مۇڭ بىلەن، شۇنداق پاساھەت بىلەن، شۇنداق ئېغىر بىر مەنە بىلەن يۈرىكىمگە شۇرۇلداپ ئېقىپ كىرىۋاتقان شۇ دەمدە پەرھاتنىڭ دېگەن گەپلىرى ماڭا پەقەت ياقمىدى. ئۇنىڭغا شۇنداقلا قاراپ قويۇپ كۆزۈمنى يۇمدۇم.

# ئالتىنچى باب

يۇرەك يۇرەككە يېقىن بولغاندا ھەممە نەرسە چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ. يۇرەكلەر ئوخشاش بىر ئوتتا تەڭ كۆيسە، ئوخشاش بىر ئارماندا تەڭ كۈلسە جاھان گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. تاقىر سايلار، تاقىر تاشلار، قۇرۇغان يانتاقلار جەننەت مېۋىسى بىلەن، جەننەت ھىدى بىلەن، جەننەت كۈلكىسى بىلەن جەننەتكە ئايلىنىدۇ.

شاۋقۇن ـ سۈرەندىن خالى بىر جاي بار. گۈل چېچەككە پۈركەنگەن بىر جاي بار. مۆكى يۇرەككە تېگىدىغان، روھنى سە ـ گىتىدىغان بىر ناخشا بار. ھاياتنى خۇش كەيپ قىلىدىغان بىر تەبەسسۇم بار، مۇشۇنداق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار. مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە تەۋە. مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەم ـ ممىسى بىزنىڭ نېسىۋىمىز.

لەيلى بىلەن ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ جاھان كەڭرىپ قال ـ غاندەك، ھەممە نەرسە گۈزەللىشىپ، چىرايلىقلىشىپ كەتكەندەك ھېسسىياتتا بولۇۋاتاتتىم.

— سىز كېلىشكەن ئەر.

مەن چۆچۈپ كەتتىم.

مەن كۈلۈپ كەتتىم.

لەيلى شۇنداق دەپ ماڭا لەپپىدە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئوماق لەۋلىرىدە، خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدە باھاردىكى ئاپ ـ تاپنىڭ تەپتىدەك يېقىملىق بىر كۈلكە بار ئىدى. مەن بۇ كۈل ـ كىگە، بۇ تەبەسسۇمغا باغلىنىپ كەتكەنىدىم، بۇ كۈلكە، بۇ تە ـ

بەسسۇم مېنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىمغا مەھكەم ئورنىشىپ، ئۇ-نىڭ شېرىن ھەم ئۆتتەك مېھىرلىك خۇمارى قەلبىمگە شۇنداق چوڭقۇر سىڭىشىپ كەتكەن ئىدى. ئادەم مېھىرنىڭ قۇلى، مې-ھىرنىڭ خوجايىنى، مېھىرنىڭ كانى، مېھىرنىڭ ئاچ بەندىسى.

كۆك ئاسماندا بۇلۇتلار ئەگىپ يۈرەتتى. سۇزۇك سالقىن ھاۋادا ناھايىتى يىراقتىكى تاغلارنىڭ قارامتۇل ھەيۋەتلىك قەد-دى كۆزگە تاشلىناتتى.

لەيلى تۇتاشتۇرۇشقا تەييار قىلغان تاماكىنى ئاستا ئېلىۋې-لىپ كۆزۈمگە تىكىلدى.

— يېنىڭىزدا مەن تۇرسام يەنە نېمىشقا تاماكا چېكىسىز؟

— كۆنۈپ قاپتىمەن.

— تاشلاڭ ئەمدى. يەنە دېسەم سىز راستتىنلا بەك قاملاش-قان ئەر.

ئۇ تاماكىنى نېرىغا تاشلىۋېتىپ كۆزۈمگە تىكىلىپ شۇن-داق دېدى. مەن ئۇنى يۈشايمان قىلىپمۇ قالامدىغاندۇ، مەن بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى ئۇچۇن ئۆزىنى ئەيىبلەپ يۈرەمدى-غاندۇ، گۇناھكارلىق تۇيغۇسىغا پېتىپ قالامدىغاندۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ قالاتتىم.

— ئەرلەرگە نىسبەتەن سەت - چىرايلىق بولۇشنىڭ كارا-يىتى چاغلىق.

— ئۇنداق دېمەڭ، چىرايلىق، قاملاشقان ئەركەكلەر سۆ-يۈملۈك بولىدۇ.

— بەلكىم سۆيۈملۈك ئەركەكلەر چىرايلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ھەر ئىككىمىز ئىچ - ئىچىمىزدىن كۈلۈشۈپ كەتتۇق، بۇنداق كۈلۈش ئاسان ئەمەس، كۈلكە دېگەن كۆپ بولسىمۇ، چىن يۈرەكتىن چىققانلىرى ئاز بولاتتى. يىغا جىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ-مۇ چىن يۈرەكتىن چىققانلىرى ئاز بولاتتى، ھەقىقىي كۈلكە

بىلەن ھەقىقىي يىغا ئارىسىغا ھاياتىنىڭ بىز ئىزدەۋاتقان، تەلپۈ-نۈۋاتقان مەنىسى يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن.

— ئىككىمىز يىراق بىر يەرلەرگە كەتسەك دەيمەن.

لەيلىگە پىچىرلىدىم، لەيلىنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى. چىرايىدىكى ئوتلۇق تەبەسسۇمىنىڭ ئاجايىپ لەزىز شولىسى جىمى دۇنيارىمنى ئىسسىق ھەم يالقۇن رەڭ نۇرلارغا چۆمدۈردى.

— نەگىمۇ كېتەلەيتتۇق؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس.

— مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق، كەتسەكلا بولمىدىمۇ؟

لەيلىنىڭ نازۇك بارماقلىرى بىلەن مېنىڭ قوپال بارماق-لىرىم كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ قولۇمنى يەڭگىل سىقىپ ماڭا يۆلىنەر - يۆلەنمەس بىر ھالدا كېتىپ باراتتى.

— سىزنىڭ خوتۇنىڭىز بار ئادەم، تاشلاپ كېتەلىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس، كەتكەن تەقدىردىمۇ باشقىلار بىزنى نېمە دەيدۇ؟

— باشقىلار بىلەن نېمە كارىمىز؟

مەن شۇنداق دېدىم، كېيىنكى كۈنلەردە مېنىڭ مۇشۇنداق گەپلىرىمنى، باشقىلارنىڭ مۇشۇنداق گەپلىرىنى پەقەت قامالاش-مىغان گەپلەركەن، دەپ ئويلىدىم.

— ئۇنداق دېمەڭ، بىزنىڭ ئۆمرىمىزنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى باشقىلار ئۈچۈن سەرپ بولىدۇ، ئاۋۇ خاپا بولۇپ قالار-مىكى، ماۋۇ رەنجىپ قالارمىكى، ئۇنداق قىلسام خەق نېمە دەر-كى؟ بۇنداق قىلسام باشقىلار قانداق ئويلاپ قالاركى؟ دەپلا قورۇ-نۇش، سىقىلىش، مەجبۇرىي كۈلۈش، يالغاندىن يىغلاش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىمىز.

— قالتىس گەپ قىلدىڭىز.

— ئەمەلىيەتتە شۇنداققۇ.

لەيلى بىلەن بەك ئۇزاق پاراڭلاشتىم، ئازادىلىككە چىقىپ

قالدىم، ھەممە نەرسە شۇنداق يەڭگىل، شۇنداق خۇش پىچىم، شۇنداق كۆڭۈللۈك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. لەيلى بىلەن پاراڭلى-شىش مېنى ھەر ۋاقىت شېرىن سېزىمگە تاشلايتتى، بەزى ئا-دەملەر بىلەن مۇڭدىشىش، سۆزلىشىش، ئىچ - ئىچىمىزدىن چىققان ئاجايىپ گۈزەل تۇيغۇلىرىمىزغا چۆمۈلۈش ئۇچۇن شۇ ئادەمنىڭ نەق شۇ يەردە، ئالدىمىزدا بولۇشىنىڭ، كۆرۈپ تۇرۇ-شىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. مەن بىر گەپنى قىلسام ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى، قانداق ئىپادە بىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ھاياتىمدا يېنىمدا تۇرۇپ تومۇزدا كۈنلۈك، قەھرىتاندا ئوتدان بولىدىغان بىرسىنىڭ بولۇشى مېنىڭ تەلىيىم بولۇشى مۇم-كىن. ئۇنىڭدىكى ئەقىل مېنى سۆيۈندۈرەتتى، ئامراقلىقىمنى كەلتۈرەتتى، تۇيغۇدىكى، ئوي - خىيالدىكى ئورتاقلىق ماڭا ئا-راملىق بېرەتتى.

لەيلى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈرىكىمگە بەكلا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن يىلتىزىنىڭ قۇرۇپ، ئىزىنىڭ ئۆچۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— سىزنىڭ قېينىلىپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن.

پەرىدە قولۇمنى تۇتۇپ شۇنداق دېگەندە گاڭگىراپ قالدىم، ئۇنىڭ نەم قوللىرى بارماقلىرىمنى قىسىپ تۇراتتى.

— بۇ نېمە گەپ؟

— تەقدىرىمىز كاج كېلىپ قالمىسا دەيمەن.

مەن ھېچنېمە دېمىدىم.

— ئادەم دېگەن بىر - بىرىگە بەك ئامراق بولۇپ كەتسىمۇ قورقۇنچلۇق بولىدىكەن.

خوتۇنۇم شۇنداق دېگەچ كۈلۈمسىرەپ قويدى. نەم قوللىرى-دا قانداقتۇر بىر تۇيغۇ بار ئىدى.

چاقماق كۆڭلىكىمنى ئىزدەپ خېلى ئۇزۇن ئاۋارە بولدۇم،

بۇ كۆڭلەكنى مەندىنمۇ بەكرەك لەيلى ياقتۇراتتى. كۆڭلەكنى ئىزدەۋاتسام پەردە پەيدا بولدى.

— چاقماق كۆڭلەكنى ئىزدەۋاتامسىز؟

گەپ قىلمىدىم.

ئۇ كىيىم ئىشكابى بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمدىكى تارچۇق-تىن قىستىلىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ ماڭا تونۇش بولغان ئايال كىشى-گە خاس ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. بۇ ھىد ئۇ ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئەتىرنىڭ ھىدى بىلەن يېقىن ئىدى.

— بولدى، ئۆزۈم ئالاي.

— مەن ئېلىپ بېرەي، سىز كىيىملەرنىڭ ھەممىسىنى قالايمىقان قىلىۋېتىسىز.

ئۇنىڭ چىرايى ناھايىتى يېقىن يەردىن كۆزۈمگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇ چىرايدىن چىدىغۇسىز بىر مۇلايىملىق چىقىپ تۇ-راتتى، بۇ چىرايدا پەقەت مۇلايىملىقلا بار ئىدى. مەن تەشنا بول-غان، ئىزدەيدىغان بىر نەرسە كەم ئىدى. ئەركەكلەر ئاياللارنىڭ بىر ئوت بولۇپ ئۆزىگە ئۆزىنى ئېتىپ تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىپ ياشىسا كېرەك. كېرەك بولسام مانا مەن، بولمىسا يول ئەنە، دې-گەن ئىلمان، سوغۇق تۇيغۇغا يولۇقۇپ قېلىشتىن خۇدا ساقلى-سۇن.

مەن ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە ئەقىدىسىزلىك بىلەن جاۋاب قىلىۋاتاتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئا-زابلانسام بولاتتى، ئەمما ئازابلانمىدىم.

— مەندە سىز ئارزۇ قىلىدىغان نېمە كەم؟

ئۇ مەندىن بۇنداق سورىمىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ بۇنداق سورى-شىدىن قورقىمەن. بۇ ئەپسىز، جاۋاب بەرمەك قىيىن سوئال ئىدى. ئۇنىڭدا كەم نەرسىنى يۈرەكلىك ھالدا ئۇنىڭغا ئېيتال-شىم ناتايىن. بىز ھەممىمىز يالغانچىلىقتا كۈنۈپ كەتكەن ئا-دەملەر، ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىنى ئالدىشى پاشا ـ كومۇ-

تىدەك ھەم ئادەمنى بىزار قىلىدۇ ھەم شۇنداق كۆپ.

— سەندە قىزغىن ئىشتىياق كەم.

مەن ئۇنىڭغا بۇ گەپنى مەڭگۇ دېيەلمەسلىكىم مۇمكىن.

ئىككىمىز بىر ئۆيدە ياشاۋېتىپ بىر - بىرىمىزنى ياتتەك ھېس قىلىمىز. ئىككى ئادەمنىڭ بىر جان، بىر تەن بولمىقى ئاسان ئەمەسكەن. ئىلگىرىكى شېرىن كۈنلەر كەلمەسكە كەتكەندەك قىلاتتى. مەن پەرىدەگە ئۇزاق قارىدىم. يۈرىكىم ئۆرۈلگەندەك بولدى. كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە يېلىنجاپ تۇرىدىغان بىر ئوتنىڭ تەپتى ئىسسىق مېھىر تارىتىپ تۇراتتى.

لەيلى...

پەرىدە بىچارە ئىدى، مەنمۇ بىچارە ئىدىم، ئارىمىزدىكى قىزغىن، شېرىن دەملەر قانداق بولۇپ يوقاپ كەتتى؟ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىلمانلىق... لەيلى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتىمنى مۇشۇ ئىلمانلىقنىڭ سەۋەبى دەپ ئويلاپ قېلىشتىن قورقىمەن.

※ ※ ※

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم.

كامىل دوڭغاي ئىغىر تىنىپ سوغۇقلا كۆرۈشتى. يېنىدا تاھىر زوردۇن بار ئىدى. ئىككىيلەن بىريەرگە بېرىپ كەلگەندەك قىلاتتى.

— چاتاق... ئىشلار چاتاق، مۇشۇنداق بولىۋەرسە تۇگىشىدىغان ئوخشايمىز.

— نېمە بوپتۇ، بىر ئىش بولدىمۇ؟ — دېدىم مەن كامىل دوڭغاينىڭ ھەسرەتلىك تۇرقىغا قاراپ.

— بىر بۇرادىرىم ئىچكىرىگە بېرىپ كۆرمىگەننى كۆرۈپ

كەپتۇ.

كامىل دوڭغاي تاماكىنى كۈچەپ شوراپ شۇنداق دېدى:

— كۆرمىگەننى كۆرۈپ تۇرۇش ياخشى ئىش، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلاپ تۇرۇشمۇ ھەم شۇنىڭ جۈملىسىدىن. كۈندە كۆرگەننى كۈندە كۆرۈپ تۇرساق، ئاڭلىغاننى ئاڭلاپ تۇرساق تۇرمۇش خۇددى توختام سۇدەك مەنىسىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىنغۇ.

كامىل دوڭغاي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ماڭا ئاچچىق قاراپ قويدى.

— مېنىڭ دېگىنىم ئادەتتىكى ئىش ئەمەس، بىزنىڭ قىزلار ئىچكىردە يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناپ پۇل تېپىۋېتىپتۇ دەيمەن.

— نېمە!؟

مەن كامىل دوڭغاينىڭ ھېلى بىرسىنى ئۇرۇۋېتىدىغاندەك غەزەپلىك تۇرقىدىن ئەيمىنىپ قالدىم.

— مانا، ئىشەنمەيۋاتىسەن، بىزنىڭ ئادەملەر مانا مۇشۇنداق بۇزۇلغان... شۇ دەرىجىگە يەتكەن... بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ قىزلار-نىڭ يالىڭاچ ئۇسسۇل ئوينايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ شۇنداق بىر قىسما بولۇپ كەتتىم، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى؟ دەپ قال-دىم... بىز تۈگىشىپتۇق جۇمۇ.

كامىل دوڭغاي غەمكىن ئۇھ تارتىپ قويدى.

ئادەم ئۇلۇغ يارىتىلغان دېيىشىدۇ. بۇنىڭدا شەك يوق، ئۇ-لۇغ بولۇشمۇ، ئۇلۇغلۇقنى يەرگە ئۇرۇشمۇ ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. جاھان دېگەن ئاجايىپ، يالىڭاچلىقتا ھەممە ئادەم قىزىقىدۇ، ھېچكىمنىڭ يالىڭاچ بولغۇسى يوق، ئۇ قىزلارنىڭ يالىڭاچ ئۇسسۇل ئوينىشىمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولۇشى ناتا-يىن، ئاشۇ قىزلارنىڭ يالىڭاچلىنىپ سەھنىگە چىققۇچە بولغان ئارىلىقىدا ئاجايىپ - غارايىپ قورقۇنچلۇق ھەم ئېچىنىشلىق ھېكايىلەر بار. قۇياش نۇرى ئاستىدىكى ئۇلۇغۋار ھايات داۋام

قىلىپ تۇرغان دۇنيادا شۇنداق ئۇسسۇل ئوينايدىغانلار بار، شۇنداق ئۇسسۇللارنى كۆرىدىغانلار ھەم بار.

— مۇشۇنداق بولسا نېمە بولۇپ كېتەرمىز؟ — دېدى كامىل دوخغاي پەس ئاۋازدا.

— خۇدا بىر يولدا قويار، بەزى ئىشلارغا پەقەت ئامال يوق.

— گەپنىڭ تېگىدىن ئالغاندا ئائىلە بۇزۇلۇپ كەتتى، بالايى - بەتتەرنىڭ تېگى مانا شۇ. ھايا پەردىلىرى يىرتىپ تاشلاندى، ئەنئەنىۋى ئەخلاق چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈشكە باشلىدى، ئادىمىيلىك پەزىلەت ئېتىباردىن قېلىۋاتىدۇ. مۇشۇ پېتى كېتىۋەرسە كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. يەنىمۇ ئوسال ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن، — دېدى تاھىر زوردۇن.

— بۇنىڭدىن بەتتەر يەنە قانداق ئىشلار بولار؟ ئىنسان دېگەن بۇنىڭدىن ئۆتە بۇزۇلۇپ بولالمايدۇ، بۇ يۇقىرى چەكتۇ، — دېدى كامىل دوخغاي.

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ، ئادەمنىڭ ئىچىدىن ئارغامچا توقۇناقتىن باشقا ھەممە نەرسە چۈشىدۇ، دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ.

— بۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭلار، — دېدىم مەن ئۇلارغا قاراپ، — نەچچە قىزنىڭ يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويىنىشى بىلەن تۈگىشىپ كېتەرمىزمۇ؟ دەپ غەمگە چۆكۈپ كەتسەك بولمايدۇ، ئۇ ناھايىتى بىر نەچچە ياكى نەچچە يۈز قىز بولۇشى مۇمكىن... نەچچە مىليون ئاياللىرىمىز بىر ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ.

— ئۇنداق دېگەن بىلەن بىر قازان ئاشنىمۇ بىر تال چېۋىن بۇلغاپ يېگۈسىز قىلىۋېتىدۇ، — دېدى كامىل دوخغاي.

— بىر تال چۈمۈلە بىر زور توغاننى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ، — دېدى تاھىر زوردۇن كامىل دوخغايغا بولۇشۇپ.

— چۈمۈلىلەر ھەرقانچە قىلسىمۇ زور دەرەخنى يىقىتالمايدۇ، — دېدىم مەن كۈلۈپ.

— ئەستاغپۇرۇللا... — كامىل دوڭغاي ماڭا ئاچچىق بىلەن قاراپ قويدى. ئەسلىي ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشمىسام بوپتىكەن.

كامىل دوڭغاي بىلەن تاھىر زوردۇن خوشلىشىپ كېتىپ قېلىشتى. مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم. مەن مۇشۇنداق ئادەملەر بىلەن بىللە ياشايمەن، ئۇلاردا نېمىدۇر بىرنېمە كەم، نېمىدۇر بىر نەرسە ئارتۇق... بەلكىم ئۇلارمۇ مەن توغرۇلۇق شۇنداق ئويلايدىغاندۇ.

ئۇلار كەتتى، مەن يالغۇز قالدىم. نېمە ئۇچۇندۇر بىر تۇرلۇك غېرىبلىق مېنى ئايلىنىپ يۈرىكىمنى قىسىۋاتقاندەك قىلاتتى. پەرھات نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن؟

پەرھاتنىڭ ئۆيى قالايمىقان تۇراتتى، ئۆيدىن كىر ھىدى كېلەتتى، مەن ئەنسىز بىر تۇيغۇدىن ئاسقىپ كەتتىم، قانداق تۇر بىر سەۋەبلەر بىلەن مەنمۇ پەرھاتنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. بۇ دۇنيادا يىمىرىلمەيدىغان قىيا، يىقىلمايدىغان قارىغاي، ئۆرۈلمەيدىغان چوققا بولمايدۇ، ئۇلارغا سىڭىشتۇرغاندا ئادەمنىڭ يىقىلىشى، بىرەر شۇم سەۋەبتىن ئەسلىدىكى ئۆزىگە ئوخشىماي قېلىشى ئادەتتىكى بىر ئىش.

پەرھات ئۆزىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك قىلىدۇ.

— نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟

— ھېچنېمە.

— بۇنداق كېتىۋەرسەڭ بولماس، بىكارچىلىق ئادەمنى تۈگەشتۈرىدۇ.

— مەن نېمە قىلالايمەن؟ كاللامنى ۋەھىمە، قورقۇنچ ئىگىلەپ كەتتى.

— نېمىدىن قورقىسەن؟

— بىلمەيمەن... ئالىم كىتاب دېگەن جاراھەت مەن بولۇپ قالدىم... ھاياتنىڭ جاراھىتى...

— بۇنداق دېمە، — دېدىم مەن پەرھاتنىڭ ئۆمسە چىرايىغا

قارىماسلىقا تىرىشىپ.

پەرھات دۇنيانى تاشلىۋەتكەندەك، دۇنيا پەرھاتنى تاشلىۋەتكەندەك ئىدى.

بۇ دۇنيانى سۆيۈش بىزنىڭ ئەزەلىي ھەم ئەبەدىي بۇرچىمىز، مەن شۇنداق ئويلىدىم، پەرھاتمۇ شۇنداق ئويلايدىغاندۇ. ئەمما، سۆيۈش تەس، سۆيۈلمەك ئاسان ئەمەس. سۆيۈش، سۆيۈلمەك تەقدىردىنمۇ؟ ياق. ئەمىسە نېمىدىن؟ بۇنىڭ ئۆزى سىر. مىليون ئادەم ئىچىدە كۆڭۈل بەرگىلى بولىدىغىنى بىرلا، نە چارە؟

※ ※ ※

مۇشۇنداق چاغدا لەيلى يېنىمدا بولسا.

بۇ جاھاندا ھەركىمنىڭ دەردىگە دەرمان، مەلھەم بولىدىغان بىر ئادىمى بولىدۇ. ئۇنداقلارغا يولۇقماق، تېپىشماق بەسىي مۇشكۇل.

مەن شۇنداق ئويلاپ قالاتتىم.

— يېقىندا «قىرىق ياشلىق ئەرلەر»دېگەن بىر شېئىرنى ئوقۇدۇم، سىزنىڭمۇ قىرىق يېشىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن.

قىرىق ياش... ئادەمنى تەمتىرىتىپ قويىدىغان ياش. كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان ياش. باھار بىلەن خوشلىشىش بوسۇغىسىدىكى ياش.

— قېرىپ كېتىپتىمەن، قورقىمەن.

— نېمىدىن قورقىسىز؟

— سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىمەن.

— قىرىق يېشىڭىز بىلەن مەندىن ئايرىلىپ قېلىشىنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟

— ئالاقىسى بار، مەن قېرىدىم، غۇنچىدەك بىر قىزنىڭ

ياشلىقىغا ماس كەلمەسلىكىم مۇمكىن.

— قويۇڭ ئۇنداق گەپنى، — لەيلىنىڭ چىرايىدىكى جا-
ھانغا نۇر بەرگۈچى ئىسسىق تەبەسسۇم يۈرىكىمنى سىلاپ ئۆت-
تى، — قىرىق ياش ئىنسان ئۆمرىدىكى ئەڭ تاۋلىق چاغلار
تۇرسا... مەن سىزنىڭ بىر كۈنلەردە يېنىمدىن يوقاپ كېتىشى-
ڭىزدىن ئەنسىرەيمەن.

— شۇنداق ئويلىسىڭىز خوپ. سىز دېگەن ھېلىقى «قىرىق
ياشلىق ئەرلەر»دېگەن شېئىرنى مەنمۇ ئوقۇغان، ئۆزۈمگە تە-
سەللى تاپقان ئىدىم.

— تەسەللى دېگىنىڭىز نېمىسى، كۈچ، غەيرەت ئالىسىز.

لەيلى شۇنداق دەپ نازۇك قوللىرى بىلەن مۇرەمگە ئېسى-
لىپ مېنى يېنىككىنە قۇچاقلىدى. شۇ چاغدا جاھاننىڭ مۇشۇ
پېتى توختاپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلغان ئىدىم.

لەيلىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقاتتىم، لەيلىدىن ئايرى-
لىپ قېلىش دېگىنىم ئۇنىڭ ماڭا قارىماي قېلىشىدىن قورققان-
لىقىم ئىدى. بۇ مېنىڭ ئەركەكلىك شەۋكىتىمگە چۈشكەن داغ
كەبى بىر قارا تۇيغۇ بولسىمۇ، بىراق شۇنداق بىر ھېس يۈرە-
كىمنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە قارا رەڭدە دۈگدەرەپ، شۈمشى-
يىپ تۇراتتى. باھارنىڭ ئىللىق كۈنلىرىدە، يازنىڭ مېھىرلىك
كۈنلىرىدە، كۈزنىڭ چىرايلىق كۈنلىرىدە، قىشنىڭ قەھىرلىك
كۈنلىرىدە لەيلى يېنىمدا، ئەتراپىمدا، كۆز ئالدىمدا، قولۇم يې-
تىدىغان يەردە بولماي قالسا قانداق قىلارمەن؟ دەپ ئەنسىرەيت-
تىم.

لەيلىنىڭ ماڭا ئۆچ بولۇپ قېلىشىدىن قورقاتتىم. بۇ مەن-
دىكى ئەڭ ئۇسال تۇيغۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ھېچنېمىدىن ھېچ-
نېمە يوق شۇنداق ئويلاپ قالاتتىم. ئۇنىڭدىكى لاتاپەت، ئۇنىڭ-
دىكى نازاكەت، ئۇنىڭدىكى سۈلكەت، سالاپەت، ئۇنىڭدىكى مېھىر —
مۇھەببەت مېنى مۇشۇ دۇنياغا مەھكەم باغلاپ تۇرىدىغان نەرسى-

لەر ئىدى. مۇشۇ نەرسىلەر بولمىسا مەن ھەممىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك، دۇنيا ماڭا كېرەكسىز، مەن دۇنياغا كېرەكسىز بولۇپ قالىدىغاندەك سېزەتتىم.

لەيلىگە ئۆچ بولۇپ قېلىشتىن قورقاتتىم. لەيلىنىڭ كۆڭلىكىسىدىن، تەبەسسۇمىدىن، ئوماق قىلىقلىرىدىن، نازلىق يېپىشىشلىرىدىن، جاندەك شېرىن ئېسىلىشلىرىدىن بىزارلىق ھېس قىلىپ قېلىشتىن قورقاتتىم.

لەيلىنىڭ گۈل كەبى ۋۇجۇدىغا قانماي ياشاپ كېتىدىغاندەك، ئۆمرۈم مەستخۇشلۇق ئىچىدە ئۆتىدىغاندەك، لەيلىنىڭ يۈرىكىم قانماس خۇمارىغا چۆمۈلۈپ كۈنلىرىم ئۆتىدىغاندەك ئىدىم.

لەيلىنىڭ روھى، لەيلىنىڭ ۋۇجۇدى، لەيلىنىڭ ھەرىكىتى، لەيلىنىڭ سۆزلىرى، گەپلىرى مېنىڭ روھىمنىڭ ئاچ، كەمتۈك يەرلىرىنى تولدۇرىدىغان شىپا ئىدى. مەن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ مېنى ئەخلاقسىزلىقتا ئەيىبلەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. تىللايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، مەنمۇ ئىلگىرى مەندەك ئادەملەرنى يەتكۈچە تىللىغان، قارغىغان، ھاقارەتلىگەن ئىدىم.

لەيلى كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— ئۆگەي ئانام مېنى ئەرگە بېرىشنىڭ كويىغا چۈشتى...

— ئۇنى قېچىپ كەتتى، دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟

— قاچماپتىكەن، ھېلىقى پۇللارنى ئېلىپ شۇنىڭ بىلەن يوقالدىمىكىن دېسەم يەنە قايتىپ كەلدى.

— دادىڭىز نېمە دەيدۇ؟

— دادام ئۇنىڭ ئالدىدا قورقۇپ، تەمتىرەپ يۈرۈۋاتىدۇ، مەن بىر ئىشنى سېزىپ قالدىم، ئەمما ئىسپاتلىيالمايمەن.

— قانداق ئىشنى؟

— بەك قورقۇنچلۇق، ئانامنىڭ ئۆلۈمى...

— نېمە دەۋاتىسىز؟

— ھېچنېمە... مەن ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىنى بىلمەيمەن.
مەن سىقىلىپ كېتىۋاتاتتىم، بىر نەرسە قىزىتىلغان زىخ بولۇپ يۈرىكىمگە قادىلىپ تۇراتتى.
— ئۇنىڭ نېمە دەپ سىزنى ئەرگە بەرگۈسى كېلىپ قالغاندۇ؟
— ئۇ ئۆيىمىزنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى، مېنى كۆزدىن يوقاتسا مەقسىتىگە يېتەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشسام دادام بەكلا بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، ھەممە دەردىنى دادامدىن ئالىدۇ، دادامنى دەپ مەن بىرنېمە دېيەلمەيمەن... ئۆيىمىز قولدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ... قانداقمۇ قىلارمەن؟
لەيلىنىڭ كۆز يېشى تاراملاپ تۆكۈلدى. مەن مۇشۇنداق چاغدا نېمە قىلىشنى بىلىشىم كېرەك ئىدى. قىزلار يىغلىسا بولمايتتى، قەلبىمىزدىكى قىزلار ئېچىنىشلىق ھالدا قالسا، ئېچىنىشلىق ھالدا يىغلىسا بولمايتتى. بىز ئۇلارنىڭ يىغىسىغا قاراپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدۇق.
— ئۇ سىزنى كىمگە بەرمەكچىكەن؟
— بىر نەۋرە ئىنىسىگە.
— سىز نېمە دېدىڭىز؟
— سىزنىڭچە نېمە دېگەندىمەن؟
— قوشۇلدىڭىز.
— مانا ئەمىسە... — گېپىم تۈگىشى بىلەن لەيلى مۇشتۇملىرى بىلەن مەيدەمگە نەچچىنى ئۇردى. مەن ئۇنى قۇچاقلىۋالدىم.
— مۇشۇ كۈنلەردە سىز بولمىغان بولسىڭىز مەن قانداق قىلار ئىدىم؟
لەيلى ئۆكسۈپ يىغلىدى.
لەيلى يىغلىغان، قورققان، دەرد تارتقان شۇ كۈنلەردە مەن نېمە قىلىشىم كېرەك ئىدىكىن؟

مەن «قىرىق ياشلىق ئەرلەر» دېگەن شېئىرنى ئىكرامغا ئوقۇپ بەردىم، ئۇ ھېچنېمە دېمىدى.

— سېنىڭچە قانداقكەن؟

— ياخشىكەن.

— بۇنى مەنمۇ ئوقۇغان، يەنە بىرەيلەنمۇ ئوقۇپتىكەن.

مەن بۇ گەپنى دەپ بولۇپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم.

— كىم ئوقۇپتۇ؟ — دېدى ئىكرام.

— ھېچكىم، ئىشقىلىپ قىرىق ياشقا كىرىپ قالدۇق، تو-زۇك ئادەم بولايلى...

※ ※ ※

ئالىم كىتابنى كۆرمىگىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. پەرھات بىلەن ئالىم كىتابنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇشمۇ مۇ-ھىمدەك قىلاتتى.

— دوت ئادەملەر ئارىسىدا تۇرىۋەرسىمۇ دوت بولۇپ قالام-دۇ نېمە؟

ئالىم كىتاب مەسخىرىلىك كۈلدى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاپ نېمىشقا مۇشۇ گەپنى قىلغانلىقىنى بىلمىدىم. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ مۇشۇ گەپنى دېيىشىنىڭ بىرەر سەۋەبى بار.

كۈنلەر بىر خىل ئوتتۇراھالىقتا بەك ئۇزاق بولدى. بۇ بىر خىللىقنىڭ ئىچىگە شۇقەدەر مولايىم جىمجىتلىق، ئىلمان ھەم تۈزى كەم تۇيغۇلار مەھكەم ئورنىشىۋالغان ئىدى. مەن ھاراق ئىچمىدىغان، تاماكا چېكمىدىغان، ئۆزىنىڭ بىر تۇغقانلىرىنىڭ ئىنسابسىزلىقىدىن قاقشايدىغان، يوللارنىڭ تار ياسالغىنىدىن بىزار بولىدىغان، قاتناش ۋەقەلىرىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە پەقەت ئويلاپ باقمايدىغان، قورۇق ئۇزۇم يېسە چىشى ئاغرىيدىغان ئا-دەملەر ئارىسىدا كۈن ئېلىۋاتاتتىم. باشقىلارمۇ شۇنداق ئىدى،

ھەممەيلەن بىر ـ بىرىمىزگە سۈركىلىشىپ بىر ـ بىرىمىزنىڭ كىملىكىنى تامام ئۇنتۇپ كەتكەن ئادەملەر ئىدۇق.

قاقشاشقا بولمايدۇ، قاقشىغان بىلەن ھېچ ئىش ھەل بولمايدۇ، تەرلەپ ـ پىشىپ ياشاش كېرەك بولىدۇ، باشقا ئامال يوق.

مۇسا قادىرنى كۆردۈم. ئۇ ئالدىراش كېلىۋاتاتتى. مۇسا قادىر مەن تونۇيدىغان ئادەملەرنىڭ بىرى. ئۇچرىشىپ قالساق قىزغىن ئەھۋاللىشىپ كېتىمىز، ئەمما ئىزدەشمەيمىز. ئادەملەر ئارىسىدا تەبىئىي ھالدا بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان، بىر ـ بىرىگە يېقىن كەلگىلى قويمايدىغان، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان بىر نەرسە بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن. بەزى ئادەملەر بىلەن مەنپەئەتى تەگسىمۇ پەقەت چىقىشقىلى بولمايدۇ.

— قانداق ئەھۋالىڭ؟ — مۇسا قادىردىن ئەھۋال سورىدىم، ئۇنىڭ كىيىملىرى قالايمىقان، ئۇستىبېشى توپا ـ تەرەت ئىدى.

— ئەھۋال ياخشى ئاداش، ئۆي كۆچكەن، يېڭى ئۆيگە بۇرۇنقى ئۆي جاھازلىرىنى جايلاشتۇرۇپ بولالماي يۈرۈۋاتىمەن.

— يەنە كۆچتۈڭمۇ؟

— سەن بىلەن كۆرۈشكەندىن بېرى ئۈچ قېتىم كۆچۈپ بولدۇم قارا، نېمە بولدىكى بۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىمۇ دىتىمغا ياقمىدى. بىرسىگە كۈن ياخشى چۈشمەيدىكەن، بىرسى قاراڭغۇ، يەنە بىرسىنىڭ ياتاقلىرى بەك كىچىككەن. ئەمدى يەنە بىر ئۆي ئالدىم، شۇنىڭغا كۆچۈۋاتىمەن.

— بۇ ئالغىنىڭ قانداقراقكەن؟

— ياخشىدەك قىلىدۇ، ئۆزى بەكمۇ چوڭ ئەمەس، ئۆي بەك چوڭ بولۇپ كەتسە چىقىمى ئارتىپ كېتىدۇ ـ چۇ.

مۇسا قادىر يېڭى ئۆيىنىڭ ئورنىنىڭ مەكتەپكە، دوختۇرخانىغا يېقىنلىقى، كۈن نۇرىنىڭ ئوبدان چۈشىدىغانلىقى توغ-

رۇلۇق تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

مۇسا قادىر خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. نېرىدىن يۈك ـ تاق بېسىلغان بىر نەچچە ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىت كېلىۋاتات ـ تى. ئۇزاققىچە ئۇنىڭ تېز ـ تېز قەدەم ئېلىپ مېڭىشلىرىغا قاراپ قالدىم. مەن ئۇنىڭغا نېمىدۇر بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ دېيەلمىدىم. كۆڭلۈمگە كېلىپ قالمىسۇن، دېسەم كېرەك. خەق قانداق قىلسا ئۆزىنىڭ ئىشى ئىدى، ئەمما مەن مۇسا قادىرنىڭ ئۆي كۆچۈشلىرى توغرۇلۇق ئۇزاققىچە ئويلىنىپ قالدىم.

— ئادەم ئۆزىگە ئۆزى جاپا سالىدىغان نەرسە.

بۇ گەپنى ئالىم كىتاب دېگەن بولۇشى مۇمكىن.

— ئادەم دېگەن راھەت قوغلىشىپ ياشايدىغان نەرسە.

بۇ گەپنىمۇ ئالىم كىتاب دېگەن بولۇشى مۇمكىن.

— دىققەت قىلدىڭمۇ؟ ئادەملەردىن چاتاق چىقىۋاتىدۇ جۇمۇ.

بۇ گەپنى پەرھات دېگەن. شۇ چاغدا پەرھاتنىڭ تۇمانلىنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنىڭ غېرىبانە چاقناپ كەتكەنلىكى ھېلىمۇ يادىمدا.

— قانداق دەيسەن؟

— ئىشقىلىپ شۇنداقراق بىلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ھەممە ئا ـ دەمنىڭ بىر يەرلىرى بىر قانداقتەك، بىرەر ئىش چىقماس ـ ھە.

پەرھاتنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. ئۇ قورقۇۋاتقان بولسا كېرەك.

— ھېچ ئىش چىقمايدۇ.

دۇنيا مۇشۇنداق، قار پومزىكى دومىلىغانسېرى يوغىنايدۇ، سۇ تۆۋەنگە ئاققانسېرى تېز ئاقىدۇ، ئەندىن چۈشكەن ماشىنا ماڭغانسېرى سۈرئىتى ئېشىپ كېتىدۇ. تۇرمۇش داۋانغا ياماش ـ قاندەك ئەمەس تۆۋەنگە سىيرىلغاندەك بىر ھالدا داۋام قىلىدۇ.

شۇڭا بوۋام ئېيتقان چۆچەكنى ئاڭلاشقا ھېچكىمنىڭ ۋاقتى يوق. ئىسسىق نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى چىرايلىق، سوغۇق نەرسىلەر ئىگىلەشكە باشلىغان زاماندا ياشاۋاتىمىز.

ئۆيگە كىرسەم تېلېۋىزوردا ھايۋاناتلار دۇنياسى قويۇلۇۋاتاتتى، شىرلار بىلەن ياۋا كالىلارنىڭ ئېلىشىشلىرى قىزىقارلىق ھەم ئېچىنىشلىق ئىدى، ئوغلۇم تېلېۋىزورغا بېرىلىپ ھېچنېمىنى تۇيمايدىغاندەك ئىدى. مەن ئۇنىڭ قويۇق چاچلىق بېشىغا، چېكىتتەك كۆزلىرىگە قاراپ ئۇنىڭغا نىسبەتەن قەلبىمدە ھېچنېمە بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغان تۇغما مېھىر، ئامراقلىقنىڭ كۈۋەجەپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇ قەدەر ئامراقلىق ۋە تەگسىز يېقىنلىقنىڭ ئارىسىدا يەنە ئىككىمىزنىڭ مىجەزىمىز پەقەت كېلىشمەيدىغان ھەقىقەتنىڭ بارلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم. نېمىدۇر بىر نەرسە مېنى بېسىپ تۇراتتى، نېمىدۇر بىر نەرسە مېنى بىردە ئۇڭغا، بىردە سولغا تارتقۇشلاپ تۇراتتى. كەم نەرسەمنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتىم. ھېچنېمىگە كۈچۈم يەتمەيتتى، ماڭا پۇتلاشقان تامنى ئېلىۋېتەلمەيتتىم، بىر ئوبدان يەرگە سايە سېلىپ بولغىلى قويمايدىغان، دىتىمغا ياقمىغان دەرەخنى كېسىۋېتەلمەيتتىم. كۈندە ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىمنى سىقىدىغان، جېنىمغا ئىككەك سالىدىغان خۇي - پېئىلىنى ئۆزگەرتەلمەيتتىم... ئوغلۇمنىڭ تەلەپلىرىگە ياق دېيىشىمنىڭ سەۋەبى مۇشۇلارغا ئالاقىدار بولسا كېرەك. مېنى چۈشەنمەيدىغان ئادەملەر بۇ ھالىنى بىلسە ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمىنى، دېگەندەك مۇشۇ دۇنيادىن ئالالمىغان ئاچچىقىنى، دۇنيا ئۇنىڭغا قالدۇرغان جاراھەتلىرىنىڭ ئەلەملىرىنى ئوغلىدىن ئېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ قالاتتى.

ئىشىك چېكىلدى، ئوغلۇم مىدىرلاپمۇ قويمىدى، ئۇنىڭ ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك ئولتۇرۇشى ئىچىمنى پۇشۇرغان بول-

سىمۇ، بىرنېمە دېمىدىم. توغرىسى ئۇ يۇگۇرۇپ بېرىپ ئىشىك-نى ئېچىشى كېرەك ئىدى، مەن ئۇنىڭغا ئاچچىق بىلەن قاراپ قويۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. بىراق، ئۇ پەرۋايى پەلەك شىرلار بىد-لەن ياۋا كاللارنىڭ ئېلىشىشلىرىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ساددا، ئاق، پاكىز تەپەككۇرىدا شۇ ھالدا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقان-لىقىنى بىلمەيمەن، بەلكىم ئۇ شىرلارغا نەپرەت بىلدۈرۈپ كا-لىلارغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندۇ. بۇ دۇنيانىڭ شۇنداق بىر قائىدىسى بار، غالىبلارغا غەزەپ قىلىپ مەغلۇبىيەتچىلەرگە ھېسداشلىق قىلىدىغان.

ئىشىكتە پەرھات قاراپ تۇراتتى، چىرايى بىر قىسىملا، ئاغرىپ تارتىپ قالمىغاندۇ بۇ؟ مەن ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىپ ئۇ-نى ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم.

— قېنى ئۆيگە كىرگىن.

— بولدى، سىرتتا پاراڭلىشايلى.

— ئىشىك تۇۋىدىن يانماي ئۆيگە كىر، سەت تۇرىدۇ.

— ياق، باللار چۆچۈپ قالمىسۇن، سىرتقا چىقايلى.

ئىككىمىز بىردەم تارتىشىپ يەنە تالاغا چىقتۇق.

— ئۆيدە ئولتۇرماي قاراڭغۇدا نېمە بار تالادا؟ قىزىقتە-سەن.

— بۇ گەپنى ئۆيدە دېگىلى بولمايدۇ.

— نېمە گەپتى ئۇ، ئۆيدە دېگىلى بولمىغۇدەك، بىرەر يا-مان ئىشقا يولۇقۇپ قالمىغانسەن؟

— مېنى قويۇپ سېنىڭ گېپىڭنى قىلىشايلى. خەقلەرنىڭ گېپى راستمۇ؟

— نېمە گەپنى دەيسەن؟ — مەن پەرھاتنىڭ قاراڭغۇدا ئاران ئىلغا قىلغىلى بولىدىغان چىرايىغا قارىدىم.

— مەن ئەنسىرەپ قالدىم، ياخشىغا كۆن يوق، يامانغا ئۆ-لۈم دېگەندەك بىر ئىش بولۇپ قالمىغىيدى.

پەرھاتنىڭ ئاۋازى ھېچ ئۆزىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايتتى، بوغۇق ھەم غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقاتتى. ئۇنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازى دەرەخلەرنىڭ قاتتىق ھەم مەزمۇت گەۋدىسى سىڭىشىپ كەتكەن قاراڭغۇلۇق بىلەن قوشۇلۇپ ۋەھىمىلىك ئاڭلىناتتى.

— نېمىدىن ئەنسىرەيسەن، مەن بىلەن ئالاقىسى بارمۇ؟

— سەن بىلەن ئالاقىسى بولمىسا سېنى چاقىرىپ نېمە قىلاتتىم؟

— ئەمىسە گېپىڭنى دە، زادى نېمە ئىش بولدى؟

پەرھات ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ تاماكىسىنى قاتتىق شورىدى، تاماكىنىڭ چوغى قىزىرىپ كۆچلۈك پارقىراپ كەتتى. ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇدىمۇ ئۇنىڭ ماڭا مىختەك تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ تېنىم تىكەنلەشـكەندەك بولدى. ئۇ تاپماقچى بولغان سوئالنى تاپسا بولاتتى، پەرھاتنىڭ دېيىشىچە، ئۇ سوئالنى تاپسا، ئاندىن جاۋابىنى تېپىپ چىقسا بىزنى بۇ دۇنيادا تېڭىرقاش، گاڭگىراش ئىچىدە ئازابلىغان جىق ئىشلار ھەل بولۇپ كېتىدىكەن، ئەمما ئۇ شۇنچە باش قاتۇرۇپ ھېلىقى سوئالنى تاپالمىغاندەك قىلاتتى.

— سالامەتلىكىڭ قانداقراق؟ ماڭا راست گەپنى دېگىن.

— ناھايىتى ياخشى.

قاراڭغۇلۇق ناھايىتى ئېغىردەك بىلىنىپ كەتتى. بۇ قاراڭغۇلۇق كۆڭلۈمگە سىڭىشىپ كەتمىسىلا بولاتتى. ئالىم كىتاب بىلەن ئادەمنىڭ كۆڭلى، قەلبى توغرۇلۇق ئۇزۇن پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئۆزۈمگە قاراپ بېقىپ چۆچۈپ كەتكەن ئىدىم. ئۇنىڭ: مەسىلەن، بىر ئادەم... دەپ باشلىنىدىغان سۆزلىرىدىكى مىسالغا ئالغان ئادەم خۇددى ماڭا ئوخشايتتى. كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئەڭ قورقىدىغان، ئەڭ يىرگىنىدىغان نەرسە دەل ئاشۇ كۆڭۈلدىكى قاراڭغۇلۇق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بۇرۇنلاردا پەقەت يادىمغا ئالمىغانىدىم. مەن ئۆز قەلبىمگە ئىگە بولالمىغان، ئۆز يۈ-

رىكىنى تىڭشىيالمىغان، ئۆز كۆڭلىنىڭ رەڭگىنى بىلەلمەي يۈرگەن ئادەمكەنمەن. كۆڭلۈمگە ئورنىشىۋالغان قارا رەڭلىك ما- نانلار ھەم قاراڭغۇلۇقلارنىڭ كېلىش سەۋەبىنى بىلىشكە ئۇرۇ- نۇپ باقمىدىم. مەن ئۆز كۆڭلىنىڭ قاراڭغۇ ھەم تار بولۇڭلىرى- دا تەمتىرەپ يۈرگەن ئادەملىكىمنى ئۇزاقتىن كېيىن بىلدىم. بىلگەن چېغىمدا مەن ھەممىگە كۆنۈپ قالغان ئىدىم. زاھىرەن يورۇقلۇققا كۆمۈلۈپ تۇرغان بەختىيار ئادەمنىڭ باتىنىنىڭ مۇزدەك سوغۇق قاراڭغۇلۇققا چىرمىشىپ قالغانلىقىنى ھېچ- كىم چۈشەنمەيدۇ.

— سالامەتلىكىڭ راست ياخشىمۇ - يا؟ ماڭا راست گەپ قىل.

— ئەلۋەتتە، ناھايىتى ياخشى.

— مەندىن يوشۇرمىغىن.

قاراڭغۇدا پەرھاتنىڭ ئېغىر تىنىقلىرى ئاڭلىناتتى، ئۇ تا- ماكا تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن چاقماق ياندۇردى، چاقماق يورۇقىدا ئۇنىڭ ئورۇق يۈزى ماڭا خۇددى تاتىرىپ كەتكەندەك، يوغان، نۇرسىز كۆزلىرى قىزىرىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. سۇس يورۇقتا ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن پەرھات تېخىمۇ ئورۇق كۆ- رۈنەتتى.

— ئاڭلىسام سېنى ئېغىر بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ، دەيدۇغۇ؟

— نېمە كېسەلكەنمەن؟

— مەن نەدىن بىلەي؟ سەندىن سوراۋاتىمەن. راك ياكى ئەيدىز دېگەندەك بىر نېمىلەر ئەمەستۇ؟

بۇ نېمە دەيدۇ ئەمدى؟ قاراڭغۇلۇقتا شۇم نەرسىدەك كۆ- رۈنگەن قىپقىزىل چوغ يۈرىكىمگە بىر ئەنسىزچىلىك سېلىپ قويدى... نېمە دەيدىغاندۇ بۇ، بىز مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق نەر- سىلەر ئىچىدە ياشايدىغان ئادەملەرمۇ؟ مىسالەن، ھازىر ئۇ ئاغ-

زىغا ئالغان كىشىلەر بەكمۇ قورقۇنچلۇق، ئىككىسىنىڭ بىر-
گە مۇپتىلا بولغان ئادەم بۇ دۇنيادا تامام تۈگىشىدۇ، پۈتۈنلەي
نابۇت بولىدۇ، مەن بۇنىڭغا تولۇق ئىشەنگەن ھالدا گاڭگىراپ
تۇرۇپلا قالدىم.

— نېمە بولغانسەن؟ بۇنداق بالا - قازا نېمە دەپ ساڭا يو-
لۇققاندۇ؟

— ئەمەلىيەتتە... بۇ...

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. بۇنىڭ پۈتۈنلەي
يالغان ئىكەنلىكىگە پەرھاتنى قانداق ئىشەندۈرۈشكىمۇ ئەقلىم
يەتمىدى. ھازىر خەقلەر بىر - بىرىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ
قالدى، ئىشەنچ دېگەن نەرسە ئەنقانىڭ تۇخۇمىدەك ئەتىۋار بولۇپ
كېتىۋاتىدۇ. ئالىم كىتابىنىڭ قوللىرىنى شىلتىپ دېگەن گەپ-
لىرىدىن قارىغاندا ئىشەنچ قالمىغانسېرى جاھان شۇنچە تايىن-
سىز، شۇنچە مەينەت، شۇنچە بىمەنە، شۇنچە جاپالىق ھەم سەس-
كىنىشلىك بولۇپ كېتىدۇ. ئادەمنى مەغرۇر ھەم خۇشال ياشى-
غىلى قويىدىغان نەرسە دەل يۈرەكتىكى ئىشەنچ بولۇشى مۇم-
كىن. مۇشۇ نەرسىدىن ئاجراپلا كەتسەك بىز ئەمەلىيەتتە ھەممە
نەرسىمىزدىن مەھرۇم بولۇشقا باشلايمىز. ئەڭ جاپالىق ئىش
باشقىلارنى راست گەپكە ئىشەندۈرگىلى بولماسلىق، راستقا ئى-
شەندۈرگىلى بولمىغاندىكىن يالغاننى توقۇشقا توغرا كېلىدۇ،
يالغان توقۇلغاندىكەن ھەم راست سۆز، راست ئىشنىڭ ئورنىغا
دەسسىگەندىكەن، دېمەك بۇ يەردە ئىشەنچ توزغاقتەك توزۇپ كەت-
تى، دېگەنلىك. كېيىنكى قەدەمدە بىز دىمىقىپ، بوغنۇقۇپ بىر -
بىرىمىزنى قىيناپ، بىر - بىرىمىزدىن ئەنسىرەپ، گۇمانسىراپ
خۇددى شىر، يولۋاسلار بار جاڭگالدا ھەممە نەرسىدىن قورقۇپ،
چۆچۈپ ياشىغاندەك ياشاش تەسكە چۈشىدۇ.

مەن تاماكا چوغىغا قاراپ قويۇپ ئاستا شىۋىرلىدىم:

— مەندە راستىنى دېسەم ئاستا خاراكتېرلىك كاناي ياللۇ-

غى بار، يەنە تولا زۇكامداپ قالىمەن، ئەمەلىيەتتە سەن دېگەندەك قورققۇدەك كېسەللەرنىڭ ھېچقايسىسى يوق. خۇدادىن ساقلىق تىلەيمىزغۇ.

— ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولسا مەيلى، بىراق خەقلەرنىڭ دېيىشىچە، سەندە بايا دېگەن كېسەلنىڭ ھېچ بولمىسا بىرەرسى بولۇشى مۇمكىنمىش.

— نېمىشقا بۇنداق ئويلاپ قالدىڭ؟

— ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نەرسە، بىلىپ ـ بىلمەي يامان يولغا كىرىپ قالغان چاغلىرىڭ بولغان بولسا شۇنداق يەرلەردىن تېپىۋالدىمىكىن، دەپ ئويلايمەن.

— بۇنداق غەمنى قىلىپ يۈرمىگىن. مەندە ھېچ ئىش يوق.

پەرھاتقا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. بۇ جاھاندا زۇكامداپ قالساڭ، ئاغرىپ قالساڭ قايغۇرىدىغان، سەن ئۈچۈن ئەنسىرەيدىغان، تەشۋىش قىلىدىغان بىرەر ئادەمىنىڭ بولغىنىمۇ ياخشى ئىش، قەدىر ھەم سۆيۈلۈشكە تەشنا بولمايدىغان يۈرەك نەدە بولسۇن؟ ئەمما، پەرھاتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەن بەكلا ھېرىپ كەتكەندەك بولدۇم.

— مەن كىرىپ كېتەي، كېيىن كۆرۈشەيلى.

— كىرىپ كەتمىسەڭ بولاتتى.

— نېمىشقا؟

— بىلمەيمەن. دىققەت قىلارسەن.

— نېمىگە دىققەت قىلىمەن؟

— ئىشقىلىپ دىققەت قىلغانغا يەتمەيدۇ. بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ماڭا دەرھال خەۋەر قىلارسەن.

ھارغىن كەيپىياتتا ئۆيگە كىردىم. ئوغلۇم تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋېتىپتۇ. خوتۇنۇم ياندىكى ئۆيدە يەنە شۇ كورىيەنىڭ فىلىملىرىنى كۆرۈۋاتسا كېرەك. تۇرمۇش دېگەن بۇ نەرسە بەكلا مەنىسىز ھەم تەمسىز بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ

كەتتى. تورۇسقا قاراپ كۆزۈمنى يۇمدۇم.
بىر كۈن ئۆتتى، بۇنداق كۈنلەر ناھايىتى جىق ئۆتكەن، بۇ-نىڭدىن كېيىنمۇ يەنە ئۆتىدۇ، بىر كۈن بىر نېمەت، بىر پۇر-سەت، ھەرنە ياخشىلىقلارنى قىلىشقا يېتىپ ئاشىدىغان ئۆزد-ىمىزگە تەۋە پۇرسەت.
بىرەرسىگە مۇشۇ ئويلىغانلىرىمنى دېگۈم كەلدى. ئالىم كىتابنى ئەسلەپ قالدىم. ئىشتىن چۈشۈپ قورۇنىڭ ئالدىغا كەلسەم ئوغلۇم بىر نەچچە تال بادرا ياغاچ، مال ساندۇقىنىڭ تاختىيى دېگەندەك نېمىلەرنى باغلاپ، چېتىپ كىچىككىنە قو-تاندەك بىرنېمىنى ياساپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بول-غانلىقىنى بىلەلمەي بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەتتىم. ئۇ مېنى كۆرمىدىمۇ ياكى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىۋاتامدۇ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋەردى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە يەنە قانداق شەيتان ئوت سالغاندۇ؟ يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن تازا پۇرچىقىمىز پى-شىشماي كېلىۋاتاتتى؟
— چۈشكە نېمە تاماق قىلىپ قويىمەن؟
ئەتىگەندە خوتۇنۇم مۇشۇ سوئالنى ئۇنتۇپ قالماي سورايت-تى. بۈگۈن ئەتىگەنمۇ يەنە شۇ سوئال سورالدى. ئىنسان دېگەن توختاۋسىز تاماق يېيىشكە مەجبۇر بولىدىغان ئاجىزلىقى بىلەن يارىتىلغان. تاماق يېيىشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، يېسەك - يېسەك تويمايدىغانلىقىمىز ئۈچۈن بىز ھەر بالالارغا مۇپتىلا بولىمىز. ئىنساننىڭ قورسىقى بىر ھېكمەت، ئازراقلا نەرسە يېسە تويىدۇ، ئەمما داۋاملىق يېيىشى كېرەك. ھەرقانچە ئۇسساپ كەتكەن ئادەممۇ دەريادىكى سۇنى ئىچىپ بولالمايدۇ، ھەرقانچە ئاچ ئادەممۇ جىمى باغلاردىكى مېۋە - چېۋىلەرنى، ھەممە داستىخاندىكى ئاش - نانلارنى يەپ بولالمايدۇ، ئەمما بىز ھەممىنى يەپ بولالايدىغاندەك، ھەممىنى ئىچىپ بولالايدىغاندەك، قورسىقىمىز مەڭگۈ تويمايدىغاندەك تۇيغۇدا ياشاپ جاپادا قېلىۋا-

تىمىز. مۇشۇ خىياللىرىمنى ئالىم كىتابقا دېمەكچى بولۇپ دې-مىدىم. بەلكىم بۇ گەپلىرىم ئۇنىڭغىمۇ يېقىپ قالار بولغىيدى!

— لەڭمەن، — مەن ئۆزۈم ئامراق تاماقنى دېدىم.

— مانتا.

ئوغلۇم ماڭىمۇ، ئانىسىغىمۇ قارىماي شۇنداق دېدى. بۇ ئالدىنقى ھەپتىنىڭ دۈشەنبە ئەتىگىنىدىكى گەپ ئىدى.

— چۈشكە نېمە تاماق قىلىپ قويىمەن؟

— مانتا، — دېدىم مەن. شۇ تاماقنى يېگۈم كەلگەن ئىدى.

— لەڭمەن، — دېدى ئوغلۇم سومكىسىغا كىتاب، دەپتەر-لىرىنى سالغاچ قاپىقىنى تۈرۈپ.

چۈشتە كەلسەم خوتۇنۇم لەڭمەن ئەتكەنىدى. مەن بىر ئاچ-چىقىنىڭ ئىچ - ئىچىمدىن قايناپ چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىل-دىم. بۇ ئەلەم كېيىمنىڭ ئۆتمىگەنلىكىدىن بولۇۋاتامدۇ يا بول-مىسا ئانىسى بىلەن ئوغلۇمنىڭ ماڭا قارشىلىق قىلىۋاتقانلىقىد-دىن بولۇۋاتامدۇ؟ بىلمىدىم، ئەمەلىيەتتە ئىككىلىسىلا ئوخ-شاشتەك قىلاتتى.

ئوغلۇم ئۆيگە كىردى، ئۇنىڭ كەيپى ناھايىتى چاغ ئىدى.

— سەن ھېلى نېمە قىلىۋاتاتتىڭ؟

— نېمىنى دەيسەن؟

— بايا بىر نەرسە ياساۋېتىپتىكەنسەن.

— ھە، قوتان ياسىدىم.

— قوتاننى نېمە قىلاتتىڭ؟

— ئوغلاق باقىمەن.

مەن تۈرۈپلا قالدىم. ئۇنىڭ سۆزلىرى شۇنداق بىمالال بو-لۇپ، ئالللىبۇرۇن قارار قىلىپ بولغانلىقى، مەسلىھەت سېلىپ ئولتۇرمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بىزنىڭ ئۆيدە مەندىن باش-قا بىرسى مۇشۇنداق بىر ئىشنى ئۆز ئالدىغا قارار قىلىپ، ئۆزى پىچىپ، ئۆزى تىكىپ كەتسە جۇدۇنۇم ئۆرلەيتتى.

— بۇ ئىشنىڭ قاملاشماپتۇ.
— نەرى قاملاشماپتۇ؟
مەن قولۇمدىكى گېزىتنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ يەنە قولۇمغا ئالدىم. گېزىتتە بىر كىشىنىڭ دەرەخ چاتاۋاتقان رەسىمى تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆلكىسى يالغاندەك، رەسىمگە تارتقان ئادەمنىڭ زورلىشى بىلەن كۈلۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.
— ئىكرام، نېمىشقا يېمەيسەن بالام؟
— نېمىشقا گۆش نان ئەتتىڭ؟
— داداڭ ئامراق تۇرسا...
— بىراق مەن ئۆچ...
— ئەمىسە ساڭا باشقا تاماق قىلىپ بېرەي.
— توختا، — دادام ئانامغا قاراپ قويۇپ ماڭا يۈزلەندى، — ئىكرام، سەن نېمىشقا گۆشنان يېمەيسەن؟
— مېنىڭ يېگۈم كەلمەيدىكەن.
— بۇ گەپنى ئىككىنچى قىلغۇچى بولما، ئاناڭ كۆيۈپ-پىشىپ تەييار قىلىپ ئالدىڭغا ئەكەلسە مەن ئۆچ دېيىشتىن ئۇيالمىدىڭمۇ؟ باشقا گەپنى قويۇپ ناننى يە...
دادامنىڭ شۇ چاغدىكى يۇمشاق، ئەمما ئېغىر ئاۋازى يەر يۈزىدىن يوقاپ كەتكىلى خېلى بولدى. مەنمۇ ئۇنداق سۆزلىيەلمىدىم، ئۇنداق سۆزلىسەممۇ ئاڭلايدىغان ئادەم تاپالمايدىغاندەك قىلاتتىم.
— ئوغلاق دېگەن سەن بىلەن بىز باقىدىغان نەرسە ئەمەس.
— ئۇنى باققاننىڭ زىيىنى يوق، پايدىسى بار.
— قانداق پايدىسى بار؟
— ئۆزى چىرايلىق نەرسە، چوڭ بولسا ساتساقمۇ يا بولمىسا سويۇپ يېسەكمۇ پايدىسى بار.
— سەن قانداقتۇر بىر نېمىنىڭ پايدىسى بار، دېگەندەك ئىشلارنى ئويلاپ يۈرمەي ئوقۇشۇڭنى ئوقۇ.

— ئوقۇشتىن مەقسەتمۇ ئاخىردا بىرەر نەرسىدىن پايدا ئېلىشقۇ؟

— نېمە دېدىڭ؟

— ھېچنېمە.

ئوغلۇم شۇنداق دەپلا ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۆيدىن كورېيەنىڭ كۆرسە تۈگىمەيدىغان ئۇزۇن فىلىملىرىنىڭ ياد بولۇپ كەتكەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن بۇ ئۆيدە مېنى قانداقتۇر سوغۇق ھەم ئېغىر بىر نەرسىنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولۇپ گاڭگىراپ قالدىم. ئوغلۇمنىڭ ئوغلاق بېقىشى، پايدىنى كۆزلەشلىرى، يەنە ئوقۇش بىلەن پايدىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى مۇجمەل گەپلىرى كاللامنى ۋاڭشىتىۋەتتى. ئۇنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشى بىلەن ئوغلاق دېگەن نەرسىنىڭ ئالاقىدار چىقىپ قالغىنى قانداق گەپ؟ ئالىم كىتاب يا بولمىسا پەرھات ئىككىسىنىڭ بىرەرسى ئۆيگە كىرىپ قالغان بولسا...

※ ※ ※

ئەرمۇدۇنىنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلار خېلى كۆپ ئىدى. قارتا ئويناۋاتقانلار بىلەن قارتا ئوينىغانلارنى تاماشا قىلىۋاتقانلار، مەسلىھەت بېرىۋاتقانلارنىڭ كەيپى جىددىي ئىدى. مەرۇپ توختى كۆزلىرىنى قىسىپ تەرلىرىنى ئېرتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالغانىدى.

سادىر مۇقىيتنىڭ يوغان گەۋدىسى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇ قانداقتۇر بىر نەرسىگە تەقەززا بولۇۋاتقاندەك، جىددىيلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

سادىر مۇقىيت قوللىرىنى ئىشقىلاپ چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن ئۈنلۈك ئاۋازدا دېدى:

— بىزنىڭ ئەخمەقنى قاراڭلار، نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈ-

رىدۇ زادى؟
— نېمە قىپتۇ؟ — دېدى ئارىدىن بىرى.
— ئىشنى قىلماي ئوقۇشسىز قالغان باللارغا ئىئانە قىلدىم، دەپ بىر مۇنچە پۇلنى خەققە چاڭگاللىتىپ قويۇپتۇ دەڭلا بۇ، توۋا دەيمەن...
— ساۋابلىق ئىشقۇ بۇ، ياخشى قىپتۇ، ئوغلۇڭلا بەلەن بالا بوپتۇ دېگەن بىلەن... — دېدى تۇردى ياقۇپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.
— شۇ، بەلەن ئىش بوپتۇ زادى، مۇشۇنداق ياخشى ئادەملەر قانچە جىق چىقسا شۇنچە ياخشى.
قارتا ئويناۋاتقانلار ئۇ بىرنى دەپ، بۇ بىرنى دەپ سادىر مۇقىيتنىڭ ئوغلىنىڭ بەلەن ئادەم بولغانلىقى، يېتىم - يېسىرلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ خۇش بولغۇدەك ئىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەشتى. مەرۇپ توختىلا بىر ئېغىز ئۈن قاتماي قولدىكى قارتىسىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى.
— ما گەپنى، مېنىڭ بالامنىڭ ياخشى بالا بولىدىغان ۋەزدىپىسى بارمىدى؟ خەقلەرنىڭ بالىلىرىمۇ پۇل چىقىرىپ، بىكارغا پۇل خەجلەپ ياخشى بالا بولسۇن...
سادىر مۇقىيتنىڭ ئاۋازى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. ئۇنىڭ يوغان بەستى سەل ئېگىلىپ قالغاندەك قىلاتتى.
— بالىلىرىمىز بىر كىملەرگە ياخشىلىق قىلغانغا مۇنچىزا قايناپ كەتسەك بولمايتتى.
تۇردى ياقۇپنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سادىر مۇقىيت قولىنى سىلكىدى.
— دېمەككە ئاسان بولغان بىلەن پۇل تاپماق ئاسانمۇ؟ مەڭ بىر جاپادا تاپقان پۇلنى بىكاردىن - بىكار بىركىملەرنىڭ بالىلىرىغا تۇتقۇزۇپ قويسا قانداق بولىدۇ؟
— مىللىي مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ھەممىمىزنىڭ مەج-

بۇرىيىتى، مائارىپ تەرەققىي قىلمىسا مىللەتنىڭ ساپاسىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، ساپاسىز مىللەتنىڭ ئىستىقبالى قاراڭغۇ بولىدۇ.

— ۋاي ۋاي... ما تاھىر زوردۇن نېمىلەرنى دەيدۇ ئەمەدى؟... بۇنداق گەپلەرنى ئىدارەڭدىكى يىغىندا دېگىنە ئاداش، ئادەمنىڭ قوۋۇرغىسىنى ئېگىپ مىللىي مائارىپ، دەپ كەتكەنلەرنى بۇنىڭ.

— بۇنى دېگەننىڭ نەرى يامان؟

— دېسەڭمۇ سەل قاملىشىدىغانراق قىلمامسەن؟...

— بۇ ئەسلىمۇ مۇشۇنداق گەپ تۇرسا.

— گەپ دېگەننى گېزىت يادلىۋالغاندەك قىلساق بولمايدۇ، ھەرقانچە بولسىمۇ...

— ئەمىسە نېمە دېسەم بولاتتى؟ — تاھىر زوردۇن قىزىرىپ كۆزلىرىنى ئالايتتى.

— نېمە دېيىشىڭنى مەن بىلمەيمەن، ئەمما بايىقىدەك تېلېۋىزوردا دەيدىغان گەپنى دېسەڭ شاتۇتىغا ئوخشاپ قالىسەن... ئاداش... ھەر نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ يارىشىقى بولىدۇ...

تۇردى ياقۇپنىڭ گېپى ئېغىر كەلدىمۇ تاھىر زوردۇن گەپ قىلماي جىم بولۇپ قالدى.

— ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، — دېدى تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان سادىر مۇقىيت قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ ئەخمەقنىڭ نېمە قىلغىنى زادى بۇ؟

ھېچكىم ھېچنېمە دېمىدى، بىردەمدىن كېيىن ئارىدىن بىرەيلەن ئېغىز ئېچىپ قالدى.

— سىزنىڭ بالىڭىزلا شۇنداق قىلمىسىمۇ باشقىلارمۇ قىلىۋاتىدۇغۇ ياردەم دېگەننى.

— ئەمىسە سەن نېمىشقا قىلمايسەن؟

— مېنىڭ پۇلۇم يوق، شۇڭا قىلمايمەن.

— پۇل تاپمايدىغانغا بىر كىم قولۇڭنى باغلاپ چۇشەپ قويمىغاندىكىن سەنمۇ پۇل تاپ، قارا بۇنىڭ گېپىنى.
سادىر مۇقىيتنىڭ چىرايى باشقىچە بولۇپ سۆزلىگۈچىگە گۆلەيدى.
— ئەمىسە سوتقا ئەرز قىلىڭ، بەرگەن پۇللىرىنى ياندۇرۇپ بەرسۇن.
— مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن؟ مەن ئۇنداق قىلىدىغانغا ساراڭ ئەمەس.
— ئەمىسە قانداق قىلىسىز؟ بەرسە تېخى چىدىمىسىڭىز، قايتۇرۇۋېلىشنىڭ يولىنى كۆرسەتسە، تېخى ئۇنىمىسىڭىز.
— ئامال يوق، بىزنىڭ ئۆيدە ساراڭ ئادەم تولا، خوتۇن دې-گەن ساراڭمۇ ئوغلىغا بولۇشۇپ ئوبدان قىپسەن بالام، تاپقان پۇلنىڭ ھەممىسى مېنىڭ دەپ ئويلاپ قالما، خۇدا بەزىدە بىر-مۇنچە ئادەمنىڭ رىزقىنى بىر ئادەمنىڭ ئالىقىنىغا تاپشۇرىدۇ، ئىگىسىگە بېرىپ تۇرمىساڭ كىشىنىڭ ھەققىنى يېگەن بولى-سەن، ئاجىز - ئورۇقلارغا ياردەم قىلساڭ ئىشىڭ بەرىكەت تاپى-دۇ، دەپ يۇرىدۇ... قانداق گەپ بۇ ئەمدى؟
— خوتۇنىڭىز ئوبدان ئايالكەن. ئوڭ گەپ قىپتۇ.
— ماڭغىنا نېرى ساراڭ دەلتە، ئاشۇنداق قىپقىزىل زىيان بولىدىغان گەپنى قىلسا توغرا بولامدۇ ئۇ؟
— توغرا بولماي ئەمىسە.
— ماڭ نېرى، سەنمۇ تازا دۆت بىرنېمىكەنسەن.
— ئاغزىغا بىرنى قويسەم ما گۇيىنىڭ ھېلى، ئۆزۈڭچە بىر كىمنى دۆت، كالۋا، يەنە بىرنېمە دەيدىغانغا سەن كىم ئە-دىڭ؟ بۇ يەرنى قالايمىقان قىلما، قارتىمىزنى ئوينىغىلى قوي، ھېلى بىكار ئوبدان بولىدۇ... — ئۇشتۇمتۇت ۋارقىراپ ئورنى-دىن تۇرۇپ كەتكەن مەرۇپ توختىنىڭ بوغۇق ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ تاقىتى تۈگىگەندەك قىلاتتى.

— سە... سەن... تېخى... مېنى... — سادىر مۇقىيت ئاچ-چىقىدىن ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالدى. ئۇنىڭ يوغان گەۋ-دىسى ئالدىغا ئېگىلىشىپ قالغان ئىدى.

— نېمە دەيسەن؟ كىم سېنى بۇ يەرگە چىقىپ دادلاپ بەر-سۇن دەپتۇ؟ بۇ ئەرز قىلىدىغان يەر ئەمەس... قاچان قارىسا ئوغلىنىڭ گېپىنى قىلىپ ئىلەشتۇرۇپ يۈرگەن...

— دېسەم ئۆزۈمنىڭ ئاغزى... قانداق قىلسام شۇنداق قىد-لىمەن، نېمە دېگۈم كەلسە شۇنى دەيمەن. قانداق گېپىڭ بارمۇ؟

مەرۇپ توختى ئالدىغا دىۋىندى، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. قولىدىكى چىرايلىق تىزىۋالغان بۇركۇت قانىتى يېيىلغاندەك قارتلار كۆزگە ئالاھىدە تاشلىناتتى. كىم بىرسى ئۇنى جىملەپ جايىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويغان ئىدى، مەرۇپ توختى يەنە ئاغزىنى بۇزدى:

— بۇ ساراڭنىڭ هامان بىر كۈنى چىشىنى تۆكۈۋېتىمەن.

— كۆزۈڭنى قۇيۇۋېتىمەن سەن تېجىمەلنىڭ...

— ئۇرۇشماڭلار، ئىتتىپاقسىزلىق مىللەتنىڭ گۈللىنىد-شىگە، روناق تېپىشىغا، دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتىۋ-رۈشىگە زىيانلىق بولۇپلا قالماي...

— ئەستاغپۇرۇللا... يەنە نېمە دەيدۇ ماۋۇ ساراڭ، سەن گەپ قىلغىلى تۇرساڭ قۇيقا چېچىم تىك تۇرىدىغان بولۇپ قالدى مېنىڭ. مۇشۇنداق گەپلەرنى دېمىسەڭ نېمە بولىدۇ؟

— نېمە بوپتۇ؟ — دېدى تاھىر زوردۇن قىزىرىپ.

— نېمە بولاتتى؟ قۇم چاپىنغاندەك بىئارام بولۇپ كەتتىم، گېزىتتىكى گەپلەرنى بۇ يەردە دەپ يۈرمە، خۇدانىڭ ھەققىدە خۇش بولۇپ كېتەي.

— بۇنداق دېسەم نېمە بوپتۇ؟

— ھېچنېمىغۇ بولمايدۇ، بۇنداق گەپلەرنى يىغىندا دېسە بولىدۇ. تۆت ئادەم بىر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇرسىمۇ بۇنداق تا-

يىنىسىز گەپلەرنى دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟
— سەن ئاڭلىما.
— مېنىڭغۇ ئاڭلىغۇم يوق، قۇلىقىمغا كىرىپ قالىدىكەن، دېگۈڭ كەپكەتسىمۇ مەن يوق يەردە دە، بۇنداق گەپلىرىڭنى.
تاھىر زوردۇن تۇردى ياقۇپقا ئەلەم بىلەن قاراپ جىمىپ قالدى.
— بولدى قىلىشە، قانداق ساراڭ بىر نېمىلەر بۇ؟... ئا-دەمگە ئارامچىلىق بەرمەي، ئاران بىر ئۇتاي دېگەندە... ھوي، تۇردى، سەن بايا نېمە چۈشىۋىدىڭا؟...
مەرۇپ توختى ئېڭىشكىنىچە لوڭۇلداپ كېتىۋاتقان سادىر مۇقىيتنىڭ كەينىدىن قاراپ ئاچچىق غۇدىرىدى.
مەرۇپكامنىڭ بارلىقىنى ئىگىلەپ كەتكەن شاپىلاق چوڭلۇ-قىدىكى قەغەزلەرنىڭ نېمە سېھرى بارلىقىنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئۇ بەلكىم ھەممىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن مۇشۇ نەرسىگە كىرىشىپ كەتكەندۇ يا بولمىسا قارتىغا مۇشۇنداق چوڭقۇر مېھرى باردۇ. قايسى جەھەتتىن ئويلىغاندىمۇ مەرۇپ توختىنىڭ قارتىغا بۇ قە-دەر بېرىلىشى بىنورمالدەك تۇيۇلاتتى.
— نەۋرەم تېخى ئەمدى ئون سەككىزنىڭ قارىسىنى ئالغان بالا... يامان يولغا كىرىپ قالدى، قاچان قارىسا كوچىدا لەيلەپ يۈرگەن، نېسى قىلمىغان دۇكىنى قالماپتۇ بۇ گۈينىڭ... تېخى پۇلىنى چوڭ دادام بېرىدۇ، دەپ قويۇپ ئىچىشلىرىنى قارىماي-سىز.
— قىز نەۋرەم دۇكان ئاچماقچى دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟
— ھەي بۇلارنىڭ گېپىنى قويۇڭ، ئوغۇل نەۋرەممۇ ھېلى-قىدەك، قىز نەۋرەممۇ ھەممە ئىشنى قىلىپ باقتى، بىرىنىمۇ قاملاشتۇرالماي يۈرىدۇ، قانداق قىلىدىغان گەپكىن تاڭ.
— ئوغۇل نەۋرىڭىزنى بىرەر ھۈنەرگە بەرسىڭىز بوپتى-كەن.

— بىرىپ باقتىم، ماشىنا رېمونتچىلىقىنى ئۆگەنگىن دې-
دىم، ئۇنىمىدى. ئۆي بېزەشنى ئۆگەن دېدىم، ئۇنىمىدى، زادى
نېمە خىيالى بارلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

— بالىلار غەلىتە بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

— تىرىشقىن، بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇت، دېسەم، مېنىڭ
بولۇشۇم مۇشۇ، دەيدۇ قاراڭ. كىچىككىنە بالىنىڭ نېمە دېگىنى
بۇ؟... ئىچىم ئاغرىمىسا تېخى، ئاچچىقىم كەلمىسە تېخى...
شۇنچە يىل مەكتەپتە ئوقۇغان بالىنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قالغى-
نىغا ھەيران قالىمەن، ئوقۇتمىساممۇ بوپتىكەن بايا...

مەرۇپ توختىنىڭ ياقىسى كىر كۆڭلىكى كىشىنىڭ كۆڭ-
لىنى بىئارام قىلاتتى.

مېنىڭ ئوغلۇممۇ يەنە نەچچە يىلدىن كېيىن ئون سەك-
كىزگە كىرىدۇ. ئۇنىمۇ ئاشۇنداق يولدا ماڭمايدۇ، دەپ كىم
ئېيتالايدۇ؟

— چوڭ بولساڭ نېمە قىلاي دەيسەن؟

— بىلمەيمەن.

— بىلمەيمەن، دېگىنىڭ نېمىسى، چوڭ بولۇپ قالدىڭ،
بىرەر نىشانىڭ بولۇشى كېرەكقۇ؟

— مەن تېخى كىچىك، نېمە قىلىشىمنى كېيىنرەك
ئويلاشساممۇ بولار؟

— كەينىگە تارتقاننىڭ پايدىسى يوق، بالدۇر ئويلىشىپ
قوي.

— مەن ئويلانساممۇ بىكار، بەرىبىر سېنىڭ دېگىنىڭ بو-
يىچە بولىدۇ.

بۇ ئەمدى نېمە دەيدۇ؟

مەن ئوغلۇمنىڭ كۈلكە، خۇشلۇقتىن ئەسەر يوق چىرايىغا
قاراپ داڭ قېتىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى جىق بولۇپ
كەتكەندەك قىلاتتى. ئەمدى ئون نەچچە ياشقا كىرگەن بالىنىڭ

گېپىگە جاۋاب بېرەلمىسەم، گېپىمگە كىرگۈزەلمىسەم بۇ قانداق گەپ؟

مەرۇپ توختىنىڭ دەردلىك چىرايى، ئاۋارە تۇرقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

ئۆيدىن چىقسام مەرۇپ توختى يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ، سالاملاشتۇق.

— بىر قول ئويناپلىمۇ ئۇكام؟

— بولدى، مەن ئوينىماي.

— ئويناپلى، نېمىشقا ئوينىمايسىز؟

— مەن بىلمەيمەن.

مەرۇپ توختى قىزارغان كۆزلىرىنى ماڭا نارازىلىق بىلەن تىكىپ باشقا گەپ قىلمىدى. تۇرۇپلا بۇ كىشىگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى. بەزى ئادەملەرنىڭ خۇش بولمىقى تەسكەن، ئەمەلىيەتتە ھەممىمىزنىڭ خۇش بولمىقى تەسلىشىپ كەتتى. بىر كۈنى پەرھات بىلەن دېيىشكەن گەپلەر يادىمغا يەتتى، شۇ كۈنى ئىككىلىمىز شىر كەيپ بولساق كېرەك.

— خۇشاللىقنى تۇتۇپ تۇرالىغۇدەك، قايغۇدىن يىراق تۇرغۇدەك كۈچ ھەم ئەقىل نېمىشقا مەندە يوق؟

— سەندىلا ئەمەس، ھېچكىمدە ئۇنداق ئىمكان يوق.

— مۇشۇنىڭ ئۆزى ئاجايىپ ئىش، غەم - قايغۇ، پېشكەللىك، ھەسرەت - نادامەت دېگەنلەردىن شۇنچە قېچىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، ئادەمدە نېمىشقا مۇشۇنداق نەرسىلەردىن ساقلىنالايدىغان كۈچ - قۇۋۋەت بولمايدۇ؟

— بۇنىڭ سىرىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇش ياخشى.

— مېنىڭچە بۇنىڭ سىرى ناھايىتى ئاددىي، ئادەملەرنىڭ ئۆز روھىنى ئۆزى كونترول قىلالمايدىغان ئاجىزلىقىدا.

— مېنىڭچە ئىنسانغا ئۆز روھىنى ئۆزى كونترول قىلىشتەك شەرەپلىك ئىقتىدار نېسىپ قىلىنمىغان بولسا كېرەك. بۇ-

نىڭغا ئېرىشمەك جاھاننى سېتىۋالغۇدەك دۇنياغا ئېرىشمەك-تىنمۇ تەس. ئادەم شۇنچە ئۇلۇغ يارىتىلغان تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۆز قەلبىگە ئىگە بولالمايدۇ؟

— بۇ بەلكىم سەن ئىزدەۋاتقان سوئال بولۇشى مۇمكىن.

— ياق، بۇ مەن ئىزدەۋاتقان سوئال ئەمەس.

— ئەمىسە سەن ئىزدەپ تاپالمايۋاتقان سوئال زادى قانداق نەرسە؟

— بىلمەيمەن، ئەمما ئۇ سوئالنى چوقۇم تاپىمەن. ئۇ سو-ئالنىڭ جاۋابى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھەل قىلىدۇ.

※ ※ ※

بىر تۇرلۇك سېغىنىش يۇرىكىمنى چوغ بولۇپ كۆيدۇرەت-تى.

يۇرىكىمنىڭ چوڭقۇر بىرىيەرلىرىدە ئۇزۇلمەس ھەم پۈتمەس ئامراقلىقنىڭ ئازابلىق سېغىنچى ئۆرىدەيتتى.

تاھىر بىلەن شۇ چاغدا ئۇرۇشۇپ قالغان بولسام نېمە ئا-قىۋەتلەر بولاتتىكىن؟

— سەن زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىمەن، دېمىگەن بولساڭ ئۇ سەن بىلەن توي قىلمايتتى.

— نېمە، كىم زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىمەن، دەپتۇ؟

— سەن لەيلىگە شۇنداق تەھدىت سالغان.

— ئاغزىڭنى يۇم، مەن ئۇنىڭغا ئەزەلدىن زەھەر ئىچىۋالى-مەن، دېگەن گەپنى قىلمىغان.

— سەن شۇنداق دېگەن، شۇنىڭ بىلەن لەيلى سېنىڭ راستىنلا ئۆلۈۋېلىشىڭدىن قورقۇپ سەن بىلەن نائىلاج توي قىلغان... ئاخىرى ئۇ زەھەرنى ئۆزۈك ئىچمەي لەيلىنى ئىچىش-كە زورلىدىڭ.

ــــ مەن نېمىشقا ئۇنداق قىلغۇدەكمەن؟ مەن لەيلىگە ئەزەل-دىن زەھەرنىڭ كېپىنى قىلىپ باقمىغان.

ــــ ئەمىسە ئۇ نېمىشقا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ؟

ــــ بۇنى مەن نەدىن بىلەي؟

ــــ بەلكىم... ئۆگەي ئانىسى...

ــــ نېمە... ــــ تاھىر ماشا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى.

ــــ ھېچنېمە... سەن بىلمەيسەن... ئىشىڭنى قىل.

ھەممە نەرسە ئۆتۈپ كەتتى.

ھەممە نەرسە ھەممە نەرسە ئەمەستەك ئۆتۈپ كەتتى.

بەزى ئىشلارغا ئىشەنگۈڭ كەلمەيدۇ. ئەمما، ئىش خۇددى شۇنداق.

# يەتتىنچى باب

قۇياش دائىمقىدەك نۇر چېچىپ تۇراتتى. مەن قۇياش پار-لىغان ئاسمانغا قاراپ نالە قىلدىم، مەندىن باشقا ھېچكىم بول-مىغان چۆلگە يىقىلىپ زارلىدىم. ئۆلۈم دەھشىتى مېنى مەس-خىرە قىلاتتى، مەن ئۆلۈمنى پەيدا قىلالمايتتىم، ئۆلۈمنىڭ باغرىغا كىرەلمەيتتىم، چارىسىزلىق مېنى ئىلكىدە مەھكەم چىرماپ تۇراتتى.

— لەيلىنى سەن ئۆلتۈردۈڭ، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

مەن تىنىقىم تىنىقىمغا ئۇلاشماي ۋارقىرىدىم، چاچلىرىم-نىڭ ئارىسىدىن ئاققان تەرلەر غولۇمنى بويلاپ ئېقىشقا باشلى-دى.

— مۇشۇ پاجىئەنى پەيدا قىلغان ئادەم دەل سەن، سەن ئەخلاقسىز ھايۋان، خوتۇنۇڭ، ئائىلەڭ بار تۇرۇپ ئۇنى يولدىن چىقاردىڭ، بولمىسا ئۇ ئۆلۈپ كەتمەيتتى، ناۋادا لەيلىنىڭ ئۆ-لۈمىنىڭ ئازراقلا بىر يەرلىرى سەن بىلەن ئالاقىسى بار بولۇپ قالسا مەندىن رەھىم كۈتمە، سېنى ۋەيران قىلىۋېتىمەن. مەن خوتۇنۇمنىڭ ئۆلۈمىگە پالانى سەۋەبكار بولدى، دەپ ساقچىلارنى ياكى سوتچىلارنى ئىزدەپ يۈرىدىغان لامزەللەلەردىن ئەمەس.

تاھىرنىڭ ئورۇق ۋۇجۇدى تىترەيتتى. مەن ئۇنىڭ قىزلار-نىڭكىگە ئوخشايدىغان چىرايلىق، ئەمما ئۇلتۇرشاڭغۇ كۆزلى-رىدىكى پۈتمەس ھەسرەت ھەم قايغۇنى، يەنە بىر تۈرلۈك ئۆچ-مەنلىكنى سەزدىم. مەن ئۇچۇن بۇ جاھاندا ئەڭ مۇھىم بولغان لەيلى مانا مۇشۇ ئورۇق، كۆزلىرى سىرلىق تىكىلىدىغان تا-

ھىرغا خوتۇن بولۇپ كەتكەنىدى. مەن بۇ ئىشلارغا قانداق چىداپ تۇرغىنىمغا ھەيران ئىدىم، لەيلىنى مەندىن بىرەرسى تارتىۋال- سا، مەندىن ئايرىۋەتسە ئۇنداق ئادەمنى چوقۇم ئۆلتۈرىۋېتىمەن، دەپ ئويلايتتىم. ئۆزۈمنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىمغا، شۇنداق قىلالايدىغانلىقىمغا تولۇق ئىشەنچ قىلاتتىم، ئەمما تاھىر ناغرا سۇناي بىلەن توي تارتىپ ئۇنى ئېلىپ كەتكەندە مەن تاڭ قاتقى- نىمچە تۇرۇپ قالدىم، نەچچە كۈنگىچە ھاڭۋاقتىلاردەك سەرسان روھىمنى تىڭشاپ يۈردۇم. بىر كىمنى ئۆلتۈرۈش ئەمەس بى- رەرسىنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ سىلكىپمۇ قويالمىدىم، بىرەر شاپىلاق ئۇرالمىدىم. ئۆزۈمنىڭ شۇ ھالىدىن قاتتىق نومۇس قىلدىم، ھار ئالدىم، مەن دېگەن تۇزۇك بىر ئوغۇل بالا، دەپ يۈرگەنلىرىمدىن ئىزا تارتتىم. لەيلىدەك بىر قىزنىڭ مېنى سۆ- يۈپ خاتا قىلغانلىقىغا ئۆزۈمنى ئىشەندۇرۇشكە ئامال قىلالمىغان بولسامىۇ، لەيلىنىڭ قەلبىم تۆرىدىكى ھەر زامان شۇ قەدەر نۇ- رانە قىياپەتتە زاھىر بولىدىغان سىماسى ئالدىدا بەكلا نومۇس قىلىپ كەتتىم.

— نېمە بولدىڭىز؟

پەرىدەنىڭ ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرى مۇڭلۇق ئىدى. ئۇ ما- ڭا خۇددى ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك قاراپ تۇراتتى.

پەرىدەنىڭ ماڭا خوتۇن بولۇپ دەرد تارتىشى تەقدىر قىس- مەتتە پۈتۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما مەنمۇ، ئۇمۇ ئۇنىڭ دەرد تارتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايتتۇق.

— ھېچنېمە بولمىدىم.

— ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتمەڭ، ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدۇ.

مەن چۆچۈپ كەتتىم، ئۇنىڭغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ھېچنېمە، مۇنداقلا دەپ قويدۇم، ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ

قويماڭ...

— نەدىكى گەپلەرنى دەپ يۈرىسەن؟ ئورۇنسىز گەپلەرنى قىلما، مەن بىر ئوبدان تۇرىمادىمەن...

مەن كۆلمەكچى بولۇپ كۆلەلمىدىم. كۆلكەم يىغىغا ئايلىنىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. بىر كىمنىڭ كېلىپ مېنى قاتتىق ئۇرۇشىنى، قاتتىق تاياق يەپ ھوشۇمدىن كېتىشىمنى، ھوشۇمغا كەلگەندە ھەممە دەردلەردىن ئاجراپ يەڭگىللەپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىپ كەتتىم.

— پەرھات، ساقاللىرىڭ ئۆسۈپ كېتىپتۇ، نېمە بولغانسەن؟

ئىكرامنىڭ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىدىم. ساقىلىمنىڭ ئۆسۈپ كەتكىنىگە دىققەت قىلغۇدەك ھالىم يوق. لەيلى جاھاندىن كەتتى، پەرىدەمۇ مەن بىلمەيدىغان بىر يەرلەرگە كەتتى. مەن نېمىشقىدۇر پەرىدەنى ئىزدەپ بارمىدىم. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتىم، بىلىشكە ئۇرۇنغۇدەك ھالىممۇ يوق ئىدى.

ئىكرام ئالىم كىتاب بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى، ئۇ ئىككىسىنىڭ مېنىڭ بۈگۈنكى ھالىمدىن قايغۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، مەن بۇرۇنقى ھالىمغا قايتالمايتتىم.

قار ياغقان قىش كۈنلىرى، يامغۇر ياغقان ياز كۈنلىرى، بوران چىققان، شامال چىققان، چاقماق چاقان، ئاي تۇتۇلغان، ھاۋانى تۇمان باسقان كۈنلەردە مەن لەيلىسىز ياشاپ قېلىۋەردىم.

ھايات بۇرۇنقىدەك داۋام قىلىۋاتاتتى. يەرلەرگە ئۇرۇق سېلىنىۋاتاتتى، بازارلاردا سودا بولۇپ تۇراتتى، باللار يېڭىدىن تۇغۇلۇپ، رىزقى تۈگىگەنلەر بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالاتتى. مېنىڭ گاڭگىرىغان تۇيغۇلىرىمدىكى دۇنيا خۇددى بۇرۇنقىدەك ئىدى، ئەمما مەن ئۇچۇن بۇرۇنقىغا پەقەت ئوخشىمايتتى. مەن

ئۆزۈمدىن گۇمان قىلىپ، ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىپ، ئۆزۈمدىن نومۇس قىلىپ نۇرغۇن قارا كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم. بىرەر سەۋەب بىلەن بۇ يەردىن كېتىشنى، مەن بىلەن ئالاقىسى بار ئۆتمۈشكە تەئەللۇق ھەممە نەرسىلەردىن بىراقلا قۇتۇلۇپ كېتىشنى، لەيلىنىڭ، خوتۇنۇمنىڭ يەنە باشقا قىزلارنىڭ مېنى باغرىغا ئالغانلىرىنى، دۇنياغا ھەۋەس قىلغانلىرىمنى، ئەتىنى، ئۆگۈننى، كەلگۈسىنى شۇنداق چىرايلىق تەسەۋۋۇر قىلغانلىرىمنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولاتتىم.

ئەمما، ھېچقايسىسىنى قىلالمايتتىم.

شاماللار بۇرۇنقىدەك چىقىۋېرەتتى، گۈللەر بۇرۇنقىدەك ئېچىلىۋېرەتتى، قۇشلار بۇرۇنقىدەك سايراۋېرەتتى. بۇرۇنقىدەك ئۇسساپ تۇراتتىم، بۇرۇنقىدەك تاماق يېيىشكە توغرا كېلەتتى. ھەممە نەرسە بۇرۇنقىدەك بولۇۋاتاتتى. مەن بۇرۇنقىدەك بولۇۋاتقان تۇرمۇشقا كۆنۈشكە مەجبۇر ئىدىم، بۇرۇنقىدەك بولمىسا مەن ياشاپ بولالمايدىغاندەك قىلاتتىم.

يۈرىكىم بىر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تىپىرلايتتى. يورۇق يوچۇقلارغا تەلپۈنەتتى. مەن يوپيورۇق كۈندە، ئاپئاق ئايدىڭلاردا، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم نۇرغا كۆمۈلگەن ھالەتتە كۆڭلۈمدىكى قاراڭغۇلۇقلارنىڭ ئازابىدىن تولغىناتتىم. كۆزۈم، چىرايىم كۈلەتتى، يۈرىكىم كۈلەلمەيتتى، كۈلگىلى ئۇنىمايتتى.

بىر كۆز مېنىڭ مۇشۇ ھالىمنى تولۇق بىلىپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىدى. ناھايىتى ئېنىق بىلىپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ كۆز مېنىڭ يېنىمدا، مېنىڭ ئەتراپىمدا ئىدى. تىنىقى مېنىڭ تىنىقىمغا ئەڭ يېقىن ئىدى. ئۇ كۆز مېنىڭ كۆزۈمنىڭ قاراڭغۇلۇققا پاتقانلىقىنى، يۈرىكىمنىڭ يورۇق ئىزدەپ تىپىرلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرىدىغاندەك قىلاتتى. مېنىڭ يۈرىكىمدە شام بولۇپ يېنىشنى خالايدىغانلىقىنى، چىراغ بولۇپ كۆيۈپ كۆڭلۈمنى يورۇتۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلماقچى بولۇپ

يەنە دېيەلمەي يۈرگەندەك ئىدى. مەن ئۇ كۆزنى ماڭا بەك تونۇشتەك ھېس قىلاتتىم، ئۇ كۆز مېنىڭ كۆزۈمگە ئەڭ يېقىن، مېنىڭ كۆزۈمگە ئەڭ ئوخشايدىغان كۆز ئىدى.

مەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆزۈمدىن نومۇس قىلاتتىم. ئەركەكلىك ۋۇجۇدنى، ئەركەكنىڭ يۈرىكىنى، ئەركەكلىك شەۋكەتنى ئەڭ قىينايدىغان نەرسە نومۇس بولۇشى مۇمكىن. نومۇس بولغاندىمۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن نومۇس قىلىش بولۇشى مۇمكىن.

نومۇستىن ئايرىلىپ قالغان يۈرەكنى بىر پارچە سېسىق گۆش دېگىلى بولىدۇ.

نومۇستىن ئايرىلغان روھنى توزۇپ تۈگىدى، دېگىلى بولىدۇ.

نومۇس بىزنى قىيناپ، لەختە قىلىپ تۇرسىمۇ، ياراتقۇچى بىزنى ئۇنىڭدىن ئايرىمىسۇن، دەيمىز.

مەن ئۆزۈمدىن نومۇس قىلىپ بەك ئۇزاق ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. لەيلىنىڭ ئەرگە تېگىپ كەتكىنىگە قاراپ تۇرغىنىمدىن نومۇس قىلىپ كەتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمدىن گۇمان قىلىدىغان، ئۆزۈمدىن نومۇس قىلىدىغان ئىشلىرىم ئاۋۇپ كەتتى.

قارتا ئوينايدىغان مەرۇپ توختى بىلەن، ئۆزى بىلەن كارى يوق ياۋروپادا، ئافرىقىدا، ئەرەب دۆلەتلىرىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى، دېڭىز بويى رايونلىرىدا، تەرەققىي قىلغان جايلاردا بولۇۋاتقان ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك سۆزلەيدىغان توختى نايۇپ بىلەن، قايسى بىر كونا ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا چۇمۇلە ئاۋۇپ كەتسە بۇنى بىرەر شۇملۇقنىڭ بېشارىتى دەپ چۈشىنىپ ئارامى بۇزۇلۇپ غەمگە پاتىدىغان كامىل دوڭغايدەك ئادەملەر بىلەن ئۆزۈمنى سېلىشتۇرۇپ باقتىم. مەن بۇ ئادەملەرنى پىسەنتىمگە ئېلىپ كەتمەيتتىم. ئۇلارنىڭ خىيالى، ئارزۇلىرى، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى، قىلىۋاتقان ئىشلىرى نەزەرىمدە چاكىنا،

تايىنىسز ئىشلار جۇملىسىدىن ئىدى.
— مۇشۇنداق ئادەملەردىن يىراق يۈر، — دېدىم ئىكرامغا.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— شۇ خەقنىڭ خۇيى يۇقىدۇ ساڭا.
— ئۇلار بىر ئوبدان ئادەملەر.
— ئەخلەت ئادەملەر.
— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن پەرھات، ئادەم دېگەن شۇنداق بولىدۇ، ھەممە ئادەم ئالىيجاناب، ئىددىتلىق، راۋرۇس بولۇپ كەتمەيدۇ، دۇنيا ئاددىي ئادەملەردىن پۈتكەن، بىز شۇلار بىلەن كۆكلەيمىز، بىر ئېتىزدا تولۇق دان تۇتقان بۇغداي ئاز بولىدۇ. چالا دانلىق بۇغدايلارنى يۇلۇپ تاشلىۋەتسەڭ ئېتىزىڭ ئاق قالىدۇ. گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ؟
— چۈشەندىم، ئەمما قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، ھەممە بۇغداينى تولۇق دان تۇتسۇن دەپ تەلەپ قىلىش خاتا.
— لېكىن ئەمەلىيەت ئۇنداق بولمايدۇ - دە.
ئىكرام بىلەن تاكاللىشىپ قالدىم.
ئۇنىڭ بىلەن بىر ئىشلاردا پات - پات دەتالاش قىلىپ قالىمىز.
ئىكرامنىڭ ماڭا سىنچى قاراشلىرى مېنى ئېسەنگىرىتىپ قويىدۇ. ئۇ مەندىن مەن تېپىپ بولالمىغان سوئالنى سوراپ قالىدىغاندەك قىلاتتى.
بارا - بارا ئۆزۈمنى ئادەمگە ئوخشىمايدىغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.
مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئاڭلاۋېتىپ، نۇرمۇھەممەت تۇرسۇننىڭ ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئورۇندىغان تەمبۇر مۇزىكىلىرىنى تىڭشاۋېتىپ، 12 مۇقامنىڭ سەلتەنەتلىك فىلىملىرىنى كۆرۈۋېتىپ، ئابلىكىم كەلكۇن، ئابدۇكېرىم ئابلىز، ئادىل مىجىتلارنىڭ ئېيتولىرىنى كۆرۈۋېتىپ، مۇزىكىلاردىن مۇڭلىنىپ ئولـ

تۇرۇپ، ئېتوتلاردىكى يۇمۇرلۇق سۆز، ھەرىكەتلىرىدىن قاقاھلاپ كۈلۈۋېتىپمۇ ئۆز ـ ئۆزۈمدىن گۇمان قىلىدىغان، ئۆزۈمدىن نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ قالغانلىقىمنى بىلەلمىگىنىمدىن پەيدا بولغان بۇرۇقتۇرمىلىق ـ تىن قۇتۇلالماي كۇنلەرنى ئۆتكۈزدۈم.

ئەڭ دەھشەتلىك ئىشلار يۈز بەرگەندىمۇ مەن ھېچنېمە دې ـ مىدىم، ھېچنېمە قىلمىدىم. گاڭگىراپ قاراپ تۇردۇم، مەن پە ـ قەت قاراپ تۇردۇم.

لەيلى سىرلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ يەنىلا كۆزۈمنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇشقىلا ياريدىم. خۇددى ئۆزۈمنى ئىنسان بولۇپ يارىلىپ ئىنسانغا ئوخشىيالمىغاندەك ئويلاپ قالدىم. مەن لەيلىنىڭ مەندىن ئايرىلىپ كەتكىنىگە، ئۆلۈپ كەتكىنىگە چىد ـ داشلىق بېرەلىگەن ئىكەنمەن، مېنىڭ ئۇنى جاندىن ئەزىز بىلد ـ دىغاندەك كۆرۈنگەن كۆيۈكلىرىم ساختا، تايىنسىز بىر نېمە بو ـ لۇپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى.

لەيلىنىڭ كېتىپ قېلىشى كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى.

مەن سۆيگەن دۇنيا خىرەلىشىپ كەتتى. مەن كۆيگەن ھاياتـ ـ نىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى. مەن ماڭىدىغان يوللار قاراڭغۇلد ـ شىپ كەتتى.

مېنىڭ ساپ كۆلكىلىرىم توزۇپ كەتتى. ھاياجانلىرىم سو ـ ۋۇپ كەتتى. يىغلىۋالسام بولاتتى.

ـــ پاكىز، رەتلىك يۇرۇڭ، كىيىملىرىڭىز يېڭى بولسۇن، ئەر كىشى دېگەن يارىشىملىق، پاكىز كىيىنىپ يۇرسە بولىدۇ.

ـــ روھىڭىز ئۇستۇن يۇرۇڭ، غەمگە پاتقان ھالىڭىزنى كۆرسەم بەك بىئارام بولۇپ كېتىمەن. كېيىن نېمە بولسا بول ـ سۇن، سىزنىڭ مەغرۇر، تېتىك يۇرگىنىڭىزنى كۆرسەم خۇش بولىمەن.

لەيلىنىڭ يېقىملىق سۆزلىرى يادىمغا يېتىدۇ.

ئۇنىڭ كۆڭلىكىمنىڭ ياقىسىنى تۈزەپ قويغانلىرى، مېنى گالستۇك تاقاپ يۈرۈشكە زورلاشلىرى، قاپىقىڭىز تۈرۈلۈپ قالسا يامان كۆرىمەن، دەپ بۇرنۇمنى چىمداپ شوخلۇق قىلغانلىرى... ھەممىسى بىر - بىرلەپ خىيالىمدىن كەچتى.

— نېمە بولغانسىز؟ بەكلا بىئارام بولۇپ كەتتىڭىز.

— ئۇنداق ئەمەسقۇ؟

— سىز تۈزۈك ئۇخلىمىغىلىمۇ ئۈچ كۈندىن ئاشتى، بىر يېرىڭىز ئاغرىمدۇ؟

پەردەنىڭ ھەرقاچان سالماق، ئېغىر - بېسىق كۆرۈنىدىغان كۆزلىرىگە قاراشقا بەرداشلىق بېرەلمەي غودۇڭشىدىم.

— نېمە بولدۇمكىن، سەل ئۇيقۇم ياخشى ئەمەس، داۋۇت قارىمدىن ئۇيقۇ كەلتۈرىدىغان دورىلىق چاي ئېلىپ ئىچەيمىكىن...

خوتۇنۇمنىڭ كۆزلىرى ماڭا سىرلىق ھەم سوغۇق كۆرۈندى. ئۇ مۇشۇ قاراشلىرى بىلەن مېنىڭ قاراڭغۇلۇققا پاتقان يۈرىكىمنى، يۈرىكىمدە كۆۋەجەپ، ئۆرىدەپ تۇرغان داشقال رەڭلىك نادامەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ گۇمان قىلىدۇ، ئەمما مېنىڭ لەيلىنى دەپ پارە - پارە بولغان يۈرىكىمنىڭ ھەسرەتلىرىنى مەڭگۈ چۈشەنمەيدۇ. لەيلى ئاتلىق بىر قىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ ئۇنىڭ نازۇك ۋۇجۇدىنى، ئۇنىڭ تەبەسسۇمىنى، لەۋلىرىدە مۇلايىم پارلاپ تۇرغان كۈلكىگە ئامراقلىقىمنى، ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن، پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ سۆيگەنلىرىمنى، لەيلى دېگەن ئىسمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، لەيلى دەيدىغان ئىسمى بار ئاشۇ قىزنىڭمۇ مېنى بارلىقى بىلەن، جېنى بىلەن، تېنى بىلەن سۆيگەنلىكىنى ئەبەدىي بىلمەيدۇ، بىلمەيلا جاھاندىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ جاھاندا مەن بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدىغان، يەنە خوتۇنۇم بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدىغان نۇرغۇن سىرلار بولۇشى مۇمكىن.

— ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، بولمىسا دورىنى مەن ئالغاچ كېلەي.
— مەيلى.
— ئەڭ ياخشىسى بىر نەچچە كۈن ئارام ئېلىڭ.
— ئىدارىدىكىلەر ئولتۇرغىلى قويمايدۇ، بارغاچ ـ كەلگەچ دورا ئىچسەم ياخشى بولۇپ كېتىمەن.
— بۇنىڭ ئىشى ئاسان، مەن دەم ئېلىش ئىسپاتى ئالغاچ كېلەي.
— ئۇنداق قىلىشىڭ هاجىتى يوق...
— ئۇنداق دېمەڭ، ماڭا سىز بۇ دۇنيادا ئەڭ مۇهىم... سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ...
مەن ئۇنىڭغا قاراپلا قالدىم.
— مەن هەر نېمە قىلسام سىز ئۈچۈن قىلىمەن.
پەرىدە شۇنداق دېگەچ سومكىسىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېگىز، زىلۋا بويى، مۇرىسىدىن يېيىلىپ دۈمبىلىرىنى يۆگىگەن چاچلىرى ئۇزاققىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. بايا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراشقا نېمىشقا بەرداشلىق بېرەلمىدىم؟ ئۇنىڭ كۆزلىرى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغاندەك قىلاتتى، خۇددى ئۇنىڭ قارا، قارا بولغاندىمۇ بەكلا قارىلىقىدىن خۇددى ياش لىغىرلاپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان كۆزلىرى ئارىسىدىن بىر مۇنچە يىڭنىلەر سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ نېمىگە بۇنچىلا نادامەت چېكىۋاتقانلىقىمنى ئەسلا بىلمەيدۇ. بىچارە خوتۇن، ئۇ مېنىڭ ئۇيقۇسىزلىقىمغا ئىچ ئاغرىتىپ دورا، دەم ئېلىش ئىسپاتى دېگەندەك نېمىلەرنىڭ غېمىنى قىلىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرىدۇ.
— ئايالىڭىز چىرايلىقمۇ؟
— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟
— سورىغۇم كەلدى.

مەن لەيلىگە جاۋاب بەرمىگەن ئىدىم. بىر زاماندا پەردە ماڭا جاھاندىكى جىمى ئاياللاردىن چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ-غا بولغان ئۆتتەك تەلپۈنۈشلىرىم بار ئىدى. مەن قاچانلاردا خو-تۇنۇمغا بولغان مۇشۇ تۇيغۇلىرىمنى يوقىتىپ قويغىنىمنى بىل-مەيمەن.

نېرىقى قورۇدىكى قوشنىمىزنىڭ يېڭىدىن توي قىلغان ئوغلى چىرايلىق خوتۇنىنى موتوسىكلىتنىڭ كەينىگە ئولتۇر-غۇزۇپ ئۆتتۇپ كەتتى. قىزنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى، زىلۋا قامىتى ناھايىتى شېرىن ھەم ئازابلىق بىر ئەسلىمىلەرنى يادىمغا سال-دى. خۇش پۇراق ئەتىرنىڭ يەڭگىل ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلغاندەك بولدى.

※ ※ ※

— ئىكرام، بۇياققا كېلىڭا ئۇكام.

مەرۇپ توختى بىلەن كۆرۈشمىگىلى خېلى كۈنلەر بوپتى-كەن، ئۇ خېلىلا جۈدەپ قالغان ئىدى. ئۇ بەلكىم ھەممە قاۋاقتا ھاراق ئىچىپ نېسى پۇلىنى بوۋىسىنىڭ نامىغا يېزىپ قويىدىغان نەۋرىسىدىن، يېقىندا دۇكان ئېچىپ ئۇنىڭدىنمۇ زىيان تارتىپ ئۆزىگە باتناپ قالغان قىز نەۋرىسىدىن رەنجىپ قالغان بولسا كېرەك، چىرايى ئۆمسە ئىدى.

— نەۋرىڭىزنىڭ ھاراق پۇلىنى تۆلىمىسىڭىز ئوبدان بولاتتى، بولمىسا ئۇ تۈزەلمەيدۇ.

— ئەمدى ئۇكام، خەققە قەرز بولۇپ قاپتۇ، كارىم بولمىسا بىر كىملەر ئۇرۇپ دەسسەپ ئەيىبناق قىلىپ قويامدىكىن، دەپ قورقىمەن، يەنە بىر تەرەپتىن مۇشۇنداق ئويناپ كۈلۈپ چوڭ بولسا ئوغۇل بالىچىلىقى بارراق چوڭ بولامدىكىن، دېدىم... بۇ گەپنى قويۇپ بىر قول ئويناپلىچۇ ئۇكام... تۇردى ياقۇپ دېگەن

گۈيمۇ چىقمىدى...

— خوش، مەن ئالدىرايتتىم.

مەرۇپ توختى بوينىنى قىسىپ قاراپ قالدى. پەرھاتنىڭ مەرۇپ توختى بىلەن تازا خۇشى يوق، نەۋرىلىرىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرسەم پەرھات ئاچچىق بىلەن:

— ئۇ بالىلارنىڭ مۇشۇنداق ئادەم بولۇپ قېلىشىدا ئاشۇ قارتىغا دۈم چۈشكەن قېرىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار، — دېگەندى.

— مەرۇپ توختىدىنلا كۆرۈپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، جاھانمۇ بۇزۇلۇپ كەتتى، تايانچى يوق ئادەمگە تەتۈرلۈك كەلگىنى كەلگەن...

— بۇ گېپىڭ قاملاشمىدى، — دېگەندى پەرھات، — مەن جاھاندىن باھانە ئىزدەيدىغان ئادەملەرگە ئەڭ ئۆچ.

چۈشتىن كېيىن ھاۋا ئىللىق ئىدى. ياندىكى ئۆيدە خوتۇنۇم ئۇزۇن بىر تېلېۋىزىيە فىلىمىنى بېرىلىپ كۆرۈۋاتاتتى. ئوغلۇم ئۆينىڭلى چىقىپ كەتكەن ئىدى. سىرتقا چىقتىم، تۇردى ياقۇپ، سادىر مۇقىيت يەنە بىر نەچچەيلەن ئۆرە تۇرۇشقىنچە بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم، سالاملاشتۇق.

— بىنا ئۆي دېگەن قانداق نېمە ئۇ؟ بىزنىڭ ئەخمەق بىنادىن ئۆي ئالىمەن، دەپ يۈرگۈدەك... مۇشۇمۇ ئىشمۇ؟ — سادىر مۇقىيت ئاچچىق بىلەن سۆزلەۋاتاتتى. باياتىن بېرى مۇشۇ توغرۇلۇق پاراڭ بولۇۋاتقان بولسا كېرەك.

— جاھاننىڭ تەقەززاسى شۇ بولۇپ قالدى، ياشلارنىڭ قايسى بىرى بىنا ئۆيگە كۆچۈشنى خالىمايدۇ؟ — دېدى تۇردى ياقۇپ.

— كۆچكەن بىلەن پۇل بولسا بولىدۇ ئۇنىڭغا، تاپقان پۇلنىڭ تايىنى يوق، بىناغا چىقىپ ئولتۇرغان بىلەن قاملاشمايدۇ ـ دە.

— بالاڭنى خېلى پۇل تاپتى دەپ ئاڭلايتتۇققۇ؟
— تېپىشنى تاپتى، تاپقان بىلەن ئۆي ئېلىپ نېمە قىلىدۇ؟ دەيمەن. بىنا دېگەن قاملاشمىغان ئۆي، يا قولۇم - قوشنىسىنىڭ تايىنى يوق.
سادىر مۇقىيت ھاسىراپ كەتكەندى. ئۇنىڭدا كاناي ياللۇغى بولسا كېرەك.
— بىنا ئالغاننىڭ زادى نېمىگە زىيىنى بار؟ خەقلەرنىڭ ھەممىسى شۇنىڭغا چىقىپ بولدىغۇ؟
— شۇنداقتىمۇ بولمايدۇ، بىنا دېگەن بەربىر قورۇ ئۆيگە يەتمەيدۇ، بىنا دېگەندە ئىچىدىغان سۇدىن تارتىپ خالا جايغا كىرسەڭمۇ پۇلغا ماڭىدىغان گەپ.
— ھەممە ئادەم شۇنداققۇ، بۇنىڭغا ئامال يوق... — دېدى تۇردى ياقۇپ بېشىنى قاشلاپ قويۇپ.
— ئامال يوق دېگەن نېمە گەپ؟ بىنا ئۆينى ئالمىسىلا بولمىدىمۇ؟ — دېدى سادىر مۇقىيت تۇردى ياقۇپقا ھومىيىپ.
تۇردى ياقۇپ يانچۇقىدىن تاماكىسىنى ئالدى، ئۇ ئالدىدىكى ئىككىيلەنگە خوش ئېتىپ باقتى، ھەر ئىككىسى چەكمەيدىغان بولۇپ چىقىشتى.
— ئەمما، بىنادىن ئۆي ئالغاننىڭ زىيىنى يوق، — تۇردى ياقۇپ ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرىدىغاندەك قىلاتتى.
— زىيىنى بولمىسا سەن چىقىپ ئولتۇرماسەن ئەمىسە؟ ساراڭمۇ نېمە بۇ...
— ساراڭ دېگەن سەن...
— ھېلى بىكار، بىر يېرىڭنى بىر قانداق قىلمەن سەن گۇينىڭ... مېنىڭ بالامنى بىناغا چىقىرىپ نېمە قىلماقچىدىڭ؟
— ما ساراڭنىڭ گېپىنى، بىنا ئۆي دېگەننىڭ نەرى يامان؟ بىر قويمەن ھېلى...
تۇردى ياقۇپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ رەقىبىگە گۆلەي-

دى.
— يامان بولساڭ كېلە... — دېدى سادىر مۇقىيت تۇردى ياقۇپنى بوغۇپ قويىدىغاندەك ھۆرپىيىپ.
— ئۇرۇشمىساڭلارچۇ، — دېدى جېدەلنىڭ ئاخىرىغا ئۇل-گۇرۇپ كەلگەن تاھىر زوردۇن، — ئىتتىپاقسىزلىق جىمى بالا-يى - بەتتەرلەرنىڭ نېگىزى، ئاسايىشلىق، خاتىرجەملىكنىڭ، ئورتاق گۈللىنىشنىڭ ھۇلىغا چۈشكەن مىتە قۇرت، قان قې-رىنداشلاردەك ئۆتەيلى...
— ۋاي ماڭغىنا نېرى... — دېدى تۇردى ياقۇپ، — سەن نەدىن كەلدىڭ ئەمدى قاملاشمىغان گەپلەرنى يادلاپ؟
— گېپىمنىڭ نەرى يامان؟ پايدىلىق گەپلەر بۇ. ئىنسان بۇ دۇنياغا مېھمان، بىر - بىرىنى ئەزىزلەپ ئۆتسە، مېھىر يەت-كۈزسە، بىر يەڭدىن قول، بىر يەڭدىن باش چىقارسا ئاندىن ئۇ-لۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ.
— بۇنداق گېپىڭنى ئاۋۇ ساراڭغا دەپ بېرە ماڭ بېرىپ، قۇلىقىمنى ئاغرىتماي... — دېدى تۇردى ياقۇپ ئاچچىق بىلەن.
تاھىر زوردۇن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى.
قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى زېمىنغا چىرايلىق سېپىلىپ تۇ-راتتى. مەن مۇزلىغاندەك بولۇپ قالدىم، تىترەك ئولىشىپ تې-نىم جۇغۇلداپ كەتتى.
قۇياشنىڭ يېقىملىق نۇرى زېمىندىكى يوللار، دەرەخلەر، ماشىنىلار، يېشىل چىملار ئۇستىدە چاراقلايتتى. دەرەخ يوپۇر-ماقلىرى شادىمان شىرىلدايتتى، قۇرۇپ كەتكەن ئېرىقلار، ئې-رىق قىرلىرىدىكى سارغايغان چىملار، قىياقلاردىكى غېرىبانە-لىق ماھارەت بىلەن سىزىلغان رەسىمدەك كۆزگە تاشلىناتتى. ياز بويى چىرايلىق گۈللەر ئېچىلغان گۈللۈكلەر ئارىسىدا قىپ-قىزىل ئېچىلغان لەيلى گۈللەر، سەبدە گۈللەر، ئوردا گۈللەر، يەنە نازۇك ھەشقېپىچەكلەر كۆزگە تاشلىناتتى... ئاشۇ گۈللەر-

نىڭ ئۇششۇك تەگكەن، شاخلىرى سۇنۇپ ئىچىنىشلىق ساڭ-گىلاپ تۇرغان، يوپۇرماقلىرى چىرىگەن، غوللىرى ئىزىلگەن ھالىتى كۆز ئالدىمدا گاھ - گاھ ئالمىشىپ تۇراتتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ قايسىسىنىڭ راست، قايسىسىنىڭ خىيالىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيلا قىلىۋاتاتتىم. ئالىم كىتابىنىڭ دىيىشىچە، بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك نەرسە يوقكەن، گۈللەرنىڭ قانچە بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىشلىرى ئۇنىڭ توزۇشقا شۇنچە يېقىنلاشقىنى ئىكەن. بۇ خىلدىكى گەپلەر پەرھاتقا تازا ياقسا كېرەك. كۆز ئالدىمدىكى دۇنيا بىلەن خىياللىرىم، ئەسلىمىلىرىم تامام ئارىلىشىپ كەتكەندى. بەزىدە دۇنيانىڭ نەزەرىدىكى مېنى پەرھاتقا ئوخشاپ قىلىۋاتقاندەك، مېنىڭ نەزەرىمدىكى دۇنيانى ھەم پەرھاتنىڭ نەزەرىدىكى دۇنيا بىلەن پەرقسىز بولۇپ قالغاندەك ئويلاپ قالاتتىم.

— سەن نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرسەن؟

پەرھات ئالدىنقى ھەپتە شۇنداق دېدى.

— ھېچنېمىنى، قانداق دەيسەن؟

— سەندىن ئەنسىرەپلا قالدىم، كۆزۈمگە ئوي خىياللىرى بىنورمال ئادەمدەك كۆرۈنۈپ قالدىڭ.

كۈلگۈم كېلىپ كۈلەلمىدىم. نېمە بولۇپ بىر - بىرىمىزدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالغاندىمىز؟ بىنورماللىققا يېقىنلىشىپ قالغىنىمىز قايسىمىز؟

كەچتە ئۆيگە كەلسەم ئوغلۇم چىرايىمغا تەشۋىشلىك قاراپ قويۇپ ئالدىمغا كەلدى.

— دادا، ماڭا توشقان ئېلىپ بەر.

مەن ئۇنىڭ سۆيۈملۈك تۇرقىغا قاراپ ئىچ - ئىچىمدىن ھەۋەسلىنىپ كەتتىم. ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم، مېنىڭ داۋامىم، ۋارىسىم ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ چىرايىدىكى مۇلايىملىقتىن خالىي جىددىي ھەم سوغۇقلۇق ماڭا پەقەت ياقمايتتى.

— بولمايدۇ.
— نېمىشقا؟
— ئۆيىمىز كىچىك، بۇ كاتەكتەك ئۆينىڭ نەرىدە توشقان باقاتتىڭ؟
ئوغلۇمنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك ھەم ئەلەم يەنىمۇ كۈچەيدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئىچ - ئىچىدىن توشقان بېقىشقا قىزىقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم.
— بىز پاتقان يەرگە توشقانمۇ پاتىدۇ.
— توشقان باقساڭ بولمايدۇ.
— نېمىشقا؟
— بۇنى سەن چۈشەنمەيسەن.
— ئاۋۇال سەن دەپ باق، نېمىشقا توشقان باقساق بولمايدۇ؟
— بىز ھايۋانلار بىلەن بىللە تۇرساق بولمايدۇ.
— توشقان دېگەن ھايۋان ئەمەس.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— توشقان دېگەن چىرايلىق جانىۋار، ئۇنى ھايۋان دېيىشكە بولمايدۇ.
ئوغلۇمنىڭ چىرايلىق قارا كۆزلىرى ماڭا ئۆچمەنلىك ھەم تەشۋىش بىلەن تىكىلگەنىدى. ئۇ توشقان باقمەن، دېگەن گەپنى دېگىلى خېلى بولدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ يول قويمىغىلى ئۇزۇن بولدى.
ئۇ توشقان باقسا بەكلا شادلىنىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۆزىنىڭ توشقانلىرى بىلەن بەكلا كۆڭۈللۈك ئويۇنلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، مەن ئۇنىڭ خىيالىدىكى ئاجايىپ ئويۇنلىرى، توشقىنى بىلەن قوغلاشماق ئويناشلىرىنى، بىللە ئۇخلاپ، بىللە مەكتەپكە بېرىشتەك چۈشلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەندەك قىلات-

تىم.

— مەن چوڭ بولسام چوقۇم توشقان باقىمەن.

ئۇنىڭ ئاچچىقتىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ئىختىيارىڭ، ئاۋۋال چوڭ بول، ئاندىن نىمە قىلساڭ مەيلى.

— مەن چوقۇم چوڭ بولىمەن.

كۆڭلۈمنى بىر تۈرلۈك غەشلىك قاپلىۋالدى. كىچىككىنە بالىنىڭ كىچىككىنە ئارزۇسى مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئەمەلگە ئاشمايۋاتاتتى. بىر بالىنىڭ توشقان بېقىشى ئاددىيلا بىر ئىش ئىدى. ئەمما، ئوغلۇمنىڭ بۇ ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلاندى، توشقان بىلەن مېنىڭ خۇشۇم بولمىغاچقا ئۇنىڭ توشقان بېقىشى ئەمەلگە ئاشمايۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ دۇنيا يارىلىشىدىن مۇشۇنداق، مېنىڭ ئارزۇيۇم يەنە بىرىنىڭ دىتىغا ياقمىسا مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. سەنمۇ بۇ دۇنيانىڭ مۇشۇنداق ئاجايىپلىرىغا كۆنۈشۇڭ كېرەك ئوغلۇم.

چىرايلىق سۆگەتنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ پىۋا ئىچىۋاتقان بىرنەچچەيلەن كۆزۈمگە چېلىقتى. ئۇلار تاماكا چېكىشكەچ مۇڭدىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. مەن ئۇلارنى مەقسەتسىز كوچا ئايلانغان، ئۆيىدىن زېرىكىپ سىرتقا چىققان يا بولمىسا سىرتقا ئوينىغىلى چىقىپ كەتكەن ئوغلىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارنى ئىزدەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا كۆرگەن بولۇشۇم مۇمكىن. پىۋىنى زېرىككەنلەر، ئىچى پۇشقانلار كەيپىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىچىدۇ. هاراق، نەشە، ناس، پىۋا، تاماكا... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ روھىنى، سەزگۈسىنى سۇسلاشتۇرۇپ دۇنيانى ئۇنتۇپ كېتىشكە ياردەم بېرىدىغان نەرسىلەر. مەن مۇشۇنداق ئويلايتتىم ھەم مۇشۇنداق ئويلايدىغانلىقىمنى خەقلەرگە دەپمۇ باققانىدىم.

دۇنيانى ئۇنتۇپ كېتىشكە ئۇرۇنۇشنىڭ كەينىدە قورقۇنچلۇق بىر نەرسە جەھەننەمنىڭ ھىدىنى تارقىتىپ تۇرىدۇ.

— خەق قانداق ئويلىسا نېمە كارىڭىز؟ تاماكا چېكىدىغانلار چېكىۋەرسۇن، ئىچىدىغانلار ئىچىۋەرسۇن، ناس سالىدىغانلارغۇ ئاساسەن يوقاپ كەتتى، بۇنىڭغا ئىچىڭىزنى پۇشۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە بىر زۆرۈرىيەت بىلەن پەيدا بولىدۇ، يەنە بىر زۆرۈرىيەت بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. سىز قارىغان نەرسىلەرمۇ، سىز ماختىغان نەرسىلەرمۇ شۇنداق...

ئوغلۇمنىڭ ئارزۇلىرى ھەققىدە خىيال قىلىپ قالدىم.

بۇ ئاجايىپ يارىتىلغان دۇنيا.

ئالىم كىتاب بىلەن پاراڭلىشىپ بېقىشنى خىيال قىلىپ كېتىۋاتسام مىجىت قارى ئۇچراپ قالدى. ئۇ مەھەللىدىن يوقاپ كەتكىلى خېلى بولغانىدى، بۈگۈن ئۇنى دوقمۇشتا ئۇچرىتىپ قالدىم. ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشتۇم.

— قانداقراق ئەھۋالىڭىز مىجىتكا؟

— چىقمىدى ئۇكام.

— نېمە چىقمىدى؟

— يەنە نېمە بولاتتى؟ بەش مىليونچۇ.

شۇ چاغدا ئېسىمگە كەلدى. مىجىت قارى خۇددى تۇگمەس بالاغا قالغان ئادەمدەك مەيۈس، غەمكىن ئىدى. ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىدى. بەزىلىرىمىز نېمىشقا مۇشۇنداق بولۇپ قالىدىغاندىمىز؟ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان نۇرغۇن ئادەملەر كۆڭلىرىنى پەرىشانلىق، نادامەتتە ئۆتكۈزىدۇ. مىجىت قارى يەتمىشكە تاقاپ قالغان ئادەم، بەش مىليون چىقتى دېگەندىمۇ ئۇ پۇلنى نېمە قىلار؟ نېمىگە ئىشلىتەر؟ چەت ئەللەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىمەن دەيدۇ، ئۇنداق نىيىتى بار ئادەمنىڭ بەش مىليوننى ساقلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. چوڭ شەھەرلەردىن جاي ئالىمەن، دەيدۇ، بۇنى نورمال ئارزۇمۇ دەيلى، ئەمما ئۇنىمۇ بەش مىليونغا باغلىۋېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

— بەش مىليون زادى چىقارمۇ مىجىتكا؟

— چوقۇم چىقىدۇ.
— چوقۇم دېگىنىڭىز نېمىسى، ئۇمۇ تەلەيگە باغلىق ئىش تۇرسا.
— ماڭا ئەمدى چىقمىسىمۇ بولماس، يەتتە يىل بولدى ئەمەسمۇ، يەتتە يىلدىمۇ چىقمايدىغان قانداق نەرسە ئۇ؟... چوقۇم چىقىدۇ.
مىجىت قارىنىڭ كۆزلىرىدە ئەلەم ئارىلاشقان بىر ئوت سىلغىيىپ تۇراتتى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. قولۇمدىن كەلسە مۇشۇ ئادەمگە بەش مىليون چىقىدىغان بېلەتتىن بىرنى توغرىلاپ بەرسەم يا بەش مىليوننى بەرسەم، يا بولمىسا يۈرىكىنى، كۆڭلىنى، روھىنى پۈتۈنلەي چىرمىۋالغان بەش مىليوننىڭ جىنىنى قوغلاپ چىقارسام... ئەمما، شۇ ھالدا مېنىڭ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلىشقا كۈچۈم يەتمەيتتى، قولۇمدىن كەلمەيتتى. بىقوۋۇللۇق ماڭا يېپىشقان ئەڭ ئەسكى كېسەلنىڭ بىرى ئىدى.
مەن شەكلىنى سۈرەتلەپ بېرەلمەيدىغان بۇلۇتلار، ئاۋازىنى دورىيالمايدىغان شاماللار، تەمىنى بىلگىلى بولمايدىغان سۇلار، مەن نەپەسلىنىۋاتقان ھاۋا، ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن تارىلىۋاتقان قاپقارا ئىستىن كېلىدىغان دېزىل ھىدى، ئاق ياغلىقىنى چۆكۈرۈپ چىگىپ غەمكىن كېتىۋاتقان ئايالنىڭ دەردى، قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلىشى، ھامان بىركۈنى ياغىدىغان يامغۇر، ئەتە ئۆگۈن تۇغۇلىدىغان ياكى مۇشۇ دەمدە تۇغۇلۇۋاتقان بوۋاقلار، مۇشۇ دەمدە دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ باقىيغا مېڭىۋاتقان ئادەملەر، جاھاننىڭ ئاللىقانداق بىر يەرلىرىدە قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچرىغان بەختسىزلەر، دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان پاراخوتلار، شىر، يولۋاسلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قېلىپ جان تالىشىۋاتقان جەرەن، بۆكەن دېگەندەك جانىۋارلار... مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى نۇرغۇن ئادەملەرگە نىسبەتەن ناتونۇش نەرسىلەر، ناتونۇش

تۇيغۇلار، ناتونۇش ۋەقەلەر، ناتونۇش ئادەملەر... مەن مۇشۇ ناتو-
نۇش نەرسىلەر ئارىسىدا ئۇلارغىمۇ ناتونۇش بىر تەرزدە مەۋجۇت
ئىدىم. دۇنيانى مەن چۈشەنمەيتتىم، دۇنيا مېنى چۈشەنمەيتتى.
كۈلكىنىڭ سەۋەبىنى، يىغىنىڭ ۋەجىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇشلى-
رىمنىڭ نەتىجىسىز بولۇپ چىقىشى، توختىماي پالاقلاشلىرىم،
پۇل، نام ـ ئاتاق، شان ـ شۆھرەت ئۈچۈن كېچىلەرنى ئۇخلىماي
ئۆتكۈزگەنلىرىم، تىرىشقانلىرىم، تەر تۆككەنلىرىم، كىملەرگى-
دۇر ئازار بېرىپ پۇشايمان قىلغانلىرىم... مۇشۇلارنىڭ ھەممى-
سى ۋاقتى كەلگەندە بىر تىيىنغا ئەرزىمەيتتى. مەنمۇ خۇددى
كەچكۈزدە قۇرۇپ تۈگەشكەن بىر تال سېرىق سەبدە گۈلدەك،
گۈللۈكتە ئۆلۈپ قالغان كېپىنەك، توڭلاپ قالغان بىر تال
قۇشقاچ، ياكى مەن كۆرمىگەن يىراق دېڭىزدىكى تورغا چۈشۈپ
قالغان لەھەڭ ياكى بۆرىگە يەم بولغان كىيىك بالىسى ياكى بول-
مىسا قارچىغىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ جان تەسلىم قىلىۋاتقان
توشقان كەبى دۇنيانىڭ مەن كەلگەن ئىشىكىنىڭ قارشى تەرد-
پىدىكى ئىشىكتىن مەن بىلمەيدىغان دۇنياغا ئۈن ـ تىنسىز
كېتىپ قالىمەن. مۇشۇلارنى ئويلاپ ھاياتنىڭ مەنىسىزلىكىنى،
دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن زىيادە ئاھ ـ ۋاھ دەپ كېتىشنىڭ
ئورۇنسىزلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. بۇلارنى مۇشۇ گەپلەرنى
چۈشەنگۈدەك ئادەمدىن بىرەرنى تېپىپ بىر دەۋالغان بولسام
كۆڭلۈم يورۇپ قالاتتى، ئەمما ئۇنداق ئادەمنى، بۇنىڭدەك گەپ-
لەرنى چۈشىنىشنى خالايدىغان ئادەملەرنى تاپماقنىڭ مۇمكىن
ئەمەسلىكىنى پەقەت بىرلا ئۆزۈم بىلىمەن.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دېدىم پەرھاتقا. تېلېفوندىن
سۇس گىژىلدىغان ئاۋاز كەلدى.

— ئون ئىككى مۇقامنى ئاڭلاۋاتىمەن، ئابلىز شاكىرنىڭ
ئاۋازى ئاجايىپكەن جۇمۇ.

پەرھات بىلەن خوشلىشىپ تېلېفوننى قويۇۋەتتىم. ئاجايىپ

ماھارەتلىك ئادەملەر بىز بىلەن بىر كۈندە بىللە ياشاۋاتىدۇ. مەن ياشاشنىڭ قانداق ئىشلىقىنى بىلەلمەي كېتىدىغاندەك قىلاتتىم.

نادامەت ئىچىدە ياشاشنىڭ ئەھمىيەتسىزلىكىنى تونۇپ يەتكەن چاغدا چۆچۈپ كەتتىم. چۆچۈشۈم نادامەت مېنى چىرمىۋالغاندەك ھالغا قالغانلىقىمنى كۆرگىنىمدىن ئىدى. ئارقىدىن نېمە بولسا بولسۇن بۇ دۇنيادا ئۈمىدسىز بىرمۇنۇتمۇ ياشىغىلى بولمايدۇ، دۇنيانى، ھاياتنى مەنىسىز دېيىشنىڭ ئۆزى ساراڭنىڭ خىيالى، مەن مەڭگۇ ساراڭنىڭ خىيالىنى قىلسام بولمايدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتىم. ئالىم كىتابنىڭ سۆزلىرى مۇشۇ خىياللىرىمنىڭ تېگى بولسا كېرەك.

— دۇنيانى بىمەنە دېيىشكە بولماس.

— ئەمەلىيەت شۇنداق تۇرسا.

مەن ئالىم كىتابنىڭ شۇ ھالدا مەست بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلغانىدىم.

— مەنىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىشمۇ، مەنىسىزلىكنى تۇگىتىپ ھەر دەقىقە ئۆمۈرگە مەنە بېرىپ ياشاشمۇ ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، ئادەمنىڭ ئۇلۇغلىقىمۇ شۇ يەردە.

بۇ گەپلەر ماڭا ئالىم كىتاب كىتابلاردىن يادلىۋالغان سۆزلەر بولۇپ تۇيۇلمىدى.

ئۆزۈمنىڭ خىياللىرىدىن، ئويلىرىمدىن كۈلۈپ كەتتىم. كۈلكەم قۇرغاق ئىدى، ئاۋازىم تولىمۇ بوش چىقتى. ئۆز ـ ئۆزۈمگە ناتونۇش ھەم سوغۇق كۆرۈنۈپ كەتتىم.

مېنىڭچە مېنىڭ ئازابىم يوق ئىدى. ئازابىمنىڭ بولماسلىقى مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئازابىم ئىدى. مەن بۇ خىياللىرىمنى بىرىكىمنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقىمەن. پەرھاتمۇ شۇنداق ئويلاپ قالامدىغاندۇ؟

قىزىل ئەديالغا ئورالغان بوپىنى يۇدۇپ كېلىۋاتقان مۇسا

قادىر بىلەن دوقمۇشتىلا ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇنىڭ ساقاللىرى ئۆسۈپ قالغان، سەل ئورۇقلاپمۇ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بېشىغا چوڭ كېلىپ قالغان شەپكىسىمۇ ئىسكەتىدىن كەتكەنىدى. سەمىمىي كۆزلىرى چىرايلىق كۈلۈپ تۇراتتى.

— توۋا ئاداش، ئەجەب بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق ھە... نېكەم بىز كۆرۈشمىگىلى، پەقەت ئىزدىيەلمىدىم سېنى، تاشلىشىپ كەتمەيلى جۇمۇ... ئەھۋالىڭ ياخشىدۇ؟

— ياخشى، سەنمۇ ئوبدان تۇرۇپسەن... نېمە بوپيا يۇدۇۋالدىڭ؟

— ئۆي كۆچۈۋاتقان ئاداش، پارچە-پۇرات نەرسىلەرنى ئېلىپ مېڭىشىم.

قار ياغقان قىش كۈنلىرى تۇمۇچۇق، تورغاي، قۇشقاچ دېگەندەك جۇغى كىچىك، جېنى كىچىك جانىۋارلار غازاڭ تاشلىغان دەرەخ شاخلىرىدا، ئەسكى تاملارنىڭ ئۇستىدە، ئېتىزلارنىڭ قىرلىرىدا دۈگدىيىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ. جاراڭلاپ تۇرغان سوغۇق ئۇلارنىڭ ئىسسىق جانلىرىغا تەھدىت سالىدۇ. تاشلاندۇق خامانلاردىن، سامانلىقلاردىن، قوناق يايغان ئۆگزىلەردىن ئوزۇق تېپىپ يېيىشكە كۆزى يەتمىگەن بۇ قۇشلارنىڭ تۇرقى شۇنداق بىچارە.

— قۇشقاچ تۇتايلى.

بىر توپ بالىلار غەلۋىر، ئەلگەك دېگەندەك نېمىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ چىقىپ كېلىشتى. ئۇلار يانچۇقلىرىغا قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك پارقىرايدىغان قوناقلارنى سېلىۋېلىشقان ئىدى. غەلۋىرلەرنى ئېتىزلارنىڭ بىرىيەرلىرىگە قويۇپ ئىنچىكە ئۇزۇن يىپلار بىلەن باغلانغان تىرەكتە يېرىم يۆلەپ قويۇپ ئاستىغا ھېلىقى ئالتۇندەك قوناقلارنى چېچىپ قويۇشىدۇ. نەپسى بالانىڭ دەردىدە قالغان قۇشلارغا قوناقلار شېرىن جانلىرىدىن تاتلىق بولۇپ سېزىلىدۇ. يىپلار تارتىلىدۇ، كىچىككىنە جانلار غەلۋىر-

نىڭ تېگىدە پالاقلاپ ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشىنىڭ كويىغا چۈشـ-
دۇ، قۇتۇلماقچى بولۇشىدۇ، جانلىرىنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن
تىپىرلىشىدۇ، ناھايىتى ئېچىنىشلىق تىپىرلىشىدۇ.
بالىلىقىمدىكى خاتىرىلەر يادىمغا يېتىپ قالدى.
— يەنە كۆچۈپسەندە، بۇ قېتىمقى ئۆيۈڭنى ياخشى دەۋاتاتـ-
تىڭ، نېمىشقا كۆچۈپ كېتىسەن؟
— ئۆيغۇ بولاتتى، بىراق ئىسسىمايدىغان ئۆيكەن ئۇ...
— يازدا ئۇ ئۆيىنىڭ ئىسسىمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟
— سۇرۇشتۇرسەم ئىسسىمايدىغان ئۆيكەن، قولۇم - قوشـ-
نىلىرى شۇنداق دېدى. شۇڭا سېتىپلا كۆچۈپ كەتتىم.
— ئاۋۋال ئۆزۈڭ بىر سىناپ باقماپسەن - دە.
— ئۆي كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا بولمايدۇ - دە. شۇڭا
كۆچتۇم، خوش مەن ماڭاي.
ئېغىر بوپىنى يۆدۈپ كېتىۋاتقان مۇسا قادىرنىڭ كەينىدىن
قاراپ قالدىم. ئۇنىڭ بوپىسى ناھايىتى ئېغىر بولۇشى مۇمكىن.
بىزنىڭ خۇدادىن تىلەيدىغىنىمىز يالغۇز سالامەتلىك، خاتىر-
جەملىك ۋە تىنچ ئامانلىقلا ئەمەس، بىز ئۈچۈن تېخىمۇ زۆرۈر،
تېخىمۇ مۇھىم بىر نەرسە بار ئىدى. ئۇ قەلبىمىزدە چىراغ بو-
لۇپ يانسا، نۇر بولۇپ دىل باياۋانلىرىمىزنى يورۇتسا، ئابى ھاۋا
بولۇپ يۇرەكلەرگە ئاراملىق بەرسە بولاتتى.
مەن شۇ نەرسە توغرۇلۇق جىق ئويلاپ كەتتىم.
پەرھات ئىزدەپ يۈرگەن سوئال تېپىلىپ قالسا، شۇ سو-
ئالنىڭ جاۋابلىرى ئارىسىدا مۇشۇ خىلدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ
قىلىشنىڭ يوللىرى بار بولۇشى مۇمكىن.
تۇيۇقسىز شامال چىقىپ چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى، قورۇ
ئالدىدىكى قەغەز پارچىلىرى، يالتىراق خالتا دېگەندەك نېمىلەر
ھەريان ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. ھاۋانىڭ ئەلپازىدىن يامغۇر ياغىدىـ-
غاندەكمۇ قىلاتتى. پات - پات مۇشۇنداق ھاۋا تەرەپبال ئۆزگىـ-

رىپ ھېلى يامغۇر، ھېلى مۆلدۈر ياغىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى.
— ھاۋانىڭ بۇزۇلۇشى خەتەرلىك ئىش، — دېگەنىدى ئالىم كىتاب بۇلتۇر توپا يېغىپ نەچچە كۈن ئۆتكەن بىر كۈنى ماڭا پاراڭ قىلىپ بېرىۋېتىپ، — ھەممىنى ئادەملەر قىلىۋاتىدۇ، كىچىككىنە نەپسىنى دەپ چوشقىدەك ماناپ، يەر يۈزىنىڭ ساق يېرىنى قويۇشمىدى، جاھاننىڭ نەرىگىلا بارساڭ ئوخشاش، ئاسمانىنىڭ قەرىدىن تارتىپ يەرنىڭ تېگىگىچە بۇلغانمىغان، بۇزۇلمىغان يەر قالمىدى. ئادەم دېگەن قىزىق مەخلۇقكەن، قىلىۋاتقانلىرى خۇددى چەكسىز دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزى ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كېمىنىڭ ياغاچلىرىنى، تاختايلىرىنى كېسىپ، سۇندۇرۇپ، قومۇرۇپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنغاندەك بىر ئىش. ئاخىرى كېمە بۇزۇلىدۇ، ھەممەيلەن غەرق بولىدۇ. بۇزۇپ، ماناپ تاپقانلىرىمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ ھالاك بولىدۇ.
— ئىسمايىل ئۆردەكنىڭ كۆلىنىڭ گېپىنى قىلامسەن ئالىم؟ — دېگەنىدى گەپنىڭ بېشى بىلەن ئاخىرىغا دىققەت قىلمىغان سادىر مۇقىيت كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — ئۇنىڭ كۆلىدىكى كېمە يېرىلىپ بۇزۇلغىلى ئۇزۇن زامان بولدى، ھازىر ئۇ كۆلدە كېمە يوق...
— ياق، باشقا گەپ، — ئالىم كىتاب ئويچان كۆزلىرىدىكى كۈلكىنى يوشۇرۇپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى، — بىرسىنىڭ كۆلىگە كېمە سالماقچى ئىكەن، شۇنىڭ پارىڭىنى قىلىۋاتىمىز.
— بىزنىڭ ئەخمەق كىم بىرسىنىڭ بېلىقلىق كۆلىنى سېتىۋالىمەن، دەپ يۈرگۈدەك پۇلنى بۇزۇپ...
توپا ئۆرلەپ تۇرغان يولدىن، دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن تۇماندەك ئۇچۇشۇپ يۈرگەن توپىلاردىن كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئالىم كىتابنى ئەسلەپ قالدىم.
مەن ئۆيگە ئالدىراپ مېڭىۋېتىپ قارىسام ئەرمۇدۇن تۇۋىدە مەرۇپ توختى يالغۇز ئولتۇرۇپ قارتا شىلاۋېتىپتۇ، پات ـ پات

بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇياق ـ بۇياقﻘا قاراپ قويياتتى. ئۇ مېنىڭ كېلىۋاتقانلىقىمنى كۆردى بولغاي، دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ يورغىلاپ مېڭىپ ئالدىمغا كەلدى.

— ئۇكا، ئىككى قول تارتىشىۋېتەمدۇق؟

— ياق بولدى، مەن ئالدىرايمەن.

— ئا... قويۇڭا ئالدىراشنى، بىر قول ئويىنىۋالايلى، نېمىگە ئالدىرايسىز؟ جاھاننىڭ ئىشلىرى ئالدىرىغانغا تۈگىمەيدۇ.

ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق ئايانچلىق ئىدى. تۇرقىدىن سەمىمىيلىكى، كۆڭلىدە كىر يوقلۇقى چىقىپ تۇراتتى. خۇدا قانداق بىر قارا كۈندە بۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە مۇشۇنچىۋالا شەيتان خۇمارنى سېلىۋەتكەن بولغىيدى؟ خۇمار دېگەن يامان نەرسە، ئادەمنىڭ روھىنى، ۋۇجۇدىنى چىرماپ كەتكەن مۇستەھكەم يىپقا ئوخشاش جاننى قىينايدۇ. خۇمارنى بېسىشنىڭ، كۆڭۈلدىكى تەقەززالىقنى بېسىشنىڭ چارىسى شۇ نەرسىگە ئېرىشىش. مەرۇپ توختى مۇشۇ ھالدا بۇ خۇماردىن مەڭگۈ چىقمىسا كېرەك. ئۇنىڭ بولۇمسىز نەۋرىلىرىنىڭ خاپىلىقىدىن پۇچۇلغان كۆڭلىگە ئىچىم ئاغرىدى.

— يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلىدۇ، سىزمۇ كىرىپ كېتىڭ.

— يامغۇر ياغسا بىزنىڭ نېمە كارىمىز؟ قارتىمىزنى ئويناۋېرەيلى.

— يامغۇردا قالىمىز.

— يامغۇردا قالغانغا نېمە بولاتتى؟ كېلىڭ ئوينايلى، قوللىرىم قىچىشىپ مېنىڭ...

— باشقىلار قېنى؟

— ھەممىسى كىرىپ كېتىشتى، خوتۇن ئىشتىنى گۆيلار دەڭا ھەممىسى، قورقۇنچاق، ئەر كىشى تۇرۇپ يۈرەكلىك ئىككى ئېغىز گەپ قىلالمايدۇ، خوتۇنلىرىنىڭ بىر نېمە دېيىشىدىن قورقۇشۇپ تىكىۋېتىشتى.

مەرۋپ توختى ناھەقچىلىقتا ئۆچرىغان ئادەمدەك بوينىنى قىسىپ قالغانىدى. ئۇ كۆڭلىدە ھەممەيلەن بىر بولۇپ ئۇنى بو-زەك قىلغاندەك، مازاق قىلغاندەك، قەستەن قارىتا ئويۇنغىلى ئۇ-نىماي جىلە قىلىۋاتقاندەك ئويلاپ قالسا كېرەك. چىرايى بەكلا بىرقىسما ئىدى، خۇددى جىق ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك.

— مەن ئويناشنى بىلمەيمەن.

— يا ئاللا ئۇكام، سىز بۇرنىڭىزنىڭ ئاستىغا نان يېمەمسىز؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— كاللىسى جايىدا ئادەمنىڭ ھەرقانداق ئۆگىنىپ بولىدۇ بۇ نەرسىنى. سىز نەچاغ مۇشۇنداق بىلمەيمەن دەپ يۈرگىلى...

— ئۆگىنەلمىگەنلىك ئەمەس، ئۆگەنگۈم يوق.

— قىزىق گەپ بولدى. نېمىشقا ئۆگەنمەيسىز؟

— ۋاقتىم يوق.

— ۋاقتىم يوق دەڭ، قارتا ئوينىغىلى ۋاقتىڭىز بولمىسا قانداق گەپ بۇ ئەمدى؟ توۋا... سىزنىڭ بىر يېرىڭىز بىر قانداق ئەمەستۇ؟

مەرۋپ توختىنىڭ قىسىلىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ باشقا گەپ قىلماي ئۆيگە قايرىلدىم. ئۇ يولنىڭ ئىككى بېشىغا قاراۋېتىپ ئەلەم بىلەن خىرىلدىدى:

— بۇ خەقنىڭ ھەممىسى ئۆلدىمۇ نېمە؟ بىر سائەتتىن ئاشتى، بىرسىمۇ يوق، ئەتىگەندىن بېرى ۋاقىت بىكارغا ئۆتۈپ كەتتى، مۇشۇمۇ كۈنمۇ؟...

مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا دېدىم:

— ئوينىمىسىڭىز نېمە بولىدۇ؟

— ساراڭدەك گەپ قىلماڭا ئۇكام، بۇنى ئوينىمىسا نېمە قىلىدۇ؟

مەرۋپ توختىنىڭ چىرايىدىكى ئۈمىدسىزلىك ماڭا باشقى-

چە بىلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا، چىرايىدىكى بىچارىلىك-كە، تىت - تىت بولۇپ تۇرۇشلىرىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىپ قال-دى. خۇمار دېگەن يامان نەرسە، ئىتتىنىڭ قاۋىشىغا، ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىغا، ئۆچكىنىڭ مەرىشىگە ئامراق ھەم خۇمار بولۇپ قا-لىدىغان ئىشلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئادەم دېگەننىڭ بۇ دۇنيادا ھەۋەس قىلمايدىغان، بىرلىمەيدىغان نەرسىلىرى ئاز، ئۆچ يا ئامراق بولىدىغان نەرسىلىرى بەكمۇ غەلىتە. تېلېۋىزوردا كۆر-سىتىلىشىچە، بىر ئاداش بۆرىلەر بىلەن بىللە ياشاشقا ئامراق-كەن، ئۇ بۆرىدەك ھۇۋلاپ، بۆرىدەك خام گۆش يەپ بۆرىلەر بىلەن بىر ئائىلە بولۇپ كېتىپتۇ. بۇمۇ بىر ھەۋەس، ئامراقلىق ئوخ-شايدۇ.

مەرۇپ توختى ھەققىدە ئويغا پاتقان بىرەيلەن يەنە ئالىم كىتابنى ئەسلەپ قالدى. مەرۇپ توختى، ئالىم كىتاب دېگەنلەر بىر مەھەللىدە، بىر كوچىدا ئولتۇرىدىغان ئادەملەر، ئىككىسى-نىڭ غەم قىلىدىغان، شادلىنىدىغان ئىشلىرى، ماڭىدىغان يول-لىرى، قىلىدىغان گەپلىرى، كۆرىدىغان چۈشلىرى، ئارزۇلىرى پەقەت ئوخشىمايدۇ. ئۇ گاڭگىرىغان ھالدا خىيالغا پاتتى. دۇنيا-نىڭ ھەسرىتىنى يۇدۇپ، پۈتۈن ئىنساننىڭ غېمىنى قىلىدىغان ئادەم ئۈچۈنمۇ بىر كۈن بىر كۈنگە تەڭ، مۇنۇ مەرۇپ توختى ئۈچۈنمۇ بىر كۈن بىركۈنگە تەڭ. ئىككىلىسىنىڭ قورسىقى بىر نانغا تويىدۇ، ئىككىلىسىنىڭ بەستى بىر كىشىلىك كارد-ۋاتقا سىغىدۇ. تارتقان جاپاسى، كۆتۈرگەن يۈكى، نادامىتى، كۆرگەن ھۇزۇر - ھالاۋىتى ئوخشىمايدۇ. ئوتتا تۇرۇپ كۆيگىنىد-نى، سۇدا تۇرۇپ تۇنجۇققىنىنى بىلمەيدىغان ئادەملەر بار.

ئۆيگە كىردىم، كۆڭلۈم نېمىشقىدۇر پەرىشان ئىدى. مۇشۇ كەيپىم بىلەن بىرەرسى بىلەن ئازارلىشىپ قېلىشتىن قورقات-تىم. مېنىڭ ھەممە نەرسەم تەل، يەيدىغىنىم، كىيىدىغىنىم بار،

خەجلەي دىسەم پۇلۇم بار، مۇڭداشقىلى دوستلىرىم بار، بىر ئوبدان ئۆيۈم بار، ئەمما يەنە نېمىگە ئىچىم پۇشۇپ قالغىنىمنى ھېچ بىلەلمىدىم. كۆڭلۈم يېرىم دىسەم يېرىم ئەمەستەك، بىر ئىشقا ئاچچىقىم كېلىپ قالدىمىكى دىسەم ئاچچىقلانغۇدەك ئىشمۇ يوق. نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ھېچنېمە كەم بولمىغان تۇرۇقلۇق بىرنېمە كەمدەك ھېس قىلساڭ، نېمىلىكىنى بىلەلمىسەڭ، يەيدىغان نەرسىنىڭ تولىلىقىدا ھېچنېمىنى يېيەلمەي، يېسەڭمۇ قورسىقىڭ تويمىغاندەك بولۇپ قالساڭ بۇمۇ قاملاشمىغان بىر گەپكەن.

— دادا، مەن قۇشقاچ بېقىشنى ئويلىشىۋاتقان.

— قۇشقاچ؟

— شۇنداق، قۇشقاچ.

— ما گەپنى، ئۇ ساڭا نېمىگە لازىم بولۇپ قالدى؟

— ئۆزى بەك چىرايلىق، مەن ئۇنىڭغا ئامراق.

— قىزىق گەپ، ئۇنداق نېمىلەرنى باقساڭ بولمايدۇ.

مەن ئۇھ تارتىپ قويۇپ ئورۇندۇقنى تارتتىم. ئورۇندۇق ئۈستىدە ئوغلۇمنىڭ چاپىنى تاشلاقلىق تۇراتتى. چاپاننى ئاچچىق بىلەن نېرىغا چۆرۈۋېتىپ ئولتۇردۇم. قەپەزدىكى قۇش... رەڭدار قۇشقاچ... شۇنداق چىرايلىق نەرسە... سايراشلىرى ھۇزۇرلۇق... ئوغلۇم شۇ نەرسىگە ئامراق بولۇپ قاپتۇ... نېمە قىلىشىمنى، قانداق قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. قىلىدىغان ھېچقانداق ئىش يوق، قىلىدىغان ھېچقانداق خىيال يوق، ئادەم ئۆزىنى قېتىپ قالغاندەك، پۇتۇنلەي ئاخىرلاشقاندەك، ئاخىرقى چەككە بېرىپ قالغاندەك، ئاخىرقى نۇقتىغا دەسسەپ تۇرغاندەك ئويلاپ قالسا قورقۇنچلۇق ئىش بولاتتى. ئۇچالمايدىغان قۇش، ئاقالمايدىغان سۇ، ئېچىلالمايدىغان گۈل كەبى.

— ئوغلۇم ماڭا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— نېمىشقا بولمايدۇ؟
— ماڭا ياقمايدۇ.
— ساڭا ياقماسلىقى سېنىڭ ئىشىڭ، ئەمما ئۇ ماڭا ياقىدۇ.

ئون ياشتىن ئېشىپ قالغان ئوغلۇمنىڭ ئۆزىنىڭ دۇنياسى باردەك قىلاتتى. ئۇنىڭ دۇنياسى ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە قۇرۇلغان دۇنيا ئىدى. ئۇ شۇ يەردە نېمە قىلسا ئۆزىنىڭ ئىشى، نېمە دېسە ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ دۇنياسى مېنىڭ قاماللىقىمدا ئىدى، ئۇ بۇنى چۈشەنمەيدىغاندەك ھەم چۈشەنسىمۇ قوبۇل قىلالمايدىغاندەك قىلاتتى. بۇنىڭغا ئامال يوق، دۇنيا مۇشۇنداق، ھەر كىم نېمە قىلىشنى خالىسا شۇنى قىلىدىغان ئىش نەدە بولسۇن؟

— بۇ گېپىڭ قاملاشمىدى، بۇ ئۆيدە مېنىڭ دېگىنىم ھېساب، يەنە سوراپ باقاي، سەن ئۇنى نېمىدە باقماقچى؟
— ئەلۋەتتە قەپەزدە باقىمەن.
— قۇشقاچقا ئامراقمەن دەيسەن، ئۆزۈڭ ئامراق بىر نەرسىنى قەپەزگە سولاپ جېنىنى قىيىنساڭ قانداق بولىدۇ؟

ئوغلۇم ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ غۇدۇرىدى:
— ئۇ قەپەستە راھەت كۈن كۆرىدۇ، يەيدىغىنى، ئىچىدىغىنى تەييار، ھېچنېمىدىن غەم قىلمايدۇ، ئاپتاپ يا سوغۇق كۆرمەيدۇ.
— ئىشقىلىپ باقساڭ بولمايدۇ.
— نېمىشقا؟
— دېدىمغۇ، باقساڭ بولمايدۇ، ئۇنىڭ جېنىنى قىيناپ قويسەن، بىر چىرايلىق جانىۋارنى قەپەسكە سولاپ تاماشا قىلىش رەھىمسىزلىكقۇ؟
— مېنى ئۆزۈڭنىڭ قەپىسىگە سولاپ قويغىنىڭ رەھىمسىزلىك ئەمەسمۇ!؟

چۆچۈپ كەتتىم، ئۇنى بۇنداق گەپ قىلار، دەپ ئويلىمىغا-
نىدىم. ئۇنىڭ ماڭا سوغۇق ھەم ئويچان قارايدىغان كۆزلىرىگە
قاراپ ھەيران قالاتتىم، ئەسلىي ئۇنىڭ يۈرىكىدە غەلىيان ھەم
قارشىلىقنىڭ تىكەنلىرى ئالىلىبۇرۇن كۆكلەپ كىشىگە ساز-
جىلغۇدەك، بىئارام قىلغۇدەك، تاپانغا سانجىلىپ ئاقساتقۇدەك،
كۆزگە سانجىلىپ يىغلاتقۇدەك بولۇشقا ئاز قالغاندەك قىلاتتى.
— ئاغزىڭنى يۇم.
— مەن پەقەت چۈشەنمىدىم. سەن مېنى قاچانغىچە مۇشۇن-
داق قاماپ تۇرماقچى؟
— قاماپ؟
— شۇنداق، ئۆزۈڭنى، ئۆزۈڭنىڭ قىلغانلىرىنى ئويلاپ
باق.
ئۇ شۇنداق دەپلا ئىشىكنى يېپىپ سىرتقا ماڭدى، مەن
جىممىدە تۇرۇپ قالدىم. ئۇ تالاغا چىقار بولسا ماڭا دەپ قويۇشى
كېرەك ئىدى، ئەمما ماڭا دەپ قويۇشنىڭ، مەندىن سورىشىد-
نىڭ، مېنىڭ ئىجازىتىمنى ئېلىشنىڭ پەقەت ئورنى قالمىغاند-
دەك ناھايىتى بىمالال، ناھايىتى ئەركىن ھالدا ئىشىكنى يېپىپ
سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتاتتى.
مەن جايىمدا قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتىم. ئۇن نەچچە
ياشقا كىرگەن بالىنى چوڭ ئادەم دېگىلى بولمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ
گەپلىرى، قاراشلىرى چوڭ ئادەمنىڭكىگە ئوخشاش قاتتىق ھەم
يىرىك، سەبىيلەرگە، بالىلارغا خاس يۇمران، يۇمشاقلىق ئاخىر-
لىشىپ قالغاندەك قىلاتتى.
خۇدا بۇيرىسا مەن كۆرىدىغان كۈنلەر باركەن تېخى. مەن
ئۇنىڭغا نېمىشقا يول قويالمايدىغاندىمەن؟ سىرتقا چىقىپ كىر-
گۈم بار ئىدى. ئەمما، ئاستا بېرىپ ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ
قويدۇم.
مەھەللىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كېلىپ توختاپ قالدىم،

يول بويىدا هارۋىسىغا مىۋە ـ چىۋىلەرنى چىرايلىق تىزىپ ئول-تۇرغان يىگىتنىڭ قىياپىتى دىققىتىمنى تارتتى. ئۇ دوپپىسىنى سەل سىڭايانراق كىيىۋالغانىدى. هارۋىدىكى ئالما، ئاپىلسىن، ئۈزۈملەر سولىشىپ تۇراتتى. بىر نەچچە سېرىق ھەرە مىۋىلەر-نىڭ ئەتراپىدا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. يىگىت كىشىگە خۇددى چوڭقۇر خىيالغا پاتقاندەك تەسىر بېرەتتى. ئەت-راپتىكى ۋاڭ ـ چۇڭ، تاراق ـ تۇرۇقلار، ماشىنىلارنىڭ قۇلاققا زەھەر قۇيغاندەك ئاڭلىنىدىغان يېقىمسىز سىگنالىلىرى ئۇنىڭغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدىغاندەك قىلاتتى.

شۇ ھالدا بىر ـ بىرىنى پەقەت تونۇمايدىغان ئىككى ئادەم غېرىبلىقنىڭ بەدرەڭ تۇتەكلىرى ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ غېمى بىلەن تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىدىن بەكلا مەيۈسلىنىپ كەتتىم. ئۇ شۇ ھالدا خىيالغا پاتقىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇرات-تى. باققاللاردا بولىدىغان شوخلۇق، قىزغىنلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. كونىراپ كەتكەن دوپپىسى كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈ-نۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا ئون سوم پۇل خەجلەپ دوپپىدىن بىر-نى ئېلىپ بەرسەم يامان بولمايدۇ، ئەمما ئىش يۈزىدە ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. دوپپىنى ئالماق ئاسان بولغان بىلەن مۇنۇ يىگىتنىڭ دوپپىنى قولىغا ئېلىشى، بېشىغا كىيىشى، ئاندىن ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى ياكى مېنى دىۋانە كۆرۈۋاتىدۇ، دەپ دوق قىلىشلىرىغا، ياكى خۇش ياقمىغاندەك مۇنداقلا قاراپ قويۇشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلارغا بەرداشلىق بەر-مەك، شۇ جەرياننى تامامىلىماق تەس. مېنىڭ كۆزۈمگە نۇرغۇن ئادەملەر تولىمۇ بىچارە، ئامالسىز، غېرىب ـ غۇرۋا كۆرۈنىدۇ، مەنمۇ بەزىلەرنىڭ كۆزىگە بىرقىسما كۆرۈنۈپ قالىدىغاندىمەن، ماڭىمۇ ئىچ ئاغرىتىدىغانلار، ماڭىمۇ ئۇنداق يا مۇنداق دەپ باھا بېرىپ يۈرىدىغانلار بولۇشى مۇمكىن. ئادەم دېگەننىڭ بۇ دۇنيادا ئەڭ قىزىقىدىغىنى ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇ-

شى، سۆزى ھەم خۇپىيانە ئىشلىرى بولۇشى مۇمكىن.
تېلېفونۇم سايراپ كەتتى، قارىسام پەرھات ئىكەن.
ــ كەچتە نېمە ئىشىڭ بار؟
ــ ھازىرچە باشقا ئىش يوق، قانداق دەيسەن؟
ــ بىزنىڭكىگە دىككىدە بىر كىرىپ كەتكەن بولساڭ بوپ-تىكەن.
ــ نېمە ئىشتى؟
ــ ئاۋۋال كىرگىن، دېيىشىدىغان گەپ بار.
مەن كەينىمگە قايرىلىپ ھېلىقى يىگىتكە قارىدىم. ئۇنىڭ غەمكىن تۇرقى كۆڭلۇمنى بىسەرەمجان قىلىپ قويۇۋاتاتتى.
پەرھاتنىڭ بىچارە ھالى بىلەن مېنىڭ پەرقىم بارغانسېرى ئازلاۋاتقاندەك قىلاتتى. پەرھاتقا نېمە بولدى؟ بەلكىم پەرىدەنىڭ كېتىپ قېلىشى ئۇنى شۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغاندۇ، يەنە باشقا سەۋەبلىرى باردۇ. پەرىدەنىڭ كېتىشى بىلەن ئۇ ئۆزىنى تاشلى-ۋەتتىمۇ يا ئۇ ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ پەرىدە كەتتىمۇ؟...
پەرھاتنىڭ ئۆيى قالايمىقان ئىدى. كارىۋاتتا كىيىم - كې-چەكلىرى چېچىلىپ ياتاتتى، كىيىملەر ئارىسىدا ۋاراقلىرى پۇرلىشىپ كەتكەن ژۇرناللار، بىر نەچچە پارچە كىتاب يەنە گې-زىت، قەغەز دېگەندەك نېمىلەر تۇراتتى. چاي شىرەسىدىكى تەخسىدە ئېشىپ قالغان لەڭمەننىڭ قالدۇقى قېتىشىپ كەتكە-نىدى.
ــ ئۆي مۇشۇنداق قالايمىقان، ــ پەرھات ماڭا سافانى ئى-شارە قىلغاچ شۇنداق دېدى.
ــ پەرىدەنى قايتۇرۇپ كەلسەڭ بولاتتى.
ــ قويغىنا.
ــ ھەمىشە مۇشۇنداق دەيسەن، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
ــ ئۆزۈم بىلمەن، بولدى، بۇ گەپلەرنى قويايلى... ئاداش، بۇنداق ئىش بولغاندىكىن ماڭا دېسەڭ بولمامدۇ؟

— نېمە بوپتۇ؟

پەرھات كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ سافادا سىڭايان ئولتۇر-دى. ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەنىدى. ئورۇق يۈز-لىرى تاتىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، يوغان كۆزلىرى بۇرۇنقى-دەكلا تۇمانلىشىپ تۇراتتى. بىر چاغلاردىكى سالاپەتلىك پەرھات-نىڭ تۇرقى كۆز ئالدىمغا كەلدى، ئۇنى شۇ ئەپتىگە قايتۇرۇش-نىڭ ئامالى بارمىكىن؟

— قىمار ئويۇنىغانمىدىڭ يا باشقا بىر ئىش بولدىمۇ؟

— نېمىنى دەيسەن؟

— بىر پاتمان پۇلغا قەرزگە كىرىپ قاپتۇ، دەيدىغۇ سېنى؟ قىمار دېگەنگە يېقىن بارغۇلۇق ئەمەستى ئەسلى، قىمارنىڭ كا-ساپىتىدىن ۋەيران بولغان ئادەملەر ئازمۇ؟

— كىم قىمار ئويناپتۇ؟ نومۇسۇمنى كەلتۈرمە، ھەرقانچە بولۇپ كەتسەممۇ، مەن ئۇنداق تايىنى يوق ئىشنى قىلمايمەن.

— ئەمىسە شۇنچە قەرزلەر نەدىن كەلدى، نېمىشقا قەرزگە بوغۇلۇپ قالىسەن؟

نېمە دەيدۇ بۇ؟ قەرزگە كىرىپ قاپسەن، دېگىنى نېمە دېگى-نى؟ بىر پاتمان پۇل دېگەن قانداق پۇل ئۇ؟ ناھايىتى جىق پۇل بولۇشى مۇمكىن، مېنىڭ قەرزدار بولۇپ قېلىشىم تامامەن مۇمكىن، ھەر زامان قەرزگە بوغۇلۇپ مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەي جاھاندىن ئۆتۈپ كېتىشىمىز ھەم مۇمكىن، بۇنىڭغا پەقەت خۇدا ئۆز پاناھىڭدا ساقلا، دەپ تىلەشكە مەجبۇرمىز. ساقايماس كې-سەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن، بىرەرسىنىڭ ساقايماس كېسەلگە ياكى مېيىپ بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىش-تىن، قان - قېرىنداشلار، خوتۇن، بالا - چاقىلارنىڭ شۇنداق بىر سەۋەبتىن بىرەر بالاغا يولۇقۇپ قېلىشىدىن خۇدا ساقلى-سۇن. شۇنداق بولۇپ قالسا بىر پاتمان ئەمەس بىرنەچچە پاتمان قەرزگە بوغۇلۇپ تۈگىشىپ كېتىدىغان گەپ. يەنە قارا بېسىپ

شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ھېلىقى قىمار دېگەننى ئويناپ سې-لىشىمىزمۇ مۇمكىن. مۇشۇنداق خېيىم - خەتەرلەر، بالايىبەت-تەرلەر بىزنىڭ يېنىمىزدا، كۆز ئالدىمىزدا، تاپىنىمىزنىڭ ئاس-تىدا، پېشانىمىزنىڭ ئۇدۇلىدا بىزگە قادىلىپ، بىزگە سۇۋۇد-شىپ، پۇتلىشىپ تۇرىدۇ. بىز ئۇ نەرسىلەردىن ئەگىپ، ئۆزد-مىزنى قاچۇرۇپ، نېرى بولۇپ يۇرۇشكە، بىزگە چاپلىشىۋېلىد-شىدىن، يېپىشىۋېلىشىدىن، يولىمىزغا توغرا تۇرۇۋېلىشىدىن ئىمكان بار ساقلانمىساق بولمايدۇ. مەن پەرھاتنىڭ ماڭا تىكىل-گەن، مانانلىشىپ كەتكەن يوغان كۆزلىرىگە قارىدىم. ئۇنىڭ بوي - بەستىدىن، پۇتۇن تۇرقىدىن، ھەر بىر تىنىقىدىن، ھەر بىرقارىشىدىن مىڭلارچە غەم تۆكۈلۈپ تۇراتتى. مەن كۈلۈپ قو-يۇپ دېدىم:

— ۋاي قويغىنا، ئىنسانچىلىقتا قەرز دېگەن بولۇپ تۇرد-دۇ، بۈگۈنكى كۈندە كىمنىڭ قەرزى يوق؟

— ما گەپنى، نەچچە مىليوننىڭ گېپى تۇرسا بۇ... ئىند-سانچىلىقتا بولۇپ تۇرىدۇ دەيسىنا؟

پەرھات ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۆينى بىر چۆرگىلەپ يە-نە جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— يوق گەپنى قىلما، ئۆي ئالىمەن دەپ بىرەر يۈزمىڭچە قەرز ئالدىم شۇ، قەرز دېسە شۇ قەرزىم بار.

— ئۆي ئېلىش ئۈچۈن سەنلا ئەمەس ھەممە ئادەم قەرز ئا-لىدۇ، قەرز بولمىغان كىم بار؟

— شۇ ئەمەسمۇ، بۇنىڭغا نېمانچە تېنەپ كەتتىڭ؟

پەرھات قولىدىكى تاماكىسىنى كۈلدانغا كۈچەپ بېسىپ مىجىۋەتكەندىن كېيىن ئۇھ تارتىپ قويدى.

— بىرەر يۈز مىڭ بولسا كارى چاغلىق، بۇنى چۈشەندۈر-گىلى بولىدۇ، مىليونلاپ بولۇپ قالسا بۇ كاشال ئىش جۇمۇ ئا-داش... نېمە دەپمۇ ئويىنغانسەن شۇ نەرسىنى؟...

مەن چۆچۈپ قالدىم، ناۋادا راستىنلا پەرھات دېگەندەك ئىش بولۇپ مىليونلاپ قەرزگە كىرىپ قالسام مېنىڭ ھالىم قانداق بولۇپ كېتەر؟ مەن شۇنداق قورقۇنچلۇق قەرز ئالدىدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرەلەرمەنمۇ؟ كىشىلەر ئالدىدا خار بولۇپ كېتەرمەنمۇ؟ ئاللاھ ھەركىمنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. مەن بىردەم جىم بولۇپ قالدىم. بىر تۈرلۈك ئەنسىزچىلىك كۆڭلۈمگە قارا تۇمان بولۇپ يېپىلىۋاتاتتى.

— مەن نېمىشقا مىليون قەرزگە كىرىپ قالغۇدەكمەن؟
— مەنمۇ شۇنى بىلەي دېگەن.
— بۇنداق ئىش يوق.
— قانداق ئىش يوق؟
— مىليون قەرزگە كىرىپ قالغان ئىش يوق. بۇ گەپلەرگە ئىشەنمە.

ئەنسىز بىر تۇيغۇ كۆڭلۈمنى قارا قىلىۋاتاتتى. خۇددى شۇنداق بىر پالاكەتچىلىك ماڭا قاراپ كېلىۋاتقاندەك، بىرەر تەتۈر قىسمەت، تايىنى يوق باھانە بىلەن شۇنداق كۈنگە قالارمەنمۇ؟ دېگەندەك بىر كۆلەڭگە كۆڭلۈمنى ئەسكى قىلىپ ئۆتتى.

— ھەر ئىش بولسا بار مەسلىھەت بىر ئىش قىلارمىز، يوشۇرمىغىن جۇمۇ...
— يوشۇرمىدىم، راست ئۇنداق ئىش يوق.
— قىمار دېگەن ئائىلىنى ۋەيران قىلىدىغان نەرسە، ئىكرام دۆلەت قىمار ئويناپتۇ، دېسىمۇ سەت تۇرىدىكەن، بۇ گەپ خۇددى ماڭا دېيىلگەندەك.
— دېدىمغۇ ساڭا، مەن ئەزەلدىن قىمار ئويناپ باقمىغان، ئۇ نەرسىنى يامان كۆرىمەن، ئۇنداق ئىش يوق.

بالىلىق چاغلىرىمنى شۇنداق ئەسلىگۈم بار ئىدى. شۇ چاغدىكى كۈنلىرىم قانداق ئۆتكەن بولغىيدىكىن؟ ئېسىمدە يوق، ھەر بىر كۈنۈمنىڭ، ھەر بىر سائىتىمنىڭ خاتىرىلىرى

ھازىر ئېسىمدىن چىقىپ كەتكەن. بولۇپمۇ، مۇشۇنداق چاغدا ئەسكە ئالماق تەس، يادىمغا ئالالىغان بولسام يەڭگىللەپ قالغان بولاتتىم.

— قەرز دېگەن ئادەمنى بەكلا بىئارام قىلىدىغان نەرسە، بولۇپمۇ مىليون پۇل دېگەن ئاز گەپ ئەمەس، ئورنى يوق مۇشۇنداق قەرزگە كىرىپ قالغان بولساڭ تۇگىشىپ كېتەرمۇ؟ دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ئەنسىرىمىگىن، ئۇنداق ئىش يوق.

— ئەمىسە بۇ گەپ نېمىشقا تارقىلىدۇ؟ بۇ پەقەت ئاساسسىز گەپ ئەمەستۇ؟ كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا دېگەن گەپ بارغۇ؟

— ۋاي ۋۇي، بولدى قىلە، كەچلىك تاماق يېدىڭمۇ؟

— ياق تېخى، ئاۋۋال ماۋۇ مۇھىم گەپنى قىلىشىۋالايلى.

— قىلىشقۇدەك گەپ يوق، يۈر، بىزنىڭكىدە تاماق يەپ چىق.

— بولدى، مېنىڭ شۇ ھالدا تاماق يېگۈممۇ يوق، ئىكرام، ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا يوشۇرمىغىن.

مەن پەرھاتنىڭ ئۆيىدىن بىرسى كەينىمدىن ئىتتىرىۋەتكەندەك ئىتتىك چىقىپ كەتتىم. كۇننى كۇنگە ئاران ئۇلاۋاتقان مۇشۇ كۇنلەردە قەرزگە كىرىپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن، قەرزگە كىرىپ قالدى، دېگىنى نەس باستى دېگەن شۇ. قىمار ئويناپتۇ، دېگەن گەپكە قېلىشمۇ خۇددى قەرزگە كىرىپ قالغاندەك ئوسال ئىش. تېلېۋىزورلاردا، رادىيولاردا بەزى ئادەملەرنىڭ قەرزگە كىرىپ قېلىپ، قەرزنى تۆلەش جەريانىدا نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېگىپ، پىشىپ تاۋلىنىپ، ئاخىرى ناھايىتى كاتتا زەردارلارغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە بىر نېمىلەرنى خەۋەر قىلىشىدۇ، داۋراڭ سېلىپ كۆككە كۆتۈرۈشىدۇ، ئۇلارغا مۇبارەك بولسۇن، ياشاپ، باراقسانلىسۇن، ئەمما بۇلار قەرزگە

بوغۇلۇپ قالغان، نامراتلىشىپ كەتكەن، قىيىنچىلىقتا قالغان، كۆنى تەس مىليون ئادەمنىڭ ئىچىدىن نەچچىسى شۇنداق چىقىپ قالىدۇ. ھەممىلا ئادەمگە قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئاخىر كاتتا ئادەم بولىدىغان شەرەپلىك تەقدىر نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. مۇشۇ ھالىمدا تۆگىمەس خاپىلىقتا قېلىپ بىر كۆنلەردە كاتتا ئادەم بولالايدىغان خاراكتېرمۇ، جۈرئەتمۇ، شۇنداق بىر جاسارەتمۇ مەندە يوق. مەندەك ئادەملەر بارىغا شۈكرى قىلىپ، سېرىقتال بولسىمۇ تىنچ، خاتىرجەم ئۆتۈشكە يارالغان. ئاشۇنداق غالىبلارغا مۇبارەك بولسۇن، قانداق قىلسامۇ مېنىڭ بۇ ھالىمدا باشقىچە بىر نەتىجىگە ئېرىششىم مۇمكىن ئەمەس، پەرھات دېگەندەك يامان كۈنگە قالسام... بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىنمۇ قورقىمەن.

ئۆيگە كىردىم، ئۆيۈم تولىمۇ ئىللىق ھەم ئازادە بىلىندى.

※ ※ ※

ئىسمىم پەرھات، ئىسمىمنىڭ پەرھات بولۇشى ھېچنېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. مەن بەزىدە ئىسمىمدىن گۇمان قىلىمەن.

— لەيلى.

مەن مۇشۇ ئىسمنى تالاي قېتىم چاقىرغان، كۆڭلۈمدە تالاي يادلىغان.

ئىكرامنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتقاندەك قاراشلىرىغا پەقەت كۆنەلمەيۋاتىمەن.

— شۇنداق بىر شېئىر بار، «خانەم ئىچرە ھەممە نەرسەم تەل تولۇق، كۆڭلۈم يېرىم پۈتۈنلەشكە سەنلا يوق»، ئوقۇغانمىدىڭ؟

— ياق، مەن ئادەتتە شېئىر ئوقۇپ كەتمەيمەن، — دېدى

ئىكرام.

— بەلكىم ئالىم كىتاب ئوقۇغان بولۇشى مۇمكىن.

— توغرا، ئۇنىڭ ئوقۇمايدىغان نېمىسى يوق. «يېگانە ئا-رال» دېگەن كىتابنى ئوقۇۋېتىپتىكەن، مېنىمۇ ئوقۇساڭ بولات-تى، دېدى.

— توغرا دەپتۇ، زادى بىر ئوقۇپ قويىدىغان كىتاب ئۇ.

— سەن نېمە دەپ ھېلىقى شېئىرنى يادلاپ قالدىڭ؟

— بەزىدە ئادەم خۇددى مۇشۇ شېئىردا دېيىلگەندەك بولۇپ قالىدۇ.

— بىرەر قىزنىڭ گېپىنى قىلغان شېئىرمۇ نېمە بۇ؟

— شۇنداق دېسەڭمۇ بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە كۆڭلۈڭ يېرىم بولغاندا كۆڭلۈڭدە نېمە كەم بولسا شۇ، دەپ چۈشەنسەڭمۇ بولى-دۇ.

ئەتىگەندىن بېرى ئاشۇ شېئىر نەچچە قېتىم يادىمغا يەتتى. كۆڭلۈم نېمىشقا يېرىم؟ نېمىگە يېرىملىقىنى بىلىمەن، لەيلى-كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ، لەيلىنى ئۇنتۇپ كەتسەم بولاتتى، دې-گەن گەپنى قىلىپ باقمىدىم، شۇنداق خىيالدا بولۇپ باقمىدىم. بۇنداق ئويلاشقا، بۇنداق گەپنى دېيىشكە، شۇنداق ئارزۇدا بو-لۇشقا جۈرئەت قىلالمايمەن ھەم ۋىجدانىم يول قويمايدۇ. لەيلىنى ئۇنتۇپ كېتىش مەن ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئىش بولۇشى مۇم-كىن. ئۇنى ئۇنتۇپ كەتسەم ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلىپ تىكەن-دەك يالغۇز قالىمەن. پەرىدە يېنىمدا تۇرغاندا لەيلىنى سېغىن-سام، لەيلىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم خۇددى بىر سىگە يۈز كېلەلمەيدىغاندەك بولۇپ قالاتتىم. خوتۇنۇم ئۆتمۇشۇمنى بىل-سە، مېنىڭ مۇشۇ ئاي مۇشۇ كۆڭلەردىكى ئوي - خىياللىرىمنى بىلىپ قالسا قانداق ئويلاپ قالار؟ دەپ ئەندىكىشتە قالاتتىم.

— نېمە ئىش قىلدىڭىز؟

— سىزنى ئويلاپ شۇ؟

— راستمۇ؟
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟
لەيلىنىڭ پىراقىدىن چۇچۇلا بولغان يۈرىكىم بىلەن ئايا-
لىمغا مېھىر بېرەلىشىم ناتايىن ئىدى.
مەن ئۇچۇن جان كۆيدۈرۈۋاتقان پەرىدەگە يۈز كېلەلمەيدى-
غاندەك قىلاتتىم.
ئادەمنىڭ مۇرەككەپلىكى بۇ ھاياتنى چۈشەنگىلى بولمايدى-
غان بىر نېمىگە ئايلاندۇرۇپ قويسا كېرەك.
ئىكرامنىڭ غەمكىن ھالىنى كۆرسەم بىرقىسما بولۇپ قا-
لىمەن. توققۇزى تەل بولدى، دەيدىغان گەپ بار، بۇ گەپ كۆز
بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان مەئىشەتلەرگىلا قارىتىلغان بولۇشى
ناتايىن. كۆڭۈل قەسرىمىزنىڭ توققۇزى تەل بولغاندا بىز ھەم-
مىگە ئېرىشىمىز، توغرىسى ھەممىگە ئېرىشكەندەك شادىماز-
لىققا يېتەلىشىمىز مۇمكىن. ئىكرامنى، ئۇنىڭ ئوماق ئوغلىنى
ئويلاپ قالدىم.

# سەككىزىنچى باب

قىرىق ياشقا كىرگەندىم. قىرىق ياشلىق ئەر بولدۇم. ناھايىتى نۇرغۇن قىرىق ياشلىق ئەرلەرگە ئوخشاش مەن ياشلىقىنىڭ ئاخىرقى چېكىدىكى پەللىدە تۇرۇپ يا ئالدىمغا يا كەينىمگە قاراشقا جۈرئەت قىلالماي يۈرۈۋاتاتتىم.

دەريا ياقىلاپ كېتىۋېتىپ، جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈۋېتىپ، ئىكرامىنىڭ ماڭا قارىغاندىكى تەشۋىشلىك كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يۇرقۇپ تۇرغان ئەندىشىلىك تۇيغۇلاردىن ئەجەبسىنىۋېتىپ، ئالىم كىتابىنىڭ باشقىلار ئىتتىك چۈشىنەلمەيدىغان، ئەمما ماڭا ناھايىتى يېقىملىق، مەنلىك تەسىر بېرىدىغان سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ قىرىق ياشقا كىرگەنلىكىم يادىمغا يېتىپ قالاتتى.

— لەيلى.

قىرىق يېشىدا خۇددى ناھايىتى مۇھىم نەرسىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك تۇيغۇدا قالغان بىر ئادەم يېنىدىكى قىزغا تىكىلدى.

— ھە.

— دەيدىغان بىر گەپ بار.

— قېنى دەڭ.

— سىزگە بەكلا كۆيمەن.

كۆزىگە غۇنچىدەك نازۇك، جەننەت مېۋىسىدەك شېرىن، نۇرلۇق كۆرۈنىدىغان قىز مەڭگۈلۈك تەبەسسۇم پارلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى:

— بۇنى بىلمەن، مەنمۇ شۇنداق. ئەمما، بۇنداق گەپلەرنى دېيىشمەيدىغان بولغانغۇ.
— بىر ئىشتىن ئەنسىرەيمەن.
— نېمىدىن؟
قىرىق ياشلىق ئەر قىزنىڭ ئىسسىق قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ پىچىرلىدى، ئۇنىڭ پىچىرلاشلىرىدىن قاتتىق ھەم سوغۇق بىر قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى.
بىركۈنلەردە ماڭا ئۆچ بولۇپ قالسىڭىز دەرھال دەڭ.
قىز ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. شەپەق نۇرلىرى ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكى قىزىللىق بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى.
— سىزگە ئۆچ بولۇپ قېلىش... بۇ مۇمكىن ئەمەس جۇمۇ.
— ياق، ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا ماڭا دەرھال دەڭ.
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ئەمەسلا بىر گەپلەرنى دەپ قالدىڭىز.
قىز ئېڭەكلىرىنى ئىككى قولى ئارىسىغا ئېلىپ قىرىق ياشلىق ئەرگە، قىرىق ياشقا كىرىپ قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ قالغان، قورقۇپ قالغان، كەينىگە قاراپ ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەن، ئالدىغا قاراپ ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىگەن ئەرگە ئەركىلىگەندەك قارىدى.
— مۇنداقچە دېسەم، مەن بىر ئەرنىڭ بىر ئايالنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىشىغا پەقەت چىدىمايمەن. مەن بىر قىزنىڭ نەزەرىدىن قۇتۇلالماي قالغان ئادەم، ئۆزىنى سورىمايدىغان ئادەم، بىر قىز تەڭلىكتە قېلىپ يا بولمىسا باشقا سەۋەبتىن ئامالسىز ياخشى كۆرگەن قىياپەتكە كىرىۋالسىمۇ بۇنى سەزمەي كۆرەڭلەپ يۈرىدىغان ھاڭۋاقتى بولۇپ قالغۇم يوق. ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئالدىدا خار بولماسلىقى كېرەك.
قىزنىڭ كۈلكە جۇلالاپ تۇرغان يۈزلىرىدىكى ھەيرانلىق ئالامەتلىرى ئۇنى تېخىمۇ ئوماق كۆرسىتەتتى.

— نېمە ئەر، ئايال دەپ چۈشىنىكسىز بىر گەپلەرنى دەپ يۈرىسىز؟

— دېمەكچى بولغىنىم بىر ئەر ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئايالنى سۆيمەسلىكى كېرەك، بىر قېتىم ھەتتا بىر دەقىقىمۇ بولمايدۇ.

— قاراڭ بۇ گېپىڭىزنى، ئەجەب ئۇشتۇمتۇت بۇ گەپلەرنى دەپ قالدىڭىزغۇ؟

شۇ چاغدا سۇيى ئاستا، تىنچ ئاقىدىغان دەرياغا، زۇمرەتتەك سۈزۈك كۆلگە نۇرغۇن قېتىم ئەكسى چۈشكەن بۇلۇتلار شەپەقتىن رەڭ ئېلىپ جازىبىدار بولۇپ كەتكەنىدى. بۈگۈنكى ئاسمان بىلەن تۈنۈگۈنكى ئاسماننىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى، بۈگۈنكى مۇشۇ شەپەقتىن رەڭ ئالغان ئاجايىپ شەكىلدىكى بۇلۇتنى بۇنىڭدىن بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغانلىقىمنى، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ بىزنى ئوراپ تۇرغان ھەممە نەرسىنىڭ ئاجايىپ ھېكمەتلەرگە تولغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم.

— يەنە دېسەم، ناۋادا مەندىن بىزار بولسىڭىز شۇ ھامان ماڭا دەڭ، مەن مېنى ياقتۇرمايدىغان بىر قىزنىڭ ئالدىدا قەدىر - قىممىتىمنىڭ يەكسان بولۇشىنى يامان كۆرىمەن. بىر ئەر بىر ئايالنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىسا بۇ بەك ئېچىنىشلىق ئىش بولىدۇ.

قىرىق ياشلىق ئەر مەست بولسا كېرەك.

قىزنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلىدىغاندەك قىلاتتى.

— بەك جىق گەپ قىلىپ كەتتىڭىز، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ.

— ئەمما، بۇ دېمىسەم بولمايدىغان گەپلەر.

— نېمىشقا بۇنداق ئويلاپ قالدىڭىز؟

— مەن بەزىدە مۇشۇلارنى ئويلايمەن.

قىز يىغلاپ تۇرۇپ قىرىق ياشلىق ئەرنى قۇچاقلىدى. ئۇ تۇز توققۇز يېشىغىچە ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىپ باقمىغان بۇ ئەر قىزنىڭ نازۇك ۋۇجۇدىنى باغرىغا باستى.

— بەك ئېشىپ كەتتى، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۆزى سۆيمىگەن ئەرنى سۆيگەن ئايالمۇ نورمال ئەمەس، مەن ھېچقاچان ئۆزۈمنى نورمال ئەمەس، دەپ ئويلاپ باقمىدىم.

قىز قىرىق ياشلىق ئەرنىڭ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ئېڭەكلىرىنى سىلاپ ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى، كۆز چاناقلىرىدا ياش بار ئىدى. ئاشۇ كۆزلەردىن نەمخۇش تەبەسسۇم پارلاپ تۇراتتى.

— مۇشۇ ئېغىر كۈنلەردە سىز بولمىغان بولسىڭىز قانداق قىلاتتىم؟ سىزنى ماڭا تەقدىر ئۇچراشتۇرغان. تەنھالىقتىن يۈرىكىم سىقىلغان چاغلىرىمدا سىزنى ئويلىسام يەڭگىللەپ قالىمەن. قىلىۋاتقان گۇناھلىرىم ئۆزۈمگە ئايان، بۇ يولدىن يانالمىدىم.

— نېمە گۇناھ؟ ئۇنداق گەپلەرنى دېيىشمەيلى... ئىككىمىزنى تەقدىر ئۇچراشتۇردى. مۇشۇ يىللاردا سىز بولمىغان بولسىڭىز مېنىڭ بۇ كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزەر ئىدىم، دەيمەن؟

— بىزنىڭ مۇشۇ ئىشلىرىمىزنى بىلگەنلەردىن بىزنى كەچۈرىدىغانلار چىقمايدۇ. دېمىسىمۇ سىزنىڭ ئايالىڭىز، مېنىڭ...

— بولدى، بۇ گەپلەرنى قويايلى، ئۆگەي ئانىڭىز بىلەن بولغان جېدەل نەگە باردى؟

— ئۇنىڭ گېپىنى قويايلى، تاھىر ئۆيدىن قوغلاپ چىقارسا قانداق قىلارمەن؟

— شۇنداقمۇ بولارمۇ؟... بولسا شۇنداق قىلسۇن.

— مەن قانداق قىلىمەن؟

— بىر گەپ بولىدۇ.

— ئۇنىڭ مۇئامىلىسى ناچارلىشىپ كەتتى، مەن توغرا قىلمايۋاتىمەن، سىزدىن كېچەلمىدىم.

— قورقماڭ، ئۇ قوغلاپ چىقارسا مانا مەن بار.

— سىزغۇ بار، بىراق مەن قانداق قىلىمەن؟ مەن قانداق كۈن ئالىمەن، خەقلەر مېنى نېمە دەيدۇ؟

— يوق ئىشلاردىن غەم قىلماڭ...

قىرىق ياشلىق ئەر تۇرۇپلا قالدى. ناۋادا لەيلى ئۆيىدىن قوغلانسا ئۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ لەيلىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەمما، قانداق ئىگە بولىدۇ؟ بىر قارىسا بۇنىڭ چارىسى ناھايىتى ئاسانلەك قىلىدۇ. ئەمما، ھە دېگەندە خىيالىغا كەلگەن ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ.

— مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

قىز يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

— ئۇنتۇغىلى بولمايدۇ، بولمىسا ئۇنتۇپ كېتەتتىم.

— ئەسكى... ساراڭ...

— مۇنداق ناخشا بار، ئاڭلىغانمۇ؟

— قانداق ناخشا؟

ئاقسايىنىڭ تۆۋەنىدە،
يورغىلايدۇ بوز توشقان.
ئايرىلغىلى بولمايدۇ،
رىزقىنى خۇدا قوشقان.

— خۇددى مۇشۇنداق، ئايرىلغىلى بولمايدۇ.

قىرىق ياشقا كىرىپلا ئۆزىنى قېرىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ قالغان، قىرىق ياشقا كىرىشتىن ئىلگىرىكى باللىق تۇيغۇلىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ قالغان بىر ئادەم شۇنداق دەپ قىزنى چىڭ قۇچاقلىدى.

مەن كېيىنكى كۈنلەردە ئالەمچە پۇشايمان ئىچىدە دېمىم كېسىلگەندە لەيلى ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىگىنىمدىن نومۇس قىلىپ كەتتىم، ئۆزۈمدىن نومۇس قىلىپ كەتتىم.

مەن نومۇس قىلىدىغان ئىش ناھايىتى جىق ئىدى. ئەسلى خوتۇنى بار ئەر بولغىنىم ئۈچۈن يولدىن چىقمىسام بولاتتى، چىققانىكەنمەن لەيلىگە ئىگە بولسام بولاتتى.

مەن قانداق ئىگە بولۇشنى بىلەلمىگەن ئىدىم. مەن چىن كۆڭلۈمدىن ئىگە بولۇشنى ئويلىمىغان بولسام كېرەك.

مەن خائىنلارچە سۈسلۈق قىلغانىدىم. لەيلىگە بەرگەن ۋە-دىلىرىم يالغان بولۇپ چىقتى، ئۆزۈمدىن ئۆزۈم نەپرەتلىنىپ كەتتىم.

ھەممە نەرسىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، قايتۇرىۋالغىلى بولمايدۇ. قالغىنى كۆڭۈلسىزلىكنىڭ قارا داغلىرى.

مەن كۈلۈپ يايراشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالارمەنمىكىن دەيمەن. لەيلىنى ئۇنتۇيالمايدىغانلىقىمنى ئويلىسام خۇش بولۇپ قالىمەن. ئۇنىڭ خاتىرىسى ئۆچۈپ كەتمىسە كۆڭلۈمگە ئارام بېرىدىغاندەك ئويلايمەن.

......

لەيلىنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇيالمايدىغانلىقىمغا ئىشىنىپ قالدىم. ئۇنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇماسلىقنى ئويلىدىم. ئۇنىڭدەك بىر قىزنىڭ ئەمدى ماڭا مەڭگۈ يولۇقمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرتىنىپ كېتىمەن. مەن ئۇچۇن بۇ دۇنيادا لەيلىنىڭ ئورنىنى باسقۇدەك ئادەم تېپىلمايدىغانلىقىغا ئازاب بىلەن ئىشىنەتتىم.

خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ بەزىدە سۇت ئەكېلىمەن دەپ تۇز ئەكېلىپ سالىمەن. بارىدىغان يەردىن ئۆتۈپ كېتىپ قالى-مەن. ئۆزۈمنى بىلەلمەي، ئۆزۈمنىڭ نېمىگە ئەڭ موھتاجلىقىمى-نى، نېمىدىن ئەڭ بىزار ئىكەنلىكىمنى ئۇقالماي كۈنلىرىم ئۆ-

تىدۇ، مۇشۇنداق بولغانسېرى گاڭگىراپ قالىمەن. گاڭگىرىغان-سېرىم ھېچنېمىنى بىلەلمەيدىغاندەك بولۇپ قالىمەن.

يوللار بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. بېشى قايسى، ئايىغى قايسى بىلگىلى بولمايتتى. قايسى يولنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

بىز مۇشۇنداق ياشاۋاتاتتۇق. بەلكىم بىز دېمەي، مەن دېيىشىم كېرەكتۇ. بىر قارىسام ھەممە ئادەمنىڭ ئېنىق، روشەن نىشانى باردەك بىلىنىدۇ، يەنە بىر قارىسام ھەممە ئادەم باش-قىلارنى دوراپ خەق نېمە قىلسا شۇنى قىلىپ ياشاپ كېتىپ بارغاندەك كۆرۈنىدۇ. توغرا قىلغاننى دوراش تەلەيدىن، يامان قىلغاننى دوراپ قېلىش نەسلىكتىن بېشارەت بولۇشى مۇمكىن. توغرىنى تېپىپ دوراش تەس.

ئۆيۈمنىڭ ئۈستۈمتۈت ئۆرۈلۈپ كېتىشىدىن، دورىنى خاتا يەپ سېلىپ ئۆلۈپ كېتىشىمدىن، ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايروپىلاننىڭ بىرەر ھادىسىگە ئۇچراپ دەل مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ مېنى بېسىۋېلىشىدىن، توك سوقۇۋېتىشىدىن، قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ قېلىشتىن، ناھايىتى بۇرۇنلاردا بىرەرسىگە يامانلىق قىلىپ قويغان بولسام قىساس ئېلىشىدىن، تۇگىمەس - پۈتمەس قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىشتىن قورقاتتىم... مۇشۇ خىل پالاكەتلەر ماڭا كەلمىسە ئىكرامغا يا ئالىم كىتابقا كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتاتتىم.

ئۆزۈمدىن قورقاتتىم. ھەممە ئادەم مېنىڭ نېمە قىلىۋاتقان-لىقىمنى كۆزىتىۋاتقاندەك، قىلىدىن قىيىق كەتسەم پۈتۈن جا-ھاننىڭ مەسخىرە ھەم تاپا - تەنىسىگە قالىدىغاندەك قىلاتتىم.

لەيلى بىلەن قىرىق ياش توغرۇلۇق سۆزلەشكەندە ئىكرام بىلەن گېپىنى قىلىشقان «قىرىق ياشلىق ئەرلەر» دېگەن شې-ئىرنىڭ گېپىنى دېيىشكەن - دېيىشمىگەنلىكىمنى پەقەت يا-دىمغا ئالالمىدىم.

لەيلىنىڭ كۆزلىرىدىن بىر نەرسىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، ئۆگەي ئانىسىنىڭ گېپىنى قىلغاندا ئۇنىڭ شۇركىنىپ كەتكەنلىكىنى، تەگسىز بىر ھەسرەت ھەم غەزەپكە ئوخشايدىغان بىر نەرسىنىڭ ئۇنىڭ يۈرىكىدە زەھەر پۈرقۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم. كۆزۈمدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

مېنى سۆيگەن ئايالنىڭ سۆيگۈسىگە ئېھتىياجلىق بولماسلىقىم، لەيلىنىڭ بىمەھەل جاھاندىن كېتىپ قېلىشى تەقدىر ئەزەلدە پۈتۈلگەن يېزىلمىشلارمۇ؟ پەرىدەنى ئېلىشىم، لەيلىدىن ئايرىلىپ قېلىشىم نېمە ئۈچۈن؟ دۇنيا بىز چۈشەنمەيدىغان تەقدىرنىڭ ئىلكىدە بىزنى ئۆزىنىڭ يولىدا ھەيدەپ كېتىپ بارىدۇ. بىز پادىچى ھەيدەپ كېتىۋاتقان كالىلارغا ئوخشاش ئۆز يولىمىزنى ئۆزىمىز ئەمەس پادىچىنىڭ ئىرادىسى بويىچە تاللاشقا مەجبۇرمىز.

قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى جاھانغا چىرايلىق بولۇپ يېيىلاتتى. ئاسمان، بۇلۇتلار، دەرەخلەر، شاماللار، ئادەملەرنىڭ خىياللىرى، ھايۋانلارنىڭ بىزگە ناتونۇش ئاجايىپ تەپەككۇرلىرىمۇ قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ئىدى.

— ئېرىشەلمىگەننىڭ دەردى، ئېرىشىپ قالغاننىڭ خاپىلىقى، ئاخىرى ياخشى ـ يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يوقىلىپ ئىزى ئۆچۈشى ئاجايىپ ئىشتە!

— سوئال ئىزدەۋاتامسەن؟ — دېدى ئىكرام كۆزۈمگە تىكىلىپ.

— ياق.

— ھېلىقى دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى چىگىش مەسىلىلەر، بەلكىم سەن ئىزدىگەن سوئاللار شۇ بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— ياق، ئۇ مەن ئىزدىگەن سوئاللار ئەمەس، بۇ شۇنداقلا بىر گەپلەر...

— تەقدىر، ھەممىمىز تەقدىرنىڭ چاڭگىلىدىكى ئادەملەر.

— بەزى ئادەملەر تەقدىرنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، دەيدۇ.

— ئۇلارنىڭ تەقدىرنى ئۆزگەرتىشمۇ تەقدىرى ئەزەلدە تەقدىرگە پۈتۈلۈپ كەتكەن.

— بىز تەقدىرىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئا-دەمدەك ياشاشنى قولدىن بەرسەك بولمايدۇ.

— ئادەمدەك ياشاش تەقدىرىمىزدە پۈتۈلمىگەن بولسىچۇ؟

— تىرىشىشىمىز كېرەكتە.

— تىرىشىشىمىز بىر تىيىن بولۇپ يەنىلا ئادەمدەك ياشاش تەقدىرىمىزگە پۈتۈلمىگەن بولسىچۇ؟

— بۇ يەردە قانداق ياشاش ئادەمدەك ياشاش بولىدۇ؟ دېگەن-نى ئايرىۋالساق بولىدۇ.

— توغرا، گەپنىڭ تۈگۈنى مۇشۇ يەردە.

تەقدىردىن قاچقىلى بولمايدۇ، تەقدىردىن قۇتۇلغىلى بول-مايدۇ، گۈلنىڭ قانداق تۇپراقتا ئۆسۈشى، قانداق باراقسانلىشى، ئېچىلىشى، توزۇشى، گۈلنىڭ ياكى گۈل باققۇچىنىڭ ئىختىيا-رىدا ئەمەس.

پەرھاتنىڭ تۇمانلىنىپ تۇرغان كۆزلىرى ماڭا ناھايىتى نۇرغۇن گەپلەرنى دەپ بەردى. بۇ كۆزلەر سۆزلەۋاتقان جىق گەپ-لەرنى مەن چۈشەنمەيدىغاندەك قىلاتتىم. يەنە چۈشىنىشنى خا-لىمايدىغاندەكمۇ قىلاتتىم. نېمە بولسا مەيلىكى بىز توغرا، پا-كىز نىشان ئۈچۈن ماڭساق بولىدۇ، تەقدىر يازمىشىمىزدا شۇن-داق بىر يولدا مېڭىشىمىز نېسىپ ئېتىلگەن بولسا بۇنىڭ ئۆزى قالتىس ئىش.

※ ※ ※

پەرھاتتىن ئەنسىرەپ يۈرۈپ پەرھاتقا ئوخشاپ قېلىۋاتقان-دەك ھېس قىلىپ قالدىم. بۇنىڭدىن يا كۈلۈشنى يا يىغلاشنى بىلەلمىدىم.

كۆڭلۈمنى توق تۇتسام بولاتتى. مېنىڭ ھېچ نەرسەم كەم ئەمەس. بۇنىڭغا ئىشەنسەم بولاتتى.

پەرھاتقا ئوخشاپ قالسام بولمايتتى. بىر ئەقىل، بىر قامەت، بىر غايە ئىسراپ ھەم خار بولۇپ كەتتى.

ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئەرمۇدۇننىڭ ئاستىغا ئادەملەرنىڭ يىغىلىپ تۇرۇشىنى خالايدىغان بولۇپ قالدىم. مەرۇپ توختىنىڭ ئۆيدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەي يامانلاپ كېلىدىغان قىزىنىڭ، ھاراققا ئامراق نەۋرىسىنىڭ، زادى نېمە ئىش قىلىشىنى بىلەلمەي يۈرگەن، قىلغانچە ئىشىنى ئاققۇزالماي شۇكلەپ كەتكەن نەۋرە قىزىنىڭ غېمىنى يېيىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن توختىماي قارتا ئويناشلىرىنى، سادىر مۇقىمىتىنىڭ ئوغلىدىن ۋايساشلىرىنى چۈشىنىپ قالغانىدىم.

— ئەسلى ئۇ بالىنى ئوقۇتمىسام بوپتىكەن ئۇكام، — دېدى مەرۇپ توختى قولىدىكى قارتىلىرىنى مىجىپ تۇرۇپ، — شۇنچە يىل ئوقۇپ ئۆزىنىڭ جېنىنى جان ئېتەلىگۈدەك ئادەم بولالمىسا بۇنداق ئوقۇشنىڭ ئانىسىنى مىڭ...

— ئۇنداقمۇ دېمەڭ مەرۇپكا... ئەمدى بەزى ئىشلارنى...

— توغرا، بۇنداق گەپنى دېسەك بولمايدۇ، — دېدى تاھىر زوردۇن دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، — مائارىپ مىللەتنىڭ ئومۇمي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئاچقۇچ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى مائارىپتا، مائارىپنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى...

— زۇۋانىڭنى يىغقىنا ھوي... — دېدى تىت ـ تىت بولۇپ كەتكەن تۇردى ياقۇپ بوغۇلۇپ، — يەنە گېزىت يادلىغىلى تۇردى... خۇدانىڭ ھەققىدە مۇشۇنداق گەپلەرنى بىر دېمىگىن... خۇش بولاي...

— دېمىسىمۇ مائارىپ خەلقنىڭ ساپاسىنى...

— ھەي دۆت، توختىماي مىللەت، ساپا ـ سۈپەت دەپ

ۋالاقلايسەن، سەن شۇنچە يىل ئوقۇغان ئادەم، قۇرۇق گەپ قىلىشتىن باشقا نېمە قىلالىدىڭ؟ دېگىنە قېنى... نەق گەپنى قىلىشايلى...

— مەن... — تاھىر زوردۇن دۇدۇقلاپ قالدى.

— مانا ئەمەسمۇ، ئۆزۈڭنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى بىلمەيسەن، شۇ ھالىڭغا مائارىپ ئۈنداق... ساپا مۇنداق دەپ يوغان يەردىن چۇشىسەن...

— مەن قانداق قىلسام بولاتتى؟... — تاھىر زوردۇن ئەلەمدىن قىزىرىپ كەتتى.

— مانا ئەمەسمۇ، ئۆزۈڭنىڭ قانداق قىلىشىڭنى بىلمەيدىغان قاپاق كاللا، كىتاب خالتىسى... گېزىت يادلاشتىن باشقىنى بىلمىگەن... شۇ ھالىغا چوڭ گەپ قىلىدۇ.

— مەن گېزىت يادلىمىدىم... ئەمەلىيەتتە مېنىڭ گېپىم خاتا ئەمەس...

— خاتا بولمىسا نېمىشقا سەن ئۆزۈڭ دېگەندەك قىلمايسەن؟

— بولدى تالاشماڭلار...

مەن ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويدۇم.

— تايىنى يوق گەپنى قويۇپ قارتىمىزنى ئوينىساقچۇ باللا... مۇشۇنداق گەپلەردىن بەك زېرىكتىم... — دېدى مەرۇپ توختى قارتىلىرىنى ئارىلاشتۇرغاچ.

ئالىم كىتابىنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالاتتىم. ئۇنىڭ: ئادەم دېگەن ياشاشنى ئۆگىنىپ بولالماي بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالىدۇ. ئەقلىنى تاپقاندا ھەممە پۇرسەت ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ، پۇرسەت بار چاغدا ئەقىل ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ، دېگەن گەپلىرىنى ئەسلەپ قالىمەن.

يەنە ماڭغان يولدا يەنە ماڭىمەن، كونا خىياللارغا ئەسىر بولىمەن. ھەممە نەرسە تونۇشتەك، مەن تونۇيدىغان ھېچنېمە

يوقتەك بىلىنىپ قالىدۇ.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتىدۇ، كۈنلەر شۇنداق ئۆتىدىكەن.

كورپىيەنىڭ فىلىملىرىنى تولا كۆرىدىغان، چىرايىدىكى كۈلۈمسىرەشلىرى ماڭا چۈشىنىكسىز بىلىنىدىغان خوتۇنۇمنىڭ ئەتكەن تاماقلىرىنى ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن يېگەچ كۈنلىرىمنى ئۆتكۈزىمەن.

شۇنچە تېجەپ خەجلىگەن مائاشىنىڭ يەتمەيۋاتقىنىغا ئىچىم پۇشۇپ كۈن ئۆتكۈزىمەن، شۇنداق چاغلاردا مىجىت قارىنى ئەس-لەپ قالىمەن.

قايسى بىر يەردە ئۇرۇش پارتلىغانلىقى، نەدە بىر يەردە نا-هايىتى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى، نې-فىت قۇدۇقلىرىغا ئوت كەتكىنى، ئادەم بومبىلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكى دېگەندەك ئىشلار ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى كۆرۈپ ئۇنى - بۇنى ئويلايمەن.

— ئەتە نېمە ئىش قىلىسەن؟

— ئىشقا بارىمەن.

— ئۆگۈنچۇ؟

— ئىشقا بارىمەن.

— ئىندىنچۇ؟

— يەكشەنبە، دەم ئېلىش كۈنىغۇ.

— شۇ كۈنى نېمە ئىش قىلىسەن؟

— تېخى نەچچە كۈن بارغۇ، بىلمەيمەن؟ بەلكىم توي - تۆكۈنلەرگە بارارمىز. باشقا ئىش يوق.

— شۇ كۈنى زادى نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭنى ئېنىق دې-مەمسەن؟

— بۇنى نەدىن بىلىمەن؟ ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولمامدۇ؟

كۈنلىرىمىزدە مۇشۇنداق گەپلەر بولۇپ تۇرىدۇ.

— ھەر بىر كۈندە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭنى ئېنىق بىلىشىڭ كېرەك.

بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە مۇشۇنداق دېدى. بۇ ئىككىيلەن كونا تونۇشلاردەك قىلاتتى، بىر - بىرىنىڭ سىرلىرىنى بىلىشىدىغاندەك ئىدى.

— بۇنداق قىلىپ نېمە كەپتۇ؟

— ھەر بىر كۈندە بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش لازىم.

— بۇنچىزا قىلىپ نېمە كەپتۇ؟ ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھان بۇ، بىر كۈن ئۆتسە بىر كۈنگە ھېساب. كۆڭۈل خالىغاننى قىلىپ كۈن ئېلىش كېرەك.

— بۇنداق قىلسا بولمايدۇ.

— بولىدۇ، تۇرمۇش مۇشۇنداق ئازادىلىك ئىچىدە شېرىن بولىدۇ.

مۇشۇنداق گەپلەر بولۇپ تۇرىدۇ. بىر كىمنىڭ قانداق كۈن ئۆتكۈزۈشىنى يەنە بىرىنىڭ بەلگىلەش ھەققى يوق. ئېچىنىشلىق يېرى مانا مۇشۇ. بۇيرىغان ئىشنى قىلىپ ياشاشقىلا كۆنۈپ قالغان ئادەملەر خۇددى مۇشۇنداق بولىدۇ.

جاھاننىڭ ئىشلىرىنى دىتلاشمۇ يۈرەككە دەرد كەلتۈرىدۇ.

— سالام.

چۆچۈپ كەتتىم.

قارىسام پەرھات ئىكەن. سالاملاشتۇق، چىرايىدىن كەيپى تازا جايىدا ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ يېقىندىن بۇيان پەقەت مىجەزى يوقلۇقىنى، دورا ئىچسىمۇ پايدا قىلمىغانلىقىنى ئېيتتى.

— دوختۇردا يېتىپ داۋالانساڭ بولاتتى، ئۇششاق كېسەللەرمۇ بەزىدە يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

پەرھاتنىڭ مۇشۇ گېپىمنى پەقەت ئاڭلىمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق دېدىم. مەن بىر كۈنلەردە ئىنساننىڭ

پۈتۈن ھاياتىدىكى ئارزۇلىرىنىڭ قانچىلىكى ئەمەلگە ئاشىدىغان-لىقىنى، بۇيرىغانلىرىنىڭ نەچچىلىكىنىڭ روياپقا چىقىدىغانلى-قىنى، باشقىلارغا نېمىلەرنى قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى، باشقىلار-نىڭ ئۆزىگە نېمىلەرنى قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى بىر بىلىپ باق-قۇم بار.

— قويغىنا بۇ گەپنى، دوختۇردا ياتسام خەقلەر نېمە دەيدۇ مېنى؟

— نېمە دەيدۇ، دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ ھېچنېمە دېمەيدۇ.

پەرھاتنىڭ ئاقارغان شالاڭ چېكە چاچلىرى ئۇنى يېشىدىن كۆپ چوڭ كۆرسىتەتتى.

پەرھات كۆزۈمگە چىگىچلىشىپ كەتكەن يىپتەك كۆرۈندى.

پەرھات ناھايىتى ئېغىر ھەم پەقەت قىممىتى يوق تاش يۇ-دىۋالغاندەك بىر ھالەتتە ئىكەن، دەپ ئويلىدىم. يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم. پەرھات ئاڭلىسا خاپا بولىدىغان، چىچاڭ-شىپ كېتىدىغان گەپلەرنى ئويلىدىم.

— داۋالانغىن...

— خەقلەر ئېغىر كېسىلى بار ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قى-لىپ قالارمۇ؟ شۇڭا بىركىمگە تۇيدۇرمايلا داۋالىنايمىكى دەي-مەن.

پەرھاتنىڭ تۇمانلىنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى پىلدىرلاپ كەتتى.

پەرھاتنىڭ تۇمانلىنىپ تۇرغان كۆزلىرى ماڭا باشقىچە كۆرۈندى.

— ساراڭدەك گەپ قىلما. خەق بىلەن نېمە كارىڭ؟

— ئۇنداق دېگەن بىلەن بولمايدۇ، خەقنىڭ بىزنى نېمە دې-يىشى، بىز توغرۇلۇق، قانداقتۇر بىر ئىشلار توغرۇلۇق گۇمان قىلىشى مۇھىم مەسىلە بۇ، بۇ گەپنى ھېچكىمگە دەپ سالما جۇمۇ.

— مەنغۇ بىركىمگە دېمەيمەن... بىراق...

ئۇ بىر نەچچەيلەننىڭ بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىراپ خوشلىشىپلا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدىم، گاڭگىراش كاللامنى ئېلىپ كەتكەن ئىدى. پەرھاتنىڭ كىشىگە باشقىچە قارايدىغان يوغان كۆزلىرى ئۆزاققىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى.

※ ※ ※

پەرھات ئىكرام بىلەن سۆزلىشىۋاتقان شۇ دەمدە لەيلىنى ئەسلەپ قالدى. لەيلى ئۇنىڭ خاتىرىسىدە ھەرقاچان چىرايلىق نۇرلىنىپ تۇراتتى.

«خەق ئۇچۇن ياشاپ بەك جاپا تارتىپ كېتىپ بارىمىز». چىرايلىق سالقىن شامال جانغا راھەت بېرىۋاتقان دەمدە لەيلى شۇنداق دېگەن، «ئاۋۇ نېمە دەركى، ماۋۇ نېمە دەركى دەپ يۈرۈپ كۆڭلىرىمىز بەك تەستە ئۆتىدۇ. ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ باشقىلارنى ئەستىن چىقارماي يۈرىمىز».

لەيلىنىڭ مۇشۇ گەپلىرى پات - پات ئۇنىڭ يادىغا يېتىدۇ. لەيلىنىڭ ئۇنى ئۆزىگە تارتىدىغان يېرىنىڭ بىرى ئۇنىڭدىكى ئەقىل بولۇشى مۇمكىن. ئۇ لەيلىنى ئەقىللىق، دەپ ئويلايتتى.

— خوتۇنى بار ئادەمنىڭ كەينىدىن يۈرگەندىكىن تازا ئەق-لى پوقىقا چىلىشىپ قالغان بىر نېمە ئوخشايدۇ ئۇ. دۆت بولۇپ-مۇ تازا بىر دۆت بولسا كېرەك.

بىر قىزنىڭ خوتۇنى بار ئەرنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ، تۇتۇلۇپ شەرمىسار بولغانلىقى ھەققىدە پاراڭ بولغاندا قوشنا ئايال شۇن-داق دېگەنىدى. پەرھات چۆچۈپ كەتكەن، بوي - بەستىدىن، تى-نىقلىرىدىن، مېڭىشلىرىدىن، سۆزلەشلىرىدىن، كۈلۈشلىرى-دىن، تارتىنىشلىرىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان لەيلىنىڭ

تۇرقى يادىغا يېتىپ تېنى شۈركىنىپ كەتكەنىدى. لەيلى شەر-مىسار بولىدىغان قارا كۈن كېلىپ قالسا جاننى قويغىلى يەر چىقارمۇ؟

پەرھات پەردىنىڭ چىرايىغا قاراپ قالدى. كۆڭلى قارا بول-دى، ئاچچىق بىرنەرسە بوغۇزىدىن تەستە ئۆتۈپ يۈرىكىگە تەگ-دى. بۇ يەردە بىرەيلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى لەيلىنى تىللاۋاتاتتى.

— خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بىزنىڭ ئەرلىرىمىزنىڭ ئەقلى - ھوشى جايىدا، ئۇنداق تايىنى يوق ئىشلارنى قىلىپ يۈرمەيدۇ، — دېدى پەردە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— ئەر كىشى دېگەنگە بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ جۇمۇ... ھېلىقىدەك كىچىك نايناقلار بۇلارنى ئازدۇرۇشقا تەييار، شۇنداق بىر نېمىلەرنى تۇتۇۋالسام بويىنىنى تولغاپ قۇشقاچىنىڭ بويىنىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈۋەتسەم...

قوشنا ئايالغا شۇنداق قىزدىن بىرەرنى تېپىپ ئەكېلىپ بەرسە چايناپ يۇركۇۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇنچىۋالا ئاچچىقلاپ كېتىشى پەرھاتنىڭ كۈلكىسىنى قىستىدى. ئۇنىڭ ئېرى بىچارە مۇشۇ خوتۇنىنىڭ رۇخسىتىسىز تاماكىمۇ چېكەل-مەيدىغان ئادەم بولسا كېرەك. ھېلىقىدەك نايناقلارنىڭ ئازدۇ-رۇشىغا ئۇچرىشىنى پەقەت تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى، ئەمما بۇ ئايال ئېرىم بىر كۈنلەردە چوقۇم ئېزىپ قالىدۇ، دەپ ئويلاي-دىغاندەك، ھەم شۇنىڭ دەردىدە ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ يۈرىدىغاندەك قىلاتتى.

— ئىشقىلىپ مەن پەرھاتقا ئىشىنىمەن. ئۇنى شۇنداق قىلدى، دېگەندىمۇ مەن ئىشەنمەيمەن. ئۇ بەك ئىشەنچلىك.

پەردە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

لەيلى توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمىگەن ھەسرەتلىك كۈنلەردە-كى قورۇنىڭ ئالدىدا بولۇنغان مۇشۇ گەپلەر ئۇنىڭ يادىغا يېتىپ

قالدى.

لەيلى ئىككىمىز ئارىسىدىكى مۇھەببەت مېھىر ـ مۇھەببەت بولۇشى مۇمكىن، ئىشقى ـ مۇھەببەت ئەمەس.

پەرھات مۇشۇ گەپنى ئىكرامغا دەيمەن، دەپ دېيەلمىدى.

پەرھات جىم بولۇپ قالدى. ئۇ جىمى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر ـ دىن قۇتۇلۇپ كېتىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىۋاتسا كېرەك، ئادەم ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى بىلىۋالسا ئەۋلىيالىق مەقامىغا يېتىشى مۇمكىن. كىشى ئۆز قەلبىنىڭ سەلتەنەتلىك قەسىرد ـ نىڭ تەختىگە ئۆزى ئىگە بولالىغان كۈنى ھايات ئۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەل، يورۇق ھەم راھەت جەريانغا ئايلىنىدۇ.

※ ※ ※

مەھەللە مېنىڭ يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق زامانلاردىكى بىر ھىد بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەردە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغاندەك قىلاتتى، يەنە بىر قارىسا تۈنۈگۈنكى مەھەللە بۈگۈن يوقتەكمۇ قىلاتتى. بۇ يەردە بىرى ھاۋا، بىرى گەپ ئۆكسۈپ قالمايدىغاندەك ئىدى. مەن ئۆزۈمدىن تازا خاتىر ـ جەم بولالماي، ئۆيقۇم قېچىپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا چىقتىم.

توختى نايۇپ بىلەن يەنە بىرەيلەن جاڭجاللىشىۋاتاتتى:

ـــ كازافىنىڭ قالتىسلىقىدا گەپ يوق، ئۇ ھېچكىمگە بو ـ زەك بولمايدۇ.

ـــ كازافىنىڭ سەكرىگىنى بىكار، ئۆكتىچىلەر مىجىقىنى چىقىرىدۇ ئۇنىڭ. كازافى تۈگىشىدۇ.

ـــ سەن نەدىن بىلىسەن ئۇنىڭ تۈگىشىدىغانلىقىنى؟

ـــ ئېنىقلا تۇرمامدۇ.

ـــ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ دېگەن قالتىس ئادەم.

ـــ ئامېرىكىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويسا كازافى

تۇگىدى دېگەنلا گەپ...

توختى نايۇپ بىلەن ئىككىيلەننىڭ گېپى تۇگەيدىغاندەك ئەمەس. مۇنۇ ئىككىيلەن بالىلىرىنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى، خوتۇنى بىلەن توي قىلغىلى نەچچە يىل بولغانلىقىنى بىلمىسە كېرەك. مەھەللىدە كىم بىلەن كىم ئۇرۇشۇپ قالدى، كىم بىلەن كىمنىڭ بالا ـ ۋاقىسى تاسادىپىي بالا ـ قازاغا ئۇچراپ مېيىپ بولۇپ قالدى، كوچىنىڭ بېشىغا ياسالغان ئامىمۋى مۇنچىنىڭ تۇرخۇنىدىن كۆتۈرۈلگەن سېسىق كۆمۈر ئىسى قانچىلىك زىيانلىق؟ دېگەندەك ئىشلارنى بىلمەسلىكى، مەڭگۈ يادىغا ئالماسلىقى مۇمكىن.

مەن بىردەم تۇرۇپ كېتىپ كەينىمگە يېنىپ ئۆيگە ماڭدىم. ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ، دېگەن گەپنى كىم دېگەن بولغىيدى؟ مۇنۇ ئادەملەرگە ئامال يوق، مەن ھېچنېمە قىلالمايمەن.

بىر ئادەمنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭچە تام قوشنىمىز جان تالىشىپ ياتسا ئۇنىڭغا تەسەللىمۇ بولسا بېرىش زۆرۈر ئىدى. خۇددى بىزگە ئوخشايدىغان بىر ئادەم قىيامەتنىڭ ئازابىنى كۆرۈۋاتسا بىزنى بۇ ئۆمرىدە خىيال قىلىپ باقمايدىغان قارچىغا يا بۈركۈتنىڭ غېمىنى يېمىسەكمۇ بولاتتى. ئۇ شۇنداق ئويلايتتى، كىم بىرسىگە شۇنداق دېگۈسى كېلەتتى. ئەمما، كىمگە دېيىشىنى، دېگەندىمۇ قانداق دېيىشىنى بىلەلمەيتتى.

— ئۆزىنى پەس، خەقنى ئۇلۇغ بىلىش نەسلىكنىڭ باشلىنىشى.

بۇ گەپنى ئالىم كىتاب دېگەندەك قىلغان.

— ئۆزىنىڭ ئالتۇن قاچىسىدىن نومۇس قىلىپ خەقنىڭ ھېجىر تاۋىقىغا ھەۋەس قىلىش خەتەرلىك ئىش.

ئۆزىنىڭ دادىسى كۆزىگە چۈكۈنەم كۆرۈنىدىغان، خەقنىڭ مەدىكارلىرىغا پۈكۈلىدىغان خۇي ـ مىجەزلىك ئادەملەر كۆپەيسە

قورقۇش كېرەك.

كۆڭلى يېرىم بولۇپ خىيالغا چۆمگەن ئادەم مۇشۇ گەپلەر-نى ئالىم كىتابتىن يا باشقا بىرسىدىن ئاڭلىغانلىقىنى يادىغا ئالالمىدى.

ئۆيگە كىرسەم ئوغلۇم مۇشۇك چوڭلۇقىدىكى بىر كۈچۈك-نىڭ بوينىدىن قىزىل يىپ بىلەن باغلاپ يېتىلەپ سۆرەشتۈرۈپ يۈرۈپتۇ، كۈچۈكنىڭ ئاجىز غىڭشىشلىرىنى ئاڭلاپ ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۆرلىدى.

— بۇ نەرسىنى نەدىن تاپتىڭ؟

— مىرشات بەردى.

— نېمە؟

— مىرشات بەردى.

كۈچۈكنىڭ ئاجىز تېنى تىترەپ تۇراتتى. قاپقارا تۇمشۇق-لىرى يەرگە تېگەي دەپلا قالغانىدى. كۆزلىرىدىكى مۇلايىملىق كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتاتتى. بۇ نەرسە چوڭ بولسا ھەممە نەرسىگە قاۋاپ، ئېتىلىپ كىشىگە قورقاق سالىدىغان ئىت بولاتتى.

— بۇنى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟

— باقىمەن.

— باقىمەن؟

— ھەئە.

مەن كۈچۈككە قاراپ تۇرۇپلا قالدىم، ئۇنىڭ تۇرقى ھەقىقە-تەن ئاجىز ھەم بىچارە ئىدى. ئۇ كىچىك، تېنى ئاجىز، كۈچ - ماغدۇرى بولمىغاچقا مۇشۇ ھالدا ھەممىلا ئادەمنىڭ ھېسداشلى-قىنى قوزغايدۇ، ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدۇ، ئۇ چوڭ بولۇپ كۈچكە تولۇپ، پۇت - قوللىرى يېتىلگەندە، بىر كىشىلىك ئو-رۇنغا ئىگە بولغاندا ھەممىنى چىشلەشكە، زەنجىر شاراقلىتىپ باشقىلارنى ئاۋارە قىلىشقا، قورقۇتۇشقا قۇدرىتى يېتىدۇ. ھايات

دېگەن مۇشۇنداق نەرسە، ئاجىز نەرسە كۈچىيىپ بىر كۈنلەر كەلگەندە جانغا تەھدىت سالىدۇ، كۈچلۈك نەرسە كۈنلەرنىڭ ئۆ- تۈشى بىلەن ئاجىزلىشىپ يەنە بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. ئادەممۇ شۇ، بۇ دۇنيانىڭ قائىدىلىرىنى پەقەت ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

— سەن بىر ئىتنى باقماقچىمۇ؟

— بۇ ئىت ئەمەس، كۈچۈك.

— ئىككىسى بىر گەپ.

— بىر گەپ ئەمەس، ئىت دېگەن ئادەم چىشلەيدۇ، بۇ تېخى كۆزى سۈزۈلمىگەن كۈچۈك تۇرسا...

— بۇمۇ بەرىبىر ئىت بولىدۇ. سېنىڭچە مۇشۇنداق بىر نەرسىنى باقمەن، دەپ يۇرسەڭ قاملىشامدۇ؟

— قاملىشىدۇ، بىزنىڭ سىنىپتىكى بالىلارنىڭ بىر نەچ- چىسىنىڭ مۇشۇنداق كۈچۈكلىرى بار، بەزىلىرىنىڭ كۈچۈكلى- رى چوڭىيىپ ئىت بولۇپ كەتكەنلىرىمۇ بار.

مەن ئەلەم بىلەن ئوغلۇمغا قاراپ قويىدۇم، ئۇنى يەنە رەنـ- جىتىپ قوياتتىم، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈممۇ كىر بولات- تى. ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭتۇش بالىلاردىن تەشكىل تاپقان كى- چىك بىر دۇنياسى، ئايرىم بىر كىشىلىك جەمئىيىتى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ جەمئىيىتىدە ھەممە نەرسە ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى بو- يىچە بولاتتى ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلىشاتتى. ھەممە ئىش تەبىئىي ھالدا يۇرۇشۇپ كېتىۋېرەتتى. ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان نەرسە ھەقىقەت ھەم توغرا ئىدى، كۆڭۈل خاھىشى شۇ بولغاندىكىن شۇنداق قىلسا بولىۋېرەتتى، ئارزۇ قانداق بولسا ئىشنى شۇنىڭغا مايىللاشتۇرۇپ قىلىش دۇرۇس ھېساب- لىناتتى.

— خەق بىلەن بىزنىڭ نېمە كارىمىز؟ بىز ئىت باقمايمىز.

— نېمىشقا؟

— مەن ئىتقا ئۆچ.
— نېمىشقا؟
— كىچىكىمدە مېنى ئىت چىشلىۋالغان، يارا ئىزىدىن قالغان تاتۇق ھېلىمۇ بار.

ئوغلۇم ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن دېدى:

— بىراق مېنى ئىت چىشلىمىگەن.
— نېمە دېدىڭ؟

ئۇ مېنىڭ ئاچچىقىم كەلگەنلىكىنى بىلىپ قالدى بولغاي، چىرايىغا نائىلاج كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئاستا دېدى:

— دادا، مېنىڭ بۇ كۈچۈكنى بېقىشىمغا قوشۇلغان بولساڭ.
— بولمايدۇ، مېنىڭ بۇ نەرسىنىڭ قالايمىقان قاۋاشلىرىنى، ئۆيىمىزدە ئۇياندىن ـ بۇيانغا مېڭىپ يۈرۈشلىرىنى كۆرگۈم يوق.

كۈچۈك غىڭشىپ ماڭغۇسى كەلگەندەك پۇتلىرىنى يۆتكەيتتى، ئەمما ھە دېگەندە يىقىلىپ چۈشەتتى. ئوغلۇم بىردە كۈچۈككە، بىردە ماڭا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئايانچلىق ئاۋازدا ئۆتۈندى:

— ئەمىسە مەن بىر ھەپتىلا بېقىۋالاي.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— مەن ئۇنى بىر ھەپتىلا بېقىپ ئاندىن باشقىلارغا بېرىۋېتەي.

ناھايىتى قويۇق قومۇشلار ئۆسكەن كەڭرى كۆل بويىدا قوي باقىدىغان بالىلار بار، ئۇلارنىڭ قويلىرى ئارىسىدا قاراباش قويلار، چەل قويلار، ئاق قويلار، قارا قويلار، چوڭ قوچقارلار، قوزا ـ ئوغلاقلار بار. بۇ قويلار يۇمران ئوتلارنى يەيدۇ، سۈزۈك سۇلارنى ئىچىدۇ. ئۇلار يېگەن چىرايلىق مايسا ئوتلار، سۇپسۇ-

زۇك سۇلار قوينىڭ مايائقلىرىغا، سۈيدۈكىگە ئايلىنىدۇ. بۇ قويلارنى ئادەملەر يەيدۇ.

ئاشۇ قويچى باللارنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ، ئۇلارغا سۇ-ۋۇشۇپ، ئەركىلەپ يۈرىدىغان ئىتلىرى بار. مەن ناھايىتى بۇ-رۇنلاردا ئاشۇ ئىتلارغا ھەۋەس قىلغىنىمنى، ئاشۇ ئىتلارنىڭ چىرايلىق دۇمبىلىرىنى، باشلىرىنى سىلىغۇم كەلگەنلىرىنى ھازىر تامام ئۇنتۇپ كەتتىم.

— بىر ھەپتە ئەمەس بىركۈنمۇ بېقىشقىغا بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— دېدىمغۇ، مەن ئىتقا ئۆچ.

ئوغلۇمنىڭ كۆزلىرىدە ياش سىرغىپ چىقتى، ئۇ ماڭا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ ۋارقىرىدى:

— سەن ئۆچ بولساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى... بىراق مەن ئام-راق...

— تاياق يېگۈڭ كېلىۋاتامدۇ نېمە؟

مەن ئاچچىقتىن ھاسىراپ كەتتىم. ياندىكى ئۆيدىن تېلې-ۋىزورنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى، تېلېۋىزور بولمىسا زېرىكىشتىن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئادەملەر چىقارمىكى دەيمەن. بۇ نەرسە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ سائەتلەپ، كۈنلەپ، ئايلاپ، يىللاپ ئۆمرىنى چاڭ-گىلىغا ئېلىۋېلىپ ئوينىتىپ كېتىپ بارىدۇ. ئەخمەق ئادەملەر ئۇنىڭغا مەستانە بولۇپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. تېخى بەزد-لەرنىڭ ئۆزلىرىنى تېلېۋىزوردىكى ئاشۇ ئادەملەرگە سېلىشتۇ-رۇپ شۇلاردەك ياشىغۇسى بار، شۇلاردەك سۆزلىگۈسى بار، شۇلاردەك كىيىنگۈسى، شۇلاردەك غىزالانغۇسى بار.

— ئىكرام، يولغا قاراپ باقە بالام، داداڭ كېلىۋاتامدۇ؟

— نېمە قىلاتتىڭ؟ مەن تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىمەن.

— تاپشۇرۇقۇڭنى قوي، پولو دەم يەپ قالدى، داداڭ ھايال قالغۇدەك بولسا ئوچاقنىڭ چوغىنى تارتماي تۇراي. داداڭ پولونى

قىزىق يېيىشكە ئامراق.
— ئەتىگەندىن كەچكىچە دادامنىڭ غېمىنى يەپلا يۈرەمسەن نېمە؟
— بىزنىڭ داداڭدىن باشقا نېمىمىز بار؟ ئۇ دېگەن ئۆينىڭ تۈۋرۈكى بالام...
دادا هويلىغا كىردى. بىر ئانا ئالدىراپ قولىغا ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچىنى ئېلىپ ئېرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئاپئاق پاكىز لۆڭگە...
بۇرۇنقى ئىشلار كەلمەسكە كەتتى، بۇرۇنقى جاهانلار نەگە كەتكەندۇ؟
— بۇياققا چىقە.
ئايالىم ئۇزاقتىن كېيىن بېشىنى ئىشىكتىن چىقاردى:
— نېمە بولدى؟
— نېمە ئۇ نېمە بولدى، دېگەن؟ چاقىرغاندىكىن هە، دەپ چىقمامسەن؟ بۇ يەردە نېمە بولاتتى؟ هېچنېمە بولمىدى.
— چاقىرىپتىڭىز شۇڭا نېمە بولدىكىن دەپ...
خوتۇنۇمنىڭ چىرايىدىكى ماڭا بەكلا تونۇش، مەن ئۇچۇن قىممىتى قالمىغاندەك بىلىنىدىغان كۆلۈمسىرەش پەيدا بولۇپ يەنە يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى سۆرۈنلۈك ئۇنىڭ ماڭا دەيدىغان بەك جىق گېپى باردەك، ئەمما دېيەلمەيۋاتقاندەك ياكى دېگۈسى يوقتەك بىر هالدا چاقناپ تۇراتتى.
مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىشنى ئويلاپ باقمىدىم. بۇ خوتۇننىڭ بىر يەرلىرى پەرىدەگە ئوخشىسا كېرەك. ئۇمۇ بىر كۈنلەردە پەرىدەگە ئوخشاش ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن.
مېنىڭمۇ بىر يەرلىرىم پەرهاتقا ئوخشىسا كېرەك، مەنمۇ بىر كۈنلەردە مۇشۇ ئۆيدە يالغۇز قېلىشىم، بۇگۈنكى ئىسكەتىمنى تامام يوقىتىشىم مۇمكىن.
مۇشۇ خىيالنى قىلىپ قالساممۇ قورقۇپ كېتىمەن.

— بىر ئىش بولمىسا سېنى چاقىرغىلى بولامدۇ؟
— ياق ئەمدى.
— نېمانداق دۆت خوتۇنسەن؟
— نېمە بولدى، مەن بىلەن ئۇرۇشقۇڭىز كېلىپ قالدىمۇ نېمە، نېمىگە چېچىلىسىز؟
— ئوغلىمىز ئىت باقىمەن دەپ يۈرىدۇ. نېمىشقا كارىڭ بولمايدۇ؟
— باقسا مەيلى ئەمەسمۇ... ناھايىتى ئىتكەنغۇ... يولۋاس يا شىر باقىمەن دېمىگەندىكىن...
— نېمە؟ ھۇ كالۋا، سېنىڭچە ئۇ ئۆيدە ئىت باقسا مەيلىمۇ، نېمىدېگەن گەپ بۇ، مۇشۇمۇ بالا تەربىيەلەش بولدىمۇ؟
خوتۇنۇم ھاڭۋېقىپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئاستا ئوغلۇمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ياندىكى ئۆيگە ئېلىپ ماڭغاچ كەينىگە قايرىلىپ ئېيتتى:
— كۈچۈكنى ئىگىسىگە بېرىۋېتەيلى.
— ئەڭ ياخشىسى بۇ نەرسىنى ھازىرلا كۆزۈمدىن يوقات.
ئانا ـ بالا ئىككىيلەن كىرىپ كەتتى. مەن مېھمانخانا ئۆيـدە يالغۇز قېلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئولتۇردۇم، تەنھالىقنىڭ ئاچچىق ھەسرىتى تۇمان بولۇپ روھىمغا يېپىلىشقا باشلىدى.

※ ※ ※

باھار كۈنلىرىدە، كۈزنىڭ چىرايلىق كۈنلىرىدە، كېچىلەرـدە، گۇگۇملاردا، تاڭ پەيتىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا، چىڭقى چۈشـنىڭ ئاپتاپلىرىدا، ئاي تۇتۇلغان ۋەھىملىك كەچلەردە تورۇسقا قاراپ يېتىپ لەيلىنى سېغىناتتىم.
— سىزدىن پەقەت ئايرىلىپ قالغۇم يوق... كېيىن قانداق بولۇپ كېتەر؟...

كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلغۇم يوق ئىدى. قاراڭغۇلۇقتىن قاچاتتىم.
ماڭا لەيلى بولسىلا بولدى، دەپ ئويلايتتىم. ئەمما، لەيلى قاچانغىچە يېنىمدا بولار؟ دېگەن سوئال ماڭا ئېغىر كېلەتتى، قورقاتتىم. لەيلىدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى بىلگەن چاغلاردىمۇ ئاجرىشىشنى ئويلاپ باقمىغىنىمدىن ھەيران قالىمەن. ماڭا بەك تونۇش بولۇپ كەتكەن پەردە خۇددى مېنىڭ بىر قولۇم ياكى بىر كۆزۈمگە ئايلىنىپ كەتكەندەك قىلاتتى.
پەردە مەن ئۈچۈن مۇھىم ئىدى.
لەيلىدىن ئايرىلالمايتتىم.
«ۋىجدانسىز ھايۋان».
مۇشۇ ئىككىيلەننىڭ بىرى ھامان بىركۈنى مۇشۇنداق دەيتتى. ھەر ئىككىسى شۇنداق دېيىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.
گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى.
گۈللەر توزۇپ تۇراتتى.
سۇلار بۇلۇتقا ئايلىنىپ، بۇلۇتلار يامغۇرغا ئايلىنىپ تۇراتتى.
سېغىنىشنىڭ خۇمارى يۈرىكىمنى چېقىپ ئۆتتى. لەيلى بولمىغان دۇنيانىڭ بۇ قەدەر سوغۇق، تايىنسىز بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، خۇش بولىدىغان ئىشقىمۇ خۇش بولالمايدىغان، شۇ قەدەر ئاددىي ئىشلار ئۈچۈنمۇ غەزەپكە يەم بولۇپ ياشايدىغانلىقىمنى ئىلگىرى پەقەت ئويلىمىغانىدىم.
— ئاچچىقلىماڭ جۇمۇ.
— مەن ئاچچىقلىمايمەن، ئاچچىقلاپ باقمىدىمغۇ؟
— ئاچچىقلىسىڭىز بەكلا قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتىدىغاندەك قىلىسىز.
— ئاچچىقىمنى كەلتۈرمىسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟
— مەنغۇ ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرمەيمەن.

— شۇ، سىزدىن باشقا ھېچكىم ئاچچىقىمنى كەلتۈرەلمەيـ-
دۇ مېنىڭ.

كۆزۈمگە ياش كەلگىلى تاسلا قالدى. لەيلىدىن باشقا ھېچـ-
كىم ئاچچىقىمنى كەلتۈرەلمەيدۇ، دېگەندەك خام خىياللاردا بولـ-
غىنىمغا ئۇزۇن بولدى. ھەممە نەرسە مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلـ-
تۈرۈشكە قادىر ئىدى. كۆڭلۈمنىڭ يېرىمى بوش، روھىمنىڭ
يېرىمى قۇرۇق، مۇشۇ ھالىمدا ھەممە نەرسە مېنىڭ ئاچچىقىمنى
كەلتۈرەلەيدىغاندەك، ئىچ پۇشۇقى پەيدا قىلالايدىغاندەك ئىدى.
لەيلى بىلەن ئاپتوبۇسنىڭ يانداش ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ قالغان
شۇ كۈندىن ئىلگىرىكى ھاياتىمنى يادىمدىن چىقىرىپ قويغاندەك
قىلاتتىم.

تېلېۋىزور ئېكرانىدا شۇنداق ئوماق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان
بىر قىز تارتىنغىنىچە بىر يىگىتكە تەبەسسۇم بىلەن بېقىۋاتاتـ-
تى. ئۇنىڭ بىر يەرلىرى مەن يوقىتىپ قويغان بىرسىگە شۇنداق
ئوخشايدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. نەرى ئوخشايدۇ؟ ھېچيېرى
ئوخشىمايدۇ، پەقەت كۈلۈمسىرىشى، تەبەسسۇم قىلىشى ئوخشاپ
قالاتتى. مەن كۆزلىرىدىن ئالەمنى مەست قىلغۇدەك مېھرىباذـ-
لىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر سىمانى يادىمغا ئالدىم. يۈرىكىم
ئېچىشىپ كۆزۈم خىرەلەشتى. ئاچچىق قىسمەت مېنى ئۇلاقتۇـ-
رۇپ تاشلىغانىدى، مەن ئىچىمدىن تۈگىشىپ كېتىۋاتقاندەك
قىلاتتىم، ھەممە ئادەم كۈلگەن ئىشقا مەن كۈلەلمەيدىغان، ھەمـ-
مە ئادەم ئاچچىقلانغان ئىشقا مەن ئاچچىقلىيالمايدىغان بولۇپ
قېلىۋاتاتتىم.

قىپقىزىل يالقۇن بولۇپ كۆيۈۋاتقان بىر يۈرەك بار، قاراڭـ-
غۇلۇققا پاتقان بىر يۈرەك بار، ئۈمىتلۈپ تۇرۇۋاتقان بىر يۈرەك
بار. ئوت يالقۇنلار ئىچىدە كۆيۈپ مۇزلاپ كەتكەن بىر يۈرەك
بار. ئىنسان يۈرىكى جىمى تەتۈرلۈك، جىمى ئىسسىقلىق، جىمى
سوغۇقلۇقنى ئۆزىگە سىغدۇرالايدىغان، شۇ نەرسىلەرنى ئۆزىدىن

چىقىرالايدىغان نەرسە.

مەن يۈرەك ھەققىدە ئويلىنىمەن، يۈرەك بىر پارچە گۆشلا ئەمەس، ئۇ ئادەمنىڭ نەق ئۆزى بولۇشى مۇمكىن. ئادەمنىڭ يۈزى، روھى، ئادەمنىڭ قەلبى، يۈرىكى قانداق بولسا شۇنداق بولىدۇ. مەن بۇلارنى تاققا ـ تۇققا گەپ دەپ ئويلىمايمەن. ئالىم كىتاب مۇشۇنداق بىر گەپنى دېمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭمۇ ھامان بىركۈنى مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىنى، مۇشۇنداق دېسەم قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى بىلىمەن.

بىر ئادەم قاراپ تۇرۇپ تۇگىشىپ كەتسە بۇنداق ئادەمنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ. مەن بۇ قائىدىنى بىلىمەن، ئەمما مەن ئۆزۈمنى بارا ـ بارا تۈگىشىپ كېتىۋاتقاندەك، ئويلاپ قالدىم. ئېگىز بارخاندىن يۇمشاق قۇملار بىلەن سىيرىلىپ قاقاس يەرگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتىم، چۈشۈپ كەتمەسلىككە ئىرادىمۇ، غەيرەتمۇ يوق ئىدى. ئەڭ قورقۇنچلۇقى چۈشۈپ كەتسەم نېمە بوپتۇ؟ چۈشۈپ كەتسەممۇ، چۈشۈپ كەتمىسەممۇ ئوخشاش دېگەندەك بىر تۇيغۇ مېنى ئىسكەنجىگە ئالغاندەك قىلاتتى. ئىلگىرى مەن مۇشۇنداق ئويلىغان، مۇشۇنداق قىلغان ئادەملەردىن ئۆلگۈدەك نەپرەتلىنەتتىم.

لەيلىنى شۇنداق سېغىنىپ كېتىۋاتاتتىم.

ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

ئۇنىڭ پۇچۇلىنىپ كەتكەن يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنى تىڭشىغاندەك بولدۇم.

— ئۆگەي ئانام بىلەن ئۇرۇشتۇم، دادام پالەچ بولۇپ قالغاندىن بېرى ئۇ ئۆيىمىزگە ئاشخانا ئاچىدىغان بىر ئادەمنى باشلاپ كىرىدىغان بولۇپ قالدى. دادامنى ھاقارەتلىمەڭ، دېسەم داداڭ پات ئارىدا ئۆلىدۇ، سەنمۇ ئۆيدىن يوقال دەيدۇ... مەن ئۇ خوتۇندىن قورقۇپ ئەمەس... نېمىشقىدۇر بىر يەرگە كەتكۈم كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

— سىز بىر يەرگە كەتسىڭىز مەن قانداق قىلىمەن؟

— مەن كەتسەم كەلمەيدىغان يەرگە كېتىمەن، — لەيلى كۈلدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— قېنى شۇنداق بىر قىلىپ بېقىڭە... سىزنى قانداق قىلىمەنكىن...

مەن بەزى خاتىرىلەرنى ئۇنتۇپ كەتسەم بولاتتى. بەزى ئىشلارنى ئەسلىمەسلىك ئۈچۈن تىرىشسام بولاتتى.

— بايا نېمە دېدىڭىز؟

— نېمىنى دەيسىز؟

— كەلمەيدىغان يەرگە كېتىمەن دېدىڭىزغۇ؟

— شۇنداق قىلغۇمۇ بار، مېنىڭ روھىم چىقىپ كەتتى.

— زادى نېمە ئىش بولدى؟

— ئانامنىڭ ئۆلۈمىگە دادام سەۋەبكار ئىكەن.

— نېمە دەيدىغانسىز؟

— ئۆگەي ئانامنى دەپ شۇنداق قىپتىكەن.

— توۋا دەڭ.

لەيلى ئۆكسۈپ يىغلىدى، كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى. مەن قورقۇنچ، ۋەھىمە ئىچىدە ھاڭۋېقىپ قالدىم. لەيلىنىڭ دېگەنلىرىگە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيتتى، دۇنياغا قورقۇنچ تاراپ تۇراتتى، كىچىككىنە بىر قىز ئىشەنگىلى بولمايدىغان ۋەھىمە ئىچىدە مىجىلىپ كېتىۋاتاتتى.

— سىز بۇ گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۆگەي ئانام دادامغا شۇ گەپلەرنى دەپ تەھدىت سېلىۋېتىپتىكەن، مەن ئىشىكنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئاڭلىدىم.

ھەسرەتا، ھېلىمۇ لەيلىنىڭ يۈركى يېرىلىپ كەتمەپتۇ.

— مېنىڭ پەقەت ياشىغۇم كەلمىدى.

— ئۇنداق دېمەڭ، يېنىڭىزدا مەن بار.

لەيلى يىغلىدى، يۈرىكىم لەختە بولدى، بۇنداق دەردلەرنى كۆتۈرمەك تەس، لەيلىدىن مۇشۇ ئىشلار توغرۇلۇق كۆپ سوردىغۇم كەلدى، ئەمما سوراۋېرىشكە پېتىنالمىدىم.

.........

※ ※ ※

— ئىكرام، سەندىن چاتاق چىقىپ قالمىسا بولاتتى.

— نېمە؟ — مەن چۆچۈپ كېتىپ پەرھاتقا قاراپ قويدۇم. ئۇنىڭ مانالىشىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچتىم.

— چاتاق چىقمايدۇ.

— مەن قارىسام سەن ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويغاندەك قىلىسەن.

— قانداقىسىگە؟

— بىر نەرسىدىن قورقۇۋاتقاندەكلا... ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمە... — دېدى پەرھات كۆزۈمگە تىكىلىپ.

ئورۇقلاپ بارغانسېرى كىچىكلەپ كەتكەن پەرھاتنىڭ كەيىنىدىن قاراپ قالدىم، يۈرىكىم ئېچىشتى، ئادەملەر نېمىشقا مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ؟ ھېچكىمنىڭ بۇنداق بولۇپ قالغۇسى يوق، پاتقاققا پېتىپ كېتىۋاتقان ئادەم قۇتۇلۇش ئۈچۈن مىدىرلىغانسېرى پېتىپ كەتكەندەك ئىشلار بولسا كېرەك. مەن پەرھاتقا قولۇمنى ئۇزىتالمىدىم، ئۇزاتقان بولۇشۇم مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ قولىنى تۇتالمىدىم. ئۇمۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتمىدى. پەرھات ماڭا پاتقاققا ئاستا - ئاستا چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭ چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. يۈرىكىم ئاسقىپ كەتتى.

ئۆيدىن خوتۇنۇمنىڭ ماڭا بەكلا تونۇش بولۇپ كەتكەن كۇ-

لۇمىسىرىشىگە ئوخشاش تونۇش ھەم كونا بىر پۇراق بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى.

— ئاپاڭ نەگە كەتتى؟

ئوغلۇم يالغۇز ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ تېلېۋىزورغا نېمىشقا بۇنچىۋالا ئامراقلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلـ-مەيتتىم. بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا ئايدا، يىلدا بىر قېتىم كىـ-نومۇ كۆرەلمەيتتۇق. كىچىككىنە تۇرۇپ ئۇنىڭ ئاجايىپ - غا-رايىپ نەرسىلەرنى ئويلاشلىرى، دۇنيادىن ئايرىلىپ، مۇنۇ جا-ھاننىڭ قائىدىسىگە خوپ كەلمەيدىغان بىر نېمىلەرنى خىيال قىلىشلىرى بەلكىم مۇشۇ تېلېۋىزورنى تولا كۆرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. ئۇ ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان، ئىنسان مەڭگۈ قىلسا بولمايدىغان بىر ئىشلار تەسۋىرلىنىدىغان كۆپ قىسىملىق كارتون فىلىمىنى كۆرۈۋاتاتتى. ئادەملەر بىلەن جىن - شەيتانلار ئارىسىدىكى ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدىغان تايىنى يوق بۇ فىلىمنىڭ ئوغلۇمنى مەپتۇن قىلىۋېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەيتتىم.

— قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتىمىكىن.

— تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدۇڭمۇ؟

— ياق تېخى.

— ماڭ ئەمىسە، بۇ نەرسىگە قاراپ ئولتۇرماي، تاپشۇرۇ-قۇڭنى ئىشلە.

— مۇشۇ بىر قىسىمنى كۆرۈۋالاي.

— بولمايدۇ، ماڭ دېگەندىكىن ماڭ.

ئوغلۇم بويىنىنى سۆرىگەندەك سومكىسىنى ئېلىپ ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. تېلېۋىزوردا چوشقا، توشقان يەنە تېمىن دېگەندەك نېمىلەرنىڭ ئوبرازلىرى ئادەمدەك سۆزلەپ، بىر ئەپ-سۇن بىلەن تاغلارنى ۋەيران قىلىدىغان، دېڭىزلارنى قۇرۇتىۋې-تىدىغان ئىشلار چىقىدىغان فىلىم قويۇلۇۋاتاتتى. مۇشۇ خىلدى-

كى نەرسىلەر كۆپىيىپ كەتتى، ئۆمۈچۈك، چاشقان دېگەندەك نېمىلەر ئاجايىپ ئاقىل، پاراسەتلىك، كۆچتۆگۈر بولۇپ مەي-دانغا چىقىدۇ. بۇ نەرسىلەردە خۇددى شۇنداق بىر شۇم نىيەت باردەك ھېس قىلىمەن، بۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ شۇنداق بىر قۇدرەت پۈتسە دۇنياغا، جىمى جانلىقلارغا خوجا بولۇشتەك شۇم نىيەت-لىرىنىڭ قارا سايىسى لەيلەپ يۈرىدۇ. بەزى ئادەملەر بۇنى ئىن-سانلارنىڭ ھەممىدىن ئاقىل ھەم قابىللىقىنى ئىسپاتلايدىغان، بالىلارنىڭ ئەقلىنىڭ ئېچىلىشىغا پىلتە بولىدىغان نەرسە دې-يىشىدىكەن، ئىنسانىنىڭ ھەممىدىن ئۇلۇغلىقى، ئاقىل ھەم قا-بىللىقىنى ئىسپاتلاپ يۈرۈشنىڭ ئۆزى بىر ساراڭلىقتە، بۇ دې-مىسىمۇ شۇنداق، بۇنى ئىسپاتلاش كەتمەيدۇ، ئەمما مۇشۇنداق ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇپ قىلىۋاتقان غارايىپ ئىشلارنىڭ قارشىسى-دا بىزنىڭ بالىلارنىڭ ساراڭ قېتىش، تەتۈر، خۇشال بولالمايدى-غان، كۈلەلمەيدىغان، يا ئاچچىقلىيالمايدىغان بىر قىسىما ئادەم-لەردىن بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدىغان قارا سايە ئە-لەڭگىپ تۇرىدۇ. مەن تولىمۇ جاھىل، كاج ئوغلۇمىنىڭ بۇ نەر-سىنى كۆرۈشىنى ھازىرغىچە چەكلەپ بولالماي رەللە بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

※ ※ ※

مۇسا قادىرنىڭ كىچىك كېلىپ قالغان دوپپىسىنىڭ ئور-نىغا شەپكە ئالماشقان ئىدى. شەپكىسى ئۇنىڭغا چوڭ كېلىپ قالغان، بېشىغا چۆككەن شەپكە چىرايىنى باشقا بىركىمگە ئوخشىتىپ قويغاندەك قىلاتتى. بۇ ئاداشقا ئوبدان كەلگۈدەك كىيىم ئۇچرىمىدىغاندۇ؟

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئوبدان تۇردۇڭمۇ ئاداش، ئەجەب كۆرۈشەلمەي كەتتۇق، توۋا، بىر شەھەردە تۇرۇپ كۆرۈشەلمىگە-

نىمىز ئەجەب ئىش بولدى ھە، سورۇشتۇرۇپ تۇردۇم، ياخشى تۇرۇۋېتىپسەن، بالىلىرىڭنى ئېلىپ ئۆيگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كەلسەڭ بولاتتى، بىزمۇ ئىزدىشەيلى، بالىلارمۇ تونۇشسۇن...

— بولىدۇ، ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت.

— رەھمەت دەپلا قويماي ئۆيگە بارغىن.

— بولىدۇ، پۇرسىتى بولۇپ قالار، ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

— ئۆي كۆچۈۋاتىمەن.

— يەنە ئۆي كۆچتۈڭمۇ؟

— شۇنداق. شۇ ئىش بىلەن ئالدىراش.

— ئۆتكەنكى ئۆيۈڭچۇ؟

— ئۇ ئۆي بەك چوڭكەن قارا، تۆت ئادەم ئۇنداق يوغان ئۆيدە ئولتۇرىۋالساقمۇ قاملاشمايدىكەن دېگىنە، شۇڭا ئۆزىمىزگە لايىق كىچىكرەك ئۆيدىن بىرنى ئۇقۇشقان، شۇ ئۆيگە كۆچۈۋاتىمەن.

ئېگىز بىر توپ دەرەخ بار، ئۇنىڭدا مىڭلاپ قۇشلارنىڭ ئۇۋىسى بار، ئەتە - ئاخشاملىرى قۇشلارنىڭ جاۋۇلداشلىرى قۇلاق مېڭىنى يەيدۇ، نۇرغۇن ئادەملەر بۇ دەرەخنى شەپىلىك دەرەخ دەيدۇ. كىچىك بالىلار بۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە جىن بار، دەپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئويناشتىن قورقىدۇ، موماپلار كېسەكنى ئويۇپ ياسىغان كىچىك ئوچاقلىرىنى شۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. كېسەكنى پىيالە چوڭلۇقىدا ئويۇپ ئۇنىڭغا كېپەك سېلىپ كېپەكنى كۆيدۈرۈپ يامان ئەرۋاھ، جىنلارنىڭ ئاپەت سېلىشىدىن ساقلىنىشنى تىلەيدۇ. شۇ دەرەختە ياشىغان قۇشقاچلارنىڭ تولىلىقىغا ھەيرانمەن. ھەر بىر قۇشنىڭ بىردىن چاڭگىسى بولسا بۇ دەرەخ قۇشلار ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. بىز ياشاۋاتقان بۇ زېمىنمۇ خۇددى ئاشۇ قۇش ئۇۋىسى بىلەن تولغان دەرەخكە ئوخشىسا كېرەك.

ئىشىك چېكىلدى. مەن تېلېۋىزوردىن كۆزۈمنى ئېلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئىشىكتە پەرھات تۇراتتى. يوغان كۆزلىرى چەكچەيگەن، چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى يوق.

— توۋا ئاداش، سەن تېخى هاياتمۇ؟

پەرھات يىغلامسىرىغىنىچە مېنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن تاماكىنىڭ كۆڭۈلگە تېگىدىغان پۇرىقى كېلەتتى. مەن ئاستاغىنە ئۇنى ئىتتىرىپ كەينىمگە داجىدىم.

— نېمە بولدۇڭ؟

— هايات بولغىنىڭ بەك ياخشى بولدى.

پەرھاتنىڭ تۇمانلىشىپ تۇرىدىغان يوغان كۆزلىرىدە ياش يۇگۇرۇشۇپ تۇراتتى. كۆز چاناقلىرىغا ياش تولغاندەك كۆرۈندى.

— نېمە بولدى زادى؟ مەن ئەسلىمۇ هاياتقۇ؟

— سېنى ماشىنا هادىسىسىگە ئۇچراپ تۈگەپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ...

پەرھات تاراملاپ ياش تۆككىنىچە مىشىلداشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يوغان، ئەمما نۇرسىز كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى ئورۇق يۈزىنى بويلاپ دومىلاپ چۈشەتتى، ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان يىغىسىنى هەم چىرايىدىن بىلىنىپ تۇرغان تەگسىز ھەسرىتىنى كۆرۈپ مەنمۇ يىغلاپ سالغىلى تاسلا قالدىم.

— هايات بولغىنىڭ ياخشى بوپتۇ، ھەر نېمە بولسا قازا قىلىپ كەتمەپسەن.

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە جۇمۇ...

سەل ئاچچىقىم كېلىپ ئۇنلۇك توۋلىدىم، شۇ هالدا خوتۇنۇم كىرىپ قالمىسا بولاتتى. ئۇنى سافاغا ئولتۇرغۇزۇپ، تاماكا كۈلى توشۇپ كەتكەن كۈلداننى ئالدىغا قويۇپ قويدۇم. پەرھاتنىڭ ئولتۇرغان هامان تاماكا چېكىدىغان خۇيىنى بىلەتتىم.

— سەن تۈنۈگۈن سىرتقا چىققانمۇ؟

— چىققان، نېمە بولدى؟
پەرھات يۆتىلىپ كەتتى، ئۇنىڭغا زۇكام ياماشقاندەك قىلاتتى. ئورۇق يۈزلىرى تاتىرىپ تېخىمۇ ئورۇقلاپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.
— ماشىنا بىلەمسىز؟
— ھەئە.
— نەگە بارغانىدىڭ؟
— يېزىدىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە بارغان.
مەن نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي پەرھاتقا قارىدىم، ئۇنىڭ بىردە مۇڭ، بىردە خۇشلۇق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قالدىم.
— تار داۋاندىن ئۆتكەنمىدىڭ؟
— ئۆتكەن.
پەرھات ئۆزىنى تۇتالماي يەنە يىغلاپ كەتتى، ئۇ ئاۋازىنى چىقارماي ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلۇپ، ئۆكسۈپ يىغلايتتى. مەن ئۇنىڭ يىغىسىنىڭ توختىشىنى سەۋر بىلەن كۈتتۇم.
— تار داۋاندا ماشىنا ئۆرۈلۈپ ئۈچ ئادەم قازا قىلىپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ تاسلا قالدىم ھوشۇمدىن كەتكىلى، سەنمۇ شۇ يەردىن ئۆتەتتىڭ ئەمەسمۇ...
مەن شۇ چاغدىلا نېمە بولغىنىنى بىلىپ ئۇھ تارتىپ قويدۇم، پەرھات تار داۋاندا ۋەقە بولغىنىنى، يەنە كېلىپ شۇ يەردىن مېنىڭمۇ ئۆتكىنىمنى بىلىپ بولغانىدى.
— تار داۋاندا ماشىنا ئۆرۈلۈپ كەتكىنى راست، لېكىن مەن ساق.
— توۋا، بۇ راستمۇ؟ ئەجەب بىر ئىش بوپتۇغۇ بۇ...
مەن چۆچۈپ كەتتىم، پەرھاتنىڭ قايغۇدىن قىزارغان يوغان كۆزلىرى كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈندى.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ سېنىڭچە مەن بىر نېمە بولسام

بولامتى؟

— ئۇنداق ئەمەس، كۆزۈمگە ھېچ ئىشىنەلمەيۋاتىمەن... پالاكەتكە ئۇچراپ قالغان بولساڭ قانداق قىلار ئىدۇق؟

كۆزۈمگە قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىغان مېنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىم كۆرۈنگەندەك بولدى. قېشىمدا يىغلاپ تۇرغان پەرھات، خوتۇنۇم يەنە گاڭگىراپ قالغان ئوغلۇم يەنە مېنى تونۇيدىغان، تونۇمايدىغان بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ تۇرقى كەلدى.

— ھېچنېمە بولمايدۇ، خۇدادىن كەلسە ئەلھۆكمىلىللا دېمەي ئامال يوق... شۇ...

پەرھات ئورنىدىن تۇردى.

— بىردەم ئولتۇرغىن، خوتۇن تاماق قىلسۇن، تاماق يەپ چىققىن.

— بولدى، مەن چىقاي، كېيىن كۆرۈشەرمىز، ھەرھالدا بېشىڭدىن ئۆرۈپ تىلەمچىلەرگە پۇل بېرىپ قويغىن.

پەرھات چىقىپ كەتتى، مەن گاڭگىرىغان ھالدا تېلېۋىزورغا تىكىلدىم. ئەمما، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى.

چۈشكىچە ئۆيدە پىلاستىنكا كۆرۈپ ئولتۇردۇم، دوقمۇشتىكى پىلاستىنكا ساتىدىغان بالا ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ يېڭى چىققان ئېتوتلىرىنىڭ ئوغرىلىقچە كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى بەش كويدىن ساتقان ئىكەن، ئېتوتلارغا قوشۇپ يەنە تۈركىيەنىڭ «ئادانالىق رازۋېدچىك چاكىر» دېگەن فىلىمىنى ئالغانىدىم. فىلىملەرنى كۆرۈۋېرىپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قاپتىمەن. خوتۇنۇم ئەتىگەندە ئوغلۇمنى ئېلىپ بازارغا چىقىپ كەتكەن، دەسلەپتە ئېتوتلارنى كۆردۈم، ئادەمنى كۈلدۈرۈپ قېتىپ كەتكەن تۇيغۇلارنى خېلى يۇمشىتىپ، كىشىگە يەڭگىللىك بېرىدىغان ئېتوتلار ماڭا ناھايىتى ياقتى. ئارقىدىن چەت ئەلنىڭ بىر كىنوسىنى كۆردۈم، كىنودا چىرايىدىن قەبىھلىك چىقىپ تۇرىدىغان بىر گۇرۇپپا ئەسكەرنىڭ قانداقتۇر

بىر قەلئەگە ھۇجۇم قىلىپ شۇ يەرگە يوشۇرۇنغان بىر ھۆج-جەتنى ئېلىپ چىقىش جەريانىدىكى ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن ئىدى. ۋەقەلىكنىڭ جىددىيلىكى ئادەمنى ئالاقزادە قىلاتتى، كۆرۈۋاتقىنىمنىڭ كىنو ئىكەنلىكىنى، يالغانلىقىنى، بۇنىڭدىن ۋايىم يەپ يۈرمىسەممۇ بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە بىركىملەر ئۆلسە بىئارام بولاتتىم. ئانىڭغا ئوق تېگىپ كەتمىگىيدى، ماۋۇ تامدىن يىقىلىپ چۈشمىگىيدى، ئاۋۇ سەتەڭ قىز جەڭدە جېنىدىن ئايرىلسا قانداق بولار؟ دېگەندەك تەشۋىشلەردىن قۇتۇلالماي كىنونى ئاران كۆرۈپ تۈگەتتىم.

پۇت قوللىرىم قېيىشىپ كەتكەندى، ئۆيدىكى جىملىق باشنى قايدۇراتتى. ئوغلۇم بىلەن ئايالىمنىڭ بۇ ئائىلىنىڭ تىرىكلىكى، ھاياتلىقى، داۋام قىلىشىدا بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. كۆڭلۈمدىن كۆچمەس ئارمانلىرىمنىڭ تۇتەپ تۇرغان چۇچۇلىسى دېمىمنى كەستى.

تالاغا چىقتىم، قورۇ ئالدىدا تاھىر زوردۇن، تۇردى ياقۇپ، سادىر مۇقىيت ئۇچەيلەنلا بار ئىدى. باشقىلار كەتكەن بولسا كېرەك.

بىرمۇ بىر كۆرۈشتۇم، سادىر مۇقىيتنىڭ گۆشلۈك، يوغان قوللىرى تەرلەپ كەتكەن ئىدى.

— بىزنىڭ ئەخمەق زاۋۇت قۇرىمەن، دەپ غەلۋە قىلىپ بېشىمنى ئاغرىتقىلى تۇردى.

— نېمە زاۋۇت قۇرىدىكەن؟ — دېدى تۇردى ياقۇپ ئەسنەپ قويۇپ.

— مېۋە - چىۋە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇت ئوخشايدۇ.

— ياخشى ئىشقا قوپۇپتىغۇ؟

— بۇنىڭ نەرى ياخشى؟ قاملاشمىغانلا ئىشقۇ، پۇلنى بۇزۇپ...

— زاۋۇت قۇرۇش دېگەن ئەلۋەتتە ياخشى، مىللىي سانائىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئومۇمىي ساپا جەھەتتە ئىلگىرىلىشىمىزدە بەك مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، سانائەتنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى مىللىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ زامانىۋىلىققا كىرگەنلىكىنىڭ ئالامىتى، كارخانا قۇرغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا...

— ۋاي بېشىم... يەنە باشلىدۇغۇ ماۋۇ... خۇدانىڭ ھەققىدە مۇشۇنداق گەپلەرنى بىر دېمىسەڭ تاھىر... سەندىن خۇش بولاي

— گېپىمنىڭ خاتا يېرى يوققۇ...

— مۇشۇنداق گەپلەرنى دېگىلى تۇرساڭ بەك بىئارام بولۇپ كېتىدىكەنمەن... يىغىندا دەيدىغان گەپنى پاراڭلاشقاندا دېسەڭ قاملاشمايدۇ... — دېدى تۇردى ياقۇپ قوللىرىنى شىلتىپ.

— ئىشقىلىپ نېمىلا دېيلى زاۋۇت قۇرغاننىڭ پايدىسى كۆپ... — دېدى تاھىر زوردۇن ئىچى پۇشقان ھالدا.

— بۇنىڭ نەدە پايدىسى بولسۇن؟ بىر پاتمان پۇلنى زاۋۇت قۇرىمەن، دەپ بۇزۇپ چېچىپ يۈرىدۇ، كېيىن بىر چاتاق چىقىپ قالسىغۇ ئىشنىڭ ئوخشىغىنى شۇ...

— نېمە چاتاق چىقاتتى؟... چاتاق چىقمايدۇ، — دېدى تۇردى ياقۇپ.

— چىقىپ قالسا ئىش كاشال.

— چاتاق چىقمايدۇ.

— چىقىدۇ.

بىرمۇنچە چۈجىلىرىنى كەينىگە سېلىپ يۈرگەن بىر مېكىياننىڭ رۇكۇلدىغان ئاۋازى يەرنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ چۈجىلىرىنى سانىماق تەس ئىدى. شۇ كۈنلەردە مەن چۈجىنى 15 دەپ، ئىنىم 16 دەپ دائىم تالىشىپ قالاتتۇق، ھەتتا مۇشۇ ئىشنى دەپ ياقىلىشىپ، تاتىلىشىپ كەتكەن چاغلىرىمىزمۇ بولغان. ئەمما، تا ئاخىرىغىچە چۈجىنىڭ

نەچچە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيلا كەتتۇق. مېكىيان بىچارە مەھەل-
لىگە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالىدىغان سار، لاچىن دېگەنـدەك
يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ ئۆز چۈجىلىرىنى يەپ كېتىشىدىن قورقۇپ
ھەر قاچان سەگەك ھەم ھوشيار تۇراتتى. ئۇنىڭ چۈجىلىرىگە
شۇ شۇم تەقدىر قاچان قانات يايىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيت-
تى، ئەمـا ئۇنـىڭ ھەرقاچان يـۈرىكى سۇ بـولسا كېـرەك، دەپ
ئويلايتتىم. ئىنىم بىلەن ئىككىمىز شۇ چۈجىلەرنىڭ 15 ياكى
16 ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىيالماي جىق ھەرەج تارتتۇق، مەن
نەچچە قېتىم ئوغرىلىقچە ساناپ چۈجىنى 15 چىقارغان ئىدىم.
ئەمما، ئىنىم 16 دېگەن گېپىدە چىڭ تۇراتتى. ئۇمۇ بەلكىم
ھېچكىم يوق يەردە ساناپ 16 ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلغاندۇ.
كېيىنكى كۈنلەردە چۈجىنىڭ ھەقىقىي سانىنىڭ زادى نەچچە
ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيلا قالدۇق، مولۇن ئەپقاچتىمۇ، سار ئالدى-
مۇ، چۈجىلەر ئاخىرى ئۈچكە قالدى. شۇنداق ئوماق چۈجىلەر-
نىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ئىنىم ئىككىمىزگە بەكلا ئېغىر
كەلدى. دۇنيانىڭ شەپقەتسىز قائىدىلىرىنى شۇ چاغدا چۈشەنگەن
بولسام كېرەك.

— چاتاق چىقمايدۇ.

— چىقىدۇ.

— چاتاق چىقىدىغانلىقىنى سەن نەدىن بىلەتتىڭ؟ ئاشۇ با-
لىلار ئۆزلىرى بىلىپ بىر ئىش قىلىدۇ.

— بالا سېنىڭ ئەمەس مېنىڭ... سەن بىلمىگەندىكىن جىم
تۇر...

— كىم مېنىڭ بالام دەۋاپتۇ؟

— مېنىڭ بالام دېيىشكىمۇ ھەققىڭ يوق... ئىتنىڭ
بالىسى...

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ تېجىمەل ساراڭ؟

— كىم ساراڭكەن؟ ھېلى بىكار...

— يامان بولساڭ كېلە، نېمە قىلالايتتىڭ؟

تاھىر زوردۇن ئىككىيلەننى ئاجرىتىپ بولالماي خېلى ھەرەج تارتتى. مەن يەنە يالغۇز قالدىم. سادىر مۇقىيت بىلەن تۇردى ياقۇپ بىر - بىرىنى سەتلەپ تىللاشقاچ كېتىپ قېلىشتى. تاھىر زوردۇن ماڭا دەيدىغان بىر گېپى بار دەك ئاغزىنى ئۈمەللەپ بولۇپ توختاپ قالدى. ئىنىم ئىككىمىز 15 ياكى 16 ئىكەنلىكىنى ئايرىيالماي جىق تالاش قىلغان ئىدۇق، مۇشتلاشقىلى تاسلا قالغان، ئۇ چۈجىلەر ھازىر يوق، ئاللىبۇرۇن يەر يۈزىدىن يوقالدى. سادىر مۇقىيت بىلەن تۇردى ياقۇپنىڭ جېدىلىنى چۈجىنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمىغاندەك ئىشلارغا تەققاسلىغىلى بولمايدۇ. بىراق، بۇ جاھاندا شۇنىڭدەك ئىشلار سامانىدەك، چۈجە 15 ياكى 16 بولسۇن كارايىتى چاغلىق، مۇھىمى ئۇلارنىڭ توخۇ بولۇشى، تۇخۇم بېرىشى. بۇ گەپنى دېسەم بەزىلەر ئىش توغرا، ئېنىق بولسۇن، دېيىشى مۇمكىن، بۇنى خاتا دېمەيمەن، ئەمما بەزى توغرىلىقلار ئۇچۇن تۆلىگەن بەدەل شۇ توغرىلىقنىڭ ۋەزنىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، زىيان چىقتى دېگەن مۇشۇ.

پىشقان بىر ئەر گاڭگىراپ قالدى. قانداق قىلسا بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى.

بىردەم تۇرۇپ نېمە قىلىشنى، نېمىنى قانداق قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى.

— ئىكرام نەگە ماڭدىڭ؟

— گاڭگا كالتەك ئويىنغىلى.

ئون نەچچە ياشلىق بالا ئانىسىنىڭ سوئالىغا شۇنداق جاۋاب بېرىپ يۈگۈرۈپ قورۇدىن چىقىپ كەتتى. چىرايىدىن خۇشلۇق، شادىمانلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ نەگە بېرىپ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— ئىكرام، نەگە ماڭدىڭىز؟

— تالاغا بىر چىقسپ باقاي قېنى.
— نېمە قىلىسىز؟
— بىلمەيمەن.
ئىكرام دۆلەت دېسە جىق ئادەملەر تونۇيدىغان، نۇرغۇن ئا-دەملەر ئەقىللىق ھېسابلايدىغان بىر ئادەم خوتۇنىنىڭ سوئالىغا شۇنداق جاۋاب بەردى.

# توققۇزىنچى باب

ۋاقىت چىرايلىق ئىدى. ناخشىلار چىرايلىق ئىدى. يوپۇر-ماقلار، گۇللەر، قۇشلار چىرايلىق ئىدى.

مېھرىبانلىقلار، تەبەسسۇملار، كۆڭۈل ئىزھار قىلىشلار، قول ئېلىشىشلار چىرايلىق ئىدى. بىزگە تەۋە، بىز بەھىر ئې-لىشقا تېگىشلىك چىرايلىق نەرسىلەر ئىدى.

مەن پەرھاتنىڭ مۇشۇنداق ئويلىشىنى شۇنداق ئارزۇ قىلات-تىم. مەن مۇشۇنداق ئويلايتتىم. ئالىم كىتاب مۇشۇنداق ئويلايتتى. ئۇ مۇشۇنداق ئويلاپ مۇشۇ نەرسىلەردىن بەھىر ئېلىپ ياشاشنى بىلەتتى.

مەن مۇشۇنداق ئويلاپ مۇشۇنداق ياشىيالمايتتىم، ھېچ بولمىسا ئۆزۈمنى مۇشۇنداق ياشىيالمايۋاتىمەن، دەپ ئۇھسىنات-تىم.

يەكشەنبە كۈنى شۇنداق چىرايلىق كۈن بولغان ئىدى. يەكشەنبىدىكى ئازادىلىككە، ئارامىجانلىقنىڭ پەيزىگە نېمە يەت-سۇن؟ بىر نەچچىمىز دېيىشىپ ئۆرۈك، ئالمىلارنىڭ ئارىسىدى-كى بوش يەرلەرگە سېمونت خىشلارنى بېسىپ يول چىقىرىپ، بىرنەچچە ياغاچ ئۆي ياساپ ئارامگاھ قىلىۋالغان بىر باغقا كەل-دۇق. پەرھاتنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ئېلىپ كەلگەنىدىم. كەچكى قۇياشنىڭ ئوتتەك نۇرىدا باغدىكى دەرەخلەرنىڭ غوللى-رى، شاخلىرى باشقىچە جۇلالىق رەڭگە كىرگەن ئىدى.

— بىرقىسمىلا بولۇپ قالدىڭغۇ سەن؟

پەرھات كەينىمدىن چىقىپ شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ تاماكا

ئىسىدىن سارغىيىپ كەتكەن بارماقلىرىدا موخۇركا قىستۇرۇق-لۇق ئىدى. تۇمانلىنىپ تۇرىدىغان يوغان كۆزلىرى خىرەلىشىپ كەتكەن. مەن ئۇنىڭ ساقال ئېلىشقا قېرىقلىقىغا ھەيران قالات-تىم، ساقاللىرى ئۆسۈك ھالىتى ئۇنى باشقىچە ئاۋارە كۆرسەت-تىپ تۇراتتى.

كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، چاچلىرىنى مايلاپ پارقىرىتىپ يۈرىدىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن، تۇرقىدىن پاكىزلىق، جۇشقۇنلۇق، خۇشخۇيلۇق چىقىپ تۇرىدىغان پەرھات بىلەن كۆز ئالدىمدىكى پەرھاتنى بىر ئادەم دېسە ھېچكىم ئىش-ەنمەيتتى، مەنمۇ بەزىدە ئىشىنەلمەي قالاتتىم. ئادەمنىڭ ھېچ-نېمىسى بولمىسىمۇ ئۈمىدى بولۇشى كېرەك، پاتمانلاپ دەرد - ئەلەم، نادامەتكە بوي ئەگمەيدىغان مەزمۇت روھىنىڭ بولۇشى بىر ئادەمدىكى ئەقىل، پەزىلەت، بىلىم دېگەنلەردىن نەچچە ھەسسە زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالدىم، بۇ خىياللىرىمنى پەرھاتقىمۇ، ئالىم كىتابقىمۇ دەپ باقمىدىم.

— ھېچقانداق ئەمەسقۇ؟

— بىر ئىش بولغاندەكلا قىلىدۇ جۇمۇ، بۇرۇنقى كەيپىڭ يوق.

مەن ئۇنىڭغا بىر نېمە دەپ بولغۇچە ئۇ يەنە دېدى:

— سەندىن بىرەر چاتاق چىقىپ قالماس ھە؟

پەرھات كۆزۈمگە تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىدىكى يول - يول ئۇششاق سىزىقلارنى، قىرلىق بۇرۇنلىرىنىڭ يوغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتىم. پەرھاتنىڭ يۈرىكىدە، روھىدا مەندىن ئەنسىرەپلا تۇرىدىغان بىر نەرسە بار ئىدى. ئۇ مېنىڭ چاتاق تېرىپ قويۇشۇمدىن، بىرەر پالاكەت ئىشقا چېتىلىپ قېلىشىمدىن، نام - ئابرۇيۇمدىن ئايرىلىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىسە كېرەك. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن ئەيمەن-نىپ قالدىم، چاتاق چىقاردى، دېگەندىمۇ مەن نېمە چاتاق چىقىد-

رالارمەن؟ بەزىدە ئانچە ـ مۇنچە چاتاق چىقىرىشمۇ يامان ئىش بولمىسا كېرەك. ئادەم يەنە بىر جۇپ كۆزنى ۋە بىر قەلبنى ئۆزگىچە ئاچقۇچ بىلەن ئاچىدۇ، ئۆزىنى ئۆزى ئىزدەپ تاپىدۇ. ئادەم ئۆزىنى ئاستا ـ ئاستا بىلىدۇ...

— مەندىن نېمە چاتاق چىقاتتى؟ بىر ئوبدان كېتىۋاتىمادىمەن؟

— ئەمدى دەيمىنا، كىچىككىدىن تىنچ يۈرمەيتتىڭ...

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— لەيلىگۈل ئاجرىشىپ كېتىپتۇ، بۇنىڭ سەن بىلەن ئالاقىسى يوقمۇ؟

پەرھاتنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققان قوللىرى تىترەيتتى. ئۇ كۆزۈمگە روھىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. يۈرىكىم ئۆرۈلۈپ تېنىم يېنىقىمسىز جۇغۇلدىدى.

— لەيلىگۈل دېگەن كىم ئۇ؟

— لەيلى...

پەرھات ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ بەكلا يىغلىغۇسى كەلگەندەك قىلاتتى.

— لەيلى دېگىنىڭ كىم؟

— لەيلى ئەمەس، ھاڭۋاقتى... لەيلىگۈل... بۇ ئىككىسىنى قانداقمۇ ئوخشاش ئورۇنغا قويغىلى بولىدۇ؟ — ۋارقىرىدى پەرھات ماڭا نۇرسىز كۆزلىرىنى يارىلانغان قۇشتەك تىكىپ.

— بوپتۇ، شۇ لەيلىگۈل دېگەن كىم ئۆزى؟

— بىلمەس بولۇۋالغىنىنى، تولۇق ئوتتۇرىدا بىز بىلەن پاراللېل ئوقۇغان لەيلىگۈلچۇ، شۇ چاغلاردا سۆرىشىپ يۈرەتتىڭلارغۇ، كۆڭۈل دېگەن مۇشۇنداق نەرسە... بۇنى چۈشىنىمەن.

— قايسى لەيلىگۈل ئۇ؟ مەن ئۇنداق بىر ساۋاقدىشىم بار-

لىقىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن...
— ئەمدى شۇنداق دەيسەندە... ھېچكىمنىڭ خاپىلىقا قال-غۇسى يوق...
باغنىڭ ھاۋاسى يېقىملىق ئىدى. باغ چىرايلىق ئىدى، ھەممە نەرسىدىن چىرايلىقلىقنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى، بىر ئادەمنىڭ مۇشۇنچىلىك سەزگۈدە بىرەر كۈننى ئۆتكۈزمىكىمۇ ئاسان ئەمەس. پەرھاتنىڭ مېنى خاپىلىقا قالغۇڭ يوق، دېگىنى نېمە دېگىنىدۇ؟
— نېمە خاپىلىق ئۇ؟
— خەقنىڭ خوتۇنىنى تارتىۋاپتۇ، خەقنىڭ خوتۇنىنى بۇ-زۇپتۇ دېگەندەك...
— مانداق دېسەڭ ماڭا ئۇۋال بولىدۇ جۇمۇ... راست گەپنى دېسەم مەن سەن دېگەن ئۇ لەيلىگۈلنى پەقەت يادىمغا ئالالمىدىم، ئوقۇۋاتقاندىمۇ ئۇنداق ئىش يوقتى.
بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇنقى ئاجايىپ چاغلار يا-دىمغا يەتتى. جاھاننى بېشىغا كىيىدىغان باللار بىلەن تولغان توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان مەيدان... ئىشىكلىرىنىڭ شاللىرى ئاج-راپ كەتكىلى ئاران تۇرىدىغان سىنىپلار... يۇمران يۈرەكلەرگە يۇمران تۇيغۇ بېرىدىغان يۇمران قىزلار... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلۇپ كەتتى، ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇ ئوتتەك يىللاردا، ئوتتەك ھېسلارغا كۆمۈلگەن چاغلاردا، ئوتتەك ئۇمىد-لەرگە چۆمۈلگەن زامانلاردا ئاشۇ باللارنىڭ ئىچىدىكى ئىكرام دەيدىغان بىرسى ئۆزىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى كۆرمىشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۇلگۈرمىگەن ئىدى.
— ھازىر ئادەملەردە سەممىيەت دېگەن نەرسە قالمىدى، تېنىۋالما... سېنىڭ شۇ چاغلاردا ئۇنىڭغا يازغان مۇھەببەت خەت-لىرىڭنى ئۇ ھازىرمۇ ساقلاپ كەپتىكەن، ئېرى شۇ خەتلەرنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

مەن گاڭگىرىغىنىمچە پەرھاتقا قاراپلا قالدىم. بۇ نېمە دەيدۇ ئەمدى؟ مەن يازغان خەت...

— ئەزبىرايى خۇدا، شۇ ئىشلارنىڭ بىرى يادىمدا بولسا نېمە دەي...

— ئەمدى شۇنداق دەيسەندە... بىراق خەق سېنىڭ سەۋەبىڭدىن تالادا قالدى...

ئەتىگەن خوتۇنۇم دەملەپ ئالدىمغا ئەكەلگەن چاينىڭ پۇردىقى يادىمغا كەلدى. ئەپتىدىن جاھىللىق، قەتئىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئوغلۇمنىڭ ئېغىر سومكىسىنى يۇدۇپ مەكتەپكە ماڭغاندىكى قىياپىتى كۆز ئالدىمغا كەلدى. بۇلار مەن ئۈچۈن بەكلا زۆرۈر ئىكەن، كاكچا نانلارنى گۈلقەنتكە مىلەپ ناشتا قىلغان چاغدىكى ئاراملىقلار، ئۆيگە كىرىپ ئۆزۈڭنى سافاغا تاشلىغاندىكى خاتىرجەملىك... بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خوتۇنۇم بىلەن ئوغلۇمنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارقىلىپ ماڭا يېتىپ كەلسە كېرەك.

لەيلىگۈل دېگەن كىم؟

بىر زامانلاردىكى يۇمران قىزلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى بولۇشى مۇمكىن. ئىككى ئۆرگەن چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ يۈرىدىغان قىزلارنىڭ بىرسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. تەلپۈنۈپ تۇرغان كۆڭلۈمگە كىرىپ چىققان بىرەرسى بولۇشى ھەم مۇمكىن. ئەمما، شۇ تاپتا شۇنداق بىرسىنىڭ ئىزىنى تاپماقمۇ تەس ئىدى.

— ساڭا يالغان گەپ قىلمايمەن، مېنىڭ شۇ يىللاردا بىرسىگە خەت يازغىنىم، پەقەت يادىمدا يوق... سەن دېگەن ئۇ لەيلىگۈل دېگەننى ھازىر پەقەت ئەسلىيەلمىدىم.

— دائىم قىزىل كاتەكچە چاپان كىيىۋالىدىغان قىز، ئۇ قاملاشقان قىزلار قاتارىغا كىرەتتى.

— شۇنداقتىمۇ يادىمدا يوق... ئۇ چاغلاردا قاملاشقان

قىزلار كۆپ ئىدى، كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ھەممىسى يوقاپلا كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھەممىسى ئەرگە تېگىشىپ، بالىلىق بولۇشۇپ باشقىچە بىر خوتۇنلارغا ئايلىنىپ، كۆزدىن يىتتى. يىگىرمە نەچچە يىل ئاۋۋالقى ئىشنى ئەمدى سورىساڭ مەن ئۇنى نەدىن بىلەي؟

— بىراق خەق يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى سېنى ئۇنتۇماي كەلگەن گەپ...

— ئەمما، مېنىڭ ئۇنىڭغا خەت يازغىنىم پەقەت ئېسىمدە يوق.

مەن خۇددى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويۇپ يەرگە قاراپ قالىدىغان ئىش قىلغان ئادەمدەك ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قالدىم. پەرھاتنىڭ ئەپتىدىن غەزەپ ھەم ئېچىنىش چىقىپ تۇراتتى.

— ئېسىڭدە بولمايدۇ ـ دە ئەلۋەتتە، ئۇ كۈنلەردە سەن ھەپتىدە دېگۈدەك بىرەر قىزغا خەت يېزىپ يۈرەتتىڭ.

— ئاشۇرىۋەتتىڭ، ئۇنداق ئەمەس.

— شۇنداق ئىدى، سەنلا ئەمەس، ھەممەيلەن شۇنداق ئىدۇق.

قىزىل چېچەكلەيدىغان يۇلغۇنلار، سۆگەت شاخلىرى ئارىسىدا سايرايدىغان قۇشلار، كىچىك كېلىپ قېلىپ كىم بىرلىرىگە بېرىۋەتكەن كىيىملەر، ئاخشاملىرى يالغۇز قالغاندا كۆزۈمگە جىن كۆرۈنۈپ كېتەرمۇ؟ دەپ قورققانلىرىم، سۇ كىرىپ كېتىپ ئۆرۈلۈپ كەتكەن كونا تام، گۈلدەك چىرايدىكى گۈلدەك تەبەسسۇم، بىر زامانلاردا شۇنداق ياخشى ئېيتىدىغان ناخشىلارنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىرىم...

— مەسىلەن، شۇنداق بولدىمۇ دەيلى، ئۇ لەيلىگۈل دېگەننىڭ نېمىدەپ شۇنداقلا يېزىپ قويغان بىر خەتنى يىگىرمە نەچچە يىل ساقلاپ يۈرىدۇ دەيمەن؟ ساراڭنىڭ ئۆزىلىكەنغۇ ئۇ...

— مۇھەببەت دېگەن شۇنداق بولىدۇ.

— قويغىنا ئۇ مۇھەببەتنى، شۇمۇ مۇھەببەت بولدىمۇ؟ ئا-
دەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇپ. يا مەن ئۇ ئىشنى بىلمىسەم...
— بىز ئەرلەر مۇشۇنداق كېلىمىز...
باغنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن تەمبۇرنىڭ، دۇتارنىڭ ئوتتەك ئىسسىق، قىلىچتەك ئۆتكۈر، قارا كۆز جانانىنىڭ ئىشقىدەك ئوتلۇق، مەپتۇنكار سادالىرى كېلەتتى.
ئىچى پۇشۇق تارتىپ قالغان ئادەمدەك كۆڭلۈم بىزاۋتە بولۇپ سورۇنغا قايتىپ كىردىم. پەرھات موخوركىسىنى چەك-كىنىچە شۇ يەردە قالدى. تۇرمۇش بۇرۇنقى پەرھاتتىن ئايرىلىپ قالغانىدى.
— تەمبۇر ئاجايىپ ساز جۇمۇ، نەق يۇرەكنىڭ زىل يېرىگە تېگىدۇ.
— دۇتارنىڭ ئېسىللىقىچۇ تېخى...
— ھۇسەنجان جامى نەق تەمبۇر ئۇچۇنلا يارالغان ئادەم جۇمۇ... شۇ كىشى ئورۇندىغان ئەجەمنى ئاڭلىسام باشقىچە بو-لۇپ كېتىمەن.
— نۇر مۇھەممەت تۇرسۇنمۇ قالتىس سازەندە ئىدى.
— ھەئە، ئۇمۇ خۇدايىم بىر بەرگەن ئادەم ئىدى.
— دۇتاردا مۇساجان روزى قالتىستە مانا...
— ئابدۇرېھىم ھېيىت يېتىشىپ قالدى.
چىرايلىق پاراڭلار بولۇۋاتاتتى.
كۆڭلۈم غەش ئىدى. پەرھات تىلغا ئالغان لەيلىگۈل دېگەن كىم ئۇ؟ زادى شۇنداق بىر قىز بولغانمۇ دەيلى، ئەمما ئارىدىن شۇنچە يىل ئۆتكەندە بۇ گەپنىڭ چىقىپ قالغىنى نېمىسى؟
كوزۇپىغا ئېگىز سىم تورلۇق جاھاز باغلىۋالغان بىر تى-راكتور ئادەملەر شالاڭ، توپىلىق يولدا كېتىۋاتاتتى. تىراكتور-نىڭ ئىگىسى ئاپتاپتا كۆيگەن، ساقاللىرى ئۆسكەن، قانداقتۇر بىر نەرسىگە ئاچچىقى كېلىپ قالغاندەك قاپاقلىرى تۈرۈك ھال-

دا ھومىيىپ كېتىپ باراتتى. جاھانغا مۇشۇنداق ھومىيىپ قا-رايدىغان، ئاچچىقلىنىدىغان ئادەملەر تولىراپ كەتتى. بىر ئىش-لىرى قاملاشمايۋاتقاندەك، كۆڭلىرى كۆڭۈلسىز ئۆتۈۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان ئادەملەر كۆپىيىپ كەتتى. تىراكتورنىڭ سەت پاقىلدىغان ئاۋازى كوچىنى، يوللارنى، يول بويىدىكى پاكار سۆ-گەتلەر ئارىسىدىكى ھاۋانى، كەڭ يولنى تىترىتىپ ئۆتتى، مەن ھېلىلا باغدىن، چىرايلىق گۈللەرنىڭ يېنىدىكى پاكىز يەرگە سېلىنغان پالاز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان لەرزان كۈيلەرنىڭ سېھرىدىن پەيدا بولغان مەستخۇشلۇقتىن كۆڭلۈم ئېچىلىپ تۇرغاندا مەن تونۇمايدىغان لەيلىگۈلنىڭ گېپى بىلەن ھازىرلا يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتكەن غەزەبلىك، ھەسرەتلىك چىراي، قۇلاق-قا پەقەت ياقمايدىغان سەت ئاۋاز ھالىمنى بەتتەر قىلىۋەتتى.

※ ※ ※

لەيلى...

يۇرىكىمدىن ئۆچمەس مۇشۇ ئىسمىنىڭ ئىسسىقلىقى كۆڭ-لۈمگە تاتلىق سېزىم تارىتىپ ئۆتتى.

روھىمدا بىر قىزىل ئۇچقۇن ۋىلىلداپ يېنىپ قاراڭغۇلۇق باسقان قەلبىمنى چاقنىتىپ ئۆتكەندەك بولدى.

ئارىدا شۇنداق پاراڭلار بولدى. يەنە ساز باشلاندى. تەمبۇر-نىڭ ئاجايىپ كۈيلىرى، دۇتارنىڭ مۇڭلىرى كۆز ئالدىمغا لەي-لىنىڭ تەبەسسۇمىنى، ئۇنىڭ جانغا - جان قوشىدىغان شېرىن كۈلكىسىنى، نەمخۇش چاقناپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرىنى يادىم-غا سالدى. ئىچ - ئىچىمدىن بىر قارا يىغا، بىر ئاچچىق يىغا، بىر يېرىك ھەم سوغۇق ھەسرەت قايناپ چىقىۋاتاتتى. لەيلىنىڭ ئىللىق ئاۋازىنى، مېھرىلىك كۈلكىلىرىنى يادىمغا سالىدىغان سازلارنىڭ چىدىغۇسىز مېھرىلىك كۈيلىرىنىڭ كۆيدۈرۈشلىرى-

گە بەرداشلىق بېرەلمەي ئاستا قەدەم بىلەن باغدىن چىقتىم.

— گۈللەرنىڭ توزۇپ كەتكىنىدىن، بىر چىرايلىق ئېقىد-
ۋاتقان سۇلارنىڭ يۇندا، ئەۋرەز سۇلىرى بىلەن بۇلغىنىپ قارد-
غۇسىز نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكىنىگە، گۈلدەك چىرايلىق
قىزلارنىڭ قېرىپ باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغىنىنى
كۆرسەم كۆڭلۈم بىرقىسمىلا بولۇپ قالىدۇ.

— نېمانداق بىرنېمىلەرنى ئويلاپ يۈرىدىغانسەن؟ تايىنى
بارراق گەپنى قىلە. بۇ مۇشۇنداق بولىدىغان ئىشلار، جاھاننىڭ
ئىشلىرى مۇشۇنداق، بۇنىڭغا ئىچى پۇشۇقى تارتىپ يۈرسەڭ پە-
قەت قاملاشمايدۇ. بۇ جاھاندا قەتئىي ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان
ئىشلار تولا، ئەلھۆكمىلىللا دېمەي بولمايدۇ، بولمىسا بەك بال-
دۇر تۈگىشىپ كېتىسەن.

لەيلىنىڭ ئىسسىق باغرىنىڭ، چىرايلىق كۆزلىرىنىڭ،
مېھرىلىك بارماقلىرىنىڭ، ئوتتەك يۈرىكىنىڭ، سېھىرلىك
لەۋلىرىنىڭ، قوڭۇرغا مايىل يۇمشاق چاچلىرىنىڭ بۇ دۇنيادىن
يوقاپ كەتكەنلىكىنى، ئاشۇ ئاجايىپ سەنئەت ئەسىرىدەك گۈزەل
چىرايىنىڭ، زىلۋا، شۇ قەدەر قاملاشقان ۋۇجۇدىنىڭ جەسەتكە
ئايلىنىپ يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئەقلىمگە سىغ-
دۇرالماي، ئۆزۈمنى ئىشەندۈرەلمەي قىينىلىپ يۈرەتتىم. ئۇنىڭ
شېرىن تەبەسسۇمىنىڭ، ئوماق كۈلكىسىنىڭ، مېنى قۇچاقلىد-
غاندىكى شېرىن تىترەشلىرىنىڭ، يېنىمدا ماڭغان چاغدىكى ھا-
ياجانلىق تىنىقلىرىنىڭ مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك يوقالغانلىقىنى
ھېچكىمگە دېيەلمىدىم. دۇنيانىڭ، ھاياتنىڭ، بىز دەپ يۈرىدىغان
تۇرمۇشنىڭ، مۇشۇ شەھەرنىڭ، مۇشۇ مەھەللىنىڭ، مۇشۇ كو-
چىنىڭ، چىرايلىق گۈللۈكلەرنىڭ، شاماللارنىڭ، ئاي نۇرىنىڭ،
تۇرۇبىدىن شارقىراپ چىقىدىغان سۇنىڭ، تورغاي، كەپتەرلەر-
نىڭ لەيلىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ھېچكىمگە چۈشەندۈرەل-
مىدىم.

— پۈتۈن بىر كېچە سىزنى چۈشەپ چىقىپتىمەن.
— چۈشىڭىزدە نېمە ئىش قىپتىمەن؟
— ھېچنېمە.

لەيلى قىزاردى، بۇ قىزىللىق ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزىگە، شەھلا كۆزلىرىگە مېھىر بىلەن ياماشتى، يۇمشاق قىزىل لەۋلىرىنى چىشلەپ باشقا ياققا قارىۋالدى.

— پۈتۈن كېچە مېنى چۈشەپ چىقىپسىز... نېمىشقا سوئاللىمغا جاۋاب بەرمەيسىز؟

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ مېنى مەھكەم قۇچاقلىدى.

— مەن بالا تۇغۇپ چۈش كۆرۈپتىمەن، شۇنداق ئوماق ئوغۇل بالا... بالىمىز چوڭ بولۇپ ئۇنى يېتىلەپ يۈرگۈدەكمەن. ئۇ سىزگە شۇنداق ئوخشاپتۇ، مەن ئۇنىڭغا بەكلا ئامراق بولۇپ كېتىپتىمەن، ئۇنى سۆيۈپ ئەركىلىتىپ، قانماپتىمەن، بۇنداق شېرىن چۈش مەڭگۈ داۋاملاشسا قانداق ياخشى ئىدى!

ئۇ ۋىلىقلاپ كۈلدى، ئىسسىق ياشلىرى مەڭزىمگە تامدى. ئۇنىڭ تېنىدىن كېلىۋاتقان يەڭگىل، سالقىن ئەتىر ھىدى ئاجايىپ تۇيغۇلار بىلەن قوشۇلۇپ مېنى مەست قىلاتتى.

مېنى لەيلىگە باغلىۋالغىنى لەيلىنىڭ چەكسىز ھەم پاك سۆيگۈسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىمدا تەلەيلىك ئەر بولغانلىقىمدىن ئالەمچە سۆيۈنگەن ئىدىم. ئەمما، لەيلىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى بىلگىنىمدە ھەيران قالدىم. ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ تاڭ قېتىپ قالدىم، روھىمنىڭ ئېغىر ھەم مۇستەھكەم نەرسىلەر بىلەن ناھايىتى پۇختا قاپلانغانلىقىنى، ئازراقمۇ يوچۇق قالمىغانلىقىنى، ساپ ھاۋا كىرمەيدىغانلىقىنى بىلگىنىمدە توپا بىلەن تەڭ بولۇپ كەتكەندەك بولدۇم. لەيلىنى قوغدىيالمىغانلىقىم، ئۇنى ئىلكىمگە ئالالمىغانلىقىم مېنى تۇگەشتۈرۈۋەتتى. پۈتۈن ئىدەشەنچ، ئەقىدەمنى، روھىمدىكى كۈچنى، ۋۇجۇدۇمدىكى ھارارەتنى

تورۇتىۋەتتى.

— مەن سىزنى ئۆمۈر بويى قوغدايمەن...

— ماڭا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ...

— نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەن سىزگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولىمەن...

— سىز يامان كۆڭگە قالمايسىز. چۈنكى مەن بار...

مۇشۇ گەپلەرنى مەن دېگەن. مېنى شۇ ھالدا قىيناۋاتقىنى لەيلى مۇشۇ گەپلىرىمگە ئىشەنگەن ئىدى. بۇ گەپلىرىمنىڭ ھەممىسى يالغان چىقىپ قالدى.

لەيلى ئالدانغان ئىدى. شەرمەندىلەرچە يالغانچىلىققا ئىشەنگەن ئىدى.

لەيلى مېنىڭ شۇ گەپلىرىمگە ئىشەنمىگەن بولسا، بۇ گەپلىرىمنىڭ يالغان، ساختا ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا بۈگۈن مەن بۇنداق ئازابقا قالمايتتىم.

شۇ چاغدا دېگەن گەپلىرىمنىڭ يالغانلىقىنى، ئۆزۈمنىڭ دېگەن گەپلىرىمگە ئەمەل قىلالمايدىغان ئادەملىكىمنى شۇ چاغدا بىلگەن بولسام...

ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن،
ئەقىدەمگە يىغلايمەن...

بۇ ناخشىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. شۇنداقلا ئاڭلاپ ئۆتۈپ كەتكەنىدىم. ناخشىدىكى بۇ گەپلەرنىڭ ۋەزنىنىڭ پاتمان كېلىدىغانلىقىنى لەيلىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، لەيلىنىڭ ماڭا ئىشىنىپ، مېنى سۆيۈپ، ماڭا بارلىقىنى بېغىشلاپ ناھايىتى خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلغىنىمدا مۇشۇ ناخشا يادىمغا يەتتى. ئۆزۈمنىڭ لەيلى سۆيۈشكە لايىق ئادەم ئەمەسلىكىمنى ئازاب بىلەن ئېتىراپ قىلغان چېغىمدا توپا، خەسكە ئايلىنىپ

كەتكەندەك ھالغا چۈشۈپ قالدىم.

روھىمدا كۆتۈرۈلگەن شىۋىرغان ئۆشقىيتىپ مېنىڭ كې-رەكسىز يۈرىكىمنى مۈزلىتىپ، زەھەردەك چېقىپ ئۆتتى. چىد-دىغۇسىز ئازابقا قالسام، لەيلىنىڭ ئەقىدىسىگە لايىق ئادەم ئە-مەسلىكىم سەۋەبىدىن پەيدا بولغان قارا ھەم مۈزدەك سوغۇق ئا-زابلاردىن قۇتۇلۇپ كېتەرمىدىمكىن دەيمەن.

— سىزگە يولۇقۇپ قالغىنىمدىن خۇش بولىمەن.

لەيلى شۇنداق دېگەندى.

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، قورققان، كۆڭلۈم يېرىم بول-غان چاغلاردا سىز يادىمغا يەتسىڭىز كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدۇ.

— نېمىشقا؟

— بۇ نېمىشقا دەپ سورايدىغان گەپ ئەمەس، نېمىشقىلى-قىنى مەنمۇ بىلمەيمەن، دائىم سىزنى يېنىمدا بولسىكەن، دەي-مەن.

— مەنمۇ شۇ.

— كۆنلەرنىڭ بىرىدە سىزدىن ئايرىلىپ قالسام قانداق قىلارمەن؟

— ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ سىزدىن ئايرىلمايمەن، سىزنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن.

ئىككىمىز مۇشۇنداق دېيىشكەن چاغلاردا يازنىڭ ئىسسىق ھاۋاسى كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

— ماڭا قارىماڭ، كىيىمىمنى كىيىۋالاي.

لەيلىنىڭ يېقىملىق، مەيىن ئاۋازى دەريانىڭ يەڭگىل شى-رىلداشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەندى.

شاۋقۇنسىز دەريا، مەڭگۈلۈك جىملىقتا غەرق بولغان قۇملار، تەكلىماكاننىڭ سېھىرلىك سۈكۈناتلىرى خۇددى ھايات ھەققىدە ئۇن ـ تىنسىز ھېكمەت ئېيتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە جىمجىتلىق ئەمەس، جىمجىتلىق ئارىسىغا

يوشۇرۇنغان ئاجايىپ مەنىلەر جىمجىتلىقنىڭ جىمجىتلىق ئە-مەسلىكىنى بىزگە ئۇن - تىنسىز ئېيتىپ بېرىدۇ. ھەممە نەر-سە ئاخىر جىم بولىدۇ، جىم بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاخىرى جىمجىتلىقتىن ئايرىلىپ شاۋقۇنلۇق ھالەتكە كىرىپ قالىدۇ.

ئالىم كىتاب مۇشۇنداق بىر گەپلەرنى قىلغان. ئۇنىڭ مۇشۇ خىلدىكى گەپلىرىنىڭ تېگىدە نېمە بارلىقىنى مەن بىلىپ بولالمايمەن، ئەمما خاتا دېيەلمەيمەن، گېپىنىڭ تېگىدە بىر ھېكمەت بارمىكى، دەيمەن، خاتا دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ. ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيمەن. ئالىم كىتاب-نىڭ يېقىندىن بۇيانقى كۈنلىرى قانداق ئۆتۈۋاتىدىكىن؟ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشسا، ئۇنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلىسا كىشى باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك بولىدۇ، خۇددى ھەممە نەرسىنى باشتىن باشلىغۇسى كەلگەندەك، ھەممە نەرسىگە يېڭىدىن نەزەر سالغۇسى كەلگەندەك... ئەمما، ھاياجانلىق دەقىقىلەر، ئۆزە كەي-پىيات ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ھايات يەنە ئۆز ئىزىغا چۈشۈۋا-لىدۇ.

— نەگە باردىڭىز؟

— سىرتقا چىقىپ چۆرگىلەپ كەلدىم.

— سىرتنىڭ نەرىگە باردىڭىز؟

— مەيداندا ئويۇن قويۇۋېتىكەن، كۆرۈپ كەلدىم.

— قىزىقمىكەن؟

— دېگەندەك تايىنى يوق، ھەممىسى كونا نەرسىلەركەن.

— مەنمۇ بارغان، سىزنى ئۇچراتمىدىمغۇ؟

— ئادەم جىق، تېپىشالمىغان چېغىمىزۋا...

— بەك جاپا تارتىپ كېتىۋاتىسىز - ھە؟

پەرىدەنىڭ كۆزلىرىدە چۈشىنىكسىز بىر نۇر بار ئىدى. يا سوغۇق ئەمەس، يا ئىسسىق ئەمەس، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئى-

كەنلىكىنى بىلەلمەي سورىدىم.

— نېمە جاپانى دەيسەن؟

— سىزگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى. كەتمەن چاپقاندىنمۇ بەكرەك جاپا تارتىپ كەتتىڭىز.

— نېمانداق گەپلەرنى قىلىسەن؟ يا بېشى، يا ئاخىرى يوق.

خوتۇنۇم كۈلۈپ قويۇپ پىيالىگە چاي قۇيدى:

— باشقا ئىش يوق، خاتىرجەم بولۇڭ.

ئۇ ماڭا تىكىلىپ ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى، كۆزلىرى خۇددى قېتىپ قالغاندەك ئىدى. مەن ئەنسىزلىك بىلەن قولۇمغا پىيالىنى ئېلىپ چاي ئوتلىدىم، ئۇنىڭ يەنە ماڭا تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى سېزىۋاتاتتىم، كۆزىگە قاراشقا پېتىنالمايتتىم.

ۋاقىت ئېغىر بولۇپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى يانجىپ پايمال قىلىپ ئۆتۈۋاتاتتى.

— ئۇخلايلى.

— يالغۇز ئۇخلامسىز؟

مەن چۆچۈپ كەتتىم.

پەقەت ئۇيقۇم كەلمىدى، ئەمما ئۇخلىغاندەك جىممىدە ياتاتتىم. خوتۇنۇمنىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچقان، ئۇنىڭ ئېغىر تىنىقلىرى، ئۇلۇغ - كىچىك تىنغانلىرى قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىلا ئاڭلىناتتى. كۆڭلۈمنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ ئازراقمۇ يورۇقلۇق تاپالمىدىم.

لەيلىگە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقلىرىمنىڭ، تەلپۈنۈشلىرىمنىڭ، بېرىلىشلىرىمنىڭ ۋۇجۇدۇمدىكى ئاچلىق، تەقەززالىقتىن بولغانلىقىنى پەقەت ئېتىراپ قىلغۇم يوق.

كۆڭلۈم يورۇپ كەتسە بولاتتى. قاراڭغۇلۇقتىن چىقىپ كەتسەم بولاتتى. مۇھەببەتسىز، تايىنسىز، قورقۇنچ ۋە ئەندىشە قاپلىغان قاراڭغۇلۇقتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتسەم بولاتتى. چاچلىرىمنىڭ ئارىسىدا، قۇلاقلىرىمدا، يۈز تېرىلىرىمدە، بۇرۇن

ھەم كۆزلىرىمدە، قورۇق باسقان پېشانەمدە ئاشۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ
ئىزناسى، بەلگىسى، چاڭلىرى پەقەت قالمىسا بولاتتى. يۇلتۇز-
لۇق كېچىلەردە، ئاي تولغان سۈزۈك ئاخشاملاردا كېتىۋاتقان
چاغلىرىمدا يەڭگىللەپ قالسام، قاراڭغۇلۇقنى ئۇنۇتسام، ئۇنىڭ
دەردىنى، تەھلىكىسىنى، ھەسرىتى ھەم كۆل رەڭلىك ئۈمىد-
سىزلىكلەرنى ھېس قىلمىسام بولاتتى. مەن، مېنىڭ تونۇشلىد-
رىم، مېنىڭ دوستلىرىم، مېنى ئۆزىنىڭ دوستى ھېسابلايدى-
غانلار، يەنە مەن بىلىدىغان، بىلمەيدىغان، ھاياتىدا ئاجايىپ ۋە-
قەلەرگە يولۇققان، تاغلاردەك، قورام تاشلاردەك، مىڭ يىللىق
ئېغىر مۇز پارچىسىدەك ھەسرىتى بار ئادەملەر، يەنە سۈت ئۇي-
قۇسىدىن ئويغانمىغان، ئويغانماي ياشاۋاتقان، ناھەق ئۆلۈپ كەت-
كەن بىرسىنىڭ قانغا مىلەنگەن ھالىنى بىمالال تاماشا قىلىپ،
كۆرگەنلىرىنى، ھېس قىلغانلىرىنى باشقىلارغا ھاياجان بىلەن
ھېكايە قىلالايدىغانلاردىن تارتىپ كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان
گۈزەللىكى مۇزدەك سوغۇق ھەم يېقىمسىز ساھىبجاماللارغىچە،
يورۇق، ئازادە ساھىللاردا، قۇياشنىڭ، ئاينىڭ، يۇلتۇزلارنىڭ
مېھرىگە چۆمۈپ كۈن ئالساق ياخشى بولاتتى. بۇ قاراڭغۇلۇق
بىزنىڭ يۈرىكىمىزدە، قەلبىمىزدە، روھىمىزدا ئىدى، بىز يۈ-
رىكىمىزگە، روھىمىزغا، قەلبىمىزگە سولىنىپ قالغان ئادەم-
لەر ئىدۇق، يەر يۈزىدىكى ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ روھىي ئالىمى-
دە ياشايتتى.

مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا چۆچۈپ كەتتىم، قورقۇپ كەت-
تىم، ئەندىكتىم، شۈركەندىم. مېنى قورقۇتقىنى بۇ قاراڭغۇلۇق-
نىڭ پايانى يوقلۇقى ھەم بىزنى بەك چىرماپ كەتكىنى، بىزنىڭ
ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالغىنىمىز ئىدى. كۆڭلى قارا ئادەملەرنىڭ پا-
جىئەسى كۆنۈپ قېلىش ھەم يۈرىكىگە تامغان يورۇقلۇقتىن
قورقۇش، ھەم يورۇق چۈشكەن يوچۇقنى ئېتىۋېتىشكە جان -
جەھلى بىلەن ئۇرۇنۇش بولۇشى مۇمكىن. ھەممە نەرسىدىن گۇ-

مان قىلىش، يولۇققانلىكى نەرسىدىن يامان ئاقىۋەت چىقارمىكى دەپ ئەنسىرەش مېنىڭ يۈرىكىمدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ مەنبەسى بولۇشى مۇمكىن.

مەن بىر نەرسىدىن قورقۇپ كۆن ئېلىۋاتاتتىم.

ئىكرام بىر نەرسىدىن قورقۇپ كۆن ئېلىۋاتاتتى.

— نېمىدىن قورقىسەن؟

— ھېچنېمىدىن.

ئىكرام يالغان ئېيتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن، ئائىلىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن، قەرزگە بوغۇ-لۇپ قېلىشتىن، ئوغلىنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن، ئاشنا ئويىنىغان-لىرىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن، تاماكا چېكىپ سالامەتلىكى-نىڭ ناچارلىشىپ كېتىشىدىن، ھاراق ئىچىپ يىقىلىپ قېلىش-تىن، بىرەر مېھرى ئىسسىق چوكانغا كۆيۈپ قېلىشتىن، ناھەق تاياق يەپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، قورقۇپ يۈرىدىغانلىقىنى بى-لەتتىم.

※ ※ ※

خوتۇنۇم بىلەن ئوغلۇم، مېنىڭ خوتۇنۇم، مېنىڭ ئوغلۇم بولغىنىدىن پۇشايمان قىلىدىغاندەك قىلاتتى. بەلكىم ئۆزۈم سەزمىگىنىم بىلەن مەنمۇ ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئېرى، بىرىنىڭ دادىسى بولۇپ قالغىنىمدىن پۇشايمان قىلىدىغاندىمەن. رازىمەن-لىك، سۆيۈنۈش يوقاپ كەتمىسە بولاتتى. مۇشۇلارنىڭ يوقاپ كەتكىنى بەختنىڭ يوقاپ كەتكىنى ئىدى.

— نەگە ماڭدىڭ؟

— مۇز تېيىلغىلى.

ئوغلۇم چىرايلىق كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ماڭا قارىدى. ئۇ ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك، قورقۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بارساڭ بولمايدۇ.
— نېمىشقا؟
— يىقىلىپ چۈشىسەن.
— مەن كانكى تېپىلىمەن.
ئۇ ئۈمىدسىزلىنىۋاتسا كېرەك، قارا چېكىتتەك كۆزلىرى ماڭا ئاچچىق بىلەن تىكىلگەندى. مەن نۇرغۇن نەرسىلەرگە يول قويمايتتىم، هايات ماڭا نۇرغۇن جەهەتتە يول قويمايتتى، نۇرغۇن چىرايلىق ئارمانلىرىم، ئارزۇلىرىم، تەلپۈنۈش، ئۈمىتۈلۈشلىرىم بوراندا قالغان تۇزغاقتەك تۇزۇپ كېتەتتى، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كۈلگە ئايلىناتتى. دۇنيا مۇشۇنداق يارىتىلغان، شەربەتنىڭ ئورنىغا دۇغ سۇ، گۈلنىڭ ئورنىغا لويلا بولسىمۇ شۈكرى قىلىشقا توغرا كېلىدىغان ئىشلار سامانىدەك. ئەمما، شەربەت بىلەن گۈلدىن مېھىر ئۈزگىلى، كەچكىلى بولمايتتى، كەچسەك بولمايتتى، كەچسەم بولمايتتى.
«ئادەم بولۇپ يارىلىش شەرىپىگە ئىگە بولۇشۇمنىڭ ئۆزىلا قالتىس بەخت». ئالىم كىتاب شۇنداق دەيتتى، مەن شۇنداق دەيتتىم.
— نېمە تېپىلساڭمۇ مۇزدا تېپىلسەنغۇ؟
— مەن هېچقاچان يىقىلىپ باقمىغان.
— شۇنداقتىمۇ بولمايدۇ.
— نېمىشقا؟
مەن دۇدۇقلۇپ قالدىم.
— بىرەرى بىلەن سوقۇشۇپ پېشانەڭنى يارا قىلىۋېلىشىڭ مۇمكىن.
— ئۇنداق بولمايدۇ.
— سەن ئۇنداق بولمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟
— ئەزەلدىن ئۇنداق بولۇپ باقمىدى..
— ئەمدى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

— نېمىشقا؟
— كوزا كۇندە سۇنمايدۇ، دېگەن گەپ بار.
— شۇنداق گەپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولۇپ قالامدۇ؟ يەنە كېلىپ سەن دېگەن ئاشۇ پالاكەتچىلىك بولدى، دېگەندىمۇ ئۇ ماڭا ئۇدۇل كېلىپ قالامدۇ؟...
— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ، مەسىلەن، مۇز يېرىلىپ سۇنىڭ تېگىگە كىرىپ كېتىدىغان ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يامان ئىشلار نەق ساڭا ئۇدۇل كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدىكى خاپىلىقنىڭ يامانلىقىنى ھازىر ئويلاشمۇ خەتەرلىك.
مەن بەزىدە ئۆزۈمگە زەن سېلىشتىن قورقسام كېرەك. نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزىگە قاراشتىن، ئۆزىنىڭ قىلمىۋاتقانلىرى، دەۋاتقانلىرىغا قاراشتىن، كۆرۈشتىن قورقۇپ ياشىشى مۇمكىن.
— مەسىلەن، شۇنداق ئىش يۈز بەرمىسىچۇ؟
— يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟
— يۈز بېرىدىغانلىقىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟
— ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە.
— مەن ئون ياشتىن ئاشتىم دادا...
— نەچچە ياشقا كىرگىنىڭنى ئوبدان بىلىمەن.
ئوغلۇم ئۈمىدسىزلىك بىلەن قولىدىكى كانكى بىلەن ئىككى تال تۆمۈر زىخنى يەرگە تاشلىدى. كانكى تاختىسىنىڭ ئاستى تەرىپىگە پۇختا ئورنىتىلغان پولات سىم كۆزگە تاشلىناتتى. پولات سىم سىلىق مۇز ئۈستىدە ناھايىتى راۋان سىيرىلاتتى، مۇز ئۈستىدىكى سۈرئەتنىڭ تېزلىكى ھەم سىلىق يۈرۈشتىن ئوغلۇم خۇش بولۇپ بېشى كۆككە يېتىشى مۇمكىن. ئەمما، مەن ئۇنىڭغا يول قويمايتتىم، يول قويسام بولمايتتى. ئوغلۇمنىڭ قۇياشنىڭ پارلاق نۇرى كۆز چاققان كەڭ ھەم سىلىق، ئاپئاق مۇز ئۈستىدە شامالدەك غۇيۇلداپ راھەتلىك، غۇرۇرلۇق ھالدا كانكى تېيىلىش خىيالى بەربات بولدى. بالىلارنى ئىختىيارى

چوڭ قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقنى باشتىن كەچۈرۈپ جاپاغا چىدايدىغان ئادەم قىلىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلسەم- مۇ، مەن ئۇنداق قىلالمايتتىم. ئوغلۇم ئۆيدە جىم ئولتۇرۇشى، تالاغا چىقىپ ئويان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرمەسلىكى كېرەك ئىدى، بولمىسا بىرەر چاتاق چىقىپ قالاتتى. مېنىڭ يۈرىكىم، روھىم، قەلبىم چاتاق چىقىپ قېلىشتىن، مەن كۆزۈمگە، ئەقلىمگە سىغدۇرالمايدىغان بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن بەكلا قورقاتتى. قەلبىمنىڭ ھەممە يېرى مەھكەم چۈمكەلگەن ئىدى، ناھايىتى قېلىن نەرسىلەر بىلەن مۇستەھكەم يۆگەلگەن، يېپىل- غان ئىدى، ئازراقلا يوچۇق بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم.

ئېنىق ئېسىمدە قالمىغان بولسىمۇ، كىچىكىمدە دادامىمۇ مېنىڭ مۇشۇنداق باللارچە ئارزۇلىرىمغا قوشۇلمىغان بولغىي- دى!؟ ئوغلۇممۇ كەلگۈسىدە ئوغلىنىڭ نۇرغۇن ئارزۇلىرىنى چەكلەيدۇ، توسىدۇ. تۇغۇلۇپ ئۆلگۈچە مۇشۇنداق نۇرغۇن سىقىد- لىش ئىچىدە، ئارمانلىرىمىزنىڭ چەيلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ياشايمىز.

مەن، پەرھات، ئالىم كىتاب، مېنىڭ ئوغلۇم، مېنىڭ خو- تۇنۇم، مەرۇپ توختى، سادىر مۇقىيت، مىجىت قارى، مۇسا قا- دىر ھەممەيلەن چىراغنىڭ كۈچلۈك يورۇقىدا ئولتۇراتتۇق. قا- راڭغۇلۇق بىزنى چۈمكەپ تۇراتتى، روھىمىزنى يورۇقلۇققا بۆ- لەش قولىمىزدىن كەلمىسە كېرەك.

مېنىڭ قاتتىق تەنبىھلىرىم، تەنقىدلىرىم، تۈزۈملىرىمدىن ئۆلگۈدەك بىزار بولۇپ كەتكەن، خىيالىدا مېنى دادام دەپ ئە- مەس، ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدىغان ياتباش ئادەم ھېسابلىشى مۇم- كىن بولغان ئوغلۇمغىچە ھەممەيلەن قاراڭغۇلۇقتىن چىقىپ كەتسەك بولاتتى.

مىجىت قارىنىڭ غەمكىن تۇرقى كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىئا- رام قىلاتتى. ئۇلارنى خۇش قىلالىغۇدەك، ئارزۇيىغا يەتكۈزگۈدەك

مادارىم بولسا ئىدى...

— مىجىتكا، قانداق ئەھۋالىڭىز!؟

— بولمىدى ئۇكام. مەن بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىغا ئىشەنمىدىم، ھەممىسىگە لەنەت.

— نېمە بولدى؟

— يەتتە يىل ساقلىدىم، يەتتە يىل دەڭا، شۇ چاغدا تۇغۇلغان باللىرىمۇ مەكتەپكە كىردى، شۇ چاغدا توي قىلغانلارنىڭ باللىرىمۇ چوڭ بولۇپ كەتتى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— خەققە چىققان بەش مىليون ماڭا نېمىشقا چىقمايدۇ؟ مېنىڭ يا بىر يېرىم بىر قانداق بولمىسا...

مىجىت قارىنىڭ كەڭ پېشانىسىدىكى يول - يول قورۇقلار كۆزگە ئالاھىدە كۆرۈنەتتى. بۇ قورۇقلار كىشىگە مىجىت قارىنى ئەقىللىق، ئۆزىنى توختاتقان ئادەم قىلىپ كۆرسىتەتتى. مىجىت قارىنىڭ پىچاقنىڭ بىسىدەك قاڭشارلىرى، چوڭقۇر كۆزلىرى، پىلدىرلاپ تۇرغان كۆز قارىچۇقلىرى كۆڭۈلگە باشقىچە تەسىر بېرەتتى. خۇددى مۇشۇ ئادەمنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشسا ماڭا پايدا بولىدىغاندەك، ئۇنىڭغا ھېلىقى لاتارىيە بىر چىقىپ قالسا قانداق ياخشى بولاتتى، دېگەنلەرنى ئويلىدىم. تەقدىر قىسمەت دېگەن مۇشۇنداق رەھىمسىز نەرسە، كىشىنىڭ ئارزۇسىغا باقمايدۇ.

— مەن بەل قويۇۋەتسەم بولمايدۇ ئۇكام... مېنىڭچە ئاز قالدى... يەنە چىداي...

— قاچانغىچە ساقلارسىز؟

— جان - تەندە ئامان بولسىلا بۇ ئىشنى قىلغىنىم قىلغان، نېمىشقا قىلمىغۇدەكمەن؟ بەش مىليون تۇرسا ئۇ...

كۆڭلۈمگە ياشلار توپا بولۇپ يېغىپ، تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. تۆگىمەس بايلىقىم بولسا، پۇل كېرەكلەرگە يەتكۈچە

بىرىپ مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قويسام، كۆيۈۋاتقان يۈرەكلەر سەگىپ قالسا، ئېچىشىۋاتقان دىللار ئارام تاپسا... بۇنىڭدەك خام خىيال-نى مەندىن باشقىمۇ يەنە قىلىدىغانلار بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمە-ما، تۈگىمەيدىغان بايلىق نەدە بولسۇن؟ ئەگەر تۈگىمىسە ئۇ باي-لىق بولماي قالىدۇ، تۈگىمىسە قىممەتلىك بولماي قالىدۇ. باي-لىق دېگەن بەزى ئادەملەرنىڭ قولىغا دۆۋىلىشىپ، يىغىلىپ، بەزى ئادەملەرنى زار قىلمىسا بايلىق بولماي قالىدۇ. بايلىق شۇنداق نەرسە، تۈرغۇسى كەلگەن يەردە ھەيدىۋەتسەڭمۇ تۇرۇۋا-لىدۇ، تۈرغۇسى كەلمىگەن يەردە باغلاپ قويساڭمۇ تۇرمايدۇ. باي-لىق بىلەن كىشىلىك ھۆرمەت، ئىناۋەت دېگەن نەرسىلەر باغلى-نىپ چىرمىشىپ كەتكىلى ئاران تۇرىدۇ. بايلىق بار يەردە را-ھەت، خۇشاللىق ۋە ئىززەت - ئىناۋەت بار دېيىلىدۇ، يەنە باي-لىق بار يەردە خەۋپ - خەتەر، خاپىلىق، ئوقۇبەت بار دېيىشىدۇ. مىجىت قارى قايسىسىغا تەۋە؟ بۇنى مەن بىلمەيمەن.

— مېنىڭچە سىز ۋاز كېچىڭ مىجىتكا.

مىجىت قارى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ماڭا قاراپلا قالدى. ئۇنىڭ چىرايلىق بۇرۇنلىرى ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايتتى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— چىقماي قالسا قانداق قىلىسىز؟

— كىم چىقمايدۇ دەيدۇ؟

— بىر كىمغۇ دېمىدى.

— ئۇنداق بولغاندىكىن بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى چوقۇم چىقىدۇ، دېگەن گەپ. تۈزۈك بىر ياشىمىساق بولمايدۇ ئۇكام...

— بەش مىليون بولمىسىمۇ بىر ئوبدان ياشاۋاتامسىز مانا؟

— شۇ گەپنىلا دەيدىكەنسىز ئۇكام، ياشىغان بىلەنلا ھېساب ئەمەس، يۈرەكلىك دەسسەپ، پۇل دېگەننى تىترىمەي خەجلەپ ياشىساق بولىدۇ. مۇشۇ ئۆمرۈمدە مانا بۇ مېنىڭ پۇلۇمكەن،

لازىم بولغاندا ئىشلىتەرمىز، دەپ بىر چاڭگال پۇلنى ساندۇققا تاشلاپ باققان بەندە ئەمەسمەن. بەش مىليون چىققان كۈنى شۇ پۇللارغا قاراپ بىر كىچە يىتىۋالسامۇ يىغى خوتۇن ئالغان كۈندىكىدەك خۇش بولۇپ كېتەرمىنا مەن...

دەريا شارقىراپ ئاقىدۇ، دېڭىز دولقۇنلاپ تۇرىدۇ. يۇلغۇنلار باھاردا قىزىل چېچەكلەيدۇ. باللار تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ، رىزقى تۈگىگەنلەر ئۆلۈپ تۇرىدۇ. دۇنيا يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، تۈنۈگۈنكى يۇلتۇزنى بۈگۈن كۆرگىلى بولمايدۇ، تۈنۈگۈنكى بۇلۇت بۈگۈن ئاسماندا يوق، تۈنۈگۈنكى شامال بۈگۈن يوق. ھايات مانا شۇنداق يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، مانا شۇنداق داۋام قىلىدۇ، مانا شۇنداق دولقۇن ياسايدۇ.

— ھەر بىر كۈنگە رەھمەت ئېيتىڭلار.

ئالىم كىتابىنىڭ شۇنداق دېگۈسى باردەك قىلاتتى. ئەمما، شۇنداق گەپنى دېيدىغان يەر تاپالمايتتى، بۇ گەپنى دەپ چۈشەندۇرەلىشىدىن، ئۇقتۇرالىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئالىم كىتاب تېنى ئاجىز ئادەم، قاچان قارىسا چارچاپ كەتكەندەك ھارغىن كۆرۈنىدۇ. ئۇنى چارچاتقان ئىشنىڭ ئەمەسلىكى، يول مېڭىش ياكى نەرسە - كېرەك توشۇش ئەمەسلىكىنى جىق ئادەملەر بىلمەيدۇ. مېنىڭمۇ بىركىملەرگە ئالىم كىتابىنىڭ چارچاپ كەتكىنىنىڭ سەۋەبىنى دەپ بەرگۈم يوق.

— ئادەملەر نېمىشقا بۇنداق تەتۈر بولۇپ كېتىدىغاندۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— بىر ئوبدان يول تۇرسا شۇنىڭدا ماڭماي، يامان، تەتۈر يولغا كىرىۋېلىش قانداق گەپ دەيمەنغۇ؟

— بولمىسا جاھاننىڭ قىزىقى قالمايدۇ - دە.

— قويۇڭ بۇنىڭدەك قىزىق بولۇشنى. بىرسى ئوڭ، بىرسى تەتۈر بولدى دېگەنلىك ئادەمنىڭ بىر - بىرىنى قىيناپ، تويغۇزۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ھەممەيلەن توغرا، دۇرۇس يولدا

ماڭسىمۇ جاھاننىڭ يەنە قىزىقى بولىشۋېرىدۇ.
— مەن مۇنداقلا چاقچاق قىلىپ قويدۇم.
مىجەت قارى يىغلىمىسا بولاتتى. مەن ئاستا كېتىۋاتقان مىجەت قارىغا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ شۇنداق مەيۇسلىنىپ كەتتىم. خۇددى مىجەت قارىنىڭ مۇشۇ ھالغا كېلىپ قېلىشىغا، مۇشۇ ھالدا بولۇپ قېلىشىغا مېنىڭ بىرەر ھەرىكىتىم سەۋەب بولۇپ قالغاندەك ئۆزۈمچە ئەندىكىپ كەتتىم.
يۈرىكىمنى پات - پات يانجىپ ئۆتىدىغان گۇناھ تۇيغۇسى يەنە ئۆرىدىدى. بۇنداق تۇيغۇنىڭ نەدىن پەيدا بولغىنىنى بىلمەيتتىم. بىرسى بىچارە ھالغا قالسا، بىرسى يامان كۇنگە قالسا، بىرسى تەلۋە، ساراڭ، بىرسى كىشىنىڭ ھەقىقىدىن قورقمايدىغان نائىنساب، بىرسى شۇملۇق، يامانلىق بىلەن خەققە زىيان سالىدىغان پاسكىنا ئادەم بولۇپ قالسا... بۇلار بىلەن مېنىڭ ئالاقەم يوقتى، ئەمما مۇشۇلارنى مەن مۇشۇنداق قىلىپ قويغاندەك ھېسسىياتتا يۈرىكىم پۇچۇلىناتتى.
— كۆرۈنمەي كەتتىڭغۇ؟
— بار، شۇ ئىش بىلەن ئالدىراش يۈرىمىزغۇ.
— نېمە تۇگىمىگەن ئالدىراشلىقتۇ بۇ؟ باشنى قايدۇرۇپلا كەتتىغۇ.
— ئالدىراش بولغاننىڭ زىيىنى يوق، ئىش قىلغاننىڭ نەرى يامان؟
— ئىش قىلغانىڭغۇ زىيىنى يوق، ئەمما تايىنى بار ئىش بولۇشى كېرەكتە.
— قانداق ئىشنى قىلىشنى بىز تاللاپ بولالىشىمىز ناتايىن، ئەمما شۇنىڭ ئىچىدىمۇ پايدىسى بارلىرىنى قېتىرقىنىپ قىلىش لازىم. بىكارچىلىقمۇ بىر زۇلۇم، شۇڭا ئالدىراپ - تېنەپ ئىشنىڭ جىقلىقىدىن قاقشىما.
— ئەھمىيىتى يوق ئىشلار تولىراپ كەتتى.

— قاقشساڭ بولمايدۇ، قاقشاپ يۈرۈپ ئاخىر ھەممىدىن ئايرىلىپ قالىمىز.

— قاقشاپ قويغانلىڭمۇ يامىنى يوق، بولمىسا ھەممىگە كۆزنى پارقىرىتىپلا كۆنۈپ قالىدىغان گەپ. تايىنى بار ئىشلارنى كۆپرەك قىلساق بولاتتى، ئەمما ۋاقىت يوق.

— ۋاقىت يوق، ئالدىراش دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسى يال-غان.

ئالىم كىتاب بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. ئۇ ماڭا يېقىندا «يەھۇدىيلارنىڭ ئەقىل - پاراسەت دەستۇرى»، «تېرە پۇتۇك»دې-گەن كىتابلارنىڭ خەنزۇچىسىنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى دەپ بەردى.

— ۋاقىت چىقىرىپ ئوقۇپ باق، ياخشى كىتابلار.

— چۈشىنىشلىكمۇ؟

— ئاسانغا يۈگۈرەيسەندە سەن. بەك چۈشىنىشلىك.

پەيشەنبە ئەتىگەن تۇپراق بېشىغا چىقىپ قايتىپ كېلىپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. قەبرىستاندىكى ئېغىر، يۈ-رەكنى بېسىپ تۇرىدىغان جىملىقنىڭ تەسىرى تېخىچە كاللام-دىن كەتمىگەن بولسا كېرەك. كىشىلىكنىڭ مەنىسى، ئۆلۈمنىڭ قىممىتى ھەم دەھشىتى ھەققىدىكى ئوتتەك قىزىق خىياللار كۆڭلۈمنى، يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ، ئېچىشتۇرۇپ پەقەت ئارام بەرمىدى.

پەرھات مۇشۇنداق خىياللارغا كۆمۈلۈپ يۈرۈشى مۇمكىن ئىدى، مەن پەرھاتقا ئوخشاپ قالمىسام بولاتتى، دېگەنسېرى بىر يەرلىرىم ئۇنىڭغا ئوخشاپ قېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. پەرھاتتىن، ئۆزۈمدىن قورقاتتىم.

چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا خىيال بېسىۋالغان ھالدا ئۆيگە كەلسەم قورۇنىڭ ئالدىدا سادىر مۇقىيت، تۇردى ياقۇپ، تاھىر زوردۇن يەنە بىر نەچچەيلەن بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ پا-راڭلىشىپ تۇرۇشۇپتۇ. سادىر مۇقىيت ماڭا نەچچە كۈن ئىچىد-

دىلا بەكلا قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. 40 ياشتىن ھالـ
قىدىم، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە مەنمۇ سادىر مۇقىيتنىڭ قىيا
پىتىگە كىرىپ قالىمەن، يوقىلاڭ ئىشلاردىن غەم يەيدىغان، يالـ
غۇزلۇق تارتىدىغان، باشقىلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان،
گەپ ـ سۆزۈم باشقىلارغا تېتىمايدىغان بولۇپ قېلىشىم مۇمـ
كىن. قېرىلىقنىڭ ئۆزىگە خاس ھۆرمىتى، گۈزەللىكى، كىشـ
لىك ھاياتتا ھەممە ئادەم ھۆرمەت نەزەرىدە قارايدىغان كۇرسى
بار، ئەمما شۇنىڭغا ئېرىشەلىسەڭ...

— بىزنىڭ ئەخمەق كاتىپ دەمدۇ بىر نېمە دەپ بىر قىزنى
ماشىنىسىغا سېلىپ يۈرىدۇ، بۇنى قانداق قىلىدىغان گەپكىن
ئەمدى؟

— سەن ھېچقانداق قىلمايسەن، قانداق قىلسا ئوغلۇڭ ئۆـ
زى بىلىپ بىرنېمە قىلمامدۇ ئۇنى.

— ئۇنداق دېگەن بىلەن شۇ قىز بىلەن ئۇيان ـ بۇيان
چۆرگىلىشىپ يۈرۈپ كېيىن ئۆيىدىن چاتاق چىقىپ قالامدىـ
كىن، دەپ ئەنسىرەيمەن.

— نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ؟ ئۇ قىز ناھايىتى كەلسە
ئوغلۇڭنىڭ كاتىپىكەنغۇ؟ كاتىپ دېگەننى بۇرۇندىن ئىشلىتىپ
كېلىۋاتقان نەرسە، — دېدى تۇردى ياقۇپ.

— ئەمما، ئاۋۇ قىز بالىكەن.

— قىز بالا بولسا نېمە بوپتۇ؟

— چىرايلىق بىر نېمىكەن. چاتاق چىقىدىغانلىقى ئېنىق.

— ئەمىسە ئوغلۇڭغا دېمەمسەن بېرىپ، ئۇ قىزنى قوغلىـ
ۋەتسۇن. يا بولمىسا سەن قوغلىۋەتسەڭمۇ بولىدۇ.

— قىز، ئاياللارغا ھاقارەت كەلتۈرمەڭلار، — دېدى بايىدىن
گەپكە ئارىلاشمىغان تاھىر زوردۇن، — قىز ئاياللار مىللەتنىڭ
ئانىسى، بىر دەۋرنىڭ قانداق بولۇشى ئاياللارنىڭ قانداق بولۇـ
شىغا مۇناسىۋەتلىك، مىللەتنىڭ تەقدىرى ئانىلارنىڭ قولىدا،

ئانىلار بىر قولىدا بۆشۈكنى، بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتىدۇ...

— يەنە نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ؟ بۇ يەردە كاتىپ قىزنىڭ گېپى بولۇۋاتىدۇ، ئانا، بۆشۈك دېگەنلەر بۇ گەپ بىلەن ئالاقىسىز، — دېدى تۇردى ياقۇپ بىزار بولغان هالدا.

— كاتىپ قىزمۇ ئەمەلىيەتتە بىر ئانا ياكى ئانا بولىدۇ. ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇ يەردىكى...

— ۋاي بولدى قىلە، گېزىت يادلىماي نېرى تۇرغىنا بىر دەم...

تاهىر زوردۇن تۇردى ياقۇپقا هوميىسىپ قويۇپ جىم بولۇپ قالدى.

— ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، بىزنىڭ ئەخمەقنىڭ كاتىپ تۇرغۇزغان ئىشىغا مەن ئارىلىشىپ يۈرسەم قانداق بولىدۇ؟

سادىر مۇقىيت تىت - تىت بولۇۋاتسا كېرەك، قوللىرىنى توختىماي ئىشقىلايتتى.

— هېچنېمە بولمايدۇ... ئارىلىشىۋەر، — دېدى تۇردى ياقۇپ ئىككى تەرەپكە بويۇنداپ قاراپ، ئۇ مەرۇپ توختىنى ساقلاۋاتسا كېرەك.

— ئارىلاشمايمەن، ساراڭ ئەمەس مەن سەندەك خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ يۈرىدىغان...

— كىم ساراڭكەن؟ ساراڭ دېگەن سەن... — دېدى تۇردى ياقۇپ ئۆڭۈپ.

— هېلى بىكار...

— قانداق قىلالايتتىڭ؟ يامان بولساڭ كېلە، — دېدى تۇردى ياقۇپ چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ، — سەندەك نېمىدىن قورقۇپ قالامتىم مەن.

بىرەيلەن تۇردى ياقۇپنى، بىرەيلەن سادىر مۇقىيتنى تارتىپ ئېلىپ كېتىشتى. شۈكلەپ قالغان تاهىر زوردۇنمۇ كېتىپ قالدى. مەن جايىمدا تۇرۇپ قالدىم، قەبرىستان كۆز ئالدىمغا

كەلدى. قەبرىستان هاياتنىڭ نىمىلىكى ھەققىدە مۇكەممەل ھۆك-مەت ئېيتاتتى. خۇشاللىقنىڭ نېمىلىكىنى تەنتەنىلىك جا-كارلايتتى. ئادەمنىڭ نېمىلىكىنى سالاپەت بىلەن ئاشكارىلايت-تى. هاياتنىڭ شەۋكەتلىك ماتانىتىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىنى نامايان قىلاتتى.

قەبرىستان بىلەن ھېلىقى ئىشلار كاللامنى ۋاڭشىتىۋەتتى.

يەكشەنبىنىڭ پەيزى باشقا، ۋۇجۇدىمىز، ۋۇجۇدىمىزدىن بەكرەك روھىمىز ئارام تاپىدۇ. ئاراملىق چارچىغان جانغا، چار-چىغان كۆڭۈلگە، چارچىغان يۈرەككە ئازادىلىك، كەڭلىك، شې-رىنلىك بېرىدۇ.

دېرىزىنى ئېچىپ بولۇپ يەنە تاقىۋەتتىم، سىرتتا كۆمۈر ئى-سىنىڭ بەتبۇي پۇرىقى تارقىلىپ يۈرەتتى. خوتۇن پىسىرلاپ ئۆي يىغىشتۇرۇپ يۈرەتتى، ئوغلۇم تېخى ئورنىدىن تۇرمىغان. ئانىسى-نىڭ دېيىشىچە، يەكشەنبىدە بالىنىڭ قېنىپ ئۇخلىۋالغىنى ياخ-شىكەن، ئۇنىڭ دېيىشىچە، بالا ئەمەلىيەتتە بىزدىنمۇ بەكرەك جاپا تارتارمىش، ئۇنىڭ كۈنىگە بىز ھەرگىز چىدىمىغۇدەكمىز.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ئۇنىڭ توققۇزى تەل، ئۇنىڭ يېشىدا بىزنىڭ قورساقمۇ تويمايتتى، كىيىدىغان كىيىملىرىمىز نەچچە يەرگە ياماق چۈشكەن كونا كىيىملەر ئىدى، يەنە دېسەم...

— سىزنىڭ كىيىمىڭىزگە ياماق چۈشكەن بىلەن كۆڭلى-ڭىزگە ياماق چۈشمىگەن، ئىختىيارى، قىلغۇڭىز كەلگەننى قى-لىپ كۈن ئالالىتتىڭىز، كۆڭۈل ئىختىيارى بولمىغان مۇنداق توققۇزى تەلنىڭ جانغا نېمە ئارامى بولسۇن؟

مەن ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران قالدىم، ئۇ ماڭا جاھاننىڭ ئىشلىرىنى خېلى چۈشىنىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ قالدى.

— ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇڭ، سىز دادا ئەمەسمۇ.

— شۇمۇ گەپمۇ، بالىغا كۆڭۈل بۆلمىدى، دېگەن ئۆزىنى

يوقىتىپ قويغان بىلەن ئوخشاش ئىش، كۆڭۈل بۆلمەن، ئىچ ـ ئىچىمدىن كۆيۈپ تۇرىمەن. بىراق، بۇ بالا ھەدېسىلا مەن بىلەن قېرىشىدۇ، قايسى ئىشنى قىلما دېسەم، شۇنىڭغا ئىنتىلىپ تۇرىدۇ.
— مەنمۇ دىققەت قىلدىم، ئۇ سىز بىلەن ئەمەس، سىز ئۇ. نىڭ بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك قىلىسىز.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— ئۇنىڭ نورمال تەلەپلىرىگىمۇ يول قويمايۋاتىسىز. ئوب. دانراق ئويلاپ بېقىڭ.
— ئوغلۇڭغا يان بېسىۋاتامسەن؟
— بۇنداق گەپنى قىلماڭ، ئۇ ئىككىمىزنىڭ ئوغلى، ياخ. شى بولسا ھەممىمىزگە بولىدۇ. بالىمىزغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئۇ. نىڭ ھېچ بىر يەردە كۆڭلى ئېچىلمايدىغاندەك.
— قويغىنا، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟
— مۇشۇ گېپىڭىز بولمايدۇ، بۇ گېپىڭىزدىن ئۆزىڭىزدىن باشقا ئادەملەرنى ھېچنېمە بىلمەيدۇ، دېگەن مەنە چىقىدۇ، ئەمە. لىيەتتە سىزمۇ كۆپ نەرسە بىلمەيسىز.
— ما گەپنى، نېمە دەۋاتىسەن؟
— ھېچنېمە، كىچىككىنە بالىنى ئۆزىڭىزگە قارشى قىلىپ قويدىڭىز، دىققەت قىلمىسىڭىز چاتاق چىقىدۇ. ئاچچىقلىماي، خوتۇن كىشى نېمىنى بىلىدۇ، دېگەن كاللىڭىزنى بىر ياققا قاي. رىپ قويۇپ ئوبدانراق ئويلاپ قويۇڭ.
ئۇنىڭ بىلەن مۇنداق پاراڭلىشىپ باقمىغىلى ئۇزۇن بوپ. تىكەن، خېلىغىچە جىم بولۇپ قالدىم. بۇ ئىش توغرىسىدا ئويلانغۇم كەلمىدى.
تۇرۇپلا ئالىم كىتاب يادىمغا يېتىپ قالدى.
ئۆيدىن چىقىپ قارىسام مەرۇپ توختى قوللىرىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ كېتىپتۇ، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا قارىدىم، خېلى پاكىز

بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈندى. تۆت يانچۇقلۇق چاپىنىنىڭ يان ياذ-
چۇقىغا لىققىدە قارتا تىقىۋالغانىدى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مەرۇپكا.
— ۋاھ، كېلىڭگا بىر قول ئويناپلى.
— ئەتىگەندە بۇ نەرسىنى ئويناپ يۈرسەك قاملاشماس...
— قاملاشمايدۇ، دېگەن نېمە گەپ؟ كېلىڭگا، بىر قول، پەقەت
بىر قوللا ئويناپلى... ماقۇل دەڭا... تومۇرنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا...
— بىلىسىز، مەن بىلمەيمەن بۇ نەرسىنى.
— ئەستا، ئادەمنى نېمانداق تېرىكتۈرىدىغانسىز ئۇكام.
قارتا ئوينىمىسىڭىز نېمە ئىش قىلىسىز سىز؟
مەرۇپ توختىنىڭ كۆزلىرىدىكى ئەلەم، ئاچچىق ماڭا يېڭ-
نىدەك سانجىلىپ تۇراتتى.
— مەن راست بىلمەيمەن.
— ئەجەب جىلە قىلدىڭىزغۇ...
مەرۇپ توختى سېنى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن، دېگەندەك تەتۈر
قارىۋالدى. ئۇنىڭ ماڭا بەكلا ئاچچىقى كەلگەندەك قىلاتتى. مې-
ھىر دېگەنمۇ بەزىدە تېزەككە چۈشىدىغان نەرسە.
— تاڭ ئاتقىلى نىكەم، قاراڭ ما خەقنىڭ بىرىمۇ يوق،
ھەممىسىنىڭ كۆتىگە تېپىپ چىقسام شۇ تاپتا... مۇشۇ چاغقى-
چىمۇ باشلىماي يۈرەمدۇ دەيمەن...
مەرۇپ توختى ئورنىدا نەچچىنى پىرقىرىۋېتىپ ماڭا
قارىدى:
— ئۆگىنىپ قويۇڭا ئۇكام، بۇ نەرسىنى ئوينايدىغانلارمۇ
ئازىيىپ كېتىپ بارىدۇ، مۇشۇ تېلېۋىزور دېگەن بىر نېمە نەدىن
پەيدا بولدى، ھەممىيلەن شۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرغان، ئۇنىڭدىن
نېمە چىقىدۇ دەيمەن... بىر ئوبدان قارتا تۇرسا شۇنى ئوينى-
ماي...
مەرۇپ توختىنىڭ ھاراققا ئۆگىنىپ قالغان نەۋرىسىنى،

دۇكان ئېچىپ زىيان تارتقان نەۋرە قىزىنى ئويلاپ قالدىم.

— قاراڭ ئاۋۇ لەنتىنىڭ كېتىۋاتقىنىنى، — دېدى مەرۇپ توختى يولنىڭ ياقىسىدىن ئاستا كېتىۋاتقان سېمىز ئادەمنى كۆرسىتىپ، — يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر قويسام ئىشلىمەيدىغان كاللىسىغا.

— نېمە بولدى؟

— بۇلتۇر يازدا مۇشۇ ياسىن دېگەن مەلئۇن تاپاننىڭ تۇ-زىنى خاتا چۇشمىگەن بولسا بىز ئۇتاتتۇق ئەمەسمۇ شۇ چاغدا...

— بۇلتۇرقى ئىشكەنغۇ.

— بۇلتۇرقى ئىش بولغان بىلەن بىر قول قارتتا ئۇتتۇرۇ-ۋەتكەن تۇرساق ئۇكام... يۈرەك چىدامدۇ بۇنىڭغا...

— قانداق گەپتى ئۇ؟

— قاراڭ، بۇلتۇر مۇشۇ ياسىن قوشۇلۇپ تۆتىمىز قارتا ئوينىغاندا بىر قول ئۇتتۇرۇۋەتتۇق، بۇنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يا-سىن دېگەن دەلتىنىڭ تاپاننىڭ تۇزىنى خاتا چۇشكىنىدىن بول-غان، ئويلىسام - ئويلىسام ئاچچىقىم كېلىدۇ. تاپاننىڭ تۇزىنى چۇش، دەپ شۇنچە ئىشارە قىلسام چۇشەنمىدى بۇ گوي...

— ئىشارە قىلىشىپ يۈرسەڭلار قانداق بولىدۇ، بۇ ساختى-لىق بولۇپ قالامدۇ؟

— ئۇنداق بولمايدۇ، ھەممەيلەن شۇنداق ئوينايدىغان تۇرسا...

ۋاللەي ۋاللەي ۋو ۋو
ھاشىم دېگەن لولو...
...................

قۇشقاچلار گۇررىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلسە مۇزدەك سوغۇق ئۆرلەپ تۇرغان خامانىنىڭ ئۆلۈك توپىلىرى كۆككە توزۇيدۇ. نا-

هايىتى كەڭرى خاماندا چوغدەك باللار، كۆزلىرى چوغدەك يا-
نىدىغان، كىچىككىنە يۈرەكلىرى چوغدەك يېلىنجايدىغان باللار
گاگا كالتەك ئوينىشىپ يۈرىشىدۇ. باللارنىڭ سۈرەنلىرىدىن
ئۈركۈگەن قۇشقاچلارنىڭ ئاچچىق جاۋۇلداشلىرى ئاڭلىنىدۇ.

— نۆۋەت مېنىڭ.

— ياق مېنىڭ...

بۇ يەردە ھەق ئادىللىق ناھايىتى تەبىئىي رەۋىشتە ئايرىلى-
دۇ. ھەقىقەت ھەممە ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ تۇرى-
دۇ. توپىدەك، سوغۇقتەك ئاددىي ھالىتى بىلەن كۆز ئالدىڭىدا
جۇلالايدۇ. ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلەتكىلى بولمايدىغان، يالغانچى-
لىق قىلغىلى بولمايدىغان بۇ ئويۇن باللارنىڭ كۆڭلىگە ھەق
ئۈرۈقىنى تاشلاپ قويىدۇ.

ياشقا چوڭ ئىككى بالا نۆۋەت تالىشىپ گاگانى قولىغا ئې-
لىپ بىر پۇتى بىلەن دەسسەپ تۇرغان كالتەككە گاگانى تاشلاي-
دۇ، كىم تاشلىغان گاگا يىراققا چۈشسە شۇ ئۇتقان بولىدۇ.
قۇشقاچلار جاۋۇلدايدۇ، باللار چۇرقىرىشىدۇ، سوغۇق زەھرىنى
سانجىپ تۇرىدۇ. ھەقتىن سۆيۈنگەن باللارنىڭ چوغدەك يۈرە-
كىدىن پۇرقۇلغان ھور بىلەن سوغۇق ئېرىپ كېتىدۇ... سوغۇق
قېچىپ كېتىدۇ... پىيمىلىرى يىرتىلغان، چىبەرقۇت چاپانلى-
رىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدىن پاختىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان چا-
پانلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋۇجۇدلارغا سوغۇق تەھلىكە قىلالمايدۇ.
ئەڭ ساددا، ئەڭ ئۇلۇغۋار ھەقلىق تۇيغۇسى يۈرەك ھەم زېمىنغا
ئاپتاپ چېچىپ تۇرىدۇ، سوغۇقنىڭ كۈچى يوقىلىدۇ.

— ئىكرام، سەن نېمىشقا ئوينىمايسەن؟ نۆۋەت سېنىڭ...

ئاشۇ باللاردەك يېنىپ تۇرغان ئوتتەك بىر بالا، ۋۇجۇدى،
روھى يالقۇنجاپ تۇرغان بىر بالا ئالدىغا سەكرەپ چىقتى:

— كىم ئوينىمايمەن دەپتۇ؟ ئەكە كالتەكنى.

«تاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن بىر غىرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى قىزىل

يۇلغۇندىن ياسالغان گاگا ۋىڭىلداپ يىراقلار ئۇچۇپ كەتتى.
غەلىبىنىڭ يۈرەككە سىغمايدىغان شېرىن شادلىقى كىـ چىككىنە بالىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى.
— ۋۇي مانى قارا، ئىكرام يامانكەن.
— ئەڭ يىراققا ئۇچۇردى.
— سەن بىز بىلەن بول...
باللار ئىكرامنى تالاشتى.
..........................
— ھەسەن، قايتا سانا.
— نېمە بولدى؟
— بىر قەدەمنى ئارتۇق سانىۋالدى.
— شۇنداق قىلدىڭ.
— شۇنداق قىلسام قانداق قىلاتتىڭ؟
كۆزلىرى قارىچۇغىنىڭكىدەك يېنىپ تۇرىدىغان بىر بالا ئۆزىدىن چوڭ ھەسەنگە ئېتىلدى:
— مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.
ئىككىيلەن مۇشتلىشىپ كەتتى، بىر قەدەم ساناقنىڭ خاتا بولغىنى ئۇچۇن كۆزلىرى قارىچۇغىنىڭكىدەك بالىنىڭ بۇرنىـ دىن چوغدەك قان شۇرۇلداپ ئاقتى، ھەسەننىڭ ئىككى قېشىـ نىڭ ئوتتۇرىسى يېرىلىپ قىپقىزىل قان شۇرۇلداپ ئاقتى. ئىككىيلەن مۇزدەك سوغۇق، مۇزدەك قاتتىق خاماندا پومداقـ لىشىپ كەتتى.
بىر قەدەم ئۇچۇن مۇنچىلا قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى ئۇلارنى تەستە ئاجراتقان دوڭغاق بىر بوۋاي ئاچچىقلاپ ۋارقىراپ، — بىر ـ بىرىڭنى يېيىشەمتىڭ؟ بولدى قىلىش...
— بىر قەدەمنى ئەمەس بىر غېرىچنىمۇ خاتا ساناشقا بولـ مايدۇ...
ھېلىقى بالا كۆزلىرىدىن چوغدەك ئوت چاچرىتىپ ۋارقىـ

-ردى.

مەرۇپ توختى بىرنېمىلەرنى دەپ غوتۇلداپ كېتىپ قالدى، ئۇ بەلكىم بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى بولغاي. مەرۇپ توختى-نىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرسام پەرھات چاقىرىپ قالدى. ئۇ بۇ-رۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئورۇقلاپ كەتكەندەك قىلاتتى. تەنھالىق، يالغۇزلۇق، زېرىكىشلىك تۇرمۇش ئۇنى تۇگەشتۇرۇۋەتتى، ئۇ پەريدەنى قايتۇرۇپ كەلسە بولاتتى، ئەمما پەريدەنىڭ نەگە كەت-كەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئىككىمىز مۇنداقلا كۆرۈشتۇق. پەرھاتنىڭ يوغان كۆزلىرى ماڭا تېخىمۇ يوغىناپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. كۆزلىرى سەل قىزىرىپ قالغاندەك ئىدى.

— سەن بىلەن كۆرۈشىدىغان بىر ئىش بار ئىدى...

— قېنى نېمە گېپىڭ بولسا دېگىن.

— خوتۇنۇڭنى نېمىشقا قويۇۋەتتىڭ؟

پەرھاتنىڭ گېپى ماڭا مۇز بولۇپ تۇيۇلدى.

— بىكار گەپقۇ بۇ، مەن خوتۇننى قويۇۋەتمىدىم.

— يالغان گەپ قىلما.

— يالغان ئەمەس، بىر ئوبدان خوتۇننى نېمىشقا قويۇۋەت-كۈدەكمەن؟

پەرھات كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ خىرىلدىدى.

— بىر ئوبدان خوتۇننى ـ دە، نېمىشقا بالدۇرراق مۇشۇن-داق ئويلىمىغان بولغىيدىڭ؟

— نېمە بوپتۇ؟

تېرەك بېشىدا دۈگدىيىپ تۇرغان قاغا، تاشلاندۇق ئۆيىنىڭ تېمىغا قونۇۋالغان غېرىبانە سار، ئۇچ تېمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئۆي... مەن مۇشۇنداق نەرسىلەرنى يادىمغا ئالدىم، يادىمدىن كەچكەنلىرى خۇددى مۇشۇلارنىڭ ئۆزى بولمىسىمۇ، شۇنىڭغا يېقىن نەرسىلەر ئىدى.

— ئەمدى پۇشايمان قىلساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، خوتۇنۇڭ

ئاغزى ئىتتىك، كوت ـ كوت بولغىنى بىلەن كۆڭلى ياخشى ئا ـ يال ئىدى، ئەمدى يەنە خوتۇن ئالىمەن، دەپ نەدە يۈرەرسەن؟

— يوق گەپنى قىلما، مەن خوتۇن قويۇۋەتمىدىم.

مەن پەرھاتقا تىكىلىپ قاراپ قالدىم، ئۇنىڭ نۇرسىز، كۆزلىرىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى.

— بۇزۇلۇپسەن ـ دە...

— ئۇنداق ئىش يوق.

— چوقۇم شۇنداق ئىش بار. خوتۇنۇڭ بولغاندىكىن نېمىشقا شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغانسەن؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ئۇنداق ئىش يوق.

— ئەمىسە خوتۇنۇڭنى نېمىشقا قويۇۋېتىسەن؟

ئىلگىرى نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان چاغلاردا كىم بىرسىنىڭ مېنى چاقىرىپ كېتىشىنى، ئۇزاقراق بىر يەرگە كېتىشنى ئارزۇلاپ قالاتتىم.

— مەن دېدىمغۇ، خوتۇنۇمنى قويۇۋەتمىدىم. قويۇۋېتىش خىيالىممۇ يوق.

مەن بوغنۇقۇپ كەتتىم، ناۋادا مۇشۇ گەپلەرنى خوتۇنۇم ئاڭلايدىغان بولسا يەنە بىر تايىنى يوق ئىش يۈز بېرىشى مۇمكىن.

— ئىزا تارتىۋاتىسەن ـ ھە.

— نېمىگە؟

— خەقلەرنىڭ خوتۇننى قويۇۋېتىپتۇ، دەپ زاڭلىق قىلىشىدىن.

مەھەللىنىڭ چېتىدە خەقلەر ئەخلەت، سۇپۇرۇندە دېگەندەك تاشلاندۇق نەرسىلەرنى دۆۋىلەپ قويىدىغان جايلار بار. بۇ يەرگە يەنە سۆڭەك، يۇندىلارنى، بوغۇزلانغان ماللارنىڭ يىن، قانلىرىنىمۇ تۆكۈپ قويىدىغانلار بار. بۇ يەردىن خەقلەر قورقىدۇ، ئاخشاملىرى مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ قېلىشتىن، باللارنىڭ بېرىپ

قىلىشىدىن، بىلىپ بىلمەي مۇشۇ يەرگە تۇكۇرۇپ قىلىشتىن، سىيىپ قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. بەزى نەرسىلەر مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق. بەزى ئىشلار ھەم قورقۇنچلۇق بولىدۇ.

— خوتۇن دىگەننى قويۇۋېتىشكە توغرا كەلسە قويۇۋېتىدىغان گەپ، بۇنىڭ خەقلەر بىلەن پەقەت ئالاقىسى يوق، يەنە كىلىپ بۇ زاڭلىق قىلىدىغانمۇ ئىش ئەمەس.

— بىراق نىمىلا بولسۇن خوتۇننى قويۇۋېتىش ياخشى ئەمەس، مەسىلەن، سەن بىرەر قىزغا كۆڭلۈك چۈشۈپ بۇزۇلغان بولساڭ دەيلى. لەيلىگۈل بىلەن تېپىشىپ يۈرمىگەنسەن؟

يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى.

— قايسى لەيلىگۈل ئۇ؟

— سەن خەت يېزىپ يۈرگەن لەيلىگۈلچۇ.

— مەن قايسى لەيلىگۈلگە خەت يېزىپ يۈرۈپتىمەن؟

— يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇنقى ھېلىقى قىزنى دەيمەن.

— توۋا، نەدىكى گەپ بۇ؟ يەتتە چۈشۈمگە كىرمىگەن ئىشلارنى سۆزلەپ يۈرمىگىنە.

مەن ئەتراپقا ئىتتىك قاراپ قويدۇم، نىمە گەپلەر بولۇۋاتىدۇ؟ بۇ نىمىلەرنى ئويلاپ كەتكەن، ناۋادا خوتۇننى قويۇۋەتسەم نىمە ئىشلار بولار؟ خوتۇننى قويۇۋېتىش، ئاجرىشىش دىگەنمۇ قورقۇنچلۇق بىر ئىش بولۇشى مۇمكىن. ئاۋارىچىلىكى تولا، غەلۋىسى جىق. مۇنۇ پەرھات بۇ گەپلەرنى نەدىن تاپىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ ماڭا كۆيۈنۈش ھەم مەسئۇل بولۇشتەك بىر ھال چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدىم.

— راست بىرەرسىگە كۆزۈڭ چۈشۈپ قالدىمۇ؟

— ئاغزىڭنى يۇمغىنا ھوي.

— خەق بىكارغا تاپمايدۇ بۇنداق گەپنى.

— قايسى گەپنى؟

— ئىكرام دۆلەت خوتۇننى قويۇۋېتىپتۇ، دىگەن گەپنى.

— ئۇ گەپنى خەق دېمىدى، سەن دەۋاتىسەن.
— مەنمۇ خەقتىن ئاڭلىغان.
— كىمدىن؟ — مەن پەرھاتنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ باردىم.
— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟
— سورىماي بولامدۇ، بۇ ئادەتتىكى گەپ بولمىسا. شۇ گەپنى تاراتقان ئادەمنى تېپىپ بىر سۈرۈشتۈرۈپ باقاي دەيمەن، دېگىنە، زادى كىم دېدى مۇشۇ گەپنى؟
— ئىشقىلىپ ھەممەيلەن شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ.

ئۆيگە كىرىپ تاماق ئېتىۋاتقان خوتۇنۇمغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدۇم، ئۇ ئاق پەرتۇقنى تارتىۋېلىپ تاماق ئېتىۋاتاتتى. قازاندىن قويۇق بۇس ئۆرلەيتتى. ئۇنىڭ شۇنداق خاتىرجەم، شۇنداق بىمالال ھالىتىنى كۆرۈپ ئېرىم مېنى قويۇۋېتەرمۇ؟ دەپ بىرەر قېتىم خىيال قىلىپمۇ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ئۇ بايا پەرھات دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىسا نېمە دەر؟

ئۆينى خوتۇنى ئېتىۋاتقان تاماقنىڭ تونۇش پۇرىقى كېزەتتى. ئۇ بۇنداق پۇراققا كۆنۈپ قالغانىدى. ئۇ سىرتلاردا ئۇزۇن تۇرۇپ قالغان چاغلىرىدا مۇشۇ ھىدنى سېغىنىپ قالاتتى، تاماقنىڭ بۇ تونۇش پۇرىقى ئۇنىڭ كۈنلىرىنىڭ، ھاياتىنىڭ، تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ پەردىنى قايرىدى. قورۇنىڭ ئالدىدىكى تار يول ئادەمسىز سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇ ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن، ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئېرىشكەنلىرى كۆپمۇ، يوقاتقانلىرىمۇ بۇنىسى قاراڭغۇ، ئەمما مەيلى نېمىلا بولسۇن ھاياتنىڭ ئاددىي قائىدىسى شۇ: يوقىتىش بولۇپ تۇرىدۇ، ئېرىشىش بولۇپ تۇرىدۇ، مەڭگۈ ئېرىشىۋېرىدىغان، مەڭگۈ يوقىتىۋېرىدىغان ئىش يوق. باغدا يوقاتقاننىڭ ئورنىنى تاغدا تېپىۋالىمىز، قىشتا ئېرىشەلمىگەننى يازدا ئىگە بولىمىز، بۈگۈن ئۆلۈمگە تەلپۈنسەك، ئەتىسى ھاياتقا

مەڭگۈ قانمايدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز.

※ ※ ※

دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى دۇنيا شۇنداق مېھرىلىك ئىدى.

باسقان ئىزلىرىمنى ئۇنتۇپ قالىمىدىم، لەيلىنىڭ ئوتتەك ئىسسىق، بۇلاق سۈيىدەك پاكىز، چىلگە ھىدىدەك شېرىن سۆيۈ-گۈسىگە ئېرىشكەن كۈنلەردە يۈرىكىم قېپىغا پاتماي قالغان، خۇشاللىق، شادلىق ماڭا دەۋرەپ تۇراتتى، ئۇسسىسام تاپىنىم ئاستىدىن بۇلاق پەيدا بولغاندەك، كۆزۈمنى ئاچسام باش ئۇس-تۈمدە شېرىن يېمەكلىكلەر تەييار تۇرغاندەك، ئۇيقۇم كەلسە شېرىن چۈش كۆرۈپ، تۇرسام ئارامىجانلىق ماڭا ئەگىشىپلا يۈرگەندەك كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن. كۈنلەر ئۆتتى، ھەممە نەرسە ئۆتۈپ كېتىدۇ، خۇشاللىقمۇ، خاپىلىقمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۆتكەن كۈنلەر ھەممە نەرسىنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئېلىپ كەتكەنلىرى ئىچىدە غەم - قايغۇ، دىشۋارچىلىق، ھەسرەتمۇ بار، كۆڭۈلگە ياقىدىغان شېرىنلىكلەرمۇ، ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەللىكلەرمۇ بار. كەتكەن نەرسىلەر ھەرگىزمۇ بىزنىڭ خاتىرىمىزدىكىدەك كەل-مەيدۇ، ئەمما شۇنىڭغا ئوخشايدىغانراق، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق نەرسىلەرگە يەنە ئېرىشىپ قالىسەن.

پەرىدە نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟

مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى، ئۇنى قويۇپ بېرىشنى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتىشنى ئويلاپ باقمىغانىدىم.

لەيلى بىلەن ئۆتكۈزگەن شېرىن كۈنلەردىمۇ بىرەر قېتىم خوتۇنۇمنى قويۇۋېتىشنى خىيال قىلىپ باقمىغىنىمدىن كې-يىنكى كۈنلەردە بەكلا ھەيران قالغانىدىم. لەيلىگە چىدىمايت-تىم، لەيلىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقاتتىم، لەيلىنىڭ ۋۇ-جۇدىدىن، روھىدىن، ھەر بىر قارىشىدىن، تەبەسسۇمىدىن كې-لىۋاتقان ئوتتەك ھارارەت ماڭا شۇ قەدەر يېقىملىق ھەم ھاياتىم-

نىڭ مەنبەسىدەك كۆرۈنۈپ كەتكەن شۇ كۆنلەردىمۇ خوتۇنۇمنى قويۇۋېتىشنى ئويلاپ باقمىغان. شۇ قەدەر سۆيۈملۈك بىر قىزنى نىكاھىمغا ئېلىشنى ئويلاپ باقماي شېرىن كۆنلەرنى بىرگە ئۆتكۈزگىنىمگە توۋا دەيمەن، لەيلىگە بولغان مەستانىلىقىمنى يالغان دېسەم بولمايدۇ، ئۇنى مەڭگۈ ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىشنى ئويلاپ بىزاۋىتە بولغانلىرىم...

يېرىم كېچىلەردە ئويغىنىپ لەيلىنى ياد ئەتكەنلىرىمدە، ئۇيقۇم قاچقان كېچىلەردە يېنىمدا ئۇخلاۋاتقان ئايالىمنىڭ جىمجىت، غەمسىز چىرايىغا قارىغىنىمدا ئۆزۈمنى بىردە بەخت-لىك، يەنە بىردە بىر نېمىسى كەمدەك ھېس قىلغانلىرىمدا ھايات ماڭا ئۆزىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ.

ئالىم كىتابىنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالدىم: ئويلا، داۋام-لىق ئويلا. ئوي ـ پىكىر ئىچىدە ھەممە نەرسە بار.

ھەممە نەرسە كۆزۈمگە قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقان كۆنلەردە، خىيالىمدىكى ھەممە نەرسە ۋەھىمىلىك تۇيۇلۇپ كې-تىۋاتقان دەملەردە لەيلىنى سېغىناتتىم. ئىكرام كىچىك ۋاقتىدا كۆيۈپ قالغان قىزنىڭ ئىسمىنىڭ لەيلى بىلەن ئوخشاشلىقى ئىچىمنى پۇشۇراتتى. ئىكرام ئۇنداق ئىش يوق دەپ تۇرىۋالدى. ئەمما، ئۇ چوقۇم لەيلىگۈل ئىسىملىك بىرسى بىلەن ئىچپەش تارتىشىپ يۈرگەن، ھەتتا شۇ سەۋەبلىك پاجىئەمۇ يۈز بەرگەن ياكى ئەمدى يۈز بېرىشى مۇمكىن...

لەيلىنىڭ ياش پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىگە ئۇزاق قاراپ كەتتىم، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد قالمىغاندەك، ئارمانلىرى تو-زۇپ كەتكەندەك ئىدى. ئۈمىدسىزلىككە لەنەت دەيمىز، ئۈمىد-سىزلىك ئازابىنىڭ يەنە بىر ئىسمى. ئىش يۈزىدە ھە دېگەندە ئۈ-مىدكە نائىل بولماق ئاسان ئەمەس.

ـــ ئانام كېتىپ قالدى، بۇنىڭغا ئامال يوق، ئەمما جېنىم-نى قاقشاتقىنى...

مەن ئۇنىڭ يۇمشاق چاچلىرىنى سىلىدىم. ئۇنىڭ پەس، ئەمما ئېغىر ئاۋازى يەرنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك، يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى.

— دادامنىڭ ئانامنى ئۆلتۈرگىنىگە ئىشىنەلمىدىم، ئىشىنىپلا قالسام شۇ ھامان جېنىم چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ.

لەيلىنىڭ ئاۋازى بوش ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى قاراڭغۇ كېچىدە قويۇق قومۇشلار ئارىسىدىن كېلىۋاتقان ۋەھىمىلىك شەپىدەك تىترەپ چىقاتتى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ — مېنىڭ ئاۋازىممۇ لەيلىنىڭكىدەك تىترەڭگۇ چىقىپ كەتتى.

— سىز ئۆگەي ئانامنى بىلمەيسىز. ئۇ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان خوتۇن، ھەممىنى ئۇقتۇم، ئۇ دادامنىڭ ئالغان پاردىلىرىنى، يەنە باشقا جىنايەتلىرىنى بىلىدىكەن. شۇنى دەستەك قىلىپ دادامنى مەجبۇرلاپتۇ، داداممۇ ئۇ خوتۇنغا بەك بېرىلىپ كېتىپتىكەن. مېنىڭچە دادام مۇشۇ خوتۇننى دەپ يا بولمىسا قىلمىشلىرى ئاشكارىلىنىپ قالسا شەرمىسار بولۇشتىن قورقۇپ ئانامغا قول سالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ دادامغا: بۇرۇنقى خوتۇنۇڭنى قانداق ئۆلتۈرگىنىڭنى تېگىشلىك ئورۇنلارغا دېسەم قېرى جېنىڭ دوزاخقا چۈشىدۇ، دېدى. مەن دائىم ئۆلارنىڭ جېدىلىنى ئاڭلاپ قالىمەن... مەن قورقۇپ كەتتىم، بۇ دۇنيادىن تويدۇم... دادامنىڭ شۇ ئىشنى قىلغىنىغا ئىشەنگەن كۈنۈم مەنمۇ كېتىمەن...

— ئۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ.

— مېنىڭمۇ ئۇنداق قىلغۇم يوق... بىر ئويلىسام ھازىر ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان بولۇپ قاپتىمەن، مېنى ئۆلۈمگە قىستايدىغانلار بەكلا كۆپ، ھەتتا بىرسى مەن ئۆلمىسەم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇدەك...

— نېمە؟ — مەن چۆچۈپ كەتتىم، — نېمە دەيدىغانسىز؟

بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟
— ھە... بۇ... ھېچنېمە، مەن ئەمەسلا بىر گەپنى دەپ قويدۇم، ئۆيىمىزدىكى ئىشلار مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى...
لەيلى كۈلدى، بۇ كۈلكىدىن چىدىغۇسىز ھەسرەت، نادامەتنىڭ زەھىرى تامچىلاپ تۇراتتى. يۈرىكىمگە پىچاق سانجىلدى.
— ئاسماندا قۇياش بار، ئەمما مەن قاراڭغۇلۇقتا قالدىم.
لەيلىنىڭ چىرايىغا قاراپ مەن مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ تۇگىشىپ كېتىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىدىم.

※ ※ ※

ھاۋا سوۋۇپ سالقىنلىشىپ قالغانىدى. ئىكرام دۆلەت ئۆزدەرەپ كېلىۋاتقان پەرھاتنى چاقىردى. پەرھات نەگىدۇر ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى.
— نەگە ماڭدىڭ؟
— تۇپراق بېشىغا چىقىپ كېلەي.
— كەچ بولغاندا تۇپراق بېشىغا چىقامسەن؟
— كەچ بولغاندا؟ تاڭ ئاتتىغۇ ھازىر.
— نېمە دەيسەن؟ كەچ بولدى.
— شۇنداقمۇ، مەن ئەتىگەندىن ئۇخلاپ ھېلى تۇرۇۋېتىمەن، تېخى تاڭ ئاتقان چېغى دەپتىمەن.
پەرھات ئېلىشاڭغۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ھاڭۋاققاندەك ئەتراپقا قاراپ قويۇپ جىم بولۇپ قالدى. ئىكرام ئۇنىڭ كۆك كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، قويۇق چاچلىرىنى چىرايلىق تاراپ، چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ خۇشخۇي يۈرگەن چاغلىرىنى يادىغا ئالدى. پەرھات تۇرۇۋېلا تۇگىشىپ كەتتى، پەرىدەنىڭ كېتىپ قېلىشىنى ئۇنىڭ بۇ ھالغا كېلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى دېيىشكە ئىكرام قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئىكرام پەرھاتنىڭ بىر قىزنى ئاستىرتتىن ياخشى كۆرۈپ يۈرگەنلىكىنى پەرەز

قىلاتتى. ھەتتا، بۇنىڭغا ناھايىتى چوڭقۇر بىر تۇيغۇ بىلەن ئىـ-
شىنەتتى، پەرھاتنىڭ ئەپتىدىن مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتىنى ھېس
قىلغىلى بولاتتى، ئىكرام بەزىدە مۇھەببەت دېگەن نەرسىدىن
قورقۇپ قالاتتى.

— ماڭا بۇنداق ئىچ ئاغرىتقاندەك قارىما ئىكرام، مەن
ھەممىنى بىلىمەن...

— نېمىنى بىلىسەن؟

— مەن ھاياتنىڭ جاراھىتىگە ئايلىنىپ قالدىم، مەن
چۈشكۈن، ئەقىدىسىز، غايە، ئېتىقادسىز ياشاشنى ھايۋاننىڭ
ئىشى، دەيتتىم. ئەمما، ھازىر مەن تولۇق تۈگەشتىم، ئۆزۈمگە
ئىگە بولالمىدىم، ياخشى ئىشقىمۇ، يامان ئىشقىمۇ قولۇم بارماي-
دىغان ھالغا كېلىپ قالدىم، ھەر كۈنى ئۇنتۇلغۇسىز ئىشتىن
بىرنى قىلىمەن، بولمىسا شۇ كۈنۈم ھارام، دەپ ئويلايدىغان ئو-
غۇل بالا مەن ئىدىم. ئۆزۈمنى جاراھەتكە ئوخشىتىمەن، جاراھەت
ئازابلىق بولىدۇ، جاراھەت يىرگىنچلىك بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن
قۇتۇلماقمۇ مۇشكۇل...

پەرھات ئۈمچەيدى، ئىكرام ئۇنى يىغلايدىغان بولدى، دەپ
ئويلىدى. ئەمما، ئۇ يىغلىمىدى، قويۇق قاشلىرى ئارىسىدىكى
مانانلىشىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى، ئۈستىخىنىغا ياراشمىغان
كىيىملىرى ئۇنى ئاۋارە كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— سەن مېنى بىر قىزنى دەپ تۈگەشتى، بۇ يارامسىز
نەرسە دەپ ئويلاۋاتقانسەن؟

— مەن سېنىڭ بىر قىز ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇپ قالغىـ-
نىڭدىن بىخەۋەر ئىكەنمەن، ئۇ قىز كىم؟

پەرھات جىم بولۇپ قالدى.

— بىر قىز ئۈچۈن تۈگىشىش يارىمايدىغان ئىش.

— بۇرۇن مەنمۇ شۇنداق دەيتتىم.

ئىكرام پەرھاتتا ناھايىتى مۇھىم بىر نەرسىنىڭ كەملىكىـ-

نى ھېس قىلىپ قالدى، ھاياتنىڭ زۇلۇملىرى بېلىمىزنى ئەگ-
سىمۇ روھىمىزنى تىك تۇتساق بولاتتى، ئەركەكلىك سۆيگۈ ئازا-
بىدىن سولىشىپ كېتىشنى پەقەت كۆتۈرمەيدۇ. ئىكرام پەرھات-
نىڭ، ئۆزىنىڭ، يەنە ئىككىسىگە ئوخشايدىغان ئادەملەرنىڭ يا-
رامسىزلىقىدىن نومۇس قىلىپ كەتتى. زەربىدىن شۇمشىيىپ
قالىدىغان ئادەملەرنىڭ ئارزۇسى قانچىلىك نۇرانە بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر ئەخلەتتىن پەرقى يوق، دېگەنلەرنى ئويلىدى. بۇ
خىياللىرى مۇز بولۇپ ۋۇجۇدىنى، روھىنى جۇدۇندا قالغاندەك
توڭلىتىپ ئۆتتى...

بىز نېمە قىلايلى ھەرقانداق نادامەتكە باش ئەگسەك، بەل
پۈكسەك بولمايدۇ.

ئىكرام شۇنداق پىچىرلىدى، بۇ گەپنى ئالىم كىتاب ياكى
پەرھات دېگەن بولۇشى مۇمكىن، ئۆزى دېگەن بولۇشىمۇ مۇم-
كىن، بۇنى كىمنىڭ دېيىشى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئىش يۈ-
زىدە قەدرىنى تىك، روھنى مەزمۇت تۇتۇشتا.

# ئونىنچى باب

— پەرھات، بازارغا چىقىپ كىرەيلى.
— بولىدۇ، ئۆزۈڭ چىقىۋەر.
— مېنىڭ سىز بىلەن چىققۇم بار، پەقەت سىز بىلەنلا.

ئۇنىڭ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىدىم. پەرىدە بىلەن ئارىمىزدا بىر نەرسە بار، ئۇ ئىككىمىزنى ئايرىپ تۇراتتى. بۇ نەرسە كۆنسېرى، يىلسېرى قېلىنلىشىپ، پۇختىلىشىپ كېتىدۇ- ۋاتقانلىقىنى ئۇمۇ، مەنمۇ ھېس قىلىپ تۇراتتۇق. ئەمما، ھەر ئىككىمىز بىلمىگەن، سەزمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتساق كېرەك.

خوتۇن كىشى بىلەن بازار چۆرگىلەش جاھاندىكى ئەڭ تېتىقسىز ئىشلارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. چۈشتىن كېيىن بازارغا چىقىپ كەتكەن ئادەم تاس قالدۇق ناماز دىگەر ۋاقتىدىمۇ قايتىپ كېلەلمىگىلى. ھېرىپ ھالىم قالمىغانىدى. ناھايىتى ماڭساق كىچىككىنە بازارنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغىچە نەچچە رەت ماڭغاندىمىز، بۇ مەن ئادەتتە ھېرىپ كەتكۈدەك مۇساپە ئەمەس، ئۆزۈڭگە خۇشياقمىغان ئىش دېگەن ئادەمنى مۇشۇنداق ھاردۇرۇۋېتىدىكەن.

مۇشۇ بازاردا، ناھايىتى نۇرغۇن كۆزلەرنىڭ ئارىسىدا لەيلى بىلەن ئايلىنىپ ماڭغان بولسام نېمە ئىشلار بولار ئىدى؟ ئۇنىڭ جاھانغا نۇر تارىتىدىغان چىرايلىق تەبەسسۇمىغا كۆمۈلگەن ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم.

— بىر كىملەرنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن، —

دېدى لەيلى ئوتقاشتەك قىزىرىپ.

— بىلسە بىلمەمدۇ.

— مەن ئۆلۈپ كېتىمەن جۇمۇ... — دېدى ئۇ ماڭا ئېسەدلىپ. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ماڭا جان ئۇلايدىغان تەبەسسۇمنى تاماشا قىلدىم، كېيىنكى كۈنلەردە يۈرىكى جاراھەت بىلەن تولۇپ كەتكەن لەيلىنىڭ چىرايىدىكى ئاشۇ سېھىرلىك تەبەسسۇمنى ئويلاپ ھەيران قالدىم. ئۇ ئۆلۈم يولىنى تاللاشقا مەجبۇر بولغان تۇرۇقلۇق قانداق بولۇپ تەبەسسۇم قىلالىغان بولغىيدى!؟

— قايتساق بولاتتى.

— بىردەم چىداڭ، يەنە ئازراق نەرسە قالدى، شۇنى ئېلىۋېلىپلا قايتىمىز.

— بىكاردىن - بىكار ئۇنى تۇتۇپ، بۇنى قويۇپ يۈرگۈچە ئېلىۋەرسەڭ بولمىدىمۇ؟

— پۇلنى تەس تاپىمىز، شۇڭا كۆرۈپ، تاللاپ ئالمىساق بولمايدۇ.

— مەن كەتكەچ تۇرايمىكى.

— ئۇنداق قىلماڭ، بىردەم ئايلىنايلى، بىللە بازار ئايلانمىغىلى ئۇزۇن بوپتۇ، يەنە پۇرسەت بارمۇ - يوق؟

— پۇرسەت دېگەن جىق، كېيىن ئايلىنايلى.

— مېنىڭچە ئەمدى پۇرسەت يوقتەك قىلىدۇ، — خوتۇنۇمنىڭ كۆزلىرىگە ياش پەيدا بولدى. مەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا يېقىن كەلدىم:

— نېمە يىغلاپ يۈرىسەن كوچىدا؟ سەت تۇرىدۇ.

— يىغلىمىدىم... — ئۇ ياش يۇقى كۆزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، — پەقەت ئايلانغۇڭىز كەلمىگەن بولسا بولدى، سىز كەتكەچ تۇرۇڭ.

— ياق، بىللە ئايلىنايلى، — مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم، — يەنە يىغلاپ يۈرمىگىن.

كۆڭلۈمگە بىر قارىلىق يامىشىۋالدى. خوتۇنۇمنىڭ يىغلى-
شى ماڭا ھەم غەيرىي ھەم غەشلىك بولۇپ تۇيۇلدى. تۇرۇپلا ئۇ-
نىڭدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى ئويلاپ ھەيران قالدىم.

لەيلىگە بولغان ئاشىقانە تەلپۈنۈشلىرىم مېنى ئەسىر قى-
لىۋالغان، دۇنيا كۆزۈمگە لەيلى بولۇپ كۆرۈنىدىغان، شامال-لار-
نىڭ، سۇلارنىڭ شىۋىرلاشلىرى لەيلىنىڭ ئاۋازى بولۇپ ئاڭلى-
نىدىغان، يۇلتۇزلارنىڭ ئارىسىدا لەيلى باردەك، نۇر ئارىسىدا
لەيلى باردەك ھېس قىلىدىغان كۈنلەردىمۇ قەلبىمنىڭ بىر يەر-
لىرىدە مۇشۇ خوتۇننىڭ بارلىقىنى، ئىككىمىزنى مەھكەم چىر-
ماپ تۇرغان بىر نەرسىنىڭ بىزنى بېسىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى
سەزگەنلىرىمدە ئۆزۈمگە ئىشىنەلمەي قالاتتىم.

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئۇ ماڭا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قاراپ
ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن ئىچىم سى-
قىلىپ كېتەتتى.

قايتىپ كېلىپ ئۆزۈمنى سافاغا تاشلىدىم. ئىكرام ئەكې-
رىپ بەرگەن «ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى شېئىرلىرى» شىرەدە تۇرات-
تى. مەن كىتابنى بىر قۇر ۋاراقلاپ پەرىدەگە قارىدىم.

— ساڭا بىر ئىش بولمىغاندۇ؟

— ياق، قانداق دەيسىز؟

— سەل بىرقىسما بولۇپ قالغاندەك قىلىسەن.

— سىزمۇ ماڭا دىققەت قىلىدىكەنسىز - ھە!

— سەن خوتۇنۇم تۇرساڭ، دىققەت قىلمىسام بولامدۇ؟

ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش يۈگۈرۈشۈپ ئاغزى ئۆمچەيدى.

— نېمە بولدۇڭ؟

— ھېچنېمە، مەن ياخشى. سىزگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن؟ بىكار گەپنى قىلما.

خوتۇنۇم كۆزلىرىدە ياش ھالدا كۈلۈمسىرەپ يېنىمغا كې-
لىپ مېنى مەھكەم قۇچاقلىدى. مەن تەمتىرەپ قالدىم، يۈرىكىم

دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

— بىرەرى كىرىپ قالمىسۇن يەنە...

مەن دۈدۈقلاپ شۇنداق دېدىم. لەيلى يادىمغا يېتىپ قالدى، مۇشۇنداق چاغدا لەيلىنى ئويلىمىسام بولاتتى. خۇددى خوتۇنۇمغا ئۇۋال بولغاندەك...

— ماڭا قاراۋەرمەڭ.

مەن لەيلىنىڭ بۇرنىنى چىمدىپ شۇنداق دېدىم.

— قارايمەن، قارىغۇم كېلىدۇ.

— بىر قىسما بولۇپ قالدىكەنمەن.

— قارىماي دېسەممۇ قارىغۇم كېلىدۇ. مۇشۇ يىللاردا سىز بولمىغان بولسىڭىز قانداق قىلاتتىم!؟

لەيلى كۆزىگە ياش ئېلىپ ماڭا يۆلەندى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن كېلىۋاتقان تونۇش يەڭگىل خۇش ھىد يۈرىكىمگە يېيىلىشقا باشلىدى.

— ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— بىلمەيمەن.

لەيلى بىلمەيمەن دېدى. مەن نېمە قىلىشنى بىلىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما، مەن تايىنسىز بىر گەپلەرنى سوراپ ئولتۇردۇم.

— نېمىشقا چىقىپ كەتتىڭىز؟

— ئۆگەي ئانام قوغلاپ چىقاردى. ئۇ مېنى ئۆيدىن يوقالمىساڭ ھەممە ئىشلىرىڭنى خەلقئالەمگە يېيىۋېتىمەن، دەيدۇ.

— قايسى ئىشنى؟

— ئۇ ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى دېمەكچىكەن.

مەن شۇ چاغدا ئۇزاققىچە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغانىدىم. بىرىنچى بولۇپ تا مۇشۇ كۈنگىچە بۇ ئىشنى پەقەت بىلمەيدىغان خوتۇنۇم، ئۇنىڭ كۆلۈپ تۇرۇپ ھەممىنى قىلالايدىغاندەك كۆرۈ-

نىدىغان قورقۇنچلۇق تەمكىنلىكى، مەن تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان تەلۋىلىكى كۆز ئالدىمغا كەلدى. تاھىرنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن لەيلى ئەمدى نەگە بېرىشى مۇمكىن؟

مەن ئۆزۈمگە قاراشقا جۈرئەت قىلالماي قالدىم.

ئۆزۈمنى تەھلىل قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي قالدىم.

ئۆزۈمنى تونۇشقا جۈرئەت قىلالماي قالدىم.

ئىكرام قورقۇنچاق ئىدى، مەن ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالمىسام بولاتتى، دەيتتىم. ئىكرام بىلەن نۇرغۇن ئوي - خىياللىرىمنىڭ، ئەسلىمە، خۇشاللىق ھەم خاپىلىقلىرىمنىڭ ئوخشاپ قالىدىغانلىقىنى ئۇمۇ، مەنمۇ ھېس قىلىساق كېرەك. كۆڭلۈمدىن چىقىپ كەتمەيدىغان قورقۇنچلارنىڭ ماڭا قاراپ شۇۋۇلداپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. روھىمنىڭ دەز كەتكەن ئەينەكتەك ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم.

لەيلىنى تولا ئەسلەيمەن. پۇشايمان ئىچىدە ئۆتمۇشنى سېغىنىمەن. قايتۇرغىلى بولمايدىغان شېرىن دەملەر كۆڭلۈمنى پارە - پارە قىلىدۇ.

— ئۆيدىن چىقىپ كېتىش پېشانەمگە پۈتۈلگەنمىدىكىن، ئېرىمنىڭ ئۆيىدىن، ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتىم، خوجايىن ئايال دۇكاننىڭ ئىچىدىكى ئۆينى ياتاق قىلىپ بەردى.

لەيلىنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالمىدىم، بۇ سوغۇق بىر ئاخشام ئىدى. مۇشۇ سوغۇق ئاخشامدىن بىر ھەپتە كېيىن لەيلى ماڭا ئانىسىنى دادىسىنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى دېگەندە جاھاننىڭ تېخىمۇ سوۋۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم.

— مېنىڭچە بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدىم مەن لەيلىنىڭ قولىنى تۇتۇشقا قولۇمنى ئۇزىتىمۋېتىپ.

— مېنىڭمۇ ئىشەنگۈم يوق، ئەمما ئۆگەي ئانامنىڭ شۇ گەپلەرنى دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

— بەلكىم ئۇ خوتۇن توقۇپ چىقارغاندۇ.

— ئىشەنمەي دەپمۇ ئامال قىلالمىدىم، پەقەت ئىشەنگۈم يوقتى.

ئىككىمىز ئۇزاق قۇچاقلىشىپ تۇردۇق.

— بۇ دۇنيادا مەن ئىشەنگۈدەك ئادەمدىن سىزلا قالدىڭىز، — دېدى لەيلى كۆكرىكىمگە بېشىنى قويۇپ.

كېيىنكى كۈنلەردە لەيلىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان تا- ھىرنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دەپ يۈرگەنلىرىمدە لەيلىنىڭ شۇ كۈن- لەردىكى ھالىغا ھاڭۋاقتىدەك قاراپلا تۇرغىنىمنى يادىمغا ئالمى- غانىدىم. مەن قاراڭغۇ كېچىلەردە قاراڭغۇ خىياللارغا غەرق بو- لۇپ تاھىرنىڭ ئۇنى ئۆلۈمگە قىستاپ بارغانلىقىغا ئىشەنگەنى- دىم. ئىككىمىزنىڭ سۈرىتى قىستۇرۇلغان مېداليوننى ئۆز ئۆ- يۈمدە كۆرگەندىن كېيىن ھەممىنى چۈشەندىم.

لەيلى ئۆلۈپ كەتتى.

مېنىڭ روھىم ئۆلدى.

پەرىدەنىڭ قەلبى ئۆلدى.

بىر كىم مۇشۇ گەپنى دېدى يا دېمىدى، مەن مۇشۇلارنى دېدىم يا دېمىدىم، ئەمما مۇشۇنداق بىر ئاۋاز پات - پات كۆڭ- لۈمگە دەھشەت تارتىپ ئۆتىدۇ.

※ ※ ※

— ئوغلىمىز ئورۇقلاپ كېتىپ بارىدۇ. نېمە بولغاندۇ ئۇنىڭغا؟

— نېمە بولغانلىقىنى مەندىن سورىماي ئۆزۈڭ قاراپ باقمامسەن؟

— سىزگە زادى نېمە بولدى، گەپ قىلسامىلا توك تېگىسىز؟

— ھېچنېمە بولمىدى، ئۇششاق ئىشلار بىلەن زېنىمنى

چاچما.

ــ ئوغلىمىزنىڭ ئىشى ئۇششاق ئىشما؟

ــ بىردەم زۇۋانىڭنى يىغساڭ نېمە بولا؟

مەن ئۆزۈمگە ھەيران قالدىم. ئوغلۇمنىڭ ئورۇقلاپ كەتكىنىگە دىققەت قىلىشىم، سەۋەبىنى تېپىشىم، ئۇنىڭ ھالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشۈم كېرەك ئىدى. ئىچىم پۇشۇپ سىرتقا چىقىشىمغا پەرھات ئالدىمغا لوڭڭىدە چىقىپ قالدى.

ــ خۇداغا شۈكرى، ھەر نېمە بولسا قويۇپ بېرىپتۇ سېنى.

ــ نېمە بولدى؟

ــ سېنى تۇتۇپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ بەكمۇ بىئارام بولدۇم.

پەرھاتنىڭ تۇمانلىنىپ تۇرىدىغان يوغان كۆزلىرى خۇنىسىز كۆرۈنەتتى. مەن ھاڭۋاققىنىمچە ئۇنىڭغا قاراپ قالدىم. تۇتۇپ كېتىپتۇ، دېگەن كىچىك گەپ ئەمەس.

ــ كىم تۇتۇپ كېتىپتۇ؟

ــ ساقچىلار بولمامدۇ.

ــ كىمنى تۇتۇپ كېتىپتۇ؟

ــ سېنى تۇتۇپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلاپ...

مەن ئەندىشە بىلەن ئارقامغا قاراپ قويدۇم، كەينىمدىنلا چىققان ئايالىم يېقىنلا يەردە بىزگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پەرھات بىلەن بۇرۇندىن خۇشى يوق ئىدى. بۇ خوتۇن كىرىپ كەتسە ياخشى بولاتتى.

ــ مېنى نېمىشقا تۇتىدىكەن؟

ــ ئاچچىقىڭدا بىرسىگە پىچاق تىقىپ قويۇپسەنغۇ...

تىترەپ كەتتىم. بىرسىگە پىچاق تىقىش دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ ئوخچۇپ چىققان قان، قان بىلەن بۇلغانغان پىچاق...

ــ نەدىكى گەپنى قىلىسەن؟ ــ مەن قورقۇنچ بىلەن ئارقامغا قاراپ قويدۇم. ئايالىم بىزگە جىمىدە قاراپ تۇراتتى.

— ئاچچىققا هاي بېرىدىغان گەپتى، پىچاق سېلىش دېگەن ئېغىر ئىش جۇمۇ... مەنمۇ بىرسىنى ئۆلتۈرمەن، دەپ ئۆلتۈ-رەلمىدىم... شۇنداق قىلالىغان بولسام ساقىيىپ كېتەتتىم.

— نېمە دېدىڭ؟

بۇ يەردە نېمە گەپلەر بولۇۋاتىدۇ؟ مەن بىرسىگە پىچاق تىق-قىۋەتتىم، پەرهات بىرسىنى ئۆلتۈرمەكچى، سوغۇق تەرلىگەندەك بولدۇم. توخۇ بوغۇزلاپ باققىنىم ئېسىمدە يوق.

شۇ ئارىدا خوتۇنۇم يېنىمىزغا كېلىپ ئاچچىق قىلدى.

— نېمانداق تايىنى يوق گەپنى قىلىسىز؟

— مەن نېمە دەپتىمەن؟

— مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم، نېمە قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىز؟

— سىز خوتۇن كىشى بولغاندىكىن ئەر كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىسىڭىز ياخشى بولىدۇ.

پەرهات خوتۇنۇمغا سوغۇق نەزەر سېلىپ شۇنداق دېدى.

— بۇ ئەر كىشى بولسىمۇ ئۇ مېنىڭ ئېرىم، شۇڭا ئارىلى-شىمەن، ئۇنىڭ تىرىكمۇ، ئۆلۈكمۇ ماڭا تەۋە، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ھەممىسى شۇنداق دەيدىغان خەقكەن بۇ، — دەپ غو-دۇڭشىدى پەرهات كۆزلىرىنى قىسىپ.

خوتۇنۇمنىڭ ئاچچىق بىلەن دېگەن گېپى پەرهاتنىڭ جې-نىغا تەگكەن بولسا كېرەك، ئاچچىق بىلەن ھومىيىپ قويۇپ ماڭا قارىدى. خوتۇنۇمنىڭ بىرسىگە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭ-لىمىغانىدىم، ئۇنىڭ راستىتىنلا جۇدۇنى تۇتقان ئىدى. ئۇنىڭ گەپلىرى ماڭا باشقىچە ئاڭلاندى، ئۇنىڭ ئۆلۈكىمۇ، تىرىكمۇ ماڭا تەۋە دېگىنى قانداق گەپ؟ مەن ئۇنىڭ ئادىمى ئىكەنمەن، بىز بىر ـ بىرىمىزگە تەۋە بولساق كېرەك، مەندە بۇرۇندىن ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم، چوققىسىدىن تاپىنىغىچە مەن ئىگە بولۇشۇم كېرەك، دەيدىغان بىر سېزىم بار ئىدى. راستىنى دېگەندە مەن

ئۇ بايا دېگەندەك پۈتۈنلەي ئۈنىڭغا تەۋە بولۇپ كەتسەم بولمايدى-
غاندەك قىلاتتى. بۇنداق بولسا بىر يەرلىرى قاملاشمايتتى. ئۇ
مېنىڭ خوتۇنۇم، مەن ئۇنىڭ ئېرى بولسامىمۇ، مەن ئەر تۇرۇپ
ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ قالسام بۇنىڭ بىر يەرلىرى تايىنسىز
ئىشتەك بىلىنىپ قالدى.

— بولدى، سەن ئۆيگە كىرىپ كەت.

خوتۇنۇم پەرھاتقا سەت ئالىيىپ قويۇپ ئۆي تەرەپكە ماڭ-
دى.

— خاپا بولمىغىن، بۇ خوتۇننىڭ ئاغزى ئىتتىك.

— خوتۇن كىشىنىڭ گېپىنى قويە، جېنىڭغا ۋاي، ئۆزد-
ىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، سەن ئەسلى شەيتاننىڭ كەينىگە
كىرمىسەڭ بولاتتى.

— ئۇنداق ئىش يوق.

— بولدى، مەندىن يوشۇرما، ھەر نېمە بولسا ئۆلمەپتۇ-
دە ئۇ...

پەرھات مۇشۇنداق كېتىۋەرسە نېمە بولۇپ كېتەر؟ پەرھات-
نىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشىدا خۇددى مېنىڭ سەۋەنلىكىم
باردەك ئويلاپ قالاتتىم. ئۇ بارغانسېرى كەينىگە كېتىۋاتقاندەك،
مەن ئۇنىڭ مۇشۇ ھالىغا سۈكۈت قىلىۋاتقاندەك قىلاتتىم. مۇ-
شۇ سۈكۈتلىرىم يۈرىكىمگە مىخ بولۇپ سانجىلاتتى.

— كىمنى دەيسەن؟

— سەن پىچاق سالغان ئادەمنى دەيمەن.

تېنىم بايىقىدىنمۇ بەكرەك شۈركۈنۈپ كەتتى، مەن بىر-
سىگە پىچاق سالىدىغان ئىشنى قىلارمەنمۇ؟ خۇدا ئۆزۈڭ ساقلاپ
شۇنداق يامان ئىشتىن مېنى ساقلىغايسەن. بىرسىگە پىچاق
سېلىش بەكلا قورقۇنچلۇق ئىش، ھۆددىسىدىن چىققىلىمۇ بول-
مايدۇ، گۇناھسىز بىرسىگە تىغ تەگلەش... مەن قورقۇپ كەت-
تىم، پەرھاتنىڭ يوغان كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەندەك كۆ-

رۇندى. پەرھات بايا شۇنداق يىرگىنچلىك بىر گەپنى قىلدى. «بىرسىنى ئۆلتۈرمەكچىدىم...»

— بايا سەن بىر گەپنى قىلدىڭ.

— نېمە گەپنى؟

— بىرسىنى ئۆلتۈرمەكچى دېگەن گەپنى...

— سەن بۇنى بىلمەيسەن... سەن ئۇقمايدىغان ئىشلار تولا. بۇ گەپلەرنى قويايلى، سېنىڭ بىرسىگە پىچاق سالغىنىڭ قانداق گەپ؟

پەرھاتنىڭ چىرايى بىر قىسىملا ئىدى. ئۇنىڭ جاۋغايلىرىنىڭ تارتىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئوڭ كۆزىنىڭ ئاستىدىكى كۆز خالتىسىنىڭ سىزىلەرلىك لىپىلدەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

— مەن ھېچكىمگە پىچاق سالمىدىم، بۇنداق گەپكە ئىشەنمە.

— ئادەمنى بەزىدە مۇشۇنداق قارا باسىدۇ، ئېغىر بېسىق بولغىنىمىز ياخشى.

مەن تېپىرلاپ قالدىم، پەرھاتنىڭ گېپىگە ئاچچىقلىنىشىمنىڭ، جىددىيلىشىشىمنىڭ ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە كۆڭلۈمدە بىر غەشلىك ئۆرىدەپ مېنى بىزاۋىتە قىلىپ باراتتى. يوللاردىن، دەريا بويلىرىدىن، بىپايان قۇملار ئارىسىدىن، كۆۋرۈكلەردىن، ئۆگزىلەردىن ئاچچىق بوغۇناق كۆتۈرۈلگەندەك، جىمى ساپ ھاۋا بۇلغىنىپ كەتكەندەك ئويلاپ قالدىم.

— ئەستاغپۇرۇللا...

— پۇشايمان قىلما بولدى، قۇتۇلۇپ چىقىپسەنغۇ.

— نېمە؟

— ئۇنىڭ بىلەن نېمە زىددىيىتىڭ بار ئىدى؟

— كىم بىلەن؟

— سەن پىچاق سېلىشقەتكەن ئادەم بىلەن.

سوغۇق بىرنەرسە باش ئۇستۇمدىن قۇيۇلۇپ مېنى بۇلغىد-

ۋەتكەندەك بولۇپ كەتتىم. قان دېگەن نەرسە ماڭا ناتونۇش ئىدـ
ـدى. مەن ئۇنىڭدىن قورقاتتىم. ئەمما، پەرهات بۇ ئىشلارنى ناهاـ
يىتى ئەستايىدىل ھەم بىپەرۋا رەۋىشتە سۆزلەۋاتاتتى.

— دېدىمغۇ مەن ھېچكىمگە پىچاق سېلىنىۋەتمىدىم.

— بولدى، يوشۇرما، زادى نېمە تالىشىپ قالغان بولغىيـ
ـدىڭ؟

— نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ، ھېچقانداق زىددىيەت يوق، يەنە كېلىپ ھېچكىم بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالغان ئىشىممۇ يوق مېنىڭ...

دېيىشىۋاتقان گەپلىرىمىزنى بىرسى ئاڭلاپ قالسا بولمايـ
ـدىغاندەك ئەتراپقا ئەندىكىپ قاراپ قويدۇم. ئادەم ئۆلتۈرۈش بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قاباھەتلىك ئىش. مەن شۇ ئىشنى قىلىپ سالـ
ـسام...

— دېمەيدىغان ئوخشايسەن، قۇتۇلۇپ چىققان بولساڭلا بولدى، يۈرىكىم جايىغا چۈشتى. ئەمدى قارا، بىز بۇ جاھاندا ھەر قاچان، ھەر زامان كۈتۈلمىگەن پالاكەتلەرگە يولۇقۇپ قېـ
ـلىشىمىز مۇمكىن، ئويلىمىغان يەردىن يىقىلىپ چۈشىمىز ياكى ئوڭدا قالىمىز دېگەندەك. مەسىلەن، مەن تۈگەشتىم... جاراھەتـ
ـكە ئايلىنىپ كەتتىم، يىرگىنچلىك جاراھەتكە... قان رەڭلىك گۈل... قاندىن پۈتكەن گۈلگە ئايلاندىم... مەن شۇنداق شېئىر يازدىم... ئاندىن يىرتىۋەتتىم...

پەرهاتنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغاندەك قىلاتتى. مەن ياش ئارىسىدا قالدىم.

— بولدى قىلە، مەن بەك چارچاپ كەتتىم، بىردەم ئارام ئېلىۋالاي، ئەتە كۆرۈشەيلى.

ئېغىر كەيپتە ئۆيگە ماڭدىم، ئىشككە بېرىپ بولۇپ كەيـ
ـنىمگە قارىسام پەرهات جايىدا قىمىر قىلماي قاراپ تۇرۇپتۇ، كۆڭلۈم شۇنداق پاراكەندە بولۇپ كەتتى. ئۆيگىمۇ كىرگۈم كەلـ

مەي ئارقامغا يېنىپ كوچىغا ماڭدىم.

شاۋقۇنلۇق دۇنيادا كۆڭلۈم يېرىم بولغان ھالدا پەرھاتنىڭ سۆزلىرىنى يادىمدىن چىقىرالمىدىم. ناۋادا ئۇنىڭ دېگىنىدەك قاتىللىقنى يېقىن بىرەر جىنايەتكە چېتىلىپ قالسام مۇشۇ سان ـ ساناقسىز ئادەملەر ئارىسىدىن غايىب بولۇپ باشقا بىر دۇنياغا كېتىمەن. ئەمما، بۇ بازار مەندەك بىر ئادەمنىڭ بولمىغىنى بىلەن شاۋقۇنسىز، سۈرەنسىز ھالغا كېلىپ قالمايدۇ. كىشىلىك ھايات ماڭا خۇددى بىر تامچە سۇدەك ئاددىي ھەم قەدىرسىز بىلىنىپ كەتتى. مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغ بىر سېھرى يۈرىكىمگە ئېقىپ كىرسە ياخشى بولاتتى. شۇ چاغدا مەن خۇشال بولالىشىم، كۈلەلىشىم، غەمدىن، قايغۇدىن نېرى بولالىشىم مۇمكىن. ئادەملەر ئارىسىدا قىسىلىپ كېتىۋېتىپ غېرىبلىقنىڭ مېنى مەھكەم چىرماپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

مەن بىرسىنىڭ مېنى مەھكەم قۇچاقلىشىنى شۇنداق ئارزۇ قىلدىم. كېتىۋېتىپ كۆزلىرىمدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى.

بىر قارا كۈلەڭگە ئەتراپىمدا سوغۇق تىنىپ چۆرگىلەپ يۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

كۆز يېشىغا پەرۋا قىلمايدىغان يوللار بۇرۇنقىدەك ئۇيقۇچان ھالدا سوزۇلۇپ ياتاتتى.

دوقمۇشتا كامىل دوڭغاي ئۇچراپ قالدى.

— بىز تۇگىشىپتۇق ئىكرام ئۇكام، — دېدى كامىل دوڭغاي ئۇيقۇ باسقاندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك نېمە بولۇپ كېتەرمىز؟

— قانداق دەيسىز؟

— ئاسىم ھاجى بىلەن ھەسەن ئاخۇنۇم ئۇرۇشۇپ بىر ـ بىرىنى چېقىپ يۈرگۈدەك قارالڭ. مۇشۇمۇ ئىشمۇ؟

— نېمە بوپتۇ ئۇلارغا؟

— بۇنى بىلمىدىم، ھەر ئىككىسى ياقا ـ ماقىدىن ئېلىـ. شىپ تازا تىللىشىپتۇ، چاۋىسىنى ئەل ـ جامائەتنىڭ ئالدىدا بىر قىپتۇ... ھەر ئىككىسى يۇرتنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن تۇرسا، مۇشۇنداق قىلسا قانداق بولىدۇ دەيمەن؟... چوڭلارنىڭ ھالى مۇشۇ تۇرسا، ئىزا تارتماي جېدەل قىلىشىپ، ئەمدى يەنە نېمىدە ئۈمىد قالدى؟

— بۇنداق دېگىلىمۇ بولماس كامىلكا، ئىككى ئادەمنىڭ بىر نېمە دېيىشىپ قالغىنى بىلەن تۈگىشىدىغان ئىش يوق.

— ئۇنداق دېمەڭ ئۇكام، ئالىم ـ ئۆلىما دېگەن باش دېگەن گەپ، باش ساراڭ بولدى، دېگەنلىك تۈگەشتى دېگەنلىك ئەمەسـ. مۇ؟

كامىل دوڭغايغا بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ توختاپ قالدىم، راستىنى دېسەم نېمە دېيىشنى بىلەلمىدىم. ئۇ دېگەن ئىككى ئاـ. دەمنى سىرتتىن تونۇيتتىم، ئۇلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئىت ـ مۈشۈك بولۇپ بوغۇشۇپ يۈرگىنىنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلمەيمەن. مەن كامىل دوڭغايغا ئىچ ئاغرىتىپ قاراپ قويدۇم. بۇ ئادەم ناـ. ھايىتى ئېغىر غەمدە قالغاندەك قىلاتتى.

مىڭلارچە دەردلەر قارا قۇشقاچ بولۇپ ئۇچۇشۇپ يۈرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەيۋەتلىك گۇرۇلدەشلىرى، پۇرۇلداپ ھەريان ئۇچۇشـ. لىرىنى باش ئۈستىمىزدە ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇ قارا قۇشـ. قاچلارنىڭ بارلىقىنى، تەھلىكە سېلىۋاتقانلىقىنى بىلسەكمۇ شۇنىڭغىلا قادىلىۋالساق بولمايدۇ.

مەن تونۇيدىغان، گەپلىرىنى ئاڭلاشقا ئامراق بىر ئادەم مۇشۇ گەپلەرنى دېگەن.

باھارنىڭ چىرايلىق كۈنلىرىنى سېغىنىپ قالدىم. شاۋقۇنسىز ئاقىدىغان دەريانىڭ شىرىلداشلىرىنى سېغىنىپ قالدىم.

باھار شامالىرىنىڭ ئارىسىدا ئۈمىدنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭـ.

لىيالايتتىم. ئۇمىد ھەر دەقىقىدە بىزنىڭ يېنىمىزدىلا بار ئىدى. بىز ئۇنى قوچاقلىيالمايتتۇق.

※ ※ ※

دەريانىڭ شىرىلداشلىرى ئارىسىدىن لەيلىنىڭ كۈلكىسىنى سېزەلەيتتىم.

چىرايلىق كۆزلەرنىڭ تەلمۈرۈپ قاراشلىرىنى، ئەگىم قاشلارنىڭ سېھىرلىك قىمىرلاشلىرىنى ئەسلەيتتىم. «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» دېگەن ناخشىنىڭ يۈرەككە ئوت سالغۇچى كۈيلىرى ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتىم. مۇشۇ ناخشىنى ئىجاد قىلغان ئادەملەرنىڭ ئەقلىگە ھەيران ھەم مەستانە بولاتتىم.

كۈنلەر شۇنداق چىرايلىق ئىدى.

كۈنلەر شۇنداق زېرىكىشلىك ئىدى.

كۈنلەر شۇنداق ئۇزۇن ئىدى. شېرىن ئەسلىمىلەرنىڭ شېرىن يادىغا خۇمار بولۇپ تاتلىق خىياللارغا غەرق بولۇپ كېتەتتىم.

لەيلى نازۇك قوللىرى بىلەن بويۇنلىرىمنى سىلايتتى، ھاياجانلىق تىنىقلىرى يۈزلىرىمگە ئۇرۇلاتتى، ئاچ نەپسىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاراملىق، قانائەت ئىزدەيتتى... كۆيدۈرگۈچى ھاياجان مېنىڭ ئالىمىمنى يالقۇنغا پۈركۈيتتى.

مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم.

— سىزنى چاقىرغىلى نەۋاخ؟ — خوتۇنۇم كۈلگەن بىلەن كۈلمىگەننىڭ ئارىلىقىدىكى بىر ھالدا ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— ئاڭلىماپتىمەن.

مەن خۇددى خىياللىرىمنى، ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەپ، ۋۇجۇدۇمنى تاتلىق سېزىمگە بۆلەپ ئۆتكەن تۇيغۇلىرىمنى بىرسى بىلىپ قالغاندەك، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك تەمتىرەپ كەتتىم.

— بەكلا بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىسىز.
— ئۇنداق ئەمەسقۇ؟
ئۇ قارشى تەرىپىمگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ماڭا دەيدىغان گېپى باردەك قىلاتتى، گېپى بولغاندىمۇ خېلى جىق گېپى باردەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئالدىرىماي، سالماق رەۋىشتە ماڭا تىكىلىپ قاراشلىرى، سۆلكەت بىلەن ئولتۇرۇشلىرىدىن مەن بىلەن دېيىشىدىغان گەپلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.
— كۆڭلىڭىز ئارامىدا ئەمەس، مەندىن يوشۇرماڭ.
قار ئېتىشىپ ئويناۋاتقان نۇرغۇن بالىلار ئارىسىدا مەنمۇ بار ئىدىم. بىرەيلەن چاققان كېلىپ بېشىمنى قايرىپلا قوينۇمغا قار پومزىكىنى سېلىۋەتتى. مەن ئەندىكىپ كەتتىم، مەن پالاكەت بالا ئىدىم. قوينۇمدىكى قارنى ئېلىۋېتىپ بولغۇچە قار ئېرىپ مۇزدەك قار سۈيى مەيدەمدىن ئېقىپ بەدەنلىرىمنى ھۆل قىلىۋەتتى.
— ئىكرام توختا... — مەن ئۇنى قوغلىدىم، ئەمما يېتەلمىدىم.
خوتۇنۇم كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇراتتى.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— ھەممە ئىش ئۆزىڭىزگە ئايان، ئاشۇ سەيشەنبە كۈنىدىن باشلاپ كۈنلىرىڭىز بەك تەستە ئۆتۈۋاتىدۇ، سىزگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى. سىزدىن ئۆتە ئۆزۈمگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى، بىز بىر ـ بىرىمىزنى قىيناۋەرمەيلى.
ئالەم بىنا بولغاندىن بۇيانقى سان ـ ساناقسىز سەيشەنبەلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر سەيشەنبىدە لەيلىگە شۇم تەقدىر قولىنى سوزغان، ئۇنى پۈچۈپ تاشلىغان ئىدى. ئۇ ئادەتتىكىدەك بىر كۈن ئىدى، ئادەتتىكىدەك بىر سەيشەنبە ئىدى، ئەمما شۇ كۈنى مەن پۈتۈنلەي ۋەيران بولدۇم، يەنە ھەم مەن ئۆزۈمنىڭ كىملىـ

كىمنى بىلدىم، يالغان ۋەدىلەرنى تولا بېرىدىغان، باشقىلارنى ئالداشقا قۇربى يېتىدىغان ناچار ئادەملىكىمنى تولۇق چۈشەندىم. مەن ئۆزۈمنىمۇ ئالدىغانىدىم، لەيلى بولمىسا مېنىڭ ياشىمىقىم تەس، دېگەنلەرنى ئويلىغان ھەم ئۆزۈمنىڭ شۇ خىيالىمغا ئۆزۈم چىن پۈتكەنىدىم، ئەمما مەن يەنىلا ياشاۋەردىم.

ئالىم كىتاب شۇنداق دەيدۇ: بەزى ئادەملەر بۇ دۇنيادا ئۆزىنى مەڭگۈ چۈشەنمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بەزىلەر ئۆزىنى چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئۆزى چۈشەنگەندەك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي جاھاندىن كېتىدۇ.

مەيلى ئۆزىمىزنى چۈشىنەيلى يا چۈشەنمەيلى پۈچەك ئادەم بولۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، ئادەمدەك ئادەم بولۇشنىڭ قانچىلىك تەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇنىڭغا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدىغان ئادەملەر بار. قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئادەمنىڭكىگە ئوخشىمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇ يولدا مېڭىۋېرىدىغان ئادەملەر بار. بۇنداقلارنىڭ ئادەم بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغىنىنىڭ ئۆزىلا بىر خاتالىق.

ئالىم كىتاب مۇشۇنداق دېگەندە مەست ئەمەس ئىدى.

مەن خوتۇنۇمغا تىك قاراشقا جۈرئەت قىلالماي غودۇڭشىدىم:

— نېمە دېمەكچى سەن؟

— ئۇ ھەقىقەتەن مېھرى ئىسسىق، چىرايلىق قىزكەن. ئەمما، ئۆمرى قىسقا بولۇپ قالدى، تەقدىر شۇ، ھەممىسى ئۆزىدىن كەتتى...

مەن ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپلا قالدىم. قانداقتۇر بىر نەرسە ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى، بۇ نەرسە سوغۇق، يىرىك، قارا ھەم بەتبۇي ئىدى. بۇ نەرسە مېنىڭ يۈرىكىمنى ئۇراپ تۇرغان نەرسىنى يىرتىپ، سۆكۈپ تاشلايدىغاندەك قىلاتتى. ھەممە ئىش، مەن يوشۇرغان جىمى ئىش ئۇنىڭغا ئاياد-

دەك قىلاتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ شۇ تاپتا غەزەپ بىلەن چەك-چىيىپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم. ئەمما، مەن ئۇنىڭغا قارىغان شۇ دەمدە خاتالاشقانلىقىمنى بىلدىم، ئۇ ناھايىتى خا-تىرجەم، ناھايىتى ئېغىر بېسىق ھەم تەمكىن ئىدى. چىرايىدى-مۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق. مەن تەمتىرەپ كەتتىم، ئۇ ئەس-لى ئېتىلىپ كېلىپ ياقامدىن ئالغان بولسا توغرا بولاتتى، ئازا-دىلىشىپ قالاتتىم. ئۇنىڭ بۇنداق پەرۋاسىز ھەم بىمالال تۇرقى مېنى بەكلا بىئارام قىلىپ ئىچىمنى سىقىۋەتتى.

— سەن زادى نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟

ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىنى ئۆزۈم ئاڭلىيالمىغىلى تاسلا قالدىم.

— لەيلى، ئۆزىمۇ، ئىسمىمۇ چىرايلىق قىزكەن، ئۇ ھەر-قانداق ئەر ياخشى كۆرۈپ قالغۇدەك قىزكەن، ئۇنىڭغا سىزنىڭلا ئەمەس مېنىڭمۇ ئىچىم كۆيدى. بەكلا ئىچىم ئاغرىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى غەمكىنلىك، ئۇھ تارتىشلىرىنى سەز-دىم.

ئۇنىڭ كۆڭلى بىئاراملىقتىن پارچىلىنىپ كېتىۋاتسا كې-رەك.

مەن قورقۇپ كەتتىم. خوتۇنۇمنىڭ ئاغزىدىن لەيلىنىڭ گېپى چىقىۋاتاتتى. مەن ھاياتىمغا ئوخشاشلا مۇھىم بىلگەن لەيلى ھەققىدىكى گەپ خوتۇنۇمنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتاتتى.

ئۆينىڭ تۆت تېمى بارا - بارا تارىيىپ مېنى قىسىشقا باش-لىدى. ھۇۋقۇش سايرىغان سەھەر، قاغا قاقىلدىغان كېچە، سې-غىزخان قونغان تېرەك، سۈيى قۇرۇپ تاشلىنىپ قالغان كونا تۇگمەن... مۇشۇنداق نەرسىلەر كاللامغا كىرىپ كەلدى. كۆز ئالدىمدىكى خوتۇنۇم گاھ پەيدا بولۇپ گاھ يوقاپ كېتەتتى. پى-يالىدىكى چايغا شۇنچە قول ئۇزىتىپمۇ ئۇنى قولۇمغا ئالالمى-دىم، گاللىرىم قۇرۇپ كەتتى. پېشانەمدىن قۇيۇلغان تەرلەر غو-لۇمدىن شۇرۇلداپ ئاقاتتى، كۆزلىرىم ئېچىشىپ كەتتى. مەن

بارلىق ئادەملەرگە ئوخشاش يالغان ئېيتتىم، يالغان ئېيتىشىم كېرەك، يالغانسىز بۇ دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. يالغانمۇ يەنە بىر خىل راست گەپ بولۇشى مۇمكىن.

مەن ئۆزۈمنى مۇشۇنداق ئالدايمەن.

ئالىم كىتاب شۇنداق دېگەن: ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ئالدىشى ئۆزلىرى ئۇچۇن ھاۋادەك زۆرۈر، بولمىسا ئۆمۈر قىسقىراپ كېتىدۇ، سەت ئادەممۇ ئۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، ئۇ بۇنىڭدىن تەسەللى تاپىدۇ، توكۇرمۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ مېڭىشىنىڭ باشقىلاردىن تۈزۈك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۆڭلىگە تەسكىن تاپىدۇ، جاھان مۇشۇ. باشقىلارنىمۇ گوللاپ تۇرىمىز، ئۆزىمىزنىمۇ گوللاپ تۇرىمىز، شۇنداق قىلىپ خۇش بولۇپ قالىمىز، خاتىرجەم بولۇپ قالىمىز، ھەممىسى يالغان بىلەن پۈتىدۇ.

— گېپىڭنى چۈشەنمىدىم، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن زادى؟

— بۇنى چۈشەنمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ — خوتۇنۇمنىڭ ئاۋازى شۇنداق تەبىئىي، شۇنداق زىل ئىدى، — مەن لەيلى بىلەن كۆرۈشكەن...

— نېمە دېدىڭ؟

ھاڭۋاقتى ئادەملەردەك ئاغزىمنى ئېچىپ قاراپ قالدىم. ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمايدىغاندەك، ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدىغاندەك قىلاتتىم. ئەمما، يەنىلا ئاڭلاپ، كۆرۈپ تۇردۇم. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، ناھايىتى روشەن، ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىدىم.

— ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم كۆرۈشكەن، ئۇنىڭغا زەھەرنى مەن بەرگەن.

— نېمە؟

— شۇنداق، بىز دەسلەپ بىر كەچلىكى كۆرۈشتۇق، شۇ چاغدا سىلەر دەريا بويىدىن بىللە قايتىپ خوشلاشقاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ چاقىرىپ چىققان.

ئۇنىڭ ئاۋازى مۇزدەك سېزىم بىلەن ئۆينى ئايلىنىپ يۇ-

رەتتى.
ئۇنىڭ ئاۋازى ئوت بولۇپ كۆڭلۈمدە دومىلاپ يۈرەتتى.
ئۇنىڭ ئاۋازى يىڭنە بولۇپ ئۆيدە شۇڭغۇلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. چاشقانلار باسماققا چۈشۈپ قالدۇ، توشقان قىسماققا چۈشتى. شۇ كىچىككىنە جانلارنىڭ قىيامىتى شۇ قەدەر ئازابلىق.
— ئىككىنچى قېتىم بىر شەنبە كۈنى كۆرۈشكەن.
مەن هاڭۋېقىپ قاراپ قالدىم. كىيىملىرىم ئۇستۈمدىن بىر ـ بىرلەپ يېشىلىپ سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. كاللامغا غەزەپكىمۇ، ئەلەمگىمۇ ياكى بىچارىلىككىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر تۇيغۇ شىۋىرغاندەك سوغۇق سېزىم بىلەن غۇيۇلداپ ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. مەن جۇدۇندا قالغاندەك قىلاتتىم.
— ئالدىرىماڭ، ھەممىنى دەپ بېرىمەن... ئەگەر ئۇ توي قىلمىغان بولسا، يا بولمىسا ئۇ كېيىن ئۆلۈۋالمىغان بولسا مەن ئۆلۈۋالاتتىم.
— نېمە دەۋاتىسەن؟
پەردەنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدىم. ئۇ گىرىمنى قاملاشتۇرۇپ قىلغانىدى، شۇنداق چىرايلىق ياسىنىۋاپتۇ، ئەتىگەندىن ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا دىققەت قىلمىغانىدىم. مەن بۇ ئايالغا تىكىلىپ قاراپ باقمىغىلى، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭ چىرايىدىن، ئۇنىڭ كۆلكىسىدىن، ئۇنىڭ مېھرىدىن، ئۇنىڭ تۇيغۇسىدىن بەھر ئالمىغىلى بەك ئۇزاق بولۇپ كەتكەنىدى.
— سىز مېنى ئۇنتۇپ كەتتىڭىز.
مەن گەپ قىلمىدىم.
— ئەسلىي ئۇنداق قىلمىسىڭىز بولاتتى.
مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم.
— ھەممىنى مەن قىلغان، ئۇنى توي قىلىشقا قىستىغانمۇ، زەھەر ئىچىۋېلىشقا دەۋەت قىلغانمۇ مەن. مەن مۇشۇنداق

قىلمىسام بولمايتتى، مۇشۇلارنى قىلدۇرغان، قىلىشقا مەجبۇر-
لىغان ئادەم سىز.

كاللامغا بىرمۇنچە قىزىل ئوتلار كىرىۋېلىپ كۆڭلۈمنى،
روھىمنى كۆيدۇرۇپ پىرقىراپ ئايلىنىشقا باشلىدى. غايەت زور
چىۋىن گىژىلداپ ھەممە نەرسەمنى تالاپ يېيىشكە باشلىغاندى.
چىۋىن يىرگىنىچلىك نەرسە، ئۇنىڭغا يەم بولۇپ كەتسەم بول-
مايتتى.

مەن شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلدىم. خوتۇنۇمنىڭ دېگەنلىرىدىن
ئىشلارنىڭ مۇشۇنداق بولغانلىقىنى ئويلاپ يەتتىم.

— سىز بىلەن كۆرۈشەي دېگەن.

بىر ئايال كوچىدىلا لەيلىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. نازۇك
قىز تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ مەڭدەپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى شۇ
ھالدا بىر شۇملۇقنى، بىر پالاكەتچىلىكنى ھېس قىلغان بولۇ-
شى مۇمكىن.

— مەن بىلەن، نېمىشقا؟

ئالدىدىكى ئايالنىڭ قىياپىتى باشقىچە ئىدى. چىرايىدىكى
كۈلكە ئارىسىدىكى سۈرۈنلۈك ناھايىتى قاتتىق ھەم دەرەپىشىدەك
سانجىلىشقا تەييار تۇراتتى. لەيلىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى،
لەۋلىرىدىكى، كۆزلىرىدىكى تەبەسسۇم ئۆچتى، نازۇك ۋۇجۇدى
توڭلىغاندەك بولدى. سوغۇق بىرنەرسە يۈرىكىگە تېگىپ ئۆتۈپ
كەتتى.

— مېنى تونۇمسىز؟

— ياق.

— مېنى تونۇمسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ مەن پەرھاتنىڭ ئا-
يالى.

لەيلى قورقۇنچ بىلەن ئايالنىڭ چىرايىغا قارىدى. ئايالنىڭ
چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيتتى، بۇ كۈلكە شۇرمەلدەك سوغۇق
ھەم ئېغىر ئىدى. كۆزلىرى شۇنداق خاتىرجەم ئىدى. ئايالنىڭ

كۆز ئالدىدىكى بەكمۇ چىرايلىق قىز تەمتىرەپ تۇراتتى، ھودۇ-قۇپ تۇراتتى، قورقۇپ تۇراتتى. قىز بەكلا سۆيۈملۈك ئىدى. ئايالنىڭ نەزەرىدە مۇشۇنداق مەسۇم، مۇشۇنداق نازۇك، مۇشۇنداق ئوماق بىر قىز، مۇشۇنداق سەبىي، مۇشۇنداق شېرىن چىراي بىر قىز بىر دۇنيانى ۋەيران قىلغانىدى.

بۇ دۇنيا بىر ئايالنىڭ قەلبى ئىدى. ئايال شۇنداق ئويلايتتى: ئۇ مېنىڭ بەختىم ئىدى، مېنىڭ دۇنيايىم ئىدى، مېنىڭ جېنىم ئىدى، مېنىڭ ھەممە نەرسەم ئىدى، ئۇ مېنىڭ غۇرۇرۇم ئىدى. ئۇنى باشقىلار مەندىن تارتىۋالسا بولمايتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ بولۇپ كەتسە بولمايتتى، ئۇ بولمىسا مەن ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلىپ قالاتتىم، ئۇ مېنىڭ جاھانىم ئىدى، مەن ياشايدىغان ئۆي شۇ ئىدى، مەن ئىچىدىغان سۇ شۇ ئىدى، مەن نەپەسلىنىدىغان ھاۋامۇ شۇ ئىدى.

ئۇنى بىرسى تارتىۋالدى، تارتىۋالماقچى بولدى، تارتىپ كېتىۋاتىدۇ.

— مېنىڭ بىر خىيالىم بار، شۇنى سىزگە دەيمىكىن دەيمەن.

— دە... دەڭ... — قىز گاڭگىراپ، تېڭىرقاپ يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغاندەك ئەندىكىپ تۇراتتى.

— مەن ئۆلۈۋالايمىكىن دەيمەن.

ئايالنىڭ ئاۋازى تىترەيتتى. تېرەكلىك كوچىدا ھېچكىم يوق، پەقەت ئىككىيلەنلا بار ئىدى. قىز قورقۇپ كەتتى، تۇگۇلۇپ قالدى. ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرى تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتى. كۆتۈرۈلگەن ئەگىم قاشلىرى...

— نېمىشقا؟... — نازۇك بىر ئاۋاز يەرنىڭ تېگىدىن ئاڭلاندى.

— مەن ئېرىمنى تارتتۇرۇپ قويدۇم، ئۇنىڭسىز ياشىسام بولمايدۇ.

تېرەكلىك يولنىڭ بويىدىكى ئېرىقتىن پاقىلارنىڭ كۈر-كىرىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى، قايسى كا-مارغا كىرىۋالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇنداق يېقىن يەردىن شۇنداق ئېنىق ئاڭلىناتتى. لەيلى پاقىلارنىڭ كۈركىراشلىرىنى ئاڭلىمىغان بولۇ-شى مۇمكىن. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن لەيلىنىڭ ئېغىر ئۇھ تارتقى-نى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ ئۇھ تارتىشلىرى ئايالغا پەقەت ياقمىدى.

— مېنى نېمە قىل دەيسىز؟

— سىز نېمە قىلسىڭىز بولار؟

ئىككىيلەن قورقۇپ جىممىدە تۇرۇشقان تېرەكلەرنىڭ ئۇ-زۇن سايىلىرى ئارىسىدا خۇددى بىر جۈپ سايىدەك تۇرۇشاتتى.

— ئۆلۈۋالىمەن دېمەڭ... مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتەي، ئۇنداق قىلماڭ.

— ياق، مەن چوقۇم زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىمەن. مانا مۇشۇ زەھەرنى ئىچىمەن. مۇشۇ يەردىلا ئىچسەممۇ بولىدۇ.

قىز تۇگۈلۈپ قولى بىلەن ئاغزىنى تۇتۇۋالدى. چىرايى تا-تىرىپ كەتتى. ئايالنىڭ چىرايىدا بىر چىرايلىق تەبەسسۇم ئويۇ-نايتتى.

— دېدىمغۇ، ئۇنداق قىلماڭ، مېنى قورقۇتماڭ، سىزدىن ئۆتۈنەي، كەچۈرۈم سوراي، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتەي... مەن توغرا قىلمىدىم... ئەسلى ئۇنداق قىلمىسام بولاتتى...

قورقۇپ كەتكەن بىر يۈرەك جايىدىن قوزغىلىپ كېتەي دەپ قالغاندى. كىشىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان قىسمەتلەرنىڭ سانى يوق. توساتتىن كۆتۈرۈلگەن بوراندا قالساق، ئويلىمىغان يەردىن يولىمىزغا تىكەن پەيدا بولسا بىز بىلمەي ئۇنىڭغا دەسسىۋالساق ماڭمىقىمىز تەس بولۇپ قالىدۇ.

— سىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتسىڭىزمۇ ئۇ سىزدىن ئاي-رىلالمايدۇ. شۇڭا مەن ئۆلۈۋالىمەن.

— مېنى قورقۇتماڭ.
— سىزنى قورقۇتمىدىم، قورقۇتۇپ نېمە قىلىمەن؟
ناھايىتى بۇرۇنقى زاماندىكى ئادەملەر مېھنەت قىلىپ بىنا قىلغان ئۆيلەر بولىدۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئۆيلەر تاشلىنىپ قالىدۇ، تاملىرىنىڭ يېرىمى ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ، ساق قالغان تاملىرىنى قۇشقاچلار تېشىپ ئۇۋا ياسايدۇ، كامارلىرىنى ھۇۋقۇش، قۇزغۇنلار ئۇۋا قىلىۋالىدۇ، ھەرىلەر سانسىز تۆشۈكلەرنى ئېچىپ ئۇۋىلايدۇ. بۇنداق ئۆيلەرگە توساتتىن يولۇقۇپ قالساق ئۇ يەرلەردىن سانسىز ھەرىلەر غوڭۇلداپ ئۇچۇشۇپ چىقىدۇ، ھۇۋقۇش قۇزغۇنلار پالاقلاپ پەيدا بولىدۇ، بىز قورقۇپ كېتىمىز، خۇددى بۇ ئۆيلەردىن ھۇۋقۇش، قۇزغۇن، سېرىق ھەرىدىنمۇ يامان، ئۇلاردىنمۇ قورقۇنچلۇق نەرسىلەر ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك.
— سىز بولمىسىڭىز پەرھات قانداق قىلىدۇ؟
— پەرھات دەڭ... خۇددى ئۆزىڭىزنىڭ ئېرىدەكلا دەپ كەتتىڭىزغۇ پەرھات دەپ... يەنە ئۇنىڭ غېمىنى يەۋاتىسىز... ئىككىڭلارغا ئامال يوقكەن، مەن خورلىنىپ ياشىغاندىن ئۆلۈپ تۇگىشىمەن، سىزگە ئۆلۈپ بېرىمەن.
— سىزدىن ئۆتۈنەي... نېمە قىل دېسىڭىز قىلاي، مېنى قورقۇتماڭ...
قىز مىشىلداپ يىغلىدى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار ئايالغا زەھەر بولۇپ كۆرۈندى. ئايالنىڭ ۋۇجۇدى ئۇنىڭ يىغىسى بىلەن تەڭ ئوتتا كۆيۈشكە باشلىدى. بۇ ئوت ئۇلۇغ ئەمەس ئىدى. ئەمما، جاننى شۇنداق قاقشىتىپ، شۇنداق قىيناپ ئۆتەتتى. قىزنىڭ كۆز يېشى، قىزنىڭ يىغىسى بۇ ئوتنى بارغانسېرى ئۇلغايتىپ باراتتى. قىزنىڭ يىغىسى ئايالغا ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس پەرھات ئۈچۈندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى.
— نېمە قىل دېسەم قىلامسىز؟

— ھەئە.
— ئەمىسە توي قىلىڭ...
— نېمە؟
— شۇنداق، توي قىلىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز پەرھات سىز-دىن ئۈمىد ئۈزىدۇ.
— مەن...
— ھېلىقى تاھىر دېگەن بالا بىلەن توي قىلىڭ، ئۇ ياخشى بالىكەن...
— سىز ئۇنى نەدىن بىلىسىز؟
— مەن بىلىمەن، مەن بىر يىلدىن بېرى سىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭىزنى بىلىمەن، پەرھات بىلەن نەگە بارغىنىڭىز، نەدە تۇرغىنىڭىز، قەيەرلەردە نېمە ئىشلارنى قىلغىنىڭلارنى بىلىد-مەن... ئايال كىشى بولماق نېمانچە تەس، سىزمۇ ئۆزىڭىز ياخ-شى كۆرگەن بىرسىگە تەگسىڭىز ئاندىن ھەممىنى بىلىسىز. مەن ئىشپىيوندەك ئارقاڭلاردىن يۈردۈم... ھەممە ئىشلىرىڭلارنى كۆردۈم، چىدىدىم... ئايالنىڭ كۆلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى شۇ پېتى ئىدى، تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلىرى چىرايلىق مەڭزىنى بويلاپ تۆكۈلەتتى. كۆز ياشلىرى كۆلۈمسىرەشلىرى بىلەن ئارد-لىشىپ كېتەتتى.
— بولىدۇ، مەن دېگىنىڭىزدەك قىلاي، ئەمما ئۆلۈۋېلىش-نىڭ گېپىنى قىلماڭ.
— ئەمما مەن بۇ زەھەرنى يېنىمدىن ئايرىمايمەن، ئەگەر مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە توي قىلمىسىڭىز ياكى پەرھات بىلەن يە-نە كۆرۈشسىڭىز ئۆلۈۋالىمەن، ئۇۋالىم سىزگە بولىدۇ، قاتىل بولىسىز.
ئېگىز سۇۋادان تېرەكلەر جىمجىت تۇرىشاتتى. كۈمۈش رەڭ ياپراقلار شىۋىرلىشاتتى. تېرەكلەر قورقۇپ كەتكەندى؟ تېرەكلەرنىڭ جېنى سىقىلىپ كەتكەندى.

— خەقنى توي قىلىشقا زورلاپ... شۇمۇ ئىشمۇ؟
مەن دىرىلداپ تىترەپ كەتتىم، قورقۇۋاتامدىم ياكى غەزەپ-لىنىۋاتامدىم، بىلمىدىم.
— ئەمىسە قانداق قىلسام بولاتتى؟ ئاشۇ پاسكىنا ئىشلىرىڭلارغا گەپ قىلماي سۈكۈت قىلسام، يول قويسام بولامتى؟
پاسكىنا ئىشلىرىڭلار؟ مېڭەمدىن بىر قىزىل ئۇچقۇن پىل-دىرلاپ چىقىپ ھەريان ئۇچۇشقا باشلىدى. لەيلى بىلەن بولغان ئىشلىرىمىز پاسكىنا ئىشلارمۇ؟
— مېنى نېمە دېسەڭ مەيلى، ئەمما لەيلىگە ھاقارەت كەل-تۈرمە.
خوتۇنۇمنىڭ چىرايىدىكى سوغۇق كۈلۈمسىرەش شۇ پېتى تۇراتتى. كۆزلىرىدىن مىڭلاپ يىڭنىلەر ئۇچۇپ چىقاتتى.
لەيلىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆككىنىچە توي قىـ-لىدىغانلىقىنى دېگەن ھالىتى ھېلىھەم يادىمدا. ئۇ يارىلانغان كىيىك بالىسىدەك تىترەيتتى. مەن ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتىم، ئۆزۈمنىڭ شۇ چاغدا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغانلىقىمنى، پۈتۈن سۆرۈك بىر ئەركەك تۇرۇپ سۈكۈت قىلغانلىرىمنى مەڭگۈ كە-چۈرمەسلىكىم مۇمكىن...
— سەن بايا ئۇنىڭغا زەھەرنى مەن بەرگەن دېدىڭ...
— شۇنداق، ئۇ كېيىنكى گەپلەر... لەيلى مەن بەرگەن زە-ھەرنى ئىچىپ ئۆلۈپ كەتتى... مېنىڭمۇ بەكلا ئىچىم ئاغرىدى، بىر نازۇك، يۇمران قىز ئىدى. يۈرىكىم ئېچىشتى، ئەمما مۇ-شۇنداق بولمىسا بولمايتتى.
ئايالىمنىڭ ئاۋازى يىراق بىر يەرلەردىن، قورقۇنچلۇق قۇملارنىڭ كەينىدىن، تاشلاندۇق ئۆيدىكى يىلاننىڭ ئۇۋىسىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى.
— ئىككىڭلار قاچانغىچە مۇشۇنداق سۆرىشىپ يۈرمەكچى سىڭلىم؟

بىر ئايالنىڭ كۆزلىرىدىكى، يۈزلىرىدىكى تەبەسسۇم لەيلىنىڭ يۈرىكىگە پىچاق سانجىغاندەك تەسىر قىلدى. ئۇ تۇگۇلۇپ قالدى، نازۇك ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى.

— مەن...

— سىز ئەرگە تېگىپمۇ يەنە نېمىشقا ئۇنىڭدىن مېھرىڭىزنى ئۈزەلمەيدىغانسىز؟

— مەن ئەيىبلىك.

— مەن ئەيىبلىك دېسىڭىزلا بولامدۇ؟

— مەن ئەيىبلىك.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟

ئايالنىڭ كۆزلىرىدىكى، زىناقلىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان چىرايىدىكى كۈلۈمسىرەش شۇنداق سوغۇق ئىدى.

— بىلمەيمەن... مەن ياق... — لەيلى تەمتىرەپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— سىلەرگە ئامال يوقكەن، مەن ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كېلىپ بولدۇم، ئۆتكەندە سىز كۆرگەن زەھەر ھازىرمۇ يېنىمدا بار، مانا قاراڭ، مەن مۇشۇ زەھەرنى ئىچىپ ئۆلۈۋالىمەن، مېنىڭ ئۆلۈمۈمگە سىز سەۋەبكار، سىز قاتىل، سىز جىنايەتچى، مەندەك بىگۇناھ ئايالنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولىدىغىز.

— چوقۇم شۇنداق قىلامسىز؟

— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن.

— نىيىتىڭىزدىن يانسىڭىز بولمامدۇ؟

— ياق، ئەمدى باشقا يول قالمىدى. مەن ئالدىنقى قېتىم سىزگە ھەممىنى دېگەن، ئەمما سىز ئېرىڭىز بار تۇرۇقپمۇ يەنە پەرھات بىلەن ئالاقىڭىزنى ئۈزمىدىڭىز، مەن ئەمدى ئۈمىد ئۈزدۇم، ئۆلۈۋالىمەن. بۇنىڭ ھەممىسىگە سىز جاۋابكار.

لەيلىنىڭ چىرايىدىكى قورقۇنچىنىڭ ئورنىنى بىر تۈرلۈك جىددىيلىك ئىگىلىدى. ئۇ قانداقتۇر بىر ئىشنى قىلىشقا تەييار

بولغاندەك، چوقۇم شۇنداق قىلىدىغاندەك بىر قىياپەتتە سورىدى:

— باشقا يول يوقمۇ؟

— يوق.

— بار.

— نېمە؟

— مەن ئۆلۈۋالسام بولىدۇ.

ئايال چۆچۈپ كەتتى. ئەمما، ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى رۇسلىۋالدى.

— مەيلى قانداقلا بولسۇن ئىككىمىزدىن بىرسىمىز چوقۇم ئۆلمىسەك بولمايدۇ.

ئايالنىڭ سوغۇق ئاۋازى ناھايىتى تەمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن جاھىلانە قەتئىيەتنىڭ تەھلىكىسى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەسەبىيلىكنىڭ، تەلۋىلىكنىڭ يېشىل، قاتتىق نۇرلىرى يېلىنجاپ تۇراتتى.

— راست گەپنى دەي، نېمە دېسىڭىز مەيلى، مەن پۇشايمان قىلمايمەن، پەرھاتتىن ئايرىلالمايمەن، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيمەن. پەرھاتتىن باشقا تارتىشقۇدەك ئادىمىمۇ قالمىدى. زەھەرنى ماڭا بېرىڭ.

— ئەگەر ئۇچ كۇنگىچە سىز ئىچمىسىڭىز مەن ئىچىمەن، مەندە يەنە بىرى بار. سىز پەرھاتتىن ئايرىلالمايمەن دېدىڭىز، ئەمما مەنمۇ پەرھاتتىن ئايرىلالمايمەن. باشقا يول قالماپتۇ، ئۇچ كۇنگىچە سىزنى ساقلايمەن. ئۇچ كۇنگىچە سىز ئىچمىسىڭىز مەن ئىچىمەن.

— ئۇنداق قىلالمايسىز.

— ھازىرلا ئىچىپ بېرەي... يېنىڭىزدىلا ئۆلۈپ بەرسەممۇ بولىدۇ.

لەيلى كۆلۈپ كەتتى، ئۇ ئايالنىڭ قولىدىكى قۇتىنى

ئالدى.

.........

— سەن جىنايەت ئۆتكۈزۈپسەن. ئۇنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرۈپسەن.

— بۇنى بىلىمەن.

— نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىسەن؟ ئۇ تېخى كىچىكلا قىز تۇرسا؟

— نېمىشقا مۇشۇنداق قىلمايمەن؟

— مەن چۈشەنمىدىم.

— سىز چۈشەنمەيسىز. ناۋادا مەن بىرەرسى بىلەن سىز قىلغاندەك ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن بولسام ئاندىن چۈشىنەتتىڭىز.

— ئاغزىڭنى يۇم. ھەددىڭ ئەمەس...

— ئەمما، مەن ئۇنداق قىلمايمەن. بۇ قېتىم لەيلى ئۆلمىگەن بولسا مەن ھەممىگە تەييارلىق قىلىپ قويغان.

— نېمىگە؟

— ئۆلۈۋېلىشقا.

ئۇ ناھايىتى خىرامان شۇنداق دەۋاتاتتى. گېپىنى تۈگىتىپ بىردەمدىن كېيىن ئۇھ تارتىپ جىم بولۇپ قالدى.

— ھەممە گۇناھ مەندە، ئۇنى بۇ يولغا سۆرەپ ئەكىرگەن مەن، ئەسلىي زەھەرنى ماڭا بېرىشىڭ كېرەك ئىدى.

خوتۇنۇم گەپ قىلمىدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماي تۇرۇپ:

— ئۇ ماكانسىز بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۆگەي ئانىسى ئۇنى قوغلاپ چىقارغان، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئېرى ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقاردى.

— مەن ئۇنىڭ ئېرىگە ھەممىنى دېگەن.

مەن ئۇھ تارتتىم. ھاياتىم مۇشۇ ئۇھ تارتىشلىرىم ئىچىگە

غەرق بولۇپ كەتتى.

— سېنى كەچۈرمەيمەن... سەنمۇ مېنى كەچۈرمەيسەن...

— توغرا دېدىڭىز... شۇڭا مەن كېتىمەن، ئەمدى بىر - بىرىمىزنى قىينىمايلى.

ھەر ئىككىمىز جىم بولۇپ قالدۇق. مەن شۇ چاغدىلا خوتۇ - نۇم مېنى كۆڭلىدە مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدىم. بەزى ئاياللار مېنى مەسخىرە قىلىشى مۇمكىن: ئۇ بىر قىزنىڭ كەي - نىگە كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ بارلىقىغا ئېرىشتى. ئاشۇ مەسۇم قىز تالادا قالغاندا ئۇنى پاناھىغا ئالالمىدى، ئۇنى ئادەم دېگىلى بول - مىغۇدەك.

مەن خوتۇنۇمنىڭ مۇشۇنداق ئويلاپ قېلىشىدىن بەكلا قورقتۇم. ئۇ شۇنداق ئويلاپ قالسا مەن نومۇستىن يەرگە كىرىپ كېتىمەن.

— ئەمما، تۇنۇگۈن بىر كىنونى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ تۇيۇق - سىز بەكلا تەلۋىلىك قىلغىنىمنى بىلدىم. لەيلىمۇ، مەنمۇ، سىزمۇ... ھەممىمىز ئەخمەقلەركەنمىز. ياشىغۇم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

— قايسى كىنو ئۇ؟

— قايسى كىنو بولۇشى مۇھىم ئەمەس، بۇ كىنونىڭ تەسىرىدىن بولغان ئىش ئەمەس... مەن كېچىچە كىرپىك قاقمىدىم.

— نېمىشقا؟

— بىلمەيمەن، قىلغۇلۇقنى قىلدىم، مەقسىتىمگىمۇ يەت - تىم، ئەمما روھىم چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدىم.

— بۇ بىر جىنايەت.

مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي ئولتۇرغان ئورنۇمدىن تۇ - رۇپ يەنە جايىمغا ئولتۇردۇم. ئىكرام يا بولمىسا ئالىم كىتابىنىڭ يېنىمغا كىرىشىنى شۇنداق ئارزۇ قىلىپ كەتتىم.

— ناۋادا ساقچىلار مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالسا خۇددى لەيلىگە ئوخشاش ھايالشمايلا بۇنداق قاملاشمىغان جاھاندىن كېتىمەن... ئادەملەردە ۋاپا بولمىسا، بىر ئۆيدە ئۆتۈۋاتقان، جان، تېنى بىر بولۇپ كەتكەن ئادەملەر چېغىدا بىر - بىرىنى ئالدىسا... بۇنداق ياشاپ نېمە كەپتۇ؟...

— بۇ بىر جىنايەت...

— ساقچىلارغا دېمەكچىمۇ؟

— مەن ئۇنداق دېمىدىم.

— قېنى كۆرەرمىز، نېمە بولسا بولسۇن.

— مەن سەندىن قورقتۇم.

— نېمىشقا؟

— بەك قورقۇنچلۇق.

— سىزلا ئەمەس، ئۆزۈممۇ ئۆزۈمدىن قورقۇۋاتىمەن. مەن ئەسلىي مۇشۇنداق بىر ئايالكەنمەن، بىر ئەرنى دەپ بىر ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇم، ئۆزۈممۇ تۈگەشتىم. لەيلى ئۆلۈپ كېتىۋىدى قورقتۇم، ئەمما پۇشايمان قىلمىدىم، پۇشايمان قىلمايمەن، ئىش شۇنداق بولۇشى كېرەك... مەنمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن. ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىسام قورقىمەن، شۇ چاغدا كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ... مەنمۇ چىدالماي قالدىم...

بۇلۇتلۇق ئاسماندا تەنھا كېتىۋاتقان بىر قۇش بار.

ئۇۋىسىنى يوقىتىپ قويغان بىر قۇش بۇلۇتلۇق ئاسماندا لەيلەپ يۈرىدۇ. قۇشنىڭ يۈرىكى يوق، كۆزى يوق، روھى يوق.

— ئىشقىلىپ ياشىماق تەس.

ئالىم كىتاب ئېغىر ئاۋازى بىلەن ئېغىر گەپلەرنى قىلاتتى.

— تەنھا يۈرسەك يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىمىز، كىشىلەر بىلەن يېقىن ئۆتسەك تۈرلۈك نىزا، پىتنە - پاساتنىڭ خا-

پىلىقىغا قالىمىز. نامرات بولساق كۆن ئالماقنىڭ تەسلىكىدىن موھتاجلىقتا يەم بولىمىز، باي بولساق پۇل تېپىشنىڭ ھەلەك-چىلىكىدە ھاياتنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىغا كىرىپ قالىمىز. ياشاشنى تەس دېسەك ئۆلۈمدىن قورقىمىز.

— باشقىچىرەك گېپىڭ يوقمۇ سېنىڭ... كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرغۇدەك...

— خۇشال ياشاي دېسەك...

ئالىم كىتاب توختاپ قالدى.

— ھە، داۋامىنى دېگىن... — دېدىم مەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ.

— مەنمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن.

روھىم چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. لەيلى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى.

مەن ھەممىنى بىلدىم. ئەمدى خوتۇنۇم بىلەن بۇرۇنقىدەك ئۆتەلىشىمىز مۇمكىنمۇ؟ زەھەر ئىچكىنى لەيلى ئەمەس مەن بولسام كېرەك.

مەن ساقايماس جاراھەتكە ئايلىنىپ كەتتىم. مەندىن ساقىپ چۈشۈۋاتقان قانلار گۈل رەڭلىك بولۇپ قېتىپ قالاتتى.

※ ※ ※

— مۇشۇ پەرھات دېگەن قانداق ئادەم ئۆزى؟

سادىر مۇقىيت بىر كۆزىنى قىسىپ دوڭغىيىپ كېتىۋاتقان پەرھاتقا قاراپ شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مەسخىرە ھەم پىسەنتسىزلىك بار ئىدى، يۈرىكىم ئېچىشتى.

— ياخشى ئادەم، — دېدىم مەن سادىر مۇقىيتقا قاراپ. ئۇنىڭ يوغان گەۋدىسى ئېگىلىپ قالغاندى.

— نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— سوئال ئىزدەيدۇ.
— نېمە؟
— ھېچنېمە... — مەن باشقا گەپ قىلمىدىم.
— سوئال ئىزدەيدۇ دېگەن نېمە گەپ ئۇ؟ — دېدى سادىر مۇقىيت كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — سوئال... سوئال دېگەن نېمە ئۇ؟

بۇ دۇنيادىكى بەزى ئىشلارنى بەزى ئادەملەر مەڭگۈ بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن تاماق يەيدىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ئۇخلايدىغانلىقىنى، ئادەملەرنىڭ نېمىشقا بىر - بىرىگە موھتاج بولۇپ قالىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە بىر ئۆمۈر ئويلانمايدىغان ئادەملەر بار. سادىر مۇقىيتنىڭ سوئال دېگەن نېمە؟ دېيىشى مېنى ھەيران قالدۇرمىدى.
— سوئال دېگەننىڭ نېمىلىكىنى ئۇ ئۆزى بىلىدۇ.
— ئىشقىلىپ بۇ تازا تەكشى يېتىم ئەمەستەك قىلىدۇ... ھەر قىسما بىرنېمىلەرنى ئويلاپ يۈرسە كېرەك...

مەن سادىر مۇقىيتنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلىشكە پەقەت قىزىقمايدىغاندەك قىلاتتىم.

دەريا بويىدىكى قاقاس ساھىلنى بويلاپ مېڭىۋاتىمىز، پەرھاتنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىقلىرى ئاڭلىنىپ قالىدۇ. ئۇ-نىڭ تىنىقلىرى ھەسرەتنىڭ، غەم - قايغۇنىڭ بۇسلىرىنى تارد-تىپ كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ. مەن مۇشۇنداق تىنىقلارغا، مۇ-شۇنداق غەشلىكلەرگە، مۇشۇنداق مىسكىن روھلارغا، زەئىپ تۇيغۇلارغا بۇرۇندىن ئۆچ ئىدىم، ئادەم غەم - قايغۇغا يەم بولۇپ كەتسە بولمايتتى، غەم بىر يىلان كەبى نەرسە بولسا، ئۇنى ياذ-جىۋەتمەك، بېشىنى ئېزىۋەتمەك كېرەك. ئادەمنىڭ ئادەمىيلىك شەۋكىتى خاتىرجەم ھەم ئۇلۇغۋار روھىي كامالەت ئىچىدە پارلايتتى، مەن شۇنداق قىلالىدىمۇ؟ قىلالمىدىم. ئەمما، شۇن-داق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدىم، مۇشۇ بىلىشنىڭ ئۆزىمۇ

مېنى خۇش قىلىدۇ.

— بىز نېمىشقا مۇشۇنداق ياشاشقا كۆنۈپ قالىمىز؟

— قانداق دەيسەن؟

— جىق ئىشلاردا بىزنىڭ ئەسلىي مۇشۇنداق ياشىغۇمىز يوق، ئەمما يەنە مۇشۇنداق ياشاۋېرىمىز، بۇ نېمىشقا؟

پەرھاتنىڭ پەس ئاۋازىنى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىدىم، ئۇ بۇ گەپنى ماڭا ئەمەس، ئۆزىگىمۇ ئەمەس، ئۆزىمۇ كۆرمىگەن، بىلمىگەن بىرسىگە دەۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئامالسىز ئىكەنلىكىمنى بىلەتتىم، پەرھاتنى بۇرۇنقى ھەممە كىشىنىڭ مەسلىكى كېلىدىغان پەرھاتقا ئايلاندۇرالمايتتىم، بۇنى چۈشىنىشىم پەرھاتنىڭ مۇشۇ ھالىدىن غەشلىك ھېس قىلىپ يۈرىدىغان كۆڭۈلسىزلىكىمگە داۋا بولالمايتتى.

— سەن ئىزدەپ يۈرگەن سوئال مۇشۇمۇ؟

— ياق.

— مېنىڭچە شۇ بولۇشى كېرەك.

— ياق، مەن ئىزدەپ يۈرگەن سوئال بۇنداق ئاددىي ئەمەس.

— بايىقىمۇ ئاددىي سوئال ئەمەس.

— ئىشقىلىپ بىز ياشاشنى ئۆگىنىپ بولالمايمىز.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئىشقىلىپ شۇنداق، ئۆگىنىپ بولۇشقا ئۆمرىمىز يار بەرمەيدۇ.

— سېنىڭ مۇشۇنداق گەپلىرىڭ بىلەن خۇشۇم يوق. ئاددىي، خۇشال ـ خۇرام مەنىلىك ياشىساقلا بولدى.

— ئاددىيلىقتا مەنە نېمە قىلىدۇ؟

— بۇ بولمىغان گەپ.

پەرھات كۈلۈپ قويدى، ئۇنىڭ قورۇق باسقان كۆز چۆرىلىرىدە، ساقال باسقان يۈزىدە، لەۋلىرىدە مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەشنى كۆرگەندەك بولدۇم.

كەچتە بىرسى ئىشىكنى چەككەندەك قىلدى، ئوغلۇم ئىشىكنى ئاچتى، ئۇ بىرسى بىلەن بوسۇغىدىلا ئۇنى - بۇنى دېيىشكەندىن كېيىن يېنىمغا كېلىپ:

— سىزنى ئىزدەيدىكەن، — دەپلا ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

چىقىپ قارىسام پەرھات ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

— كىرمەي تۇرۇپسەنغۇ، قېنى، ئۆيگە كىرگىن.

ئۇ ئۇيان - بۇيانغا قاراپ قويۇپ پەس ئاۋازدا دېدى:

— سېنى كېچىلىرى توختىماي جۆيلۈيدىغان بولۇپ قاپتۇ، دەيدۇغۇ؟

مەن گاڭگىرىغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. جۆيلۈيدىغان بولۇپ قاپتۇ، دېگەن نېمە گەپ ئەمدى؟ مەن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي پەرھاتنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدىم.

— ئۇنداق ئىش يوق، — دېدىم كېكەچلەپ.

— مەندىن يوشۇرمىغىن.

— يوشۇرمىدىم، ھەقىقەتەن ئۇنداق ئىش يوق.

پەرھات لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ ئۆيگە بويۇنداپ قاراپ قويدى. بوسۇغىدا تۇرۇپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟

— ئۆيگە كىرگىن.

— مۇشۇ يەردە تۇرىۋېرەي.

پەرھاتنىڭ تۇمانلىنىپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

چىشىمنى چىشلەپ پەرھاتقا قارىدىم. جۆيلۈش بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، ئۇنى بىنورماللىق دېگىلىمۇ بولمايدۇ. مىڭ يىللاپ داۋاملىشىپ كەلگەن تۇرمۇش جەريانىدا ئادەملەر جۆيلۈپ كەلدى، ئاجايىپ چۈشلەرنى كۆردى. جۆيلۈش ھەم چۈش كۆرۈش ئادەملەرنىڭ ھاياتىغا ئالاقىدار بېشارەتلەرنى بىلدۈرگەن ھەم بۇنىڭ مەنىسىنى بىلىشنىمۇ ئۆگەتكەن. پەرھاتنىڭ يوغان كۆزلى-

رىدە، يىغلامسىرىغاندەك كۆرۈنىدىغان كۆز قارىچۇقلىرىنىڭ تېگىدە ئاجايىپ مەنىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش يا ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمىدىم. مەن بىركىملەرگە بىر قانداق كۆرۈنمەيدىغاندىمەن؟ ئەينەككە قارىمىغىنىمغا خېلى كۈنلەر بولغانلىقىنى يادىمغا ئالدىم. بۇرۇندىن ئۈستىبېشىنى تۈزەپ يۈرمەيدىغان كىشىلەرنى ياقتۇرۇپ كەتمەيتتىم. بۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭمۇ ئۆزۈم ياقتۇرمايدىغان ئادەم بولۇپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلىپ كۈلۈپ قويدۇم، ئەمما شۇ ھالدىكى كۈلكەم پەقەت كۈلكىگە ئوخشىماي قالدى. مەن راستتىنلا تولا جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالغاندىمەنمۇ؟ بۇنى مەن سەزمىگۈدەك يەردە ئەمەس، جۆيلىگەن تەقدىردىمۇ پەرھاتنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغىنىم قانداق گەپ؟ ھازىر بىر ئادەمنىڭ ئۈيقۇسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارمۇ مەخپىي قالمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ نېمىشقا بۇ گەپ چىقىپ قالىدىغاندۇ؟

— جۆيلۈش چاتاق ئىش، جۆيلۈمىسەڭ بولاتتى.

— مەنغۇ جۆيلۈمىدىم، مەسىلەن، شۇنداق بولسىمۇ نېمە بوپتۇ؟

— ھېچنېمىغۇ بولماس، ئەمما بۇ نورمال ئەھۋال ئەمەس، بىرەر پالاكەتچىلىكنىڭ بېشارىتى بولۇشى مۇمكىن.

كامىل دوڭغاي يادىمغا يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ غەم ـ ئەندىشىگە تولغان يۈرىكىنى كۆرگەندەك بولدۇم. غەم ـ تەشۋىش ئۇ ـ ۋىسى بۇزۇلغان چۇمۇلىدەك پىتىراپ كىشىلەرنىڭ يۈرىكىگە سەلدەك ئېقىۋاتسا كېرەك.

— كىم دەيدۇ؟

— بۇ بىركىم دېمىسىمۇ شۇنداق بىر ئىش، قالايمىقان جۆيلۈش ئامەت ياكى ئاپەتنىڭ شەپىسى بولۇپ كەلگەن.

— سەن نېمىدىن ئەنسىرەيسەن؟

— ساڭا بىرەر خاپىلىق كېلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن.

— نېمىشقا خاپىلىق كېلىدۇ، دەيسەن؟

— بۇ بۇرۇندىن مۇشۇنداق ئىش.
— بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى.
— بۇنىڭغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ.
— ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز.
— بىرەر پالاكەتكە يولۇقۇپ قالساڭ قانداق قىلارمىز؟
— ماڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ.
— زادى مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم...

پەرھاتنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ كەينىگە يېنىپلا چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. تازا زەن سالسام ئۇنىڭدىن پەرقىم يوقتەك ھېس قىلدىم.

مەن چاڭ - بوغۇناق ئارىسىدا كېتىۋېتىپ نەمەت تاشچىنى، ئۇنىڭ بىلەن تالاش قىلىۋاتقاندا يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بوۋاينى، بىر پاتمان دەردنى يۇدىگىنىچە ئېشەك يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئادەمنى... يەنە نۇرغۇن ئادەملەرنى، مەرۇپ توختىنى، سادىر مۇقىيتنى، تۇردى ياقۇپ، تاھىر زوردۇنلارنى ئويلىدىم.

※ ※ ※

يوللار قان تومۇرلاردەك مۇرەككەپ ھەم زىچ بولىدۇ، بىز ئەنە شۇ تار ھەم كەڭ، قاراڭغۇ ياكى يورۇق، ئەگرى - بۈگرى يوللارنى بىلىپ ياشىشىمىز لازىم، بولمىسا ئېزىقىپ قالىمىز، ئاۋۇ يەرگە بارىمەن دەپ ماۋۇ يەرگە بېرىپ قالىمىز. ئېزىقىپ قېلىپ جىق ھەرەج تارتىمىز. ئېزىپ قېلىشتىن ساقلانماق تەس، بىز تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن، تۈرلۈك يوللاردا تۈرلۈك شەكىلدە ئېزىپ قالىمىز. ئازمايدىغان كىم بار؟ ياراتقۇچى بىزنى ئازغۇن قىلىپ ياراتقان. ئازغۇنلۇقتىن نېرى بولۇپ يول تېپىش

بىزنىڭ بۈيۈك ۋەزىپىلىرىمىزدىن بىرى.

ئالىم كىتاب مۇشۇنداق بىر گەپلەرنى قىلغان. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى پات ـ پات ئاڭلاپ تۇرغان ئادەمنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، ئىچى بوشاپ قالىدۇ. هايات ئەسلى ناهايىتى ئاددىي، ناهايىتى سۇزۇك، هەممە نەرسە تەبىئىي يۇرۇشۇپ كەتسە ئىشلار ئاسانلىشىدىغان جەريان ئىدى. ئەمما، هازىر خۇددى قان تومۇرلاردەك مۇرەككەپ هەم ئەگرى ـ بۈگرى يوللارغا ئوخشاپ قالدى. بۇنىڭغا كۆنمەي بولمايدۇ. بىز كىمگە چىقىپ قالغان ئادەملەر، كىمنى بىز ئەمەس تۇرمۇش ئۆزى هەيدەپ ماڭىدۇ. ئاستا يا ئىتتىك، ئوڭ ياكى سولغا مېڭىشىمىز بىزنىڭ ئىختىيارىمىز ئەمەس، ئىختىيارىمىز دېگەندىمۇ پەقەت كىمە ئىچىدىلا ئىختىيارىيلىقتا ئىگە، كىمىنىڭ قاياققا مېڭىشىنى بەلگىلەش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. هايات كېمىسى ئۆزى خالىغان يۆنىلىشكە قاراپ بىزنى ئېلىپ ماڭىدۇ.

ئالىم كىتابنىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ بىر يەرلىرى بىر قانداقتەك تۇيۇلىدۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باشقا گەپ قىلمىدىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاداش، قانداق تىنچ ئوبدان تۇردۇڭمۇ؟ ئۇزاق بولدى كۆرۈشمىگىلى، ياخشى تۇرغانسەن، بالىلىرىڭ ياخشىمۇ؟ ئىزدىشەلمەيلا كەتتۇق توۋا، بۇنداق تاشلىشىپ كەتسەك بولمايتتى. بالا ـ چاقىلىرىڭنى ئېلىپ ئۆيگە بارغىن... شۇنداق قىلىپ ئوبدان تۇردۇڭ؟...

مۇسا قادىرنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىرقىسىملا بولۇپ قالدى. ئۇ خېلىلا جۇدەپ قالغانىدى. بېشىغا بەكلا چوڭ كېلىپ قالغان شەپكىسى تاشلىۋېتىدىغان يەرگە يەتكەنىدى.

— ياخشى، ئۆزۈڭ ئوبدانمۇ، ئىشلىرىڭ ياخشىمۇ؟

— ئىشلىرىممۇ ياخشى، ئۆي كۆچكەن، ئالدىراش دېگىنە.

— هېلىقى ئۆيۈڭچۇ؟

— بولمايدىغان ئۆيكەن ئۇ.
— نەرى بولمايدىكەن؟
— يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئەمەسكەن.
— يەر تەۋرەشنىڭ گېپىنى قىلىپ قاپسەنغۇ؟
— خەۋەر كۆرمەيۋاتامسەن، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە يەر تەۋرىگەننىڭ، خەقلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ گېپى.
— قويغىنا يوق غەمنى، خۇدا ساقلايدۇ.
— خۇداغۇ ساقلايدۇ، بىراق ئۆزىمىزمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەكتە.
— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق ـ زە.
— نېمە بولدى؟
— ھېچنېمە.
مەن ئۇنىڭغا بىر نېمە دېمەكچى ئىدىم، ئەمما دېمىدىم، بىكاردىن ـ بىكار كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالىدىغاندەك قىلاتتىم.
ھايات ئېگەكلىرىنى يۆلەپ، گۈلە ـ قاقلىرىنى شۇمگەچ ھۇزۇرلىنىپ تاماشىمىزنى كۆرۈپ ياتامدىكىن، دەيمەن.
بېشىمغا ئاسماندىن تاش چۈشۈپ كېتىپ مجىلىپ كې ـ تەرمەنمۇ؟ دەپ ئەنسىرەپ ياشاشمۇ بىر جاپا. بىز بەلكىم ھاياتى ـ مىزدا مەڭگۈ مۆلدۈردە قالماسلىقىمىز، بىرەر قېتىم ئۆگزىدىن يىقىلماسلىقىمىز، قاراڭغۇ كوچىدا كېتىۋاتقاندا پايلاپ تۇرغان خەقلەردىن يوشۇرۇن تاياق يېمەسلىكىمىز مۇمكىن. ئەمما، شۇنداق بالايى ـ بەتتەرلەر ھامان بىركۈنى مېنىڭ بېشىمغا كې ـ لىدۇ، دەيدىغان تەشۋىش كۆڭۈلگە چۈشۈپ قالسا كۈندە شۇنداق خاپىلىقلارنى تارتىپ ياشاپ قالىمىز.
مەن نېمە ئويلىغانلىقىمنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتىم.
مەن پارچىلىنىپ كەتتىم.
مەھەللىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كېلىپ تۇرۇپ قالدىم.
مەن بىلىدىغان دۇنيانىڭ رەڭگى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەت ـ

كەندەك قىلاتتى.

مەن ماڭىدىغان يول يولغا ئوخشىماي قالغانىدى. يېڭى بىر دۇنيا بىنا قىلىشىم كېرەك ئىدى.

شۇ قەدەر گۈزەل كۈنلەر ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، شۇ قەدەر لەرزان تۇيغۇلار ماڭا قاراپ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ياشاشنى ئۆگىنىۋالساق ھەممە ئىش ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

پەرھات يىراقتىن قول سوزۇپ كەلدى، يۈرىكىم ئېچىشتى. بۇ دۇنيادا قاقاسلىقلار باغ بولغاندەك، قۇرۇق ئېقىنغا سۇ كەلگەندەك، جىمى دەردلەر تامام تۈگىگەندەك؛ شادىمانلىقلار، گۈللەر تۇزۇپ كەتكەندەك، بۇلاقلار قۇرۇپ كەتكەندەك، كۆۋرۈكلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك ئېچىنىشلىق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. پەرھاتنىڭ چىرايىغا قاراپ شۇلارنى ئويلىدىم. ئۇ ئىزدەۋاتقان سوئالنى تاپالىسا ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالارمىدىكىن؟

— ھېلىقىنى تاپالىدىڭمۇ؟

— نېمىنى؟

— سوئالنى...

— ياق تېخى، ئەمما ئۇنى تاپماي بولمايدۇ.

پەرھات چىڭقىلىپ، بوغۇلۇپ، قىسىلىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. نۇرغۇن ئىشلارنى ھەل قىلىدىغان سوئال ئۇنىڭ ئەقلىدىن، تەپەككۇرىدىن، تەجرىبىلىرىدىن، كۆرگەن بىلگەنلىرىدىن، ئۇيقۇسىز كېچىلەردىكى ئوي ـ خىياللىرىدىن چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.

پەرھات جاھىللارچە، تەلۋىلەرچە ئىشتىياق، ھەۋەس، ئوت ئىچىدە ھېلىقى سوئالنى ئىزدەۋاتاتتى. ئۇنىڭ قانداق سوئال ئىكەنلىكىنى، قانداق شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى، قانداق بىر ھالەتتە پەرھاتنىڭ كاللىسىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، مەنلا ئەمەس ئۇ ئۆزىمۇ بىلمىسە كېرەك.

— سوئال ئىزدەپ ئاۋارە بولمىساڭمۇ بولاتتى، جاننى قىيـ-
نايدىغان ئىشلارنىڭ تولىلىقىدا، قانداقتۇر سوئال دېگەن بىر
نېمىنى ئىزدەپ نېمىمۇ قىلىسەن؟
— بۇنداق دېگىلى بولمايدۇ.
— ئەمىسە قانداق قىلىسەن؟
— شۇنداق بىر سوئالنى تاپالمىساممۇ، ئەمما شۇنداق بىر
سوئالنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشىنىپ يېتىشىمنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ
ئىش.
— ھەر نېمە دېگەن بىلەن سوئال تېپىلمىدى، ۋاز كەچـ-
سەڭمۇ بولاتتى.
— مەن بۇ دۇنيادا توغرا يولدىن ۋاز كەچكەن، خاتا يولغا
چاپلىشىۋالغان ئادەملەردىن ئەڭ بىزار.
پەرھاتقا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇ ئاددىي ۋۇجۇدى، ئاددىي
ئەقلى، ئاددىي ھېس - تۇيغۇلىرى بىلەن ئاجايىپ سوئاللارنى
تېپىپ چىقىپ، ھاياتلىقنىڭ، كىشىلىك دۇنيانىڭ سىرىنى
يەشمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. بەزى ئارمانلىرىمىزنى رويابقا
چىقىرىشتا ئۆمرىمىز، قەلبىمىز ۋە ئەقلىمىزنىڭ ۋاقىت ۋە
قۇۋۋىتى يار بەرمەيدۇ. پەرھات تىرىشتى، كۈچىدى، ئەمما سوئال
تېپىلمىدى. سوئالنىڭ تېپىلماسلىقى پەرھاتنىڭ بارلىقىدا دۇنـ-
يانىڭ نېمىلىكىنى روشەن ھېس قىلىشتىكى زۆرۈر بىر نەرـ-
سىنىڭ كەملىكىدىن بولسا كېرەك. دۇنيانىڭ روھىمىزنى پارە -
پارە قىلىدىغان، قاتتىق بىر يەرلىرى بىزگە چەكچىيىپ قاراپ
تۇرغاندۇ؟
ئىسىت...
مەن شۇنداق پىچىرلىدىم. بۇ گەپنى پەرھات ئاڭلىمىدى،
يەنە نۇرغۇن ئادەملەر ئاڭلىمىدى. ھاياتنىڭ ئۆزى ئىسسىق بىر
پىيالە چاي. خۇش پۇرىقى جانغا - جان ئۇلايدىغان بىر تال گۈل
بولۇشى مۇمكىن. چاي بەزىلەرنىڭ قولىدا چاي، بەزىلەرنىڭ قوـ-

لىدا يۇندا ياكى زەھەرگە ئوخشاپ قالىدۇ. گۈل بەزىلەرنىڭ قو-
لىدا تىكەن ياكى قانلىق پىچاققا ئايلىنىپ قالىدۇ.

پەرھات ئىزدەۋاتقان سوئاللار ھەم ئاشۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى بەلكىم نۇرغۇن مۇستەھكەم پەنجىرىلەرنى، نۇرغۇن قورام تاش-تەك مەزمۇت ئىشىكلەرنى ئېچىۋېتىشى مۇمكىن.

— ھېلىقى سوئاللارنى...

مەن گېپىمنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتىم. بىز بىر كۈنمۇ توختاپ قالماي بىر نەرسىنى ئىزدەيمىز. ئالدى بىلەن ئىزدەۋات-قىنىمىزنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشىمىز زۆرۈر. ئىزدەشلىرىمىز-نىڭ كەينىدە توغرا، ھەق، گۈزەل ھايات بىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

2011 - يىلى 7 - ئاي
2012 - يىلى 12 - ئاي

مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەتجان ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتور: ئاينۇرقىز مەتىمىن

تۇرسۇن مەخمۇت

# جاراھەت گۈلى

(رومان)

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ خۇاجۇڭخۇا باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2015 ـ يىل 2 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2015 ـ يىل 2 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 880 × 1230م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 12.25
باھاسى : 35.00 يۈەن

ISBN 978-7-105-13663-6/I.2598(维370)

责任编辑：买买提江·艾山
责任校对：阿依努尔克孜·买买提

图书在版编目(CIP)数据

心灵之白：维吾尔文/ 吐尔逊·麦合木提著. 一北京：民族出版社，2014.1
ISBN 978-7-105-13663-6

Ⅰ.①心… Ⅱ.①吐… Ⅲ.①长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 001101 号

出版发行： 民族出版社 htt://www.mzcbs.com
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京画中画印刷有限公司
版　　次：2015 年 2 月第 1 版 2015 年 2 月 第 1 次印刷
开　　本：880×1230毫米 32 开
印　　张：12.25
定　　价：35.00 元

ISBN 978-7-105-13663-6/I.2598(维 370)